ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىم ئاخبارات ئەسەرلىرىدىن تاللانما (1)

# روھ قەسىدىسى



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



روھ قەبرىسى

ISBN 978-7-5371-5961-6
9 787537 159616 >
باھاسى : 20.00 يۈەن

ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىم ئاخبارات ئەسەرلىرىدىن تاللانما (1)

# روھ قەسىدىسى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

英雄之歌. 上：维吾尔文 /阿不都许库尔. 阿不都克里木著.
—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2008.7
ISBN 978—7—5371—5961—6
Ⅰ.英… Ⅱ.阿… Ⅲ.杂文—作品集—中国
—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I267.1
中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 108432 号

责任编辑：卡米拉·热合曼
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：木拉丁·阿比提

阿不都许库尔·阿不都克里木新闻作品选（上）
英雄之歌(维吾尔文)

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市胜利路二巷 1 号 邮编：830049)
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆彩印胶印厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 11.125 印张
2008 年 7 月第 1 版 2008 年 7 月第 1 次印刷
印数：1—2500

ISBN978—7—5371—5961—6 定价：20.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

# نەشرىياتتىن

كۆزگە كۆرۈنگەن ياش مۇخبىر ئابدۇشۇكۇر ئابدۇكېرىم 1969 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چاپچال ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، 1991 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ گېزىتخانىسىغا خىزمەتكە چۈشكەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ گېزىت چىقىرىش بۆلۈمى، مەخسۇس بەتلەر بۆلۈمى ۋە مۇخبىرلار بۆلۈمىدە مۇھەررىر ۋە مۇخبىر بولغان. ھازىر «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر مۇخبىرلار بۆلۈمى ئىقتىسادىي خەۋەرلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئىجرائىيە مۇخبىرى، مۇدىر مۇخبىر.

ئابدۇشۇكۇر ئابدۇكېرىم ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 17 يىلدىن بۇيان ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، 3000 پارچىدىن ئارتۇق تۈرلۈك ژانىردىكى ئاخبارات ئەسەرلىرىنى يېزىپ، نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرى ئارقىلىق كەسپداشلىرى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ 60 پارچە ئاخبارات ئەسىرى مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايون ۋە ساھەلەر بويىچە نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيەتلىرىدە 1-، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 12 پارچە ئەسىرى شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، ئۈچ پارچە ئەسىرى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، تۆت پارچە ئەسىرى مەملىكەت بويىچە بەش ئاپتونوم

www.uyghurkitap.com

رايون پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ياخشى ئاخبارات ئەسەرلىرىنى باھا-
لاش پائالىيىتىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۇچ پارچىسى
2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشقا
ئەرزىيدىغىنى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 1999 ـ يىلىدىن 2007 ـ
يىلىغىچە ئۇدا توققۇز يىل ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاخباراتچىلار-
نىڭ ئەڭ ئالىي شان ـ شەرەپى بولغان شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپا-
تىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئابدۇشۇكۇر ئابدۇكېرىم 2003 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەركىزىي
كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاخباراتچى-
لار جەمئىيىتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ‹سارس› قا تاقابىل
تۇرۇش تەشۋىقاتىدىكى مۇنەۋۋەر مۇخبىر»، 2007 ـ يىلى 1 ـ
ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم
رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خىزمەتچىسى» بولۇپ
باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

ئابدۇشۇكۇر ئابدۇكېرىم كۆرۈنەرلىك ئەمگەكلىرى بىلەن
2008 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 2 ـ نۆۋەتلىك «مەملىكەت بويىچە ئون
مېھرىبان مۇخبىر» نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى، 2008 ـ يىلى
5 ـ ئايدا يەنە شەرەپ بىلەن 12 ـ نۆۋەتلىك «جۇڭگو ياشلىرىنىڭ
4 ـ ماي مېدالى» غا ئېرىشتى.

بۇ توپلاملارغا ئاپتورنىڭ ئاخبارات خىزمىتى بىلەن
شۇغۇللانغاندىن بۇيان ئېلان قىلغان بىر قىسىم نادىر ئاخبارات
ماقالىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# مۇخبىرنىڭ كۆزى ۋە قەلىمى

مۇختار مەخسۇت

بۇرۇنقى زاماندا بىر شەھەرنىڭ ناھايىتى ئابرۇيلۇق بىر پادىشاھى بولغانىكەن. ئەمما ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى سول پۇتىدىن كالتە بولۇپ، يول يۈرسە ئاقساقلايدىكەن؛ سول كۆزى جىرتاق بولۇپ، ھەمىشە قىسىلىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئۆزىنىڭ پورترېتىنى سىزدۇرماقچى بولۇپ، شەھەردىكى بارلىق رەسساملارنى ئوردىغا يىغىپتۇ ۋە كىمىكى ئۇنىڭ رەسىمىنى كۆڭۈلگە يارىغۇدەك سىزىپ چىقالىسا، شۇنى كاتتا تارتۇقلايدىغانلىقىنى، سىزالمىسا كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. رەسساملار ناھايىتى ئىخلاس بىلەن پادىشاھنىڭ سۈرىتىنى سىزىشقا كىرىشىپتۇ. بەزىلىرى پادىشاھنىڭ قىياپىتىنى ئەينەن سىزىپتۇ، بەزىلەر پادىشاھنىڭ تەقى - تۇرقىنى ناھايىتى قاملاشقان قىلىپ ياساپ سىزىپتۇ. لېكىن، پادىشاھ بۇ رەسىملەرنىڭ ھېچقايسىسىدىن رازى بولماپتۇ - دە، رەسساملارنىڭ كاللىسىنى ئالدۇرۇپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا قالغان بىر رەسسام سىزغان رەسىم پادىشاھقا شۇنداق يارىپتىكى، پادىشاھ ئۇنى كاتتا ئىنئاملار بىلەن تارتۇقلاپتۇ. بۇ رەسسام سىزغان رەسىمدە پادىشاھ ئوۋغا چىققاندا ئالدىغا بىر كىيىك ئۇچرىغان بولۇپ، پادىشاھ كىيىكنى ئېتىش ئۈچۈن قولىغا يانى ئېلىپ، ئوڭ پۇتىنى بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، سول كۆزىنى قىسقان ھالدا ئوڭ كۆزى بىلەن ئوۋنى قارىغا ئېلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەنىكەن.

دېمەك، رەسسام ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر كۆزى بىلەن، كۆزىتىش

ئىقتىدارى ۋە پاراستىگە تايىنىپ، مىيىپ پادىشاھنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھەمراھلىرى-نى رازى قىلغان، ھەم ئۆز جېنىنى ساقلاپ قالغان.

يۇقىرىقى ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى بىزگە گەرچە ئىنسانلارنىڭ كۆزى قارىماققا ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىدىغان ۋە ئۇنىڭ باتىن تەرەپلىرىنى بايقايدىغان ئەقىل - پاراسەت كۆزىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئاخبارات قوشۇنىمىزدىكى مۇخبىرلاردىمۇ پادىشاھنىڭ سۈرىتىنى سىزغان رەسسامدەك ئالاھىدە ئۆتكۈر كۆز بولۇشى كېرەك. مېنىڭچە، ئادەتتىكى مۇخبىر بىلەن ئۆتكۈر كۆزلۈك مۇخبىرنىڭ ناھايىتى زور پەرقى بولىدۇ. كۆزى ئۆتكۈر مۇخبىر كىشىلەر دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان شەيئى - ھادىسىلەر ئارىسىدىن باشقىلار كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى بايقىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزى خۇددى ئۇلترا نۇردەك توساقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئەھۋالنىڭ ماھىيىتىدىكى نەرسىلەرنى روشەن كۆرەلەيدۇ. مۇنداق «كۆز» نى ئۇلاردىكى كەسپكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى، ساداقىتى، جاپالىق ئىزدىنىش ۋە ئۆگىنىش ئىرادىسى، پىداكارلىق روھى، ئادالەتنى ياقلاشتىكى جاسارىتى ۋە پاراستى ئاتا قىلغان.

كۆزى ئۆتكۈر مۇخبىر يېزىپ چىققان ئاخبارات پاكىتىنى كۆرۈپلا قالماستىن، يەنە شۇ پاكىتنىڭ تاشقى قىسمىدىن ئىچكى ماھىيىتىگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، شۇ پاكىتلار ئارقىلىق خىلمۇخىل شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشلارنى، ئۇنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ھەم دەۋر يۈزلىنىشىدە تۇتقان قىممىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا كۆزى ئۆتكۈر مۇخبىرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ «تەم» ى بولىدۇ.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخباراتچىلىق كەسپىدە سىنى-

تېمىلىق ئىلىم تەھسىل قىلغان، «شىنجاڭ گېزىتى» دىكى پېش-قەدەم مۇخبىر، مۇھەررىرلەرنىڭ كەسپىي تەربىيىسىنى ئالغان ئۇيغۇر ئاخباراتچىلىقىمىزدىكى ئىزباسار ياش مۇخبىر ئابدۇشۇ-كۇر ئابدۇكېرىمنىڭ ئاخبارات ئەسەرلىرىدە ئەنە شۇنداق مۇخبىر-غا خاس ئۆتكۈر كۆز چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ ياش مۇخبىرىمىز تېخى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان مۇخبىرلىق مۇساپىسىدە، ئىش - پائالى-يەتلىرىدىن خەلق ئۈلگە ئالغان دەۋرىمىز قەھرىمانلىرى ۋە تىپىك شەخسلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت سەمەرىلىرى ھەم روھىي جۇلاسىغا ئۆز قەلىمى ئارقىلىق گۇۋاھچى بولدى. ئۇ تاللىغان تىپىك ۋەقەلەر، تېمىلار، ئۇچۇن ئەتراپلىق، چوڭقۇر مۇخبىرلىق قىلىپلا قالماي، ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى، باش - ئاخىرىنىڭ باغلىنىشى، تىلى، قۇرۇلمىسىغا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ «تەم» ى ئۆزگىچە بولدى؛ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە، يورۇتۇلغان پىكىرلەردە ئۆتكۈر-لۈك ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن ۋەزىيەتنىڭ ئومۇمىي تەقەززاسى ئەكس ئەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئوقۇرمەنلەرگە تېز تەسىر قىلدى. كەسپداشلار ئۇنىڭغا قايىل ۋە مايىل بولدى، تەشكىل ئۇنى ئەتىۋارلىدى.

ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىم ئاخبارات سېپىگە قېتىلغان 16 يىللىق كەسپىي خىزمەت ھاياتىدا 3000 پارچىدىن ئارتۇق تۈر-لۈك ژانىردىكى ئاخبارات ئەسىرىنى يازدى. 58 پارچە ئەسىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر خىل ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ ئىككى قىسىملىق كىتابقا ئابدۇشۈكۈرنىڭ ئېلان قىلىنغان يېرىك ژانىردىكى ئاخبارات ئەسەرلىرىدىن 60 پارچىسى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ ئەسەرلەردىن بىز بۇ ياش ئاخباراتچىنىڭ ئۆزىنى تۇرمۇش قاينىمىغا تاشلاپ، جاپالىق چېنىقىش، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى ۋە ھايات ھەقىقەتلىرىنى قېزىشتىكى ئۆزلۈك-سىز ئىزدىنىش روھىنى كۆرۈۋالالايمىز.

www.uyghurkitap.com

ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىمنىڭ ئاخبارات ئەسەرلىرىدىكى تېما ئاكتۇئاللىقى بىلەن يېزىش ئۇسلۇبىدىكى ئۆزگىچىلىكتىن مۇخبىرنىڭ ئاخبارات تېمىسىنى بايقاشتىكى ئۆتكۈر كۆزى ۋە يېزىقچىلىقتىكى ئۆزگىچە ماھارىتى ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تاللىغان مۇنۇ تېمىلىرىغا قاراپ باقايلى: «سوئال: 20 ئايلىق ئوقۇشقا 300 مىڭ يۈەن تۆلەش ئەرزىمدۇ؟ رادىل ئابلانىڭ جاۋابى: ئەلۋەتتە ئەرزىيدۇ» ناملىق ئەسىرىدە مۇخبىر شىنجاڭ «ئارمان» كەسپىي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى رادىل ئابلانىڭ بىر يېرىم يىللىقتىن ئارتۇقراق ئوقۇشقا 300 مىڭ يۈەن تۆلىگەنلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئۇچۇرنى بايقىۋېلىپ، ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىدىكى ئىدىيە ئۆزگىرىشىنى جانلىق يورۇتۇپ بەرگەن؛ «قەلبى تۇتاش داھىيلار ۋە دېھقانلار» دا مۇخبىر ئەسلىدە 50 يىل مابەينىدە پارچە - پارچە خەۋەر قىلىنغان تۆت ئەۋلاد داھىيلارنىڭ شىنجاڭ دېھقانلىرىغا قىلغان غەمخورلۇقلىرىنى ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاپ، شىنجاڭ ئازاد بولغان 50 يىلدىن بۇيان مەركەزنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە قىلغان غەمخورلۇق تارىخىنى قايىل قىلارلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. «... 2001 - يىل 9 - ئايدىكى دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى 5755 ئىكەن، 2005 - يىل 9 - ئايغا كەلگەندە بۇ سان كۆپىيىپ 11 مىڭدىن كۆپرەككە يېتىپ، تۆت يىلدا بىر ھەسسە ئاشقان... ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ئىچىدە... ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئومۇمىي ساننىڭ 89.4% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 99 ناھىيە، شەھەرنىڭ 80% ىدە ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار بايقالدى...» «ئەيدىز ھاياتىمىزغا ‹قارا قول› نى سوزماقتا» ناملىق ئەسەردىكى بۇ سان - سىپىرلاردىن بىز مەۋجۇتلۇقىمىزغا، ئەۋلادىمىزنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىۋات-

قان جىددىي رېئاللىقنى ھېس قىلىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، «توك
مۇنچا ئالماشتۇرۇشتىن تۇغۇلغان ئويلار»، «قىزىق نۇقتا: ئوۋ-
چى يامانمۇ، ‹بۆرە› مۇ؟»، «مەڭگۈ ئۈزۈلمەس رىشتە»، «ھە-
دىيە خانىم، مىليونېر بولغۇڭىز يوقمۇ؟»، «چاقىلىق ئىككىنچى
كىرورەن بولۇپ قالارمۇ» نامىلىق ئەسەرلىرىدە مۇخبىرنىڭ تېما
بايقاشتىكى سەزگۈرلۈكى كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ.
ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىم شەخسلەر توغرىسىدا كۆپرەك ياز-
دى. يازغاندىمۇ ئۇ ئىلگىرىكى شەخس تونۇشتۇرۇشتىكى قېلىپ-
لاردىن دادىل قۇتۇلۇپ، مۇخبىرلىق كۆزىنى شەخسنىڭ نەمۇند-
لىك ئىش - پائالىيىتىگىلا تىكىۋالماي، ئىچكى دۇنياسىنى قې-
زىش ۋە يورۇتۇشقا قاراتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى شەخس-
لەرنىڭ ھەربىر كىچىك سۆز - ھەرىكەتلىرىدىمۇ شەخسنىڭ ئىدى-
يىسى، ھېسسىياتى، كەيپىياتى ۋە قىممەت قارىشى ئەكس ئەتتى.
ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئادىمىيلىكى ۋە خاراكتېرى چىن، جانلىق
پاكىتلار ۋە يارىشىملىق بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق تەسىرلىك
رەۋىشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.
مۇخبىر دۇنيانى كۆزەتكۈچى، پاكىتنى سۆزلەتكۈچى، ئۇ
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان، ئۆز
يۈرىكى بىلەن ھېس قىلغان، ئۆز كاللىسى بىلەن ئويلىغان نەر-
سىلەرنى يازىدۇ. ئاخبارات ئەسىرىدىكى «مەن» ئەنە «شۇ سۆزلە-
ۋاتقان» پاكىتلارنىڭ گۇۋاھچىسى. بىز مۇخبىرنىڭ كۆزى ئارقى-
لىق بىز كۆرەلمىگەن، كۆرسەكمۇ ھېس قىلالمىغان نەرسىلەرنى
كۆرىمىز ۋە ھېس قىلىمىز. ئاخبارات ئەسىرىدە مۇخبىر «مەن»
ئارقىلىق زىيارەت ئوبيېكتى بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ھېسسىيات
ۋە پىكىر ئالماشتۇرىدۇ؛ «مەن» ئارقىلىق ئاخبارات پاكىتلىرى
ئىچىگە ئوقۇرمەنلەرنى باشلاپ كىرىدۇ؛ «مەن» ئارقىلىق ئاخبا-
رات پېرسوناژلىرى ۋە ۋەقەلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئوتتۇرىسى-
دىكى ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرىدۇ؛ «مەن» ئارقىلىق ئاخبارات

پاكىتلىرى ئىچىدىكى ئىدانى نامايان قىلىدۇ. قىسقىسى، ئاخبارات ئەسىرى «مەن» ئارقىلىق بىزگە تېخىمۇ يېقىن بول- دۇ، يېقىملىق بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر ئاخباراتچىلىقىمىزدا تەشەببۇس قىلىشقا ۋە كۈچەيتىشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر نۇقتا. ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىمنىڭ «ئېھ، مۇئەللىم»، «هارۋىكەش ھەققىدە ھېكايە»، «ئىس ــ تۈتەكسىز ‹فرونت› ــ شىڭشىڭشىد- يا» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە «مەن» نىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئوقۇر- مەنلەرگە جەلپكار ۋە قايىل قىلارلىق مۇھىت يارىتىلغان. بۇ- نىڭدىن باشقا، ئابدۇشۈكۈرنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىدىمۇ بىر مۇن- چە جۇلالىق تەرەپلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسى- لەن، ماۋزۇنى كۆركەم، ئوبرازلىق، جەلپ قىلارلىق قويۇشى، ئەسەر قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىچىلىك، تەپسىلات جەھەتتىكى ئىنى- چىكە تاللاش، تىل جەھەتتىكى ساددا ۋە نەپىسلىكىنىڭ بىرلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەردىن بىز ئۇنىڭ «خاسىيەتلىك قەلەم» تۇتقان بارماقلىرىدىكى قاپارتمىلارنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇخبىر بولۇش راستىنلا ئاسان ئىش، سىز كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىڭىزنى ئەينەن خاتىرىلەپ قوي- سىڭىزلا مۇخبىر بولالايسىز. پەقەت جان باقىدىغان مۇخبىرلا بولالايسىز! لېكىن يارامىلىق ياخشى مۇخبىر بولۇش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. بىزدە تونۇلغان يازغۇچى، شائىرنىڭ كۆپ، تونۇلغان مۇخبىرنىڭ ئاز بولۇشىمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بەلكى مۇخبىرنىڭ مەنزىلى يازغۇچىنىڭ مەنزىلىدىن تېخىمۇ يې- راق ۋە مۈشكۈل بولسا كېرەك. ئابدۇشۈكۈر شىنجاڭ ئۇنىۋېر- سىتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن تۇنجى بولۇپ ئاخبارات ئەسەرلىرى توپلام قىلىپ جامائەتچىلىك- كە سۇندى. بۇ ئۇنىڭ ئانا مەكتىپىگە، ئۆزىنى تەربىيىلىگەن ئوقۇتقۇچىلىرىغا تاپشۇرغان يەنە بىر ئىمتىھان قەغىزى. «شىن- جاڭ گېزىتى» دىكى ئۇستازلىرىنىڭ ئەجرىگە قايتۇرغان بىر جاۋا-

بى. ئۇنى مول تۇرمۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىگەن خەلق ئاممىسىغا سۇنغان مېھنەت مېۋىسى. مېنىڭچە، ئابدۇشۇكۇر بىلەن بىر سەپتە ئىشلىگەن كەسىپداشلىرى بۇنىڭدىن سۆيۈنىدۇ، ئىپتىخارلىنىدۇ، ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان ياشلار ئۇنىڭدىن ئىلھام ۋە ئۆرنەك ئالىدۇ. جەمئىيەتكە قانداق كۆز بىلەن قاراشنى، قەلەمنى قانداق بىلەشنى ئۆگىنىدۇ. مەن ئابدۇشۇكۇر ۋە ئۇنىڭ بىلەن دەۋرداش ياش ئاخبارات خادىملىرىنىڭ كەلگۈسىگە نۇسرەت، قەلىمىگە بەرىكەت تىلەيمەن!

2007 - يىل ئۆكتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

مۇخبىرنىڭ كۆزى ۋە قەلىمى ........................ 1
روھ قەسىدىسى ........................ 1
قايچا، گەزدىن باشلانغان ھېكايە ........................ 93
گۈزەل دىياردىكى خۇش ناۋالار ........................ 102
كىچىك پونكىتتىكى چوڭ مۇلازىمەت ........................ 109
قۇملۇقتا ياشنىغان يۇلغۇن ........................ 116
ئىھ، مۇئەللىم ........................ 130
ئاۋات رەستىدىكى «ئالدىراش»لار پونكىتى ........................ 142
«ئابدۇغوپۇر ھەققەتەن ئەزىمەت ئىكەن» ........................ 153
ئاقيول بولسۇن، ئابلىزكا ........................ 166
كېلەچەككە تۇتاشقان رىشتە ........................ 173
«ھارۋىكەش» ھەققىدە ھېكايە ........................ 182
مەنزىل يىراقتا ........................ 193
داپ ئىشقى ........................ 200
ئەجىر ئۇنتۇلمايدۇ ........................ 209
تۈرۈك كەنتىنىڭ سىركىسى ........................ 215
تۆت كالىدىن كەلگەن بايلىق ........................ 223
ھەدىيە ........................ 229
ھالال ئەجىردىن كەلگەن شان ـ شەرەپ ........................ 236
دەريا ئىلھامى ........................ 246
تۆھپىكار ئۇنتۇلماس ........................ 258
چىگرا «مەلىكە»سى ........................ 267

ئەقىدە ........................................ 272
يوللار، ئادەملەر، قوۋملار ........................ 283
بىر خۇشاللىق، بىر ئەپسۇس ...................... 292
خەيرلىك سەھەر، شەھەر باشلىقى .................. 298
«گۈل» مۇشۇنداق «ئېچىلغان» ..................... 336

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# روھ قەسىدىسى

## ئەگرىتاغدا ئەتتەنە

1997 - يىل 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئەتىگەن. نەچچە كۈندىن بۇيان خۇددى تونۇردەك قىزىپ، كىشىلەرنىڭ نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنلىشىپ كەتكەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھاۋاسى بۈگۈن بۆلەكچە سالقىن بولۇپ، تاڭ بىلەن تەڭ چىقىشقا باشلىغان غۇر - غۇر شامال قاتتىق ئىسسىق دەستىدىن دىمى سىقىلغان كىشىلەرنىڭ جىسمى ۋە ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ بىر ئىللىق سېزىم ئاتا قىلاتتى. ئاسماننىڭ ئەپتىمۇ خۇددى بىرەر ئىش قاتتىق تەسىر قىلغانلىقتىن ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلىنىپ، يىغلىۋېتەي دەپ قالغان ئادەمنىڭ چىرايىدەك ئۆمسىلە ئىدى.

ئۈرۈمچى ۋاقتى ئەتىگەن سائەت سەككىز بولمايلا، ئادەتتە ئايروپىلانلارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىدىن باشقا سادانى ئانچە ئاڭلىغىلى بولمايدىغان ئۈرۈمچى ئايروپورتىنىڭ ئايروپىلان ئۇچۇش - قونۇش سۇپىسىدا ياڭرىغان يېقىملىق، شوخ ناغرا - سۇناي ساداسى بۇ يەرگە جەم بولغان ھەربىر قەلب ئىگىسىنىڭ يۈرەك تارىنى ئىختىيارسىز چەكتى. ئايروپىلان كۈتۈش زالىدىكى كىشىلەر دېرىزىلەردىن بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، نېمە كارامەت بولغانلىقىنى بىلىشمەكچى بولۇشاتتى.

ناغرا - سۇناي ساداسى بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. تەقەززالىق ۋە ھاياجاندىن تومۇرلىرىدىكى ئىسسىق قانلىرى خۇددى دەريا دولقۇنىدەك ئۆركەشلىگەن، چىمەندوپپا، ئەتلەس كۆڭ-

لەك كىيگەن شوخ ئۇيغۇر قىزلىرى بىلەن بادامدوپپا، كانۋا
كۆڭلەك كىيىپ، رەڭلىك پوتىلارنى باغلىغان سۇباتلىق ئۇيغۇر
يىگىتلىرى جۈپ - جۈپ بولۇشۇپ ساماغا چۈشتى. قوللىرىغا
دەستە - دەستە گۈللەرنى تۇتقان كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن
كېلىپ، بۇ توپقا قوشۇلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھاياجى-
نىنى باسالماي، ئۇدۇل كەلگىنىچە ئۇسسۇلچىلار توپىغا قوشۇ-
لۇپ ساماغا چۈشتى. بىردەمدىلا بۇ يەرگە يىغىلغان كىشىلەر
مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. كىشىلەر توپى ئىچىدىكى كۆزگە ئالاھىدە
تاشلىنىپ تۇرغان قىزىل رەڭلىك پلاكاتلارغا «تەڭرىتاغ بۈركۈتى
ئادىل ھوشۇرنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!»، «سەنشيادىن ئۆتۈپ
يېڭى دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقان ‹پەلەك شاھى› ئادىل
ھوشۇر ياشىسۇن!» دېگەنگە ئوخشاش خەتلەر يېزىلغانىدى.
سائەت 9 دىن 6 مىنۇت ئۆتكەندە، شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى-
نىڭ ياش دارۋازى، سەنشيا بوغۇزىغا تارتىلغان پولات ئارغامچا
ئۈستىدىن 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 13 مىنۇت 48 سېكۇنت
79 دەقىقىدە مېڭىپ ئۆتۈپ، 1995 - يىل 10 - ئاينىڭ
28 - كۈنى كانادالىق جېي كوكرېين ياراتقان 53 مىنۇت 10
سېكونتلۇق نەتىجىنى بىراقلا 40 مىنۇتقا يېقىن ئالدىغا سۈرۈپ،
يېڭى دۇنيا جىننىس رېكورتىنى ياراتقان خەلقىمىزنىڭ قەيسەر
ئوغلى، 26 ياشلىق ئادىل ھوشۇر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چۈش-
كەن جەنۇب ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ «مەيداۋ» تىپلىق ئايروپىلانى ئاي-
روپورتقا قوندى. ئايروپىلاننىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئادىل ھوشۇر
ئايروپىلان شوتىسىدا پەيدا بولغاندا ناغرا - سۇناي ۋە
قىيقاس - چوقان ساداسى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئەر -
ئايال، قېرى - ياش، ھەر خىل كەسىپ، ھەر خىل چىرايدىكى
قارشى ئالغۇچىلار چوڭ قوشۇنى قوللىرىدىكى گۈللەرنى پۇلاڭلات-
قىنىچە ئايروپىلان شوتىسى يېنىغا خۇددى سەلدەك يوپۇرۇلۇپ
كەلدى. يىراقتىن قارىغاندا بۇ يەر بەئەينى رەڭگارەڭ گۈللەر

ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈلزارلىقتا ئوخشاپ قالغانىدى. كىشىلەر توپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر پۇتىنى ئايروپىلان شوتىسىدىن ئەمدىلا يەرگە ئالغان ئادىل ھوشۇرنى مەھكەم قۇچاقلاپ، باغرىغا باستى. ھەر ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ۋە ھاياجان ياشلىرى خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلدى. مۇئاۋىن رەئىس مىجىت ناسىر مۇشۇ تاپتا تولىمۇ ھاياجانلانغان بولۇپ، خۇددى بوغۇزىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئادىلنى باغرىدىن ئايرىپ: «يارايسەن، ئوغلۇم! سەن شىنجاڭ خەلقىگە شان - شەرەپ ئېلىپ كەلدىڭ، ساڭا رەھمەت» دېگەن سۆزنى ئاران دېيەلىدى.

ھاياجان ۋە تەخىرسىزلىك تۈيغۇسىغا چۆمگەن كىشىلەر ئادىلغا بەس - بەستە گۈل تەقدىم قىلىپ، بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا ئۇنىڭ قۇچىقىنى گۈلگە تولدۇرۇۋەتتى. بىرنەچچە قاۋۇل، بەستلىك يىگىت ئادىلنى دەس كۆتۈرۈپ، بويىنىغا ئالغىنىچە كۆتۈرۈپ ماڭدى. كىشىلەر توپى ئارىسىدا كۆتۈرۈلگەن «ئادىل ياشىسۇن!»، «ئادىل يارايسەن!» دېگەن سادالار ئەتراپنى زىلزىلىگە سالدى. شادلىقىنى قەلبىگە سىغدۇرالمىغان نۇرغۇن كىشىلەر كۆز يېشى قىلىپ، ئادىلغا بولغان ھۆرمىتىنى ۋە رەھمىتىنى بىلدۈرۈشتى. يېشى سەكسەنگە ئۇلاشقان، چاچ - ساقاللىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان بىر ئۇيغۇر بوۋاي توپ ئىچىگە قىستىلىپ كىرىپ، ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان بىر دەستە گۈلنى ئادىلنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ھەمدە تىترەڭگۈ ئاۋازدا: «بارىكاللا، ئوغلۇم، ئاللا ساڭا رەھمەت قىلسۇن» دېدى. ئۇنىڭ كۆز چانىقىدىن ئېتىلىپ چىققان ئىككى تامچە ياش قورۇق باسقان مەڭزىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىپ، ئۆسكىلەڭ، ئاپئاق ساقىلى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. بۇ مەنزىرە بۇ يەرگە ئادىل ھوشۇرنى قارشى ئېلىشقا چىققان ھەممەيلەننىڭ قەلب تارىغا يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك زەخ-



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەك ئۇردى . كۆپچىلىك خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا «ئادىل ياشى-سۇن !» دەپ توۋلىشىپ ، ئادىل هوشۇرنى پىكاپقا كۆتۈرۈپ چىقىشتى .

پىكاپ ۋە ئاپتوبۇسلار بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ ئايروپورتنىڭ ماشىنا توختىتىش ئورنىدىن چىقىپ ، شەرققە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

ئاپتوبۇس ئىچىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ، ئوپېرا ئۆمىكى ۋە مۇقام ئانسامبىلى قاتارلىق ئورۇنلار-نىڭ ئارتىسلىرى ناغرا - سۇناي پەدىلىرىگە جور بولۇپ ، ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسسۇل ئويناپ ، ئاپتوبۇس ئىچىنى بايرام تۇسىگە كىرگۈزدى . ناغرا - سۇناي ۋە ناخشا ئاۋازى ئاپتوبۇس دېرىزىسى-دىن سىرتقا چىقىپ ، يىراق - يىراقلارغا تارقىلىپ ، يول بويىدى-كى ۋە تۇرلۇك ئاممىۋى قاتناش ۋاسىتىلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى .

— نېمە ئىش بوپتۇ ؟

— بىرەر دۆلەت رەھبىرى كەلگەن ئوخشىمامدۇ ؟

— ياق ، ئادىل قايتىپ كەپتۇ .

— قايسى ئادىل ؟

— قايسى ئادىل بولاتتى ، سەنشيادىن ئۆتۈپ ، يېڭى دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقان ئادىل هوشۇرچۇ !

يول بويىدىكى كىشىلەر ئادىل هوشۇرنى ئۆز كۆزى بىلەن بىر كۆرۈۋېلىش مەقسىتىدە ئاپتوبۇس ئىچىگە بويۇنداپ قارىشات-تى . بەزىلىرى تېخى ۋېلىسىپىتلىرىنى يەنىمۇ تېز چاپتۇرۇپ ، ئاپتوبۇسقا ئەگەشتى ...

ئادىل هوشۇر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭ سېرك ئۆمى-كى دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە ، بۇ يەرمۇ ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان بولۇپ ، ئاتىلار ئۆزىنىڭ ياراملىق ئوغلىنى ، ئانىلار ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلىنى ، ئوقۇغۇچىلار باتۇر ئاكىسىنى ،

تەڭتۇشلار پەخىرلىك دوستىنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بۈگۈن ئەتىگەندىلا تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ بۇ يەرگە جەم بولۇپ، ئادىل ھوشۇرنىڭ يولىغا قاراۋاتاتتى. ئۇلار بىتاقەت بولۇپ كۈتكەن مىنۇتلار ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئادىل قولىدىكى گۈلدەستىنى پۇلاڭلىتىپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە پىكاپتىن چۈشكەندە، كىشىلەر توپى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنىڭغا گۈلدەستە تەقدىم قىلدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئادىل ھوشۇر گۈل - چېچەككە كۆمۈلۈپ كەتتى. يىگىتلەر ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگىنىچە سىرك ئۆمىكى ئىچىگە ئەمەس، بەلكى دۆڭكۆرۈك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. 2000 - 3000 غا يېقىن ئادەممۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ تۈۋەنگە قاراپ سەلدەك ئاقتى. چىرايلىق مىللىيچە كىيىم - كېچەكلەرنى كىيگەن قىز - يىگىتلەر توپىنىڭ ئالدىدا شوخ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، كەيپىياتنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. ئالقىش، تەنتەنە، شوئار ۋە قىيقاس - چۇقانلار پەلەككە يەتتى.

كىشىلەر توپى «ئىتتىپاق» تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىدىكى تۆت كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە شىمالغا بۇرۇلۇپ، «خەلق» تىياتىرخانىسى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. چىڭقىچۈش مەزگىلى بولغاچقا ئۇرۇمچىنىڭ ئەڭ ئاۋات، ئەڭ قايناق بازىرى دۆڭكۆرۈك قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەر، مايلامچىلار، گۈل - چېچەك ئارىسىدىكى خۇددى شاھزادىلەردەك كېلىۋاتقان ئادىل ھوشۇرنىڭ سىيماسىنى يىراقتىنلا كۆرۈپ، قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ توپقا قېتىلدى. يول بويىدىكى ئاشخانا ۋە كاۋاپدانلاردا قورسىقىنى ئەستەرلەۋاتقان زىيالىيلار، ئىشچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارمۇ ئالدىدىكى ئەمدىلا ئېغىز تەگكۈزگەن تاماقنى شۇ پېتىچە تاشلاپ قويۇپ، كىشىلەر ئارىسىغا شۇڭغۇپ تەنتەنە قىلىشتى. ئاپتوبۇس، مىنىبۇس ۋە تاكسى شوپۇرلىرىمۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى پەملەپ، ئاپتوموبىللىرىنى يولنىڭ چېتىد-

گە توختىتىپ، قىزغىن چاۋاك چېلىپ، ئادىلنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن تەنتەنە قىلدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى يېقىن ئەتراپتىكى گۈل دۇكانلىرىغا گۈل سېتىۋېلىش ئۈچۈن چاپسا، يەنە بەزىلىرى يېڭىلا سېتىۋالغان گۈللىرىنى توپ- نى يېرىپ بېرىپ ئادىلنىڭ قولىغا بېرەلىشىگە كۆزى يەتمەي، يىراقتىنلا ئادىلغا قارىتىپ ئاتاتتى. كىشىلەر توپى دۆڭكۆۋرۈك- تىكى «ئاق مەسچىت» ئالدىغا كەلگەندە، بىر قاراشتىنلا ئوقۇ- مۇشلۇق زىيالىي ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان ئىككى كىشى قوللىرىدا گۈلدەستە تۇتۇپ، ئالدى تەرەپتىن چىقىپ كەلدى. ئالدىدىكىلەر دەرھال ئىككى تەرەپكە سىغدىلىپ، ئۇلارغا يول چىقىرىپ بەردى. ئۇلار ئادىلغا گۈل تەقدىم قىلىپ بولۇپ:

— بارىكاللا، ئىنىم، رەھمەت ساڭا،— دېدى.

ھاياجاندا كۆز چاناقلىرى نەملەشكەن، يۈز - كۆزى قىزار- غان ئادىل:

— سىلەرگىمۇ كۆپ رەھمەت، خەلقىمگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت،— دېدى. كۈچلۈك ئالقىش ۋە «ئادىل ياشىسۇن» دې- گەن سادالار ئەتراپنى يەنە بىر قېتىم زىلزىلىگە سالدى.

ئادىل ئۆزىنى قول - قولغا تەگكۈزمەي كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان قېرىنداشلىرىنىڭ ئۈستىدە خۇددى تەختىراۋاندا ئولتۇرغان شاھ- زادىدەك يەڭگىل تەۋرىنىپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ بوينى قات - قات ئېسىلغان گۈلچەمبىرەككە، قۇچىقى دەستە - دەستە گۈللەرگە تولغان بولۇپ، قارىماققا ئادىل خۇددى ئاشۇ سانسىزلى- غان گۈللەر ئىچىدىكى ئەڭ خۇش پۇراق، ئەڭ چىرايلىق ئېچىل- غان بىر تال گۈلگە ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇ كۈچلۈك ھاياجاندا ھېلىدىن - ھېلىغا ئۆرلەپ تۇرغان ئۆپكىسىنى زورغا بېسىپ، ئەتراپقا تەكشى نەزەر تاشلىدى. تو- نۇش چىرايلار، يېقىملىق ئاۋازلار، جاراڭلىق كۈلكىلەر، ئىس- سىق كۆز ياشلار، رەڭگارەڭ خۇش پۇراق گۈللەر ... تەرەپ -

www.uyghurkitap.com

تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان ياشىسۇن، ھەشقاللار ۋە ئاپىرىنلار، توختىماستىن ياڭراۋاتقان مۇزىكىلار، ئوينىلىۋاتقان ئۇسسۇللار... مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ شەرىپىم ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ... مەن راستتىنلا ۋەتىنىم، خەلقىم شۇنچە شادلىنىدەك، مېنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگۈدەك يۈكسەكلىككە يېتىپ بولدۇممۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، مەن نۇرغۇن قىيىنچىلىق، ئىزتىراپ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، تۇنجى قەدەمنى ئۇتۇقلۇق باستىم. دەرۋەقە، بۇ قەدىمىم خەلققە ئاز - تولا شادلىق ۋە غۇرۇر بەخش ئەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەن تېخى ياش، ھايات شوتىسىنىڭ بالداقلىرى نۇرغۇن، مەن يەنە تىرىشىمەن، يۇقىرى ئۆرلەيمەن. كەلگۈسىدە ۋەتەن ۋە خەلقىمگە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى بۇنىڭدىن نەچچە ئون ھەسسە، ھەتتا نەچچە يۈز ھەسسە شادلاندۇرىمەن.

كىشىلەر توپى ئادىلنى كۆتۈرۈپ خەلق تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ سەيناغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىمۇ ناغرا - سۇناي ۋە قىيقاس - چۇقان سادالىرى پەلەككە يەتتى.

— كۆپچىلىك تىنچلىنايلى، ھازىر ئادىل ھوشۇر بىزگە ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپ بېرىدۇ، — دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى توپ ئىچىدىن بىرەيلەن.

كىشىلەر خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك دەرھاللا تىمتاسلىققا چۆمدى.

— قېرىنداشلىرىم، مەن سىلەرنىڭ سەمىمىي ياردىمىڭلار ۋە مەدەت بېرىشىڭلار بىلەن بۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردۈم. مەن قولغا كەلتۈرگەن بۇ شەرەپ سىلەرگە مەنسۇپ.

ئادىلنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىش بىلەن مەيداندا يەنە «ئادىل ياشىسۇن!» دېگەن كۈچلۈك سادا كۆتۈرۈلدى. يىگىتلەر ئادىلنى يەرگىمۇ چۈشۈرمەي كۆتۈرگىنىچە ئارقىسىغا يېنىپ، يەنە شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر ئاكا سەنەشىخاڭزىدا پىكاپىدىن ئەمدىلا چۈشۈشىگە شادلىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان تۆت ـ بەش يىگىت ئۇنىمۇ كۆتۈرۈپ بېشىغا ئېلىۋالدى. توپ ئىچىدە گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. يىگىتلەر مىجىت ناسىر ئاكىنى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي خېلى يەرگىچە كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. ئاخىر مىجىت ناسىر ئاكىنىڭ قايتا ـ قايتا ئۆتۈنۈشى بىلەن ئۇنى يەرگە چۈشۈرۈپ قويدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سېرىك ئۆمىكىنىڭ تار، ئەمما چىرايلىق، ئادەتتىكى كۈنلىرى تىمتاسلىق ئىچىدە تۇرىدىغان قورۇسى بۈگۈن بۆلەكچىلا ئاۋاتلىشىپ كەتتى. ئادىلنىڭ قولۇم ـ قوشنىلىرى، كەسىپداشلىرى، يار ـ بۇرادەرلىرى سان ـ ساناقسىز گۈلدەستىلەر ئارىسىدىكى ئادىلنىڭ تونۇش، يېقىملىق چىرايىنى كۆرۈپ، قەلبى ئىپتىخار ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمدى.

تولىمۇ ئاددىي، لېكىن داغدۇغىلىق ۋە تەسىرلىك قارشى ئېلىش مۇراسىمى مانا مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلدى.

— كۆپچىلىك، ھازىر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىرنى سۆزگە تەكلىپ قىلىمىز، — دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مىجىت ساۋۇت.

— يولداشلار، — دەپ سۆز باشلىدى مۇئاۋىن رەئىس مىجىت ناسىر، — ئادىل ھوشۇر جەسۇرانە غەيرەت ـ شىجائىتى بىلەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «پەلەك شاھى» دېگەن نامغا ئېرىشىپ، بىزنى ئىنتايىن ھاياجانغا سالدى. ئۇ ۋەتىنىمىزگە، شىنجاڭ خەلقىگە زور شان ـ شەرەپ ئېلىپ كەلدى. مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئادىل ھوشۇرنىڭ ئاسمان ـ پەلەك پولات ئارغامچە ئۈستىدىن قىيىن ھەرىكەتلەرنى ئورۇنداپ، كوكرېيىندىنمۇ تېز سۈرئەتتە سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، يېڭى دۇنيا جىنىس رېكورتى ياراتقانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ھەمدە ئادىل ھوشۇرنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن

قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن ئورۇن ۋە شەخسلەرگە سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن. ئادىلنىڭ ئەمەلىيىتى بىزگە چەت ئەللىكلەر قىلالىغان ئىشنى بىزنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىمىزنى، بەلكى ئۇلاردىنمۇ ياخشىراق قىلالايدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلاپ بەردى. بىزدە، بولۇپمۇ ياشلىرىمىزدا ئادىل ھوشۇردەك رىقابەتلىشىش، يۇقىرىغا ئۆرلەش، يېڭىلىق يارىتىش روھى بولۇشى لازىم.

قىزغىن تەنتەنە ۋە ئالقىش سادالىرى ئىچىدە مىجىت ناسىر ئاكىنىڭ سۆزى بىرنەچچە قېتىم ئۈزۈلۈپ قالدى. قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئاخىرلىشىپ خېلى ۋاقىتقىچە بۇ يەرگە يىغىلغان خەلق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئويناپ، ۋەتەنگە، خەلققە شەرەپ كەلتۈرگەن بۇ سۆيۈملۈك ئوغلاننى چىن قەلبىدىن تەبرىكلەشتى.

ئادىل ھوشۇر تەنتەنە قىلىۋاتقان خەلق بىلەن كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ، 6 ـ قەۋەتتىكى ئۆيىگە قايتىپ چىقتى. ئايالى ئىباگۈل ئۇنىڭ ئالدىغا بىر پىيالە قىزىق چاي ئەكېلىپ قويدى. ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن قىزى ئادىلە ئەركىلەپ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋالدى. تۆۋەندىكى كېتىشكە كۆزى قىيمىغان خەلقنىڭ قىيقاس ـ چوقانلىرى ئۆيگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئادىل ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، شىرە ئۈستىگە قويۇلغان دەستە ـ دەستە گۈللەرنى ئېلىپ بالكونغا چىقىپ، تۆۋەندە قاراپ تۇرغان سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىغا چاچتى.

ئەتىسى (6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى) ئەتىگەندە، ئاپتونوم رايونلۇق سېرك ئۆمىكىنىڭ قورۇسى ئىچىگە ھەر خىل پىكاپلار كەينى ـ كەينىدىن كىرىشكە باشلىدى. شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىنىڭ ھەم مەشىق ئۆيى، ھەم يىغىن زالى ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان يەتتە ـ سەككىز ساپا ۋە ئىككى ـ ئۈچ چاي شىرەسىدىن باشقا تۈزۈك بىساتى بولمىغان كونا ئۆيدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، مۇئاۋىن رەئىس مىجىت

ناسىر قاتارلىقلار ئادىل ھوشۇرنى قىزغىن قوبۇل قىلدى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان بىر دەستە گۈلنى ئادىل ھوشۇرغا تەقدىم قىلدى ھەمدە ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— يارايسەن، ئادىل! ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلدىڭ! — دېدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى مۇھەممەت زۇنۇن بىلەن شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مىجىت ساۋۇت رەھبەرلەرگە ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتۈش ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— ئەسلىدە مەن تۇنۇگۈن ئايرودرومغا چىقىپ، قارشى ئالماقچى ئىدىم، — دەپ سۆز باشلىدى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت، — لېكىن ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشىم چىقىپ قالغانلىقتىن، ئېلاجسىز بارالمىدىم. شۇڭا بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئادىلنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىگىلى ۋە سىلەردىن ئەپۇ سورىغىلى كەلدىم.

ئابلەت ئابدۇرېشىت ئادىلنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، سەمىمىيلىك بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئادىلنىڭ نەتىجىسى ھەممەيلەننىڭ قەلبىنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز شادلىققا چۆمدۈردى. مەن ئادىلنىڭ 13 مىنۇت 48 سېكۇنت 79 دەقىقە نەتىجە بىلەن سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتكەنلىكىنى شۇ كۈنىلا ئاڭلاپ ئۇنىڭغا چىن كۆڭلۈمدىن ئاپىرىن ئوقۇغانىدىم. بۇ قېتىم ئادىل ھوشۇر ئۇيغۇر دارۋازچىلىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى نامايان قىلىپ، دۇنياۋى مۆجىزە ياراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاپالىق مەشىق قىلىش، خەتەردىن، ئۆلۈمدىن قورقماسلىق ئىرادىسى بىلەن ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلدى. ئۇ يېڭى دۇنيا «جىننىس» رېكورتىنى يارىتىپ، پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە زور شان - شەرەپ كەلتۈردى.

ئۇ نەزىرىنى ئادىل ھوشۇرغا ئاغدۇرۇپ، ئاتىلارغا خاس مېھرىبانلىق ۋە مەسئۇلىياتچانلىق تۇيغۇسىدا مۇنداق دېدى:

— سەن تېخى ياش. مەن ئىشىنىمەنكى، سېنىڭ ئىستىقبا-لىڭ پارلاق. كەلگۈسىدە بۇنىڭدىن چوڭ، بۇنىڭدىن ياخشى، بۇنىڭدىنمۇ كارامەت نەتىجىلەرنى يارىتالايسەن. شۇڭا ھەرگىز مەغرۇرلىنىش، بەل قويۇۋېتىش ھېسسىياتىدا بولما! مۇھىمى، جاپالىق مەشىق قىلىش ۋە تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەش، رىقابەتلى-شىش روھىڭنى يەنىمۇ داۋاملاشتۇر! بىز سېنىڭ يېڭى نەتىجە-لەرنى قولغا كەلتۈرۈشىڭنى ھەر ۋاقىت قوللاپ - قۇۋۋەتلەيمىز.

رەئىسلىك سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاددىي بىر ئاتىنىڭ ئۆز ئوغلىنىڭ، جۈملىدىن بىر ئەۋلاد ياشلارنىڭ كەلگۈ-سىگە مەسئۇل بولۇش، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلۈش تۇيغۇسىدا ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر ئادىل ھوشۇرنىڭ ۋۇجۇدىدا تولىمۇ ئىللىق بىر سېزىم پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆز خەلقى، ئۆز مىللىتىنىڭ شان - شەرىپى يولىدا چوغ بولۇپ يانغان قەلبىنى لەرزىگە سالدى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ قەدىمىي ئىمارەتلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ تارى-خىدىكى تالاي خۇشاللىق، تەنتەنە ۋە كاتتا مۇراسىملارنىڭ شاھى-تى بولغان، كۆركەم مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان خەلق تىياتىر-خانىسىنىڭ ئىچى يەنە بىر قېتىم بايرام تەنتەنىسىگە چۆمدى. بۈگۈن بۇ يەردە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى داغدۇغىلىق ھالدا مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان ئادىل ھوشۇرغا نام بېرىش ۋە ئۇنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزگەنىدى.

بېشىغا بادامدوپپا، ئۇچىسىغا قىزىل رەڭلىك كەشتىلەنگەن كۆڭلەك كىيگەن ئادىل ھوشۇر يىغىن مەيدانىغا كىرىپ، رەئىس سەھنىسىدىكى خوجىخان ھاكىموف، مىجىت ناسىر قاتارلىق رەھ-بەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئالغاندا، يىغىنغا قاتناشقان

ئامما «گۇررىدە» ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، بىر رىتىمدا ئۇزاق-
قىچە ئالقىش ياڭرىتىپ، ئېھتىرام بىلدۈردى. ئارقىدىنلا كىشى-
لەر بەس - بەستە سەھنىگە چىقىپ ئۇنىڭغا گۈل تەقدىم قىلدى.
يىغىن رەسمىي باشلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتې-
تىنىڭ مۇدىرى ئابلىز باقى ئادىل ھوشۇرغا تون كىيگۈزگەندە
زال ئىچىدە يەنە بىر قېتىم گۈلدۈراس ئالقىش كۆتۈرۈلۈپ،
ئۇزاققىچە داۋاملاشتى. ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مى-
جىت ناسىر يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئا-
دىل ھوشۇرغا «پەلەك شاھى» دەپ نام بېرىش ھەمدە ئۇنى 150
مىڭ يۈەن نەق پۇل ۋە بىر يۈرۈش ئۆي بىلەن مۇكاپاتلاش
توغرىسىدىكى قارارىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلاپ، ئادىل ھوشۇرنى
يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە كۈچلۈك پەخىرلىنىش
تۇيغۇسى بىلەن قۇچاقلىغاندا، دەماللىققا ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپا-
دىلەپ بېرەلمىگەن ئامما ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ «ئادىل ياشى-
سۇن!»، «يارايسەن، ئادىل!» دەپ توۋلاشتى. سەمىمىي تى-
لەك، ئوتلۇق ھاياجان، قىزغىن تەنتەنىلەر زال ئىچىنى خۇددى
كۈچلۈك دېڭىز دولقۇنىدەك داۋالغۇتتى. ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي
كىشىلەر ئادىل ھوشۇرنىڭ بۇ ئالەمشۇمۇل غەلىبىسىنى خۇددى
ئۆزىنىڭ غەلىبىسىدەك ئۇلۇغ بىلىپ تەنتەنە قىلىشتى. بىر -
بىرىگە پۈتۈنلەي ناتونۇش، ھەتتا ئۆمۈر بويى بىر - بىرىنى زادىلا
كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەر ئورتاق بىر خىل ھاياجان، ئورتاق بىر
خىل شادلىق ۋە تىلەكنىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر - بىرىنى قېرىن-
داشلارچە مەھكەم قۇچاقلىشىپ، خۇددى ھېيت - ئايەملەردەك
بىر - بىرىنى چىن يۈرىكىدىن مۇبارەكلەشمەكتە ئىدى. نەچچە
ئونلىغان تېلېكامېرا، فوتوئاپپاراتلارنىڭ كۆزى مۇشۇ قاينام -
تاشقىنلىق ئادەم دېڭىزىغا، توغرىراقىنى ئېيتقاندا، ئادىل ھو-
شۇرغا توغرىلانغان بولۇپ، ھەممەيلەنگە ئوخشاشلا ھاياجانغا چۆم-
گەن مۇخبىرلار بۇ قۇتلۇق مەرىكىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تېخى-

مۇ كۆپ كىشىلەرگە، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى تېخىمۇ كۆپ قېرىنداشلىرىغا بىر مىنۇت، بىر سېكۇنت، بىر دەقىقە بولسىمۇ تېزرەك يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىراشماقتا ئىدى.

ئادىل ھوشۇرنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ، جۇملىدىن شىنجاڭ خەلقىنىڭ قەددىنى يەنە بىر قېتىم راۋۇرۇس كۆتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى بۇ قۇتلۇق خەۋەر ھەش - پەش دېگۈچە ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغلىرىدىن ھالقىپ، ئىلى، تارىم دەريا ۋادىلىرىغىچە، بىپايان تەكلىماكاننىڭ ئەڭ چەت گىرۋەكلىرىگىچە، كۆز يەتكۈسىز يايلاقلارغىچە، ئېتىزلىق، زاۋۇت، كان - كارخانا ۋە مەكتەپلەرگىچە ئۇچۇپ كەلدى. بۇ خەۋەر قۇلىقىغا يەتكەنلىكى دېھقان كەتمەن - گۈرجىكىنى، ئىشچى قولىدىكى ئىشىنى، ئوقۇغۇچى بوغچىسىنى، مۇئەللىم قولىدىكى بورنى تاشلاپ، ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ ساماغا چۈشتى. تەڭرىتاغ باغرى مانا بۈگۈن كاتتا بايرام، توي تەنتەنىسىگە چۆمدى...

كېچە، كۈمۈش تاۋاقتەك سۈپسۈزۈك ئاي ۋە شوخ، تىنىمسىز يۇلتۇزلار توختىماي كۆز قىسىشىپ، گويا ئادىلنى تەبرىكلەۋاتقاندەك توختىماي جىمىرلىماقتا.

ئادىل ئالتىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىنىڭ بالكونىدا تۇرۇپ، يىراقلارغا نەزەر سالغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى. ھەيۋەتلىك خانتەڭرى چوققىسى تەرەپتىن ئۇرۇلۇۋاتقان ئىزغىرىن شامال ئۇنىڭ جىسمىغا ئاجايىپ بىر خىل راھەتلىك تۇيغۇ بەخش ئېتەتتى. ئىككى يىلغا يېقىن سوزۇلغان قاتىلاڭچىلىق، ھەر تەرەپكە توختىماي قاتراش، روھىي جىددىيلىك، كۈچلۈك ھاياجان قاتارلىقلار مانا ئەمدىلىكتە پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى. مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدىكى تەنتەنىلىك قارشى ئېلىش پائالىيەتلىرى، مۇراسىملار، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشلەر ئۇنى چارچىتىپ ئوبدانلا ھالىدىن كەتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈنكىن، ئۇنىڭ بۈگۈن ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل

مۆرەككەپ ئىچكى ھېسسىيات ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى مەھكەم چىرمىۋېلىپ، ئۇنى زادىلا ئارامىغا قويمايۋاتاتتى.

ئۇ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە مىدىر قىلماي تۇراتتى. مۇشۇ تاپتا دادىسى ھوشۇر دارۋاز، ئانىسى ۋە ئۇنىڭغا دارۋازلىقنى ئۆگەتكەن، ئۇنى تۇنجى قېتىم بوشلۇققا تارتىلغان ئارغامچا ئۇستىگە ئېلىپ چىقىپ، يېتىلەپ ماڭغان ئۇستازلىرىنىڭ مېھرىبان، نۇرلۇق چىرايلىرى سانسىزلىغان يۇلتۇزلار ئارىسىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئاچچىق ھەسرەتنىڭ كۆچىدىن ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ، نەزىرىنى تېخىمۇ يىراقلارغا ئاغدۇردى. ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇستازى بۈگۈنكىدەك زەپەر مارشى ھەممە يەردە ياڭرىغان مىنۇتلاردا ئۇنىڭ يېنىدا بولۇپ، ئاشۇ توي تەنتەنىلىرىدىن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بەھرىلەنگەن بولسا نېمىدېگەن خاسىيەتلىك ئىش بولاتتى ـ ھە! لېكىن، ئۇلار بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن. بەلكى ئۇلار باقىي ئالەمدە تۇرۇپ، مۇشۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بېرى بۇ پانىي ئالەمدە ياڭرىغان ناغرا ـ سۇناي، قىيقاس ـ چۇقانلارنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان غەيۇر ئوغلىغا ئاپىرىن ۋە تەشەككۈرلەر ئېيتقاندۇ!

ئادىل ھوشۇر بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاستا ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، ئېغىرلاشقان بەدىنىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. يېنىدا تاتلىق پۈشۈلدىگىنىچە دۇنيا ئىشلىرىدىن بىغەم ئۇخلاپ ياتقان قىزى ئادىلە ئۇنىڭ زوقىنى قوزغىدى. ئۇ قىزىنىڭ يۇمران مايسىدەك سىلىق چاچلىرىنى ئاستا سىلىغىنىچە ئاستا ـ ئاستا مۈگدەشكە باشلىدى. چۈش ياكى خىيال ئىكەنلىكىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ئاجايىپ مەنزىرىلەر ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇچۇپ يۈرمەكتە ئىدى. ئەنە، ساقال ـ بۇرۇتى كۈمۈشتەك ئاقارغان كۆيۈمچان ئۇستازى ئۇنىڭ بېشىنى

سىلاپ تۇرۇپ، نەچچە قېتىم ئاڭلاپ ياد بولۇپ كەتكەن دارۋازلىق-نىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى ھېلىقى تەسىرلىك رىۋايەتنى يەنە سۆزلەشكە باشلىدى: بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ...

ئادىل ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە رىۋايەتتىكى ئىككى دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىغا تارتىلغان ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىپ ئۆتۈپ ياۋلارنى يوقىتىشتا چوڭ تۆھپە قوشقان بۇغداي ئۆڭلۈك، قوي كۆزلۈك، چىرايلىقىنە كەلگەن يىگىت بىلەن قول تۇتۇشۇپ يۈگۈرمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ شوخ، جاراڭلىق كۈلكىسى، بىپايان كۆك قەرىنى يېرىپ، يىراق - يىراقلارغىچە ئاڭلانماقتا ئىدى...

## رىۋايەت ۋە رېئاللىق

بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىزنىڭ مۇشۇ تۇپراقتا تولىمۇ غەمسىز، خاتىرجەم، باياشات ياشاپ كېلىۋاتقان ئاتا - بوۋىلىرىمىز كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا ياۋلارنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا ئۇچراپتۇ. ياۋ قوشۇنلىرى يۇرتىمىزغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، تولىمۇ ۋەھشىيلىك بىلەن ھەممىلا يەردە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، خۇددى جەھەننەمتەك تىنچ، ئاۋات يۇرتىمىزنى ھەش - پەش دېگۈچە-لا قىيامەتكە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ئاۋام - يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن ئاقساقاللارنىڭ باشلامچىلىقىدا زىچ ئۇيۇشۇپ، ياۋلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، يۇرت - ماكانىنى ۋە خەلقنى قوغداپتۇ. بۇ قېتىمقى جەڭ تولىمۇ دەھشەت-لىك بوپتۇ. ھەر ئىككىلا تەرەپتىن ناھايىتى كۆپ ئادەم ئۆلۈپتۇ. باتۇر خەلقنىڭ مۇرنى مۇرىگە تىرەپ كېچە - كۈندۈز قانلىق جەڭ قىلىشى نەتىجىسىدە، ئاخىر ۋەھشىي ياۋلار بەرداشلىق بې-

رەلمەي چىكىنىپتۇ. قېرى - ياش، ئەر - ئاياللىن تەشكىللەن-
گەن خەلق ئۇلارنى قوغلاپ زەربە بېرىپتۇ. ياۋ قوشۇنلىرى ئاشۇ
قاچقانچە ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىپ، بىر قورغان ئىچىگە
كىرىپ، دەرۋازىلىرىنى مەھكەم تاقىۋاپتۇ. بۇ قورغاننىڭ ئىشىد-
كى ناھايىتى ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك بولۇپ، قورغان سېپىلىنىڭ
ئەتراپىغا چوڭقۇر خەندەك كولىنىپ، ئىچىگە سۇ توشقۇزۇۋېتىل-
گەچكە، سېپىلغا شوتا قويۇپ، قورغانغا كىرىش ئەسلا مۇمكىن
ئەمەسكەن. قانداق قىلىش كېرەك؟ يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە ئاقسا-
قاللارنىڭ بۇ ئىشقا بېشى تازا قېتىپتۇ. چۈنكى، دۈشمەننى تەلتۆ-
كۆس يوقىتىۋەتمىگەندە، ئۇلارنىڭ كېيىن يەنە كۈچ توپلاپ كې-
لىپ، ئۆزلىرىگە تەھدىت سېلىش ئېھتىماللىقى بار ئىكەن.
شۇڭا ئۇلار دۈشمەننى تەلتۆكۆس يوقاتمىغۇچە ھەرگىز چېكىن-
مەسلىكنى قارار قىلىپتۇ. قوشۇن ئىچىدە 17 - 18 ياشلار
چامىسىدىكى بۇرۇتى يېڭىلا خەت تارتقان، بۇغداي ئۆڭلۈك، قوي
كۆزلۈك، چىرايلىق كەلگەن بىر يىگىت بار ئىكەن، ئۇ سېپىل-
نىڭ ئەتراپىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن، يۇرت
مۆتىۋەرلىرى ۋە قوشۇن سەركەردىلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلار-
غا:

— ماڭا بىرئاز ۋاقىت بەرسەڭلار، مەن سېپىلنىڭ ئىچىگە
كىرىشنىڭ ئامالىنى قىلالايمەن، — دەپتۇ.

— سېنىڭ قانداق ئامالىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇلار
يىگىتتىن.

— سېپىلنىڭ ئىچىدىكى بەزى قارىياغاچلارنىڭ شېخى سىرت-
قا چىقىپ تۇرىدىكەن. ئەگەر، ئۇزۇن ئارغامچىدىن بىرنى تې-
پىپ، ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى سالمىچىلاپ ئېتىپ، قورغاننىڭ ئى-
چىدىكى دەرەخكە باغلاپ، يەنە بىر ئۇچىنى بۇ يەردىكى دەرەخلەر-
گە مەھكەم تارتىپ باغلىساق، تەبىئىي ھالدا كۆۋرۈك پەيدا بولى-
دۇ، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ يىگىت.

www.uyghurkitap.com

— كۆۋرۈك؟! ئارغامچىنىڭ ئۈستىدىن قانداق مېڭىپ ئۆت-
كىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇلار ھەيرانلىق بىلەن.
— بولىدۇ، پەقەت قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، جاپا - مۇشەق-
قەتكە چىداپ مەشىق قىلىدىغان بولساقلا، ئۇ «كۆۋرۈك» نىڭ
ئۈستىدىمۇ بىمالال ماڭغىلى بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ بۇ يەردە بىكار-
دىن - بىكار دۈشمەننىڭ قورغاندىن چىقىشىنى كۈتۈپ ياتقىنىد-
مىزدىن كۆپ ياخشى، — دەپتۇ يىگىت قەتئىيلىك بىلەن.
يىگىتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆپچىلىك ئويلىنىپ قاپتۇ.
دېمىسىمۇ، ئەگەر دۈشمەننى كۈتۈپ يېتىۋەرگەندە، ياز ئۆتۈپ
قىش كەلسە بۇ ھېچقانداق پاناھ جاي بولمىغان چۆللۈكتە خەلقنىڭ
كۆپ قىسمىنىڭ نەشتەردەك ئاچچىق سوغۇق دەستىدىن توڭلاپ
ئۆلۈپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى.
— ئۇنداقتا، ئارغامچىدىن كىم مېڭىپ ئۆتىدۇ؟ — دەپ
سورىشىپتۇ يۇرت مۆتىۋەرلىرى.
— مەن ئۆتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت تولىمۇ
مەردانىلىك بىلەن.
يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن سەركەردىلەر ئۆزئارا قىسقا كې-
ڭەشكەندىن كېيىن، بۇ يىگىتنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن بۇ يىگىت قوشۇن ئىچىدىن ئۆزىگە ئوخشاش
قورقۇمسىز، چەبدەس، نەۋقىران يىگىتتىن يەتتە - سەككىزنى
تاللىۋېلىپ، ئۇزۇن ھەم پۇختا ئارغامچىدىن بىرنى تېپىپ، دۈش-
مەننىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تۈن نىسپىدىن
ئېشىپ، پۈتۈن ئالەم قاتتىق ئۇيقۇغا غەرق بولغاندا سىپىلنىڭ
ئەتراپىدىكى ئورەككە يېقىنلاپ، ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى سالما
قىلىپ، قورغان ئىچىدىكى دەرەخنىڭ شېخىغا قارىتىپ تولىمۇ
ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئېتىپتۇ.
بىر قېتىم، ئىككى قېتىم ... ئون قېتىم ... يىگىرمە
قېتىم...

قايتا ـ قايتا ئېتىش نەتىجىسىدە تاڭ يورۇشقا ئاز قالغاندا
ئارغامچا ئاخىرى دەرەخ شېخىغا ئىلىنىپتۇ. يىگىتلەر ئارغامچى-
نىڭ يەنە بىر ئۇچىنى ئۆزلىرى تەرەپتىكى دەرەخكە ناھايىتى چىڭ
تارتىپ باغلاپتۇ. ياۋنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يىگىت-
لەر ئەتىسىدىن باشلاپ ھەر كۈنى ئەلياتقۇدىن تاڭ سۈزۈلگىچە
ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىشنى مەشىق قىلىپتۇ. مەھەللىدىن قۇرۇق
ئوت ـ چۆپ، سامان قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىپ، يەرگە سې-
لىپ، يىقىلىپ چۈشكەندە يارىلىنىش ۋە يىقىلغاندا چىقىدىغان
قاتتىق ئاۋازنىڭ دۈشمەنلەرنى گۇمانغا سېلىپ قويۇشىنىڭ ئالدى-
نى ئاپتۇ.
كۈنلەر، ھەپتىلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپتۇ. يى-
گىتلەر ھەر كۈنى كەچتە ئەنە شۇ خىل مەشىقنى ئىزچىل داۋام-
لاشتۇرۇپتۇ. مەشىق جەريانىدا ئىككى ـ ئۈچ يىگىت ئېگىز
ئارغامچا ئۈستىدىن يىقىلىپ يارىلىنىپتۇ. قالغان يىگىتلەر بۇ-
نىڭدىن قىلچە ئۈمىدسىزلەنمەي، ئەكسىچە غەيرەت ئۈستىگە غەي-
رەت قوشۇپ، مەشىقنى بىر كۈنمۇ توختاتماپتۇ.
توپتوغرا 41 كۈن بولغاندا، يىگىتلەر ئۇزۇن كالتەكلەرنى
تۇتۇپ، ئارغامچا ئۈستىدە بىمالال مېڭىپ، سېپىل ئۈستىگە
چىقالايدىغان بوپتۇ. يىگىتلەرنىڭ قورقماس ئىرادىسى ۋە يۈكسەك
جاسارىتى ھەممەيلەننىڭ ئاپىرىن ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بوپتۇ.
يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە سەركەردىلەر ئۇرۇش پىلانىنى ئىنا-
چىكە تۈزۈپ، ئىش باشلاپتۇ. كەچ كىرىپ ھەممە ئادەم شېرىن
ئۇيقۇغا كەتكەندە ھېلىقى چېۋەر يىگىت بۇرادەرلىرىنى باشلاپ،
ئارغامچا بىلەن شەپە چىقارماي مېڭىپ سېپىل ئۈستىگە چىقىپتۇ
ۋە ياۋلارنىڭ مۇگدەپ ئولتۇرغان جېسەكچىلىرىنى جايلىۋېتىپ،
دەرۋازىنى ئېچىپتۇ. سىرتتا مىسران قىلىچ ۋە ئايپالتىلىرىنى
تەييارلاپ تۇرغان چوڭ قوشۇن دەرۋازا ئېچىلىشى بىلەن تەڭلا،
قورغان ئىچىگە سەلدەك يوپۇرۇلۇپ كىرىپ، قاتتىق ئۇيقۇغا

كەتكەن ياۋ ئەسكەرلىرىنى غەزەپ بىلەن چېپىشقا باشلاپتۇ. ياۋنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرى ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئېچىشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا بېشى تېنىدىن جۇدا بوپتۇ. تاڭ ئاتقۇچە دەھشەتلىك ئېلىشىش ئارقىلىق خەلق ئاخىرى ياۋ قوشۇنلىرىنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلىپ، ئۆز يۇرت ـ ماكانلىرىنى قوغداپ قاپتۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، ھېلىقى جەسۇر يىگىت شۇ قېتىمقى قانلىق جەڭدە دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، ئاخىرىدا ئوقيا ئوقىدا غەيۇرانە شېھىت بوپتۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە خەلق ئۆزلىرىنىڭ يۇرت ـ ماكانلىرىنى قوغداش يولىدا ئېلىپ بارغان ئاشۇ قېتىملىق قانلىق جەڭنى ۋە جەڭدە زور تۆھپە قوشقان سۆيۈملۈك ئوغلىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ھەر يىلى ھېيت ـ بايرام ۋە كاتتا خۇشاللىق كۈنلەردە يىگىتلەرنى ئارغامچا ئۈستىدە ماھارەت كۆرسەتكۈزۈپ، بۇ ئارقىلىق ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ تارىختىكى قەيسەر، ئېگىلمەس ـ سۇنماس روھى ۋە ئۆز خەلقى، ئۆز يۇرتى ئۈچۈن يالقۇنلۇق ھاياتىنى تەقدىم قىلغان سۆيۈملۈك ئوغلىنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىلكىدە ياد ئېتىدىغان بوپتۇ.

ئارىدىن نەچچە مىڭ يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختىكى تالاي يارقىن ئىزلىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ ياراتقان نۇرغۇن جۇلالىق مەدەنىيەتلىرى يىللار ۋە ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇم بارخىنى ئارىسىغا غەرق بولدى. يەنە نۇرغۇنلىرىنى قاياقلاردىندۇ پەيدا بولۇپ قالغان مەدەنىيەت ئوغرىلىرى قويىنىغا سېلىپ كېتىشتى. لېكىن، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزدىن تەۋەررۇك قالغان دارۋازلىق سەنئىتىمىزنى، توغرىراقىنى ئېيتقاندا، ئاشۇ تەۋەررۇك مىراسىمىزنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن چىۋەر، قورقۇمسىز، نەۋقىران يىگىتلىرىمىزنى ۋە ئۇلار دەسسەپ ماڭغان ئارغامچا، قولىدا تۇتقان تەڭشەكنى ھەرقانچە چوك قۇممۇ كۆمۈۋې-

تەلمىدى، ھەرقانچە ئاچ كۆز ۋە ھىيلىگەر ئوغرىمۇ ئوغرىلاپ
كېتەلمىدى. ئەكسىچە، ئۇ ئادىل ھوشۇرغا ئوخشاش نەچچە يۈز-
لىگەن، مىڭلىغان ئەل سۆيەر ئوغلانلارنىڭ قان ـ تەر ئاققۇزۇپ
پەرۋىش قىلىش ۋە گۈللىتىشى نەتىجىسىدە ئۇزاق تارىختىن بۇيان
خۇددى مەڭگۈ ئۇزۇلمەس مىلودىيىدەك ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملى-
شىپ، بۈگۈنكى ھەم ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالالىغان ھەم
مىللەت، دەۋر روھىنى مۇجەسسەملىگەن مۇكەممەل دارۋازلىق
سەنئىتىگە ئايلىنىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى-
غا ئېرىشىپ، يەتتە ئىقلىم مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ئەڭ يار-
قىن، ئەڭ جۇلالىق يۇلتۇزغا ئايلاندى. بۇنىڭدىن ھەربىر جۇڭخۇا
ئوغلانى، جۈملىدىن، ھەربىر ئۇيغۇر ئوغلانى پەخىرلىنىشكە
ھەقلىق.

دېمەك، دارۋازلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملى-
شىپ كېلىۋاتقان ئۇزاق تارىخقا ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە
ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەق-
لىي، جىسمانىي جەھەتتىكى ئەقىل ـ پاراسەتلىرىنى نامايان قى-
لىپ، يۈكسەك ئويۇن ماھارىتى بىلەن دۇنيادا داڭ چىقارغان بىر
خىل ئالاھىدە پائالىيەت. ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىغا ئېتىقاد
قىلىدىغان دەۋرلىرىدە نورۇز بايرىمى، ھوسۇل بايرىمى ئۆتكۈزى-
دىغانلىقى، دارۋازلار دار باغلاپ، قىزىل، يېشىل ئەلەملەرنى
لەپىلدىتىپ، ناغرا ـ سۇناي سادالىرى ئىچىدە ماھارەت كۆرسى-
تىپ، تەڭرىگە سېغىنىش روھىنى نامايان قىلىدىغانلىقى ماتېرى-
ياللاردىن مەلۇم. باي ناھىيىسىدىكى قىزىل مىڭئۆيىنىڭ
77 ـ غاردىكى تام سۈرەتلىرى ئىچىدە ۋە 7 ـ ، 8 ـ ئەسىرلەرگە
مەنسۇپ بولغان تۇرپان خارابىلىرىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلاردا
ئۇيغۇر دارۋازچىلىقىنىڭ پاكىتلىق ئىزنالىرى بار. ئۇلۇغ ئالىم
مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «ئادەم دارۋازلىق
قىلدى، يەنى ئارغامچا ئۈستىدە ئويىندى» (3 ـ تومغا قاراڭ)

دەپ يازغان. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا غەربىي يۇرتتىكى دارۋازئەجدادلىرىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 108 ـ يىلى (بۇنىڭدىن 2015 يىل بۇرۇن) شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە كېلىپ، پادىشاھ خەن ۋۇدىغا دارۋازلىق ئويۇنى كۆرسەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. يۇقىرىقىدەك پاكىتلاردىن ئۇيغۇر دارۋازچىلىقىنىڭ يازما تارىخىنىڭ باشلانغانلىقىغا ئاز بولغاندىمۇ ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئادىل ھوشۇرنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ تەڭشەكنى قولىغا مەھكەم تۇتۇپ ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىۋاتقىنىغا 427 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن بولۇپ، بۇ جەمەتتىكىلەر يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت مابەينىدە جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە غەربىي ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا، ئوكيانىيە ۋە ھىندىستان، شياڭگاڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر دارۋازچىلىقىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇشتا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان. 1950 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە ئادىلنىڭ بوۋىسىنىڭ شاگىرتى سىدىق ھاشىم شاگىرتلىرىنى باشلاپ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىگە ئىئانە توپلاش يۈزىسىدىن، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ نەچچە ئون مەيدان ئويۇن قويۇپ، كىشىلەرنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتى ۋە قايىللىقىنى قوزغىغانىدى. 1995 ـ يىلى 86 ياشلىق سىدىق ھاشىم مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك سىركچىلەر جەمئىيىتىنىڭ «شان ـ شەرەپ مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ مۇبارەك نام ـ شەرىپى «جۇڭگو سەنئەتكارلار لۇغىتى» دىن ئورۇن ئالغان.

كىچىكىدىنلا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان ئادىل ئۆسۈپ يېتىلىپ، بۈگۈنكىدەك پۈتۈن دۇنياغا نامى تونۇشلۇق ئوغلانغا ئايلى-

نىش جەريانىدا زۇنۇن قۇربان، سىدىق ھاشىم قاتارلىق تەلەپچان ئۇستاز،) كۆيۈمچان ئاتىلارنىڭ كۆپ شاپائىتىگە نائىل بولغان.

## ئاتىلار ئىزىدىن بويلاپ

1971 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دۇنياغا كۆز ئاچقان ئادىل 5 ـ ئەۋلاد كامالەتكە يەتكەن دارۋاز ھوشۇر مۇسانىڭ كەنجى ئوغلى ئىدى.

ھاياتىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى دار ئۈستىدە ئۆتكۈزگەن دادىسى ھوشۇر مۇسا بىلەن دارۋاز ئائىلىسىدە چوڭ بولغان ئاپىسى ئايشەمخان ئادىل تۇغۇلغاندا ئۇنى دارۋاز قىلىشنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئادىلنى مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، كەلگۈسىدە «چوڭ كادىر» قىلىش پىلانى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئادىل ئايىغى چىقىپ، تۇپىلىق يەردە تايتاڭلاپ مېڭىشقا باشلىغان چاغدىن تارتىپلا ئۇنى مەشىق ۋە ئويۇن مەيدانىدىن نېرى قىلىشقا تىرىشتى.

بىراق، «ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەپتۇ» دېگەندەك كىچىك ئادىل دارۋازلىقتىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ كارامەتكە بارغانسېرى قىزىقىپ قېلىۋاتاتتى. ھەر قېتىم دارۋازلىق ئويۇنى بولغان چاغدا ئۇ ئۆيدىكىلەردىن ئوغرىلىقچە بېرىپ، توپنىڭ ئارىسىدا ئىككى قولى بىلەن ئېڭىكىنى تىرىگىنىچە خۇددى قانداقتۇر بىر قېيىن مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقان مويسىپىتلاردەك كۆزىنى ئارغامچا ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان دارۋازلاردىن ئۈزمەي، سائەت ـ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بۇنداق چاغدا، ئۇنىڭ نىمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بەزىدە ئۇ ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا چىقىۋېلىپ پارچە كېسەكلەرنى قاتار تىزىپ، قولىدا كىچىك تاياقچىنى مەھكەم تۇتۇپ، كېسەك ئۈستىدە مېڭىپ ئوينايتتى. بەزىدە يىقىلىپ چۈشۈپ، يۈز ـ كۆزى توپا ـ

چاڭغا مىلىنىپ كەتسىمۇ، يەنە ئۆمىلەپ قوپۇپ «دار» ئۈستىدە بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن مېڭىشنى داۋاملاشتۇراتتى.

ئادىل ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى ئويۇن قويۇش بىلەن يۈرتمۇ يۇرت كېزىپ يۈرۈپ، يىراق سەپەردىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن ھوشۇر مۇسا ئاكا يۈز ـ كۆزى توپىغا مىلەنگەن ئادىلنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن:

— بالام، چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— دارۋاز بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئادىل.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى دادىسى ھەيران بولۇپ.

— دارۋازلىق بەك ياخشىكەن، مەنمۇ چوڭ بولسام ساڭا ئوخشاش دارۋاز بولىمەن، — دېدى ئادىل دادىسىغا ئەركىلەپ تۇرۇپ.

— مەن سېنى مەكتەپتە ئوقۇتىمەن، چوڭ بولغاندا دارۋاز بولمايسەن، كادىر بولىسەن، — دېدى دادىسى ئاۋازىنى سەل ئۈندىلۈك چىقىرىپ.

— ياق! ياق! دارۋاز بولىمەن، — دەپ خەقىشلىك قىلىشقا باشلىدى ئادىل.

ھوشۇر مۇسا ئاكىنىڭ كەيپى ئۇچتى. يۈرەكتىكى گەپنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئالتە بالىسىنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغان ئادىلنى ئۆزىگە ئوخشاش يىل بويى يۈرتمۇ يۇرت كېزىپ، ئاچ ـ توقلۇق، قار ـ مۇزنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ، ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت جانىنى ئالىقانغا ئېلىپ يۈرىدىغان دارۋاز قىلغۇسى يوق ئىدى. چوڭ ئوغلى ھەسەنجان بىلەن قىزى ئامانگۈل ناھىيىلىك سېرك ئۆمىكىدە بولغاندىن كېيىن، بۇ مۇشۇ ئائىلىگە كۇپايە قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دارۋاز ئائىلىسىنىڭ ھەممە پەرزەنتىنىڭ ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىپ يۈرۈشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ـ دە! شۇڭا ئۇ ئەتىۋارلىق كەنجى ئوغلى ئادىلنىڭ دارۋاز ئەمەس،

كىيىم - كېچەكنىڭ قىرىنى بۇزماي يۈرىدىغان كادىر بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق، «توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال» دېگەندەك، ئادىلنىڭ تېخى ئاق - قارىنى تۈزۈك پەرق قىلماي تۇرۇپلا، كېسەك ۋە سوقما تامنى «دار» قىلىپ، ئىش باشلىۋەتكەنلىكى ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى.

1976 - يىل 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى 76 ياشقا كىرگەن ھوشۇر مۇسا ئۆزىنىڭ 70 يىلغا يېقىن دارۋازلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى. ئاپىسى ۋە ئاكا - ھەدىلىرىنىڭ ئىچ - ئىچىدىن ئۆكۈنۈپ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تېخى بەش ياشقىمۇ توشمىغان ئادىل دەسلەپتە ئاكىسى ئەركىنىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، خېلىغىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن، ئۆزىنىڭ بېشىغا نېمە كۈلپەتلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر بۇ نارەسىدە ئاداشلىرى بىلەن سوقما تام ئۈستىدە «دارۋازلىق مۇسابىقىسى»غا چۈشۈش ئۈچۈن ئاكىسى ھەسەنجان ياساپ بەرگەن كىچىك تەڭشەكنى كۆتۈرۈپ، قورۇدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ خىيالىچە، دادىسى يەنە ئويۇن قويۇش ئۈچۈن ناھايىتى يىراق يەرلەرگە كەتكەن بولۇپ، كېيىنچە چوقۇم ساقال - بۇرۇتى ئۆسكەن، چىرايى ئاپتاپتا كۆيگەن ھالدا قايتىپ كېلەتتى.

يىللار گويا ئېقىن سۇدەك بىر خىل رىتىمدا ئۆتمەكتە ئىدى. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئادىلنىڭ قەلبىدە يانغان دارۋازلىققا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ئۇلغىيىشقا باشلىدى. ئۇ سەككىز ياشقا كىرگەن يىلى ئاپىسى ئايشەمخان ئۇنى يېتىلەپ، يېڭىسار ناھىيىلىك سېرىك ئۆمىكىگە ئاپىرىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئاتا ئىزىنى بېسىپ، دار ئۈستىدىكى ھايات مۇساپىسىنى باشلىدى.

«بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم» دېگەندەك، ئادىل ھوشۇر سېرىك ئۆمىكىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ ئۇزاققا قالمايلا، ئۆز ۋۇجۇدىدا ئېقىۋاتقىنىنىڭ ھەقىقىي بىر دارۋازنىڭ قېنى

www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكىنى ئاستا ـ ئاستا نامايان قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئۆمەكتىكى ئۆزىگە ئوخشاش «بالا دارۋاز»لارغا قارىغاندا كەچ يېتىپ، سەھەر قوپۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا دارۋازلىق ۋە سېركچىلىكنىڭ ئاساسىي ماھارەتلىرىنى ئىگىلەشكە باشلىدى. شۇ چاغدىكى يېڭىسار ناھىيىلىك سېرك ئۆمىكىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى بولغان زۇنۇن قۇربان (بۇ يىل 76 ياشتا) ئاكا بارا ـ بارا ئۇنىڭ ياخشى ئۇستازى ھەم دىلكەش دوستىغا ئايلىنىپ قالدى. ھەر قېتىم ئادىل ئورۇنداش قىيىن بولغان ھەرىكەتلەرنى ئەپلەشتۈرەلمەي جىلە بولغان ۋاقىتلىرىدا زۇنۇن ئاكا ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ، يۇمران چاچلىرىنى سىلاپ:

— ئوغلۇم، ئادىل، دارۋازلىق دېگەن ئاسانلا ئۆگىنىۋالغىلى بولىدىغان ھۈنەر ئەمەس، ئۇ ئالدىراقسانلىق، قورقۇنچاقلىق بىلەن چىقىشالمايدۇ. بىر ـ ئىككى قېتىم ئەپلەشتۈرەلمىگەنگە جىلە بولساڭ، ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىققۇدەك دارۋاز بولالمايسەن. شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، سېنىڭ ئاتاڭمۇ، ئاناڭمۇ دار. ئەمدى سېنىڭ تەقدىرىڭ ئاشۇ ئىنچىكە ئارغامچىغا مەھكەم باغلانغان. قورقۇنچاقلىق دارۋازنىڭ تەبىئىتىگە بەكلا يات. ياخشى دارۋاز ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدۇ. سەن «ياخشى دارۋاز بولىمەن» دېسەڭ، چوقۇم جەسۇر، قورقۇمسىز ئادەم بولۇشۇڭ كېرەك. توخۇ يۈرەك ئادەمنىڭ دار ئۈستىدىكى ئۆمرى تولىمۇ قىسقا بولىدۇ. سېنىڭ داداڭ، بوۋاڭ ۋە بوۋاڭنىڭ بوۋىلىرى ئەنە شۇنداق باتۇر، ئوت يۈرەك كىشىلەر ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بىرىنىڭ قەدىمىنى يەنە بىرى داۋاملاشتۇرۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئەسىرلەر بويى ئاشۇ ئىنچىكە ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىپ كەلگەن. سەنمۇ ئۆز ئىرادەڭ بويىچە ئاتاڭنىڭ ئىزىنى داۋاملاشتۇرۇشنى تاللىدىڭ. دادامنىڭ روھى خۇش بولسۇن دېسەڭ، ئارغامچا ئۈستىدە مەيدەڭنى مەغرۇر كېرىپ، يۈرەكلىك مېڭىشنى ئۆگەن، — دەپ تەسەللى بېرەتتى.

بۇ سۆزلەر ئادىلنىڭ ۋۇجۇدىنى سىمابتەك ئېرىتىپ، ئۇنى ئىختىيارسىز غايىۋى بىر دۇنياغا سۆرەپ ئەكىرەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئادىلنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ، مۇشتۇمدەك يۈرىكى ئوت بولۇپ ياناتتى ۋە ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، كىيىمىدىكى توپا - چاڭلارنى قېقىۋېتىپ، دارغا (قايتا يامىشاتتى.

بىر قېتىم ئادىل مەشىق قىلىۋاتقاندا يىقىلىپ چۈشۈپ، پۇتىنى قايرىۋالدى. ئەتراپتىكىلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ ياتىقىغا ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇ كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا يېتىپ، خىيالغا چۆكتى. تەڭتۇشلىرىنىڭ مەشىق مەيدانىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئاڭلانغانسېرى ئۇنىڭ كەيپى تېخىمۇ ئۇچۇپ، كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۆزىنى دادىسىغا سېلىشتۇرۇپ، تولىمۇ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىپ، ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ خالايىقنىڭ ئالدىدا ئارغامچا ئۈستىدە مەغرۇر مېڭىپ، ھەممە ئادەمنىڭ: «پاھ، بۇ يىگىت ئەجەب قالتىسكەن - ھە!» دېگەن ماختاش سۆزلىرىنى ۋە ئەتراپتىن كۆتۈرۈلگەن قىيقاس - چۇقانلارنى ئاڭلاشقا قانچە ئىنتىزار بولغانسېرى، ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە، تەڭشەكمۇ، ئارغامچىمۇ، پۇتىمۇ، بەدىنىمۇ ھەتتا شاماللارمۇ ئۇنىڭ بىلەن جېنىنىڭ بېرىچە قېرىشىۋاتقاندەك، ئۇنى ھەدەپ يەرگە تارتاتتى. مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ بىئارام بولاتتى. ئۇ كارىۋاتتا دۈم يېتىۋېلىپ، كاجلىق بىلەن ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا يىرىك، ئەمما ئىسسىق بولغان، تولىمۇ تونۇش بىر قول كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى يەڭگىل سىلىدى:

— ئوغۇل بالا دېگەنمۇ يىغلامدۇ؟ مۇشۇنداق كۈن بويى دۈم يېتىپ يىغلىساڭ ھەرگىزمۇ داداڭغا ئوخشاش ياراملىق دارۋاز بولالمايسەن.

ئادىل بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇر-

غان زۇنۇن ئاكىنى كۆردى .

— زۇنۇن ئاكا ، مەن ياخشى دارۋاز بولالمىدىم .— ئادىل خىجىل بولغاندەك چاناقلىرىدىكى ياشنى يېڭى بىلەن سۈرتۈ- تىپ ، زۇنۇن ئاكىنىڭ ئويچان كۆزلىرىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلدى .

— بولالايسەن ، چوقۇم بولالايسەن . بىراق ، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆز يېشى ئەمەس ، بەلكى قان - تەر ئاققۇزۇش كېرەك . داداڭمۇ دارۋازلىقنى ئۆگەنگىچە ، ھەتتا كېيىن ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان- دىمۇ تالاي قېتىم يىقىلغان ، پۇت - قوللىرى سۇنۇپمۇ كەتكەن . يىقىلغان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، ھېچ ئىككىلەنمەستىن دارغا قايتا يامىشالايدىغان ئادەملا خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدىغان كاتتا دارۋاز بولالايدۇ .

— نېمە؟ داداممۇ يىقىلغانمۇ؟— دەپ سورىدى ئادىل ھەي- رانلىق بىلەن .

— ھەئە ، يىقىلغان . ئۆگىنىش جەريانىدا يىقىلمايدىغان بىر- مۇ دارۋاز يوق . دارۋاز بولىمەن دەيدىكەنسەن ، يىقىلىشتىن ، باش - كۆزۈڭنىڭ يېرىلىشىدىن ، سۆڭەكلىرىڭنىڭ سۇنۇپ كې- تىشىدىن قورقماسلىقىڭ كېرەك . مانا بۇ دارۋازدا بولۇشقا تې- گىشلىك روھ .

زۇنۇن ئاكىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئادىل خىجىل بولغان- دەك يەرگە قارىۋالدى . ئۇنىڭ قارىقۇمچاق كەلگەن ئوماق ئىككى مەڭزى نومۇس كۈچىدىن «ۋىللىدە» قىزاردى .

— مەن ساڭا دارۋازلىق ھەققىدە بىر رىۋايەت سۆزلەپ بېرەي ، ئوبدان ئاڭلىغىن . بۇ رىۋايەتتە ئەجدادلىرىمىزنىڭ دار- ۋازلىقنى قانداق ئىجاد قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك چوڭ بەدەللەرنى تۆلىگەنلىكى سۆزلەنگەن .

— بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىزنىڭ مۇشۇ تۇپراقتا تولىمۇ باياشات ، شاد - خۇرام ۋە خاتىرجەم ياشاپ

كەلگەن ئاتا - بوۋىمىز بىر كۈنى تۇيۇقسىز ياۋلارنىڭ قاتتىق ھۇجۇمىغا ئۇچراپتۇ ...

زۇنۇن ئاكا ئۆتكۈر كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، رىۋايەت سۆزلىمەكتە ئىدى. ئادىل — زۇنۇن ئاكىدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي، قاتتىقراق نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، رىۋايەت ئىچىگە بارغانسېرى چوڭقۇر سىڭىپ كېتىۋاتاتتى ھەمدە ئۆزىنى بارغانسېرى رىۋايەتتە سۆزلەنگەن بۇغداي ئۆڭلۈك، قەددى - قامەتلىك چىرايلىق كەلگەن باتۇر يىگىتكە ئوخشاپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتاتتى. زۇنۇن ئاكا ئۇ يىگىتنىڭ جەڭدە ياۋلار بىلەن باتۇرانە ئېلىشىپ شېھىت بولغانلىقىنى سۆزلىگەندە بولسا، ئادىل ئۆپكىسىنى باسالماي، ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

«ئاشۇ باتۇر يىگىت مېنىڭ ئاكام بولغان بولسا، ئۇ ھازىرمۇ ھايات بولۇپ، مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ ئارغامچا ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ بىللە مەشىق قىلدۇرغان بولسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ياۋ قورغىنى ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ، ۋەھشىي دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان بولسام نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!» ئادىل يىغلاپ تۇرۇپ شۇلارنى خىيال ئېكرانىدىن ئۆتكۈزدى.

— يەنە يىغلىغىلى تۇردىڭغۇ؟ بولدى قىل! يىغا دېگەننى خۇدايىم خوتۇن خەققە بەرگەن. ئوغۇل بالا دېگەن ئوغۇل بالىغا خاس ئىشلارنى قىلىدۇ. ياخشى ئارام ئېلىپ، پۇتۇڭ ساقايغاندا مەشىقنى داۋاملاشتۇر! خوش ئەمىسە، مەن چىقىپ كەتتىم.

شۇ كۈنى ئادىل ھېلىقى يىگىت ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرىنى ئويلاپ، تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىدى. يەرگە يورۇق چۈشۈشى بىلەن تەڭ، ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، مەشىق زالىغا كىرىپ كەتتى.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتتى. ئادىلمۇ گويا ئەتىيازدا سېرىك ئۆمىكى ئالدىغا تىكىلگەن ئاق تېرەك كۆچىتىدەك بوي

تارتىپ ئۆسۈشكە باشلىدى، ماھارىتىمۇ يىللىرى پىشىپ يېتىلدى. «تەڭتۇشلىرىمنىڭ ھەممىسىدىن ئېشىپ كېتىمەن» دېگەن كۈچلۈك سادا ئۇنى ھەر ۋاقىت مەشىق زالى تەرەپكە سۆرەپ ماڭاتتى: چۈشتە تەڭتۇشلىرى تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئۇ مەشىق زالىنىڭ دېرىزىسىدىن ئوغرىلىقچە كىرىپ، مەشىقنى داۋاملاشتۇراتتى ...

«ئەجرىنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەندەك، ئۇ ئايىغى چىققاندىن تارتىپلا خىيال قىلىدىغان، ئۇخلىسا چۈشىدىن چىقمايدىغان كۆكتە پەرۋاز قىلىش ئارزۇسى ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. 1981 ـ يىلى، ئالتۇن كۆز پەسلى، گۈزەل ئىلى ۋادىسىدىكى ھۆسنىگە تولغان قىزدەك دىلرەبا، ئاۋات غۇلجا شەھىرى تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگەنىدى. ئادىل يېڭىسار ناھىيىلىك سېرك ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار تەركىبىدە نامى يىراق ـ يېقىنغا تونۇشلۇق بولغان بۇ قەدىمىي شەھەرگە كېلىپ، ئۆزىنى خۇددى جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك خۇشال ھەم بەختلىك ھېس قىلدى. مېۋىلىك باغلاردىكى جانانىنىڭ مەڭزىدەك قىزىرىپ پىشقان ئالمىلار ۋە ھويلا ـ ھويلىدىكى بۈككىدە ئېچىلغان گۈللەردىن تارقىلىۋاتقان كىشىنى مەستخۇش قىلىدىغان خۇشبۇي ھىد ئۇنىڭ بىغۇبار قەلبىگە ئاجايىپ ئىزگۈ خىياللارنى بەخش ئېتەتتى. ئۇ مۇشۇنداق خىسلەتكە باي ماكان ۋە كىشىگە مەڭگۈلۈك ئەسلىمىلەرنى قالدۇرىدىغان ئالتۇن كۆز پەسلىدە ئۆزىنىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلىشتىن ئىبارەت ئۆمۈرلۈك سەپىرىنىڭ مۇقەددىمىسى يېزىلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنىڭ بىرىگە جايلاشقان تەنتەربىيە مەيدانى (يەرلىك خەلق بۇ يەرنى «مۇز مەيدان» دەپ ئاتايدۇ) بۈگۈن بايرام تۈسىگە كىرگەنىدى. مىڭلىغان شەھەر ئاھالىسى بۇ يەرگە ئۆزلىرىنىڭ يىراقتىكى قېرىنداشلىرى ئېلىپ كەلگەن ئاجايىپ كارامەتلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن توپلانغانىدى. ئاق

كۆڭۈل، ئويۇن ـ كۇلكىگە ئامراق، چېھرىدىن شوخ كۇلكە كەتمەيدىغان غۇلجا خەلقى ئارتىسلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە قىزغىن ئالقىش ياغدۇرۇپ تەنتەنە قىلىشاتتى.

ئويۇن تازا ئەۋجىگە چىققاندا، ئاكىسى ھەسەنجان ئادىلنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى:

— بۇ نومۇردىن كېيىن سەن ماھارەت كۆرسىتىسەن، دەرھال تەييارلىق قىل!

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئادىل ئۆز قۇلاقلىرىغا زادىلا ئىشىنەلمەي قالدى. ئۆز ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدىكى ئىشقا ئاشۇرىدىغان، ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا، ئاتا ئىزىنى باسىدىغان مىنۇتلارنىڭ ئاخىر يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇققان ئادىلنىڭ يۈرىكى گويا بەيگىدىكى تۇلپارلارنىڭ تۇياقلىرىدەك توختاۋسىز ھەرىكەتلەنمەكتە ئىدى.

ئۇ ئاتا مىراس سۆيۈملۈك تەڭشەكنى بۇدرۇق قوللىرىدا مەھكەم تۇتقىنىچە ئارغامچا ئۈستىدە تۇنجى قەدەمنى تاشلىدى. مۇشۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى ئارغامچا ئۈستىدە ئەمەس، كۆكتىكى ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە، ئاۋرال تېغى ئۈستىدە پارلىغان ئوتقاشتەك قىپقىزىل قۇياشقا قاراپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى.

تاماشىبىنلار بۇ «بالا چولپان» نىڭ ماھارىتىگە بولغان قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ قىزغىن ئالقىش ياغدۇراتتى.

— يارايسەن، ئوغلۇم!

— ئوغۇل بالا!

تاماشىبىنلارنىڭ تەشەككۈر سۆزلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى «ۋىللىدە» يورۇتتى. ئۇ يۈزدە يۈز ئىشەنچ ۋە تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن يېشىغا ماس كەلمىگەن ھالدا مەردانىلىك بىلەن كۆكرىكىنى كېرىپ، چەبدەس قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى...

شۇنىڭدىن بۇيان، ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭىسار ناھىيىلىك سېرك ئۆمىكىدىكى تەۋرەنمەس ئورنىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، ئارغامچا ئۈستىدە ئۆپۈق تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى...

ئاردىن توققۇز يىل ئۆتتى. ئادىل هوشۇر يېڭىسار ناھىيە-لىنىڭ سىرك ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالى ئېتەكلىنىڭ ھەممىلا يېرىدە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۈندىن- كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان دارۋازلىق ماھارىتى بىلەن مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان دىللارغا زور روھىي ئوزۇق بەخش ئەتتى.

1990 - يىلى، ئادىل هوشۇرنىڭ ھاياتىدا چوڭ بىر ئۆزگىرىش بولدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ئۇ «خىزىر» غا يولۇقتى. شۇ يىلى ئادىل ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكى ئون نەچچە دارۋازىنىڭ ماھارىتىگە كۆزى چۈشكەن مىجىت ساۋۇت قاتارلىق شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىنىڭ رەھبەرلىرى تەرەپ - تەرەپكە چېپىش ۋە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئارقىلىق ئۇلارنى شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىگە يۆتكەپ كەلدى.

ئالتۇنىنىڭ قەدرىنى ئوبدان بىلىدىغان ياخشى «زەرگەر» مىجىت ساۋۇت — ئادىل قاتارلىق دارۋازلارنى ئەۋزەل مەشىق شارائىتى، سىستېمىلىق، ئىنچىل تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېتىلگەن ماھارەتلىرىنى خەلقئالەم ئالدىدا نامايان قىلىش ئۈچۈن تولىمۇ كەڭ سەھنە ھازىرلاپ بەردى. ئادىل بۇ يەردىكى تېپىلماس، ئەۋزەل شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى دارۋازلىق سەنئىتىدىكى ئارغامچا ئۈستىدە يالاڭ ئاياغ ئالدى - كەينىگە مېڭىش، باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇش ۋە قوپۇش، ئارغامچىغا مىنىش، ئارغامچا ئۈستىدە موللاق ئېتىش، كۆزنى تېڭىپ مېڭىش، پۇتىغا تەخسە باغلاپ مېڭىش، تاقلاپ مېڭىش، ئارغامچا ئۈستىدە ياغاچ پۇت تېڭىپ مېڭىش قاتارلىق ماھارەتلەرنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە پولات ئارغامچىغا بېشىنى قويۇپ، پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ تىك تۇرۇش، پولات سىمدا بىر چاقلىق ۋېلىسىپىت مىنىش، ئۈچ ئادەم بىر - بىرى-

ىنىڭ يەلكىسىگە دەسسەپ، ئۇستى ـ ئۇستىلەپ ئۆرە تۇرۇش، ئادەم ئۇستىدىن سەكرەش قاتارلىق يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان قىيىن ماھارەتلەرنى ئۆگەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ پىشقان ماھارىتى بىلەن شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى تەركىبىدە ياپونىيە، تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرگە بېرىپ ئويۇن قويۇپ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى دارۋازلىقىنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرىنى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە نامايان قىلدى.

1991 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، يەنى ئادىل دەل 20 ياشقا كىرگەن كۈنى ئادىل ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغىنىنىڭ خۇشاللىق ئەمەس، بەلكى زور پېشكەللىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، مەدەنىيەت بايرىمىغا قاتنىشىۋاتقان ئادىل ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ماھارىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئارغامچا ئۇستىگە چىقتى. ئۇ ئارغامچىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە تۇيۇقسىز «غاراس!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئۇ 17 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئارغامچا ئۇستىدىن يەرگە يىقىلدى.

تاماشىبىنلار قورققىنىدىن چىرقىرىشىپ كەتتى. مىجىت ساۋۇت قاتارلىقلار مەيداندا ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ، ئادىلنى كۆتۈرۈپ، ئاپتوموبىل بىلەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ پۇت، قول، قوۋۇرغا قاتارلىق 17 جايى زەخىملەنگەنىدى. ئۇ بىھوش ھالەتتە دوختۇرخانىدا بىرنەچچە كۈن ياتتى. دوختۇرلار ئۇنىڭغا ئىككى كىلوگرامدىن ئارتۇق قان بەردى. شاڭخەيدىكى دوختۇرلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى بىلەن ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. مۇشۇ كۈنلەردە يىراقتىكى ئانا يۇرتىدىن ئۇزۇلمەي ئۈچۈپ كېلىۋاتقان ھال سوراش، ھېسداشلىق ۋە تەسەللى سۆزلىرى ئۇنىڭ جىسمى بىلەن تەڭ، جاراھەتلەنگەن قەلبىگە

مەلھەم بولۇپ سۇركەلسە، يەنە بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ كوچا ـ كويلاردا ئارقىتىپ يۈرگەن «ئادىل ئۆلۈپتۇ»، «ئادىل پالەچ بولۇپ قاپتۇ»، «ئادىل تېخىچە ئەس ـ ھوشىنى بىلمەي ياتقۇدەك»، «ئادىل ساقايغان تەقدىردىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ ئارغامچا ئۈستىدە ماڭالمايدىكەن» دېگەنگە ئوخشاش گەپ ـ سۆزلەر ئۇنىڭ قەلبىنى توختاۋسىز تاتىلاپ، ئارامىنى بۇزاتتى. «ئاتا كەسپىم بىلەن راستتىنلا مەڭگۈلۈك ۋىدالىشارمەنمۇ؟» دېگەن مۇدھىش خىيال ئۇنىڭ يۈرىكىگە خۇددى يىڭنە سانجىغاندەك پات ـ پاتلا سانجىلاتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ نەچچە قېتىم «ياق، ياق! مەن يەنە ماڭىمەن» دەپ ئەسەبىيلەرچە توۋلاپ، قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغىنىپ، دوختۇرخانىنىڭ ئاپئاق تورۇسىغا تىكىلگىنىچە تاڭ ئاتقۇچە خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. ئېغىر ـ ئېغىر ئۇھ تارتىپ، ئۆزىگە خۇددى غۇۋا چۈشتەك بىلىنىدىغان دادىسىنىڭ ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىۋاتقان سىيماسى ۋە ئويۇن قويۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىشقا نېسىپ بولمىغان مەرھۇمە ئانىسىنىڭ ئۆزىنى يېتىلىگىنىچە سىرك ئۆمىكىگە ئاپىرىپ بەرگەن چاغدىكى ئۇنتۇلماس كۆرۈنۈشلەرنى ئازاب ئىچىدە ئېسىگە ئالاتتى.

ئۇ ئۆز ئىرادىسى ۋە غەيرەت ـ شىجائىتى بىلەن ئاخىرى مۆجىزە ياراتتى. ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندە سالامەتلىكى تېخى سەللىمازا ياخشى بولۇپ كەتمىگەن ئادىل ھوشۇر يەنە ئارغامچا ئۈستىدە پەيدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرىگەنلەرنىمۇ، ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلگەنلەرنىمۇ ۋە ئۆزىنىڭ ھالىدىن خۇش بولۇپ كۈلگەنلەرنىمۇ بىراقلا تاڭ قالدۇردى.

«مېھنەتنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەندەك، ئادىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئاققۇزغان قان ـ تەرلىرى بىكار كەتمىدى. يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئادىل ھوشۇرنى تايانچ قىلغان شىنجاڭ دارۋازلىق ئەترىتى مەملىكەتلىك 3 ـ، 4 ـ،

5 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسا-
بىقىسىدا ئۇدا ئۈچ قېتىم ئالتۇن مېدالنى قولغا كەلتۈردى.
ئۇنىڭ سىيماسى پۇتكۈل جۇڭخۇا ئېلىنىڭ ھەممىلا يېرىدە پەيدا
بولۇپ، مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئۆزىنىڭ كامالەتكە
يەتكەن ماھارىتى ئارقىلىق مەڭگۈلۈك نەقىشى چەكتى. «دار-
ۋاز» ، «ئادىل ھوشۇر» ، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزلەر تىنچ ئوكيان-
دىن ھالقىپ ئۆتۈپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەر-
نىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالدى.

1996 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بادامدوپپا كىيگەن
بۇ يىگىت ھەمراھلىرى بىلەن بىللە گۇاڭجۇ شەھىرىدە يەنە بىر
قېتىم پەيدا بولدى. بۇ قېتىم ئۇ سەييارە ئويۇن قويۇش ئۈچۈن
ئەمەس، بەلكى گۇاڭجۇ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى-
گە بىنائەن «1996 ـ يىللىق خەلقئارا ئەجدىھا كېمىسى مۇسابى-
قىسى» ۋە گۇاڭجۇ شەھىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 2210 يىللىقىنى
تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ماھارەت كۆر-
سىتىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت
سەككىزدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئادىل ھوشۇر ھەمراھلىرى
بىلەن جۇجياڭ دەرياسى ئۈستىگە تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 224
مېتىر، ئېگىزلىكى 30 مېتىر كېلىدىغان، ياندا ئاران تۆت تاللا
چىگىتىش ئارغامچىسى بار، لەڭ ئۇرۇش دەرىجىسى ناھايىتى
ئېغىر بولغان پولات ئارغامچا ئۈستىگە چىقتى ۋە قەدەملىرىنى
مەغرۇر تاشلاپ، قارشى قىرغاققا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. ئەت-
راپقا توپلانغان نەچچە مىڭ جۈپ كۆز بۇ ئاجايىپ كارامەتكە
تىكىلگەنىدى.

ئادىل تەڭشەكنى قولىدا تۇتۇپ، گويا گۇاڭجۇنىڭ ئازادە
ئاسفالت يوللىرىدا كېتىۋاتقاندەك مەغرۇر قەدەم تاشلايتتى. ئەت-
راپتىكى كىشىلەر قورقىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان-
دەك بولۇپ، ئۆزىنى تولىمۇ بىئارام ھېس قىلاتتى. ئادىل خۇد-

دى ھېچ ئىش بولمىغاندەك قەدەملىرىنى چوڭ ـ چوڭ ئېلىپ، بىردەمدىلا 200 مېتىرغا يېقىن ئارىلىقنى بېسىۋەتتى ۋە ئاخىرقى مۇساپىنى يۇگۇرۇپ دېگۇدەك مېڭىپ تۇگەتتى.

بۇ قېتىمقى ماھارەت كۆرسىتىش ئۇنى جۇڭگو بويىچە پولات ئارغامچا ئۇستىدە مېڭىپ دەريادىن ئۆتكەن تۇنجى ئادەمگە ئايلاندۇردى.

ئادىل ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق كامالەتكە يەتكەن ماھارەتلىرى بىلەن كوكرىيىننى راستتىنلا يېڭەلەرمۇ؟ ئۇنداقتا كوكرىيىن زادى قانداق ئادەمدۇ؟ ئۇنىڭ پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى ئۆزىگە رام قىلالىغۇدەك زادى قانچىلىك بىلىكى باردۇ؟

## كوكرىيىننىڭ كارامىتى

كۆك كۆزلۈك، سېرىق چاچلىق، ئىلمەك بۇرۇن، سوزۇنچاق يۈز، ئوتتۇرا بوي كەلگەن جېي كوكرىيىن (jay cochrane) ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى كانادالىق بولۇپ، 1944 ـ يىلى كانادانىڭ تورونتو شەھىرىدە تۇغۇلغان. گەرچە ئاتا ـ بوۋىلىرى ئىچىدە بىرەرىمۇ پولات ئارغامچا ئۇستىدە ماھارەت كۆرسەتكەن سىرك ئارتىسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادىسى ۋە نەچچە ئون يىللىق قان ـ تەرى بەدىلىگە پولات ئارغامچا ئۇستىدە تۆت كىلومېتىر مېڭىش، 253 مېتىر ئېگىزلىككە تارتىلغان پولات ئارغامچا ئۇستىدە 498 مېتىر مېڭىش ۋە پولات ئارغامچا ئۇستىدە 21 كۈن تۇرمۇش كەچۈرۈشتەك كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دۇنيا «جىننىس» رېكورتلىرىنى ياراتقان ھەمدە كۆپ قېتىم ئۆزى ياراتقان رېكورتنى ئۆزى بۇزۇپ، دۇنيا جامائەتچىلىكى ئارىسىدا تەڭداشسىز «بوشلۇق شاھزادىسى» دېگەن ئۇلۇغ نامغا ئىگە بولغان.

جېي كوكرىيىننىڭ بوشلۇقتىكى پولات ئارغامچا ئۇستىدە



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ماھارەت كۆرسىتىش يولىدا مېڭىشىغا ئۇنىڭ كىچىكىدە ئاپىسى
بىلەن بىللە بارغان بىر قېتىملىق سىرك ئويۇنى سەۋەبچى بولۇپ
قالغان. شۇ قېتىمقى ئويۇندا سىرك ئارتىسلىرىنىڭ پولات ئار-
غامچا ئۈستىدە كۆرسەتكەن خەتەرلىك ھەم قىزىقارلىق ھەرىكەتلە-
رى ئۇنىڭ سەبىي قەلبىگە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، ئۇنى
ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ
دائىم دېگۈدەك سىرك ئارتىسلىرىنىڭ ھەر خىل ھەرىكەتلىرىنى
دورايدىغان بولۇۋالغان. ئۇ 14 ياشقا كىرگەندە ئائىلىسىدىن ئاي-
رىلىپ، تورونتو خان جەمەتى سىرك ئۆمىكىگە ياللانما خادىم
بولۇپ كىرگەن. بۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ ئاساسلىق قىلىدىغان
ئىشى سىرك ئۆمىكى ئويۇن قويۇشتا ئىشلىتىدىغان تۈرلۈك ھاي-
ۋانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بولسىمۇ، لېكىن بوش ۋاقىت-
لىرىدا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، پولات ئارغامچا ئۈستى-
دە مېڭىش، ۋېلىسىپىت مىنىش، پولات ئارغامچا ئۈستىدە ساڭ-
گىلاپ تۈرلۈك خەتەرلىك ھەرىكەتلەرنى ئىشلەش قاتارلىق يۇقىرى
سەۋىيىلىك ماھارەتلەرنى ناھايىتى تېز لا ئىگىلىۋېلىپ، ئۆمەك-
نىڭ كەسپىي تايانچلىرىدىن بولۇپ قالغان.
ئۇ 1971 - يىلىدىن باشلاپ، يۇرت كېزىپ پولات ئارغامچا
ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىشكە باشلىغان. بۇ جەرياندا ئۇ ھاۋا
تۇتۇق كۈنلەردىمۇ، شامال چىقىپ، يامغۇر ياغقان شارائىتتىمۇ
پولات ئارغامچا ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىشنى قەتئىي داۋاملاش-
تۇرغان. بىر قېتىم ئۇ تورونتو شەھىرىدىكى 50 قەۋەتلىك
ئىككى بىنانىڭ ئارىلىقىغا پولات ئارغامچا تارتىپ، باغچا، تەنتەر-
بىيە مەيدانى ۋە كۆرگەزمە مەيدانىنىڭ ئۈستىدىن تولىمۇ ئەپچىل-
لىك بىلەن مېڭىپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ شان - شۆھرىتىنى بىراقلا
نەچچە ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، نەچچە مىليونلىغان خەلقنىڭ
بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.
جېي كوكرىين 1965 - يىلى بىر قېتىم پولات ئارغامچا

ئۇستىدە ماھارەت كۆرسىتىۋاتقاندا، پولات ئارغامچىنى تىرەپ تۇرىدىغان بىر تىرەكتىن تۇيۇقسىز مەسىلە چىقىپ، 27 مېتىر ئېگىزلىكتىكى پولات ئارغامچا ئۇستىدىن سېمونت يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپ، بىرنەچچە سۆڭىكى سۇنۇپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆت يىلغا يېقىن دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانغان. گەرچە دوختۇرلار ئۇنى ئەمدى پولات ئارغامچا ئۇستىدە ھەرگىز ماڭالمايدۇ، دەپ قاراشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قەيسەر ئىرادىسىگە تايىنىپ، جاپالىق مەشىق قىلىش ئارقىلىق مۆجىزە يارىتىپ، پولات ئارغامچا ئۇستىدە قايتا پەيدا بولغان. دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان مەزگىللىرىدە ئۇ بىر تەرەپتىن، ھەر كۈنى بەدەن چېنىقتۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تورۇنتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۆۋرۈك ۋە قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىق كەسپىدە ئوقۇغان. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قېتىم پولات ئارغامچا ئۇستىدە ماھارەت كۆرسەتكەندە ئىشلىتىدىغان تىرەكلەرنى ئۆگەنگەن بىلىملىرى بويىچە تولىمۇ ئەستايىدىل ھالدا، ئىلمىي ئۇسۇلدا لايىھىلەپ، ماھارەت كۆرسىتىش جەريانىدا كاشىلا چىقىشنىڭ ئالدىنى ئالغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مەندە 100% لىك ئىشەنچ بولمىسا، پولات ئارغامچا ئۇستىدە ھەرگىز ماڭمايمەن. ئېھتىمال مېنىڭ يېشىم چوڭىيىپ قالغاندۇ، لېكىن تەجرىبەم ناھايىتى مول». ئۇ بىر قېتىم بىر مۇخبىرنىڭ: «ئېگىز بوشلۇقتا ماڭغاندا قورقامسىز؟» دېگەن سوئالىغا: «دائىم شۇنداق، لېكىن ماڭا پولات ئارغامچا ئۇستىدە مېڭىش ئادەتتىكى يولدا ماڭغاندەك بىلىنىدۇ. ئەڭ تەس يېرى، پولات ئارغامچىغا چىقىش ۋە چۈشۈش. ئۇستىدە مېڭىش تەس ئەمەس» دەپ جاۋاب بەرگەن.

1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا دۇنياغا داڭلىق بۇ تەۋەككۈلچى تۇيۇقسىزلا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ چۈگچىڭ شەھىرىنىڭ فىڭجى ناھىيىسىدىن ئۆتىدىغان سەنشيا بوغۇزىنىڭ كۈيمىن دېگەن جايىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ سەنشيا بوغۇزىدىن

پولات ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىپ ئۆتۈپ، ئۆزى ئىلگىرى ساقلاپ
كېلىۋاتقان 498 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات ئارغامچا ئۈستىدە
مېڭىپ ئۆتۈشتەك «جىنىس» رېكورتىنى يەنە بىر قېتىم يېڭى-
لاش مەقسىتىدە بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن
بىر نەچچە كۈن ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە،
پولات ئارغامچا تارتىدىغان ئورۇن ۋە تارتىش ئۇسۇلىنى رەسمىي
بېكىتىپ، دەرھال ئىش باشلىۋەتتى. كوكرىيىننىڭ بۇ ئىشى
ئېلىمىز ھۆكۈمىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قىزغىن قول-
لاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. فىڭجى ناھىيىسىمۇ زور مىقداردا
مەبلەغ ئاجرىتىپ، كۆۋرۈك ۋە يول ياساپ بەردى ھەمدە تۇرلۇك
رەسمىيەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، كوكرىيىننىڭ بۇ قېتىمقى تە-
ۋەككۇلچىلىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا پۇرسەت يارىتىپ
بەردى. ئۈچ ھەپتە ۋاقىت ئىچىدە كوكرىيىن ئامېرىكىلىق سودى-
گەر ۋە كارخانىچىلار ئىئانە قىلغان 20 مىليون يۈەن پۇلنى
كەڭ - كۇشادە خەجلەپ، تۇرلۇك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى تولۇ-
قى بىلەن تاماملىدى. بۇ جەرياندا يەنە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ 200
دىن ئارتۇق تېخنىك خادىمى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، ئۇ مېڭىپ
ئۆتىدىغان پولات ئارغامچىغا 73 يەردىن مۇقىملاشتۇرىدىغان پولات
ئارغامچا تارتتى.

1995 - يىلى 28 - ئۆكتەبىر سەھەردىلا شەرقتىن ئىللىق
كۇلۇمسىرەپ كۆتۈرۈلگەن قۇياش چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىغا
ئۆزىنىڭ يارقىن نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن سەپمەكتە ئىدى.
ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن ئاشقاندا، فىڭجى ناھىيىسىنىڭ ئاس-
مىنىدا پەيدا بولغان «قارا بۈركۈت» ماركىلىق بىر تىك ئۇچار
ئايروپىلان شەرققە قاراپ ئۇچۇپ، دەل سەنشيا بوغۇزىنىڭ كۆي-
مىن دېگەن يېرىگە كېلىپ قوندى. ئايروپىلاندىن «بوشلۇق شاھ-
زادىسى» كوكرىيىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىر - بىرلەپ چۈش-
تى. كوكرىيىننىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇش ئۈچۈن مەخ-

سۇس ئاجرىتىلغان ئىككى خەلق ساقچىسى ئۇنى يېتىلەپ دېگۇ-
دەك سايىۋەنىنىڭ ئاستىغا ئېلىپ كېلىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇ-
زۇپ قويدى ھەمدە ئۇنىڭ قېشىغا ھەرقانداق كىشىنىڭ يېقىن
يولاتقۇزمىدى.

كوكرىيىن قولىدىكى مىنېرال سۇنى بىر ئوتلىۋېتىپ، ئەت-
راپقا نەزەر سالدى. بوغۇزنىڭ ئىككى تەرىپى سەھەردىن باشلاپ
كېلىشكە باشلىغان ئادەملەر بىلەن لىق تولغان بولۇپ، جەنۇبىي
ۋە شىمالىي قىرغاقتىكى يىلان باغرى سوزۇلغان يوللاردا تېخىچە
ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاخىرى كۆز يەتكۈسىز
بوشلۇققىچە سوزۇلغانىدى. يىراقتىن قارىغاندا بۇ مەنزىرە تولىمۇ
ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى.

ۋاقىت ئاستا - ئاستا ئۆتمەكتە. كوكرىيىن تېخىچىلا ساي-
ۋەن ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا پۇتلىرىنى بىر - بىرىگە ئالماشتۇر-
غىنىچە، مىنېرال سۇنى پات - پات ئوتلاپ ئولتۇراتتى. گەرچە
ئۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، ئەتراپتىكى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ناھا-
يىتى ئەركىن - ئازادە، غەمسىز ئولتۇرغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى
بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خۇددى دېڭىزغا ئوخشايدىغان
كۆپكۆك، چوڭقۇر كۆزلىرىدىن جىددىيلىك ۋە ھودۇقۇش ئالامەت-
لىرى «مانا مەن» دەپ چىقىپ تۇراتتى. چۈنكى، بۇ قېتىمقىسى
ئۇ ئۆزىنىڭ 38 يىللىق پولات ئارغامچا ئۈستىدە ماھارەت كۆرسى-
تىش جەريانىدا ياراتقان 21 تۈرلۈك «جىنىس» رېكورتىنىڭ
ھەرقاندىقىدىن قىيىن ھەم خەتەرلىك ئىدى.

بىرنەچچە مۇخبىر تېلېكامېرا ۋە مىكروفونلىرىنى كۆتۈرۈ-
شۇپ، كوكرىيىن ئولتۇرغان سايىۋەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋىدى،
ساقچىلار ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۆتكىلى قويمىدى. ئۇلار
ساقچى بىلەن خېلى ئۇزاق زاكونلىشىپمۇ مەقسىتىنى ئەمەلگە
ئاشۇرالماي، نىمىلەرنىدۇ دەپ غودۇرىغىنىچە كېتىپ قېلىشتى.
كوكرىيىن يەنىلا ئۆز ئورنىدا بىر خىل شەكىلدە ئولتۇراتتى.

ئۇ پات - پات بىلىنىدىكى سائەتكە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويااتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئادىتى بويىچە ھەر قېتىم پولات ئارغامچا ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىشتىن بىر - ئىككى سائەت ئىلگىرى ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەي، يالغۇز ئولتۇرۇپ، ۋۇجۇدىدىكى جىددىيلىك ۋە ئالاقزادىلىكنى پەسەيتىپ، كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇراتتى. شۇڭا، ئۇ بۈگۈنمۇ كونا ئادىتى بويىچە بىرمۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشمەي، يىراقلارغا نەزەر سالغىنىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ، ۋۇجۇدىدىكى جىددىيلىك ۋە ئەندىشىلەرنى پەسەيتىش ئۈچۈن تىرىشماقتا ئىدى...

سائەت دەل 11 بولغاندا، ئاق - زەڭگەر يوللۇق كۆڭلەك، توق زەڭگەر ئىشتان كىيگەن كوكرىيىنىڭ ئورۇق كەلگەن گەۋدىسى ئامېرىكىلىق كاتتا باي خوجايىنلار ئالايتەن زاكاز قىلىپ ياسىتىپ بەرگەن دىئامېتىرى 28 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 6.8 توننا كېلىدىغان، دات باسمايدىغان ھەم ئۈپرىمايدىغان پولات ئارغامچا ئۈستىدە پەيدا بولدى. مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن 100 دىن ئارتۇق مۇخبىرنىڭ قوللىرىدىكى فوتوئاپپارات ۋە تېلېكامېرالىرىنىڭ كۆزى، نەق مەيداندا بۇ ئاجايىپ مۆجىزىنى كۆرۈشكە كەلگەن 20 مىڭ جۈپتىن ئارتۇق كۆز ۋە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى نەق مەيداندىن بىۋاسىتە ئۇلاپ كۆرسىتىدىغان پروگراممىنى كۆرۈش ئۈچۈن تېلېۋىزور ئالدىدا ھازىر بولغان نەچچە يۈزمىڭ جۈپ كۆز ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا، ئوخشاش بىرلا نۇقتىغا مىختەك قادالغانىدى.

كوكرىيىن ئېغىرلىقى 27 كىلوگرام، ئۇزۇنلۇقى 13 مېتىر كېلىدىغان، يۇقىرى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ئىشلىنىدىن ئالاھىدە ياسالغان تەڭشەكنى ئىككى قولى بىلەن مەھكەم تۇتقىنىچە پۇتىدىكى مەخسۇس ئىشلەنگەن يۇمشاق چەملىك ئاياغ بىلەن پولات ئارغامچىنى تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن دەسسەپ، بىرقە-

دەم، بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى تەڭ-شەك ئاسما ئارقىلىق بويىنىغا ئېسىلغان بولۇپ، فىزىكىلىق قانۇ-نىيەتلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىلغان بۇ خىل ئۇسۇلدا تەڭشەكنىڭ ئېغىرلىقى ئىككى مۈرىگە تەكشى چۈشۈپ، ئادەتتىكى سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىدىن ئاسانلا ئىككى تەرەپكە ئېغىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى.

ۋاقىت ئاستا - ئاستا ئۆتمەكتە. ھەممە ئادەم كۆزىنى بىرلا نۇقتىغا تىكمەكتە. كوكرىيىن بولسا بىر خىل رىتىمدا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ قۇياش نۇرىدا خۇددى مىس تاۋاقتەك پارقىراپ كەتكەن كەڭ پېشانىسىدىكى قورۇقلار ئارىسىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولۇپ، ئۇبدانلا جىددىي-لەشكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. سوزۇنچاق يۈزى تاترىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەش قىيىن بولغان، ئادەتتىكى كىشىلەردە كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان بىر خىل ئىپادە قېتىپ قالغانىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ نىمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، قانداق ھىس - تۇيغۇدا بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىممۇ ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. ئۇ مۇشۇ تەرىقىدە شىمالىي قىرغاققا قاراپ كېتىۋاتاتتى...

ھەيۋەتلىك تىك قىيا، شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان لايساڭغۇ ئېقىن كىشىنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرەتتى. ئەتراپتىكى كىشىلەر خۇددى پولات ئارغامچا ئۈستىدە ئۆزى مېڭىۋاتقاندەك، مۇئەللەقتە كېتىۋاتقان كىشىنىڭ تەقدىرى ئۆزىنىڭ قولىدا تۇرغاندەك، جىددىي-لىك ۋە تەخىرسىزلىك ئىچىدە كۆكرىكىنى تولدۇرۇپ، چوڭراق نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى...

كوكرىيىن ئاخىرقى نۇقتىغا تەخمىنەن 50 مېتىرچە قالغاندا غەيرەتكە كېلىپ قەدىمىنى تېزلەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ قەدەم ئارى-لىقى باشتىكىدىن ئانچە چوڭ پەرقلەنمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۇمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، 75 .640 مېتىر

ئۇزۇنلۇقتىكى پولات ئارغامچىنى ئاخىرى غەلىبىلىك مېڭىپ تۈگەتتى. ئۇ پولات ئارغامچا ئۈستىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قەدىمىنى يۆتكىگەندە، ۋاقىت ئۇ تۇنجى قەدەمنى باسقان چاغدىكىدىن 53 مىنۇت 10 سېكۇنت ئۆتكەنىدى.

پۈتۈن مەيدان قىيقاس - چوقانغا تولدى. كىشىلەر تەنتەنە قىلىشىپ، تەبىئەتكە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ ئېلان قىلىپ، ھالاكەت گىردابىدىن ساق - سالامەت قايتىپ كېلىپ، پولات ئارغامچا ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش بىلەن ئۆتكەن 38 يىللىق ھاياتىدا 22 - قېتىم دۇنيا «جېننېس» رېكورتىنى ياراتقان بۇ «ئەجنەبىي قەھرىمان» غا ئاپىرىن ئوقۇشتى.

مۇشۇ مىنۇتلاردا نەق مەيداندا ۋە تېلېۋىزور ئېكرانىدىن ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدىكى ھەيران قالارلىق كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا: «5000 يىللىق تارىخقا ئىگە، 1 مىليارد 300 مىليوندىن كۆپرەك نوپۇسقا ئىگە جۇڭخۇا ئېلىدىن كوكرىيىنى يەڭگۈدەك بىرەر ئەزىمەت چىقماسمۇ؟!» دېگەن خىيال كەچتى.

توغرا، سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان ئىش. ئۇنداقتا بىزنىڭ ئارىمىزدا بۇ «ئەجنەبىي قەھرىمان» غا تەڭ كەلگۈدەك ھەتتا ئۇنى بېسىپ چۈشكىدەك «مىللىي قەھرىمان» راستتىنلا يوقمۇ؟!!

## مەرد سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن قايتماس

كوكرىيىن سەنشيا بوغۇزىدىن پولات ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىپ ئۆتكەن چاغدا ئۇنىڭغا مىختەك قادالغان مىليونلىغان جۈپ كۆزلەر ئىچىدىكى بىر جۈپ قوي كۆزىدىن چاقنىغان ئۇچقۇنلار باشقا كۆزلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. بۇ دەل شىنجاڭ

سىرك ئۆمىكىدىكى ياش دارۋاز ئارتىسى ئادىل ھوشۇرنىڭ كۆزىـ
دىن چاقنىغان ئۇچقۇن ئىدى.

بۇ چاغدا ئادىل ھوشۇر شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى كوماندىسى
تەركىبىدە كۇنمىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىلـ
لەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىۋاتاتتى. ئۇ
تېلېۋىزوردىن كوكرىيىننىڭ سەنشيا بوغۇزىدىن پولات ئارغامچا
ئۈستىدە مېڭىپ ئۆتكەن كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ تىت ـ تىتلىق
ئىچىدە ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. بولۇپمۇ ئۇ،
كوكرىيىننىڭ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇخبىرىنىڭ
زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مەغرۇر قىياپەتتە:

— بۇرۇنمۇ مەندەك ئادەم چىقمىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ
چىقمايدۇ، — دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، خۇددى بىرى ئۇنى
ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت گەپلەر بىلەن تىللىغاندەك خورلۇق ھېس
قىلدى. ئازابتا يۈرىكى پىچاقتا تىلغاندەك ئاچچىق ئېچىشتى. ئۇ
ئىختىيارسىز ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن سېنى چوقۇم يېڭىمەن»
دەۋەتتى. مەڭگۈ يېڭىلمەس «بوشلۇق شاھزادىسى» دەپ نام ئالـ
غان كوكرىيىن مۇخبىرغا يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلىۋاتقىنىدا بەلـ
كى ئۆزى 22 ـ قېتىملىق دۇنيا «جىننىس» رېكورتىنى ياراتقان
مۇشۇ زېمىندىكى شىنجاڭ دەپ ئاتىلىدىغان، دۇنيا خەلقىگە نامى
ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان خىلۋەت بىر ماكاندا نامىنى ئاڭلاپمۇ
باقمىغان بىر يىگىتنىڭ مەيدىسىگە مۇشتلاپ ئوتتۇرىغا چىقىپ،
ئۆزىگە ئوچۇق ـ ئاشكارا جەڭ ئېلان قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ
كۆرمىگەن بولغىيتتى؟!

كوكرىيىننىڭ چېھرىدە ئەكس ئەتكەن تەبەسسۇم جىلۋىسى
تېخى يىتمەي تۇرۇپ، يەنى ئارىدىن توپتوغرا بىر ھەپتە ۋاقىت
ئۆتكەندە ئادىل ھوشۇر مۇخبىرلار ئارقىلىق دۇنيا جامائەتچىلىكى
تەرىپىدىن بىردەك مەڭگۈ يېڭىلمەس، تەڭداشسىز «بوشلۇق شاھـ
زادىسى» دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ ئەزىمەتكە ئوچۇق ـ

ئاشكارا جەكڭ ئېلان قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ بىردەملىك قىزغىن-
لىق، چاقماق چاقناندەك ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەسە-
بىي ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسىدە ئاغزىغا كەلگەننى دەپ قويىدىغان
كىچىك ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ
دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدىغان، بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ
يۈز - ئابرۇيىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ئىدى. شىنخۇا ئاگېنت-
لىقى، جۇڭگو ئاخبارات ئاگېنتلىقى ۋە مەركىزىي تېلېۋىزىيە
ئىستانسىسى قاتارلىق ئېلىمىزدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئاخبارات ئو-
رۇنلىرى بۇ خەۋەرنى دەرھال پۈتۈن دۇنياغا تارقاتتى. بۇ خەۋەر
چاقماق تېزلىكىدە بىپايان تىنچ ئوكياندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يەر
شارىدىكى ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقىچە تارقالدى. ھەرقايسى
ئەللەردىكى 300 دىن ئارتۇق ئاخبارات ئورنى قوبۇل قىلغۇچىلار
ئۈچۈن بىر ۋاخلىق «ئەڭ مەززىلىك تاماق» ھېسابلىنىدىغان بۇ
خەۋەرگە يۈكسەك دىققەت - ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇنى
بەس - بەستە كۆچۈرۈپ باستى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ، ئوبزور،
مۇلاھىزىلەرنى ئېلان قىلدى. بۇ ئىش بىرمەھەل دوناي ۋادىسى-
دىن تارتىپ، ئامازون ۋادىسىغىچە بولغان چەكسىز زېمىندىكى
ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدىكى ئەڭ قىزىق سۆھبەت تېمىسىغا ئايلان-
دى. كوكرىيىن ئەپەندىمۇ ئۆزى تېخى يېڭىلا قايتىپ كەلگەن
يۈرتتىكى بىر «تەنتەك يىگىت» نىڭ قىلچە تەپ تارتماستىن خوجا
ئاكىسىغا پەشۋا ئاتماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ دەسلەپتە مەنسىت-
مىگەندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويغان بولسا، كېيىنچە ئادىلنىڭ
كارامىتى ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەر قۇلىقىغا كىرگەندە ئوبدانلا
دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. «ئۇ راستىنلا مەن ياراتقان
دۇنيا ‹جىننىس› رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلارمۇ؟» دېگەن بىر
مۇدھىش سوئال ئۇنىڭ يۈرىكىنى مەھكەم قاماللاپ، ئارامىنى
بۇزدى. ناۋادا، راستىنلا شۇنداق مۆجىزە يۈز بەرسە، بۇ ئۇنىڭغا
نىسبەتەن بىراۋ ئىچىگە قولىنى تىقىپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالغان-

دەكلا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز چوڭ يوقىتىش بولاتتى. چۈنكى، ئۇ ئەنە شۇ رېكورتلارنى يارىتىش ئۈچۈن ئاز بەدەل تۆلىدىمۇ؟ تۇر-غۇن قان - تەر ئاققۇزمىدىمۇ؟ ئۆزىنىڭ 40 يىلغا يېقىن جان-تىكىپ كۆرەش قىلىپ تىكلىگەن مەڭگۈلۈك ئابىدىلىرىنى باشقى-لار نەچچە ئون مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا، بۇنىڭغا قانداقمۇ تەخىر قىلىپ تۇرغىلى بولىدۇ؟ ! !

نېمىلا دېگەنبىلەن ئادىلمۇ بىر ئوغۇل بالا، خالايىقنىڭ ئال-دىدا قىلغان سۆزىدىن ھەرگىزمۇ يانمايدۇ. ئەمدى ئۇنى كۆتۈپ تۇرغىنى ئاشۇ بۈيۈك ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى بىر - بىرىدىن ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك «قىيىنچىلىق تاغلىرى»، كېيىنكى قەدەمدە ئۇ غەيرەت - شىجائىتى ۋە تىرىش-چانلىقى ئارقىلىق ئاشۇ ئېگىز تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرىنى چېچەك ئاچقۇزۇشى كېرەك.

«يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىق-ماس» دېگەندەك بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئادىل ھوشۇرنىڭ ھەرگىز يالغۇز چامى يەتمەيتتى. ئۇ ئۆز ۋەتىنى، ئۆز خەلقى، ئۆز مىللىتىنىڭ بۇ خاسىيەتلىك ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئۆزى بىلەن بىر مەيدان، بىر سەپتە تۇرىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنەتتى. چۈنكى، بۇ ئىش ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز ۋەتىنى، ئۆز خەلقى، ئۆز مىللىتى ئۈچۈن دۇنياۋى شان - شۆھرەت ئېلىپ كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟ !

ئادىل ھوشۇر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كۈنمىڭدىكى مەملىكەت-لىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنى تۈگە-تىپ قايتىپ كەلگەندىن بىر ھەپتە كېيىن، بىر كۈنى كەچتە شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مىجىت ساۋۇت تۇيۇقسىزلا ئادىل ھوشۇرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى، ئۆزئارا تىنچلىق - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، مىجىت ساۋۇت:

— ھە، ئادىل ئۇكام، ئالدىراپ «پو» ئېتىپ قويغىنىڭدىن

ئەندىشە قىلىشۋاتامسەن نېمە؟ ئەجەب، خىيالغا چۆكۈپ مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىپسەنغۇ؟ — دەپ ئادىل بىلەن چېقىشتى.

— ھەممە گەپنى ئۆزۈمنى ئوبدان دەڭسەپ قىلغان تۇرسام يەنە نېمىدىن قورقاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېنىمدا سىزگە ئوخشاش ماڭا باشپاناھ بولىدىغان ئاكىلىرىم تۇرسا، — دېدى ئادىل قەتئىيلىك بىلەن.

— سۆزۈڭگۇ توغرا، سەن ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جېنىڭنى قۇربان قىلىشقا ئاتلانغاندا، مەن ھەرگىز چەتتە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايمەن. چۈنكى، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش مۇشۇ ۋەتەن، مۇشۇ مىللەتنىڭ ئوغلى، بىراق ···

مىجىت ساۋۇت پىيالىدىكى چايدىن بىر ئوتلىۋېتىپ، بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن تەمكىنلىك بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— بۇ بىر بۈيۈك ئىش. ئۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەتمۇ ئاز بولمايدۇ. مېنىڭ بىلىشىمچە، كوكرىيىن سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتۈشكە جەمئىي 20 مىليون يۈەن خەجلەپتۇ. ھازىر بىزدە ئۇنچىلىك كۆپ پۇل يوق. ئاڭلىسام، كوكرىيىن ئۆزى مېڭىپ ئۆتكەن پولات ئارغامچىنى فىڭجى ناھىيىلىك ساياھەتچىلىك، مەدەنيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىغا سېتىپ بېرىۋېتىپتۇ. دېمەك، بىز فىڭجى ناھىيىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرەلىسەك، بۇ ئىشقا كېتىدىغان خىراجەتنى كوكرىيىننىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئازلىتالايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن كاللىمىزنى، ئېغىزىمىزنى، پۇتىمىزنى كۆپرەك ئىشقا سېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

— سىزنىڭ ھېسابىڭىزچە قانچىلىك پۇل بولسا، بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولار، — دەپ سورىدى ئادىل گەپ ئارىلاپ.

— بۇنىڭغا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بىرنەرسە دېيىش بىرقەدەر

قىنىمىز. مېنىڭ پەرىمچە، ئاز دېگەندىمۇ ئىككى — ئۈچ مىليون يۈەن ئەتراپىدا پۇل خەجلەرمىزمىكىن دەيمەن. بۇنچىلىك كۆپ پۇلنى سەن بىلەن بىزدەك تۆت تەڭگە مائاشقا تايىنىپ تۇرۇپ باقىدىغان ئادەم ئۆلگىنچىمۇ تاپالمايمىز. شۇڭا بىز جەمئىيەتكە، خەلقىمىزگە مۇراجىئەت قىلمىساق بولمايدۇ. بۇ بىز ئۈچۈن پولات ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىپ، سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتۈشتىنمۇ مۇشەققەتلىك بىر مەيدان جەڭ.

— ئەگەر پۇل تاپالمىساق، مېنىڭ خەلقئالەم ئالدىدا بەرگەن ۋەدەممۇ يوققا چىقىدۇ دەڭا؟! — دېدى ئادىل سەل نائۈمىد بولغاندەك.

— سەن ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمە، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مىجىت ساۋۇت، — ئادەمدە ئىرادە ۋە ئۈمىد بولىدىكەن، ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، سەن كاللاڭدىكى ئارتۇقچە خىيال ۋە تەشۋىشلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، زېھنىڭنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مەشىقنى كۈچەيتكىن! مەبلەغ توپلاش ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بۇنىڭدىن ئېتىبارەن ساڭا ۋاكالىتەن مەن ئۈستۈمگە ئالاي. ئىلگىرى سېنىڭ رەھبىرىڭ بولغان بولسام، ۋەتىنىمىز، مىللىتىمىزنىڭ باشقىلار ئالدىدىكى قەددىنى رۇسلايدىغان بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بۈگۈندىن باشلاپ مەن سېنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە سەمىمىي ياردەمچىڭ بولۇشقا رازى. ئىشىنىمەنكى، سېنىڭ كوكرىيىڭگە جەڭ ئېلان قىلغانلىقىڭ بۇ خاسىيەتلىك ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەن ھەربىر ۋىجدان ئىگىسى چوقۇم قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، بىزگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قولىنى سۇنىدۇ.

— رەھمەت، مىجىت ئاكا، سىزگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت. ئەينى ۋاقىتتا سىز مېنى يېڭىسارىدىن شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىگە يۆتكەپ كېلىپ، مېنى سىنىتىپىلىق، مۇكەممەل تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغانىدىڭىز. بۈگۈن يەنە مېنىڭ بېشىمنى

سىلاپ، ئىشلىرىمغا باش بولۇۋاتىسىز. خۇدايىم ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلسۇن! — ئادىل ھاياجانلانغان ھالدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، مىجىت ساۋۇتنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ، يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېيتتى. ئۇنىڭ كۆز چانىقىدىن سىرغىپ چىققان ئىككى تامچە ياش ھاياجاندا ئوتقاشتەك قىزارغان مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى.

— بولدى قىل، رەھمەت - ھەشقاللىلارنى كېيىنچە ئېيتساڭمۇ ئۈلگۈرىسەن، قېنى ئولتۇر. بۈگۈن ئىككىمىز ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارنى ئوبدان مەسلىھەتلىشىۋالايلى. مېنىڭچە، بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، سەنشىيا بوغۇزىغا بېرىپ، ئەمەلىي ئەھۋاللارنى تەكشۈرگەچ، فىڭجى ناھىيىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن دوستلىشىپ كەلسەك قانداق دەيسەن؟ مۇشۇنداق قىلساق، كېيىنكى ئىشلىرىمىز ئۈچۈن بىر ياخشى «كۆۋرۈك» سالغىلى بولارمىكىن دەيمەن.

— بەك بەلەن مەسلىھەتكەن، بىراق بېرىپ - كېلىشكە خېلى جىق پۇل كېتەر، پۇلنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئادىل.

— بولدى، غەم قىلما، بىزدە «يېتىمنىڭ بېشىنى خۇدايىم سىلايدۇ» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟ پۇلنىڭ ئامالى بولۇپ قالار. زادى ئەپلەشمىسە، ئۆزىمىزنىڭ چۆنتىكىنى كوچىلاپ باقمايمىزمۇ! — دېدى مىجىت ساۋۇت كۈلۈپ تۇرۇپ.

شۇ كۈنى ئادىل ھوشۇرنىڭ ئۆيىدىكى چىراغ يېرىم كېچىگىچە ئۆچمىدى. ئۇستاز بىلەن شاگىرت بۇنىڭدىن كېيىنكى تەييارلىق خىزمەتلەر، مەبلەغ توپلاش، مەشىق قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىنچىكە مەسلىھەتلىشىپ، خېلى مۇكەممەل بىر پىلان تۈزدى.

1995 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئادىل ھوشۇر بىلەن مىجىت ساۋۇت شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىدىكى ئۈچ دارۋازنى ئەگەشتۈرۈپ، سەنشىيا بوغۇزىنىڭ كۈيمىن ئېغىزىدا پەيدا بولدى.

ئادىل تىك يار ئۈستىدە تۇرۇپ، نامى پۈتۈن دۇنياغا تونۇش-لۇق، خۇددى ئىنسانلار ئەلمىساقتىن تارتىپ جان كۆيدۈرۈپ پەرۋىش قىلىپ بەرپا قىلغان سەيلىگاھتەك كىشىنى ئۆزىگە مەپ-تۇن قىلىدىغان بۇ زېمىنغا زوقمەنلىك بىلەن نەزەر تاشلىدى. تاغ سەلكىنى ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرىنى يېنىك يەلپۈيتتى. پەم - پاراسەت، جاسارەت ۋە قەتئىيلىك چىقىپ تۇرغان جۈپ كۆزى كىشىگە قەدىمىي رىۋايەتلەرنى ئەسلىتىدىغان خىسلەتكە باي ئاجايىپ مەنزىرىلەرنىڭ بىرىنى قويماي ئىچىگە قاچىلاپ، يۇرتى-دىكى يار - بۇرادەرلىرىگە ئالغاچ كېتىشكە ئالدىراۋاتقاندەك تۇت ئەتراپقا تىنىمسىز تىكىلەتتى.

— قانداق، پولات ئارغامچا ئۈستىدە بىر مېڭىپ سىناپ باقامسەن؟ — دېدى ئەتراپتىكى بۇرادەرلەر ئۇنىڭغا.

ئادىل ھوشۇر قولىغا ئادەتتىكى تەڭشەكنى ئېلىپ پولات ئارغامچا ئۈستىگە چىقتى ۋە قەدەملىرىنى يېنىك ئېلىپ مېڭىشقا باشلىدى.

پولات ئارغامچا يادىن تارتىلغان 74 تال مۇقىملاشتۇرغۇچ ئىنچىكە پولات سىم بىلەن قاتتىق چىڭىتىۋېتىلگەچكە، ئۇنىڭ لەڭ ئۇرۇشى ئۇ ئادەتتە ماھارەت كۆرسەتكەندە ئىشلىتىدىغان ئارغامچىلارنىڭكىدەك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. بۇ پولات ئارغامچا ئۇ ئىلگىرى ماڭغان ئارغامچىلاردىن تولىمۇ بولغاچقا، ئۇ ئەركىن - ئازادە ھالدا قەدەملىرىنى چوڭ - چوڭ ئېلىپ ماڭماقتا ئىدى.

ئادىل پولات ئارغامچا ئۈستىدە تەخمىنەن 100 مېتىرچە مېڭىپ قەدىمىنى توختاتتى ۋە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا پەسكە قاردى. تاپىنى ئاستىدىكى ئېچىرقاپ كەتكەن ئەجدىھانىڭ يوغان ئېچىلغان ئاغزىدەك كۆز يەتكۈسىز قورقۇنچلۇق ھاڭ، ھالاكەت پۇراپ تۇرىدىغان قورام تاشلار ۋە پۈتۈن كائىناتنى بىر يولىلا يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان دەھشەتلىك ئېقىن ئىختى-

يارسىز ئۇنىڭ تېنىنى شۇركۇندۇرۇۋەتتى. دەل مۇشۇ چاغدا ئاڭلانغان دەريادىكى ئېقىندا دۇنيادا نېمە قىسمەتلەرنىڭ بولۇۋاتـ-قانلىقىدىن بىخەۋەر هالدا يىراقلارغا سەپەر قىلغان پاراخوتنىڭ گۇدۇك ئاۋازى ئۇنىڭغا خۇددى ئۆلۈم ئەلچىسى بولغان ئەزرائىلـ-نىڭ دەهشەتلىك هۆركىرىشىدەك قورقۇنچلۇق بىلىنىپ كەتتى. دەرۋەقە 400 مېتىر ئېگىزلىككە تارتىلغان پولات ئارغامچا ئۇسـ-تىدە 640 مېتىر مېڭىش چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ماهارەت كۆرسەتكەن جايلار مەيلى ئېگىزلىك ياكى ئۇزۇنلۇق جەهەتتىن بولسۇن، بۇنىڭدىن نەچچە 10 هەسسە ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالغا ئىلگىرىلىگەنسېرى ئارغامچىنىڭ لەڭ ئۇرۇش دەرىجىسى ئېشىپ بېرىۋاتاتتى.

ئادىل سەل بىئارام بولغاندەك جايىدا مىدىرلىماي بىر ئاز ئارام ئېلىۋالدى. «يا رەببىم، بۇ نېمە كارامەت!» دەۋەتتى ئۇ ئۆز ئۆزىگە ئىختىيارسىز. «يېشى ئەللىككە بېرىپ قالغىنىغا قارىماي، مۇشۇنچە خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا جۇرئەت قىلغان كوكرىيىننىمۇ سەل چاغلاشقا بولمىغۇدەك، ئۇنىڭ ‹بوشلۇق شاهزادىسى› دېگەن شانۇشەۋكەتلىك نامغا نائىل بولغانلىقىمۇ قىلچە ئاساسسىز ئەمەسكەن. دېمەك، بۇ رىقابەتچىمنى سەل چاغـ-لاش ئەڭ زور خاتالىققا يول قويغانلىق بولىدىكەن. رەقىبىم قانچە كۈچلۈك، خەۋپ - خەتەر قانچە چوڭ بولسىمۇ، خەلقىمئالەم ئالدىدا قىلغان لەۋزىمنى ئاقلىمىسام هەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىش ئۆزۈمنىڭلا ئەمەس، ۋەتىنىم، خەلقىمنىڭ دۇنيا خەلقى ئالدىدا ئار - نومۇس ۋە شان - شەرىپىگە بېرىپ تاقىلىـ-دىغان چوڭ ئىش. ئانا ۋەتەن ۋە مىليونلىغان خەلقىنىڭ ئۇمىد، ئىشەنچى مېنىڭ مۇشۇ بىر جۈپ پۇتۇمغا باغلانغان. مەن ئىرادەمـ-دىن هەرگىز، هەرگىز يانمايمەن. ئۆزۈمنىڭ بىر جۈپ پۇتى ئارقىلىق خەلقىنىڭ ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرىگە چەكسىز شادلىق ئاتا قىلىشقا تىرىشىمەن...» ئادىل خىيالدىن ئويغىنىپ، ئارقىـ-

سىغا بۇرۇلۇپ، سالماق قەدەم تاشلاپ قايتىپ كەلدى. بۇرادەرلىرى ئۇنى ئورىۋېلىپ، تۇشمۇتۇشتىن سوئال يېغدۇردى:

— قانداق، ئادىل، قورقتىڭمۇ؟

— خەتەرلىكمىكەن؟

— ئوتتۇرىغا بارغاندا بېشىڭ قايغاندۇ ھەرقاچان؟

— ئارغامچا ئۈستىدە ئۇزاق تۇرۇپ كەتتىڭغۇ؟ نېمە بولغانتى؟

— ئۆتۈپ كېتىشكە كۆزۈڭ يېتەمدۇ؟

ئۇ بۇرادەرلىرىگە تەكشى بىر قارىۋېتىپ، چىرايىغا كۈلكە يۇگۈرتكىنىچە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن:

— پولات ئارغامچا ئۈستىدە ئۆزۈمنى خۇددى تۈز يولدا كېتىۋاتقاندەك ئازادە ھېس قىلدىم. بۇ يەردىن 40 مىنۇتقا قالماي ئۆتۈپ كېتىشىمگە تولۇق ئىشەنچىم بار، — دېدى.

دەرۋەقە، بايا پولات ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىپ، قايتىپ كېلىۋېتىپ، كوكرىيىن بىلەن ئۆزىنىڭ مېڭىش سۈرئىتى ۋە قەدەم ئارىلىقىنى ئىنچىكە ھېسابلاپ باقتى. ئۇ تېلېۋىزوردىن كوكرىيىنىڭ پولات ئارغامچا ئۈستىدە ئالدىنقى پۇتىنىڭ تاپىنىغا كېيىنكى پۇتىنىڭ ئۇچىنى تەگكۈزۈپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدىن كۆز ئۈزمەي ئاستا ماڭغانلىقىنى كۆرگەنىدى. ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ مېڭىشى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، يۇقىرىقى سۆزنى تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئېيتقانىدى.

ئادىل ھوشۇر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى فىنجى ناھىيىسىدە ئېلىپ بارغان ئۈچ كۈنلۈك تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش پائالىيىتى جەريانىدا سەنشيا بوغۇزىنىڭ يەر شارائىتى، ھاۋا كىلىماتى، ھاۋا رايى ئۆزگىرىشى، چاڭجياڭ دەرياسىدىكى سۇ يۈزىنىڭ ئۆرلەش - پەسىيىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. فىنجى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، سۇغۇرتا شىركىتى، ساياھەت - مەدەنىيەت يادىكار-



www.uyghurkitap.com

لىقلار ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنئىتىدىن ئۆتۈشىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توغرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە كېڭەشتى.

گەرچە ئادىل ھوشۇر پولات ئارغامچا ئۈستىدە سىناق تەرىقىسىدە مېڭىپ كۆرۈپ، ھەمراھلىرىغا: «مەن 40 مىنۇتتىنمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆتىمەن» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدىلا ئۆزىنى ناھايىتى زور خەۋپ ـ خەتەر ۋە سىناقنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى تونجى قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى. دېمىسىمۇ، «شاھزادە» نىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، «شاھ» لىق تاج ـ تەختىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر مەيدان كەسكىن جەڭ ئىدى. «يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن» دېگەندەك، ئەمدى ئۇنىڭغا پۇختا تەييارلىق بىلەن بۇ «جەڭ» نى كۈتۈۋېلىشتىن ئۆزگە يول يوق ئىدى. ئۇ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە قايتماس ئىرادىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، بۇ «جەڭ» دە يۈزدە يۈز غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. ئەمدىكى گەپ، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا ئىشىنىشى، ئۇنى چۈشىنىشى ۋە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىدە قالدى!!

## مۇشكۈلات داۋانلىرىدا...

ئادىل ھوشۇر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سەنئىتىدىن قايتىپ كېلىپلا مىجىت ساۋۇتنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەييارلىق خىزمەتلىرىگە، ئېنىقراق ئېيتقاندا، مەبلەغ جۇغلاش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئادىلنىڭ كەيپى تولىمۇ چاغ ئىدى. مەيلى مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا بولسۇن ۋە ياكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغاندا بولسۇن، ئۇنىڭ چېھرىدىن خۇشخۇي تەبەسسۇم زادىلا كەتمەيدى. ئىشەنچ ۋە غالىبلىق ئىستىكىگە تولغان قوي كۆزلىرى ھەرقاچان شوخلۇق

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئوينىاپ تۇراتتى. فىنجىيىگە قىلىغان بۇ قىستىملىق زىيارەت ئۇنىڭ قەلبىدە پەيدا بولغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى بىراقلا ئۆچمەس يالقۇنغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. 1997 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىنى خۇددى سەۋدايى ئاشىق كېلىشكەن جايدا مەشۇقىنى كۈتۈۋاتقاندەك زارىقىش ئىچىدە كۈتمەكتە ئىدى. ئەلۋەتتە، «داڭدار شەخس بولۇش» نىڭ شېرىن چۈشىنى كۆرۈپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە تورۇسقا قاراپ سۇنايلىنىپ يېتىپ كۈن ئۆتكۈزۈش ئادىلنىڭ كىچىكىدىن يېتىلدۈرگەن خاراكتېرى بىلەن پەقەت چىقىشالمايتتى. كوكرىيىندەك دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن تەڭداشسىز «بوشلۇق شاھزادىسى» نىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۇيغۇر دارۋازچىلىقىنى خەلقئارادا مەڭگۈ تەۋرەنمەس بۈيۈك شۆھرەتكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ ئارقىسىدا قانچىلىك كۆپ قان - تەر ئاققۇزۇش، قۇربان بېرىشلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئۇ ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ھەر كۈنى تاڭ ئېتىپ يورۇماستىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ مەشىق ئۆيىگە كىرىپ، پۈتمەس - تۈگىمەس مەشىقلەرنى ئىزچىل داۋاملاشتۇراتتى. مەشىقنىڭ ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ئادەتتىكى مەشىقتە قولىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئېغىرلىقى يەتتە كىلوگرام، ئۇزۇنلۇقى توققۇز مېتىر كېلىدىغان قەدىناس تەڭشىگىنى تاشلاپ، ئورنىغا ئېغىرلىقى 17 كىلوگرام، ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىردىن ئاشىدىغان يېڭى تەڭشەكنى ئىشلەتتى ھەمدە بۇ يېڭى «بۇرادىرى» بىلەن ناھايىتى تېزلا «چىقىشىپ» قالدى. ئۇ يەنە مەشىق ئارغامچىسىنىڭ ئېگىزلىكىنى ئاشۇرۇش ۋە بوشلۇقتا ئورۇندىلىنىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ دارۋازلىق ئاساسىي ماھارىتى ۋە ئارغامچا ئۈستىدىكى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان تۈرلۈك ئەھۋاللارغا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

ئادىل ھوشۇرنىڭ ئەل - ۋەتەن ئىشقىدا ئوت بولۇپ يېنىپ،

ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى كانادالىق كوكرىيىن ياراتقان دۇنيا «جېنىس» رېكورتىنى يېڭىلىماقچى بولغانلىقىدەك ئۇلۇغۋار ئىشى ناھايىتى تېزلا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن، تەڭرىتېغىنىڭ ئېتىكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. مەركەز ۋە شىنجاڭدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرى ئادىلنى بەس - بەستە تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن «ئادىل ھوشۇر» دېگەن بۇ ئىسىم ئىلى، تارىم ۋادىلىرىدىن تارتىپ، چاڭجياڭ - خۇاڭخې ۋادىلىرىغىچە بولغان بۇ كۆز يەتكۈسىز مۇقەددەس زېمىندىكى ھەممە كىشىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ئەڭ سۆيۈملۈك ئىسىمغا ئايلاندى.

1995 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جياڭ خۇڭ كۈنىمىزدا مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ئادىل ھوشۇرنى زىيارەت قىلىپ يازغان «ئادىل ھوشۇر سەنشيا بوغۇزىدىن 40 مىنۇتتا ئۆتۈپ كوكرىيىن ياراتقان دۇنيا جېنىس رېكورتىنى يېڭىلاشقا بەل باغلىدى» دېگەن خەۋەر ئېلان قىلىنغان كۈنىنىڭ ئەتىسى، يەنى 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ۋەنشەن شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى بىلەن فىڭجى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ئادىل ھوشۇرغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا تېلېگىراما ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بۇ بۈيۈك ئىشىنى قىزغىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ۋەنشەن شەھىرى ۋە فىڭجى ناھىيىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، ۋەتەن ۋە خەلققە شان - شەرەپ كەلتۈرۈشتەك بۇ ئۇلۇغۋار ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بىر قاتار ئەھمىيەتلىك ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

1996 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ۋەنشەن شەھىرىنىڭ

مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ مىڭزۇ باشچىلىقىدىكى ۋەنشەن شەھىرى ۋە فىڭجى ناھىيىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۇرۇمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ مەقسىتى شىنجاڭدىكى ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتۈشىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن كەڭ - كۇشادە پىكىر ئالماشتۇرۇپ، بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا دائىر كونكرېت چارە - تەدبىرلەرنى ئورتاق تۈزۈپ چىقىش ئىدى.

ئۇرۇمچى «چېڭشى» ئالىي مېھمانخانىسىنىڭ ياسىداق يىغىن زالىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت تولىمۇ قىزغىن ۋە ئازادە كەيپىيات ئىچىدە باشلاندى. يۇمىلاق شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلار ئىچىدە ئەلۋەتتە ئادىلمۇ بار ئىدى. ئۇ شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ ئۆزى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، بۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن چىن يۈرىكىدىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىغا چەكسىز سۆيۈنگىنىچە، سورۇندا بولۇنۇۋاتقان ھەربىر جۈملە سۆزنى يادلىۋېلىشقا تىرىشىۋاتقاندەك ناھايىتى سەگەك ئولتۇراتتى.

شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مىجىت ساۋۇت شىنجاڭ تەرەپنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، فىڭجى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى سومكىسىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ كۆپچىلىككە قاراپ:

— يېقىندا بىز كوكرېيىنىنىڭ ۋاكالەتچىسى ئەۋەتكەن بىر پارچە تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. مەن ئۇنى ئوقۇپ بېرەي، كۆپچىلىك ئاڭلاپ بېقىڭلار، — دېدى ھەمدە تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

تېلېگراممىدا ئادىل ھوشۇرنىڭ كوكرېيىن مېڭىپ ئۆتكەن پولات ئارغامچىنى ئىشلىتىشىگە قارشى تۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئۆز پىكرىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان: بىرىنچى، كوكرېيىن ئىشلەتكەن پولات ئارغامچىنى ئامېرىكىدىكى بىر شىر-

كەت ياردەم قىلغان، كوكرىيىننىڭ بىخەتەر ئۆتكەنلىكى پولات
ئارغامچىنىڭ لاياقەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئەگەر ئادىل
ئۈنىڭدىن ئۆتكەندە مەسىلە كۆرۈلسە، كارخانىنىڭ ئىناۋىتىگە
تەسىر يېتىدۇ، بەلكى ئىككى تەرەپ بۇ ئىش تۈپەيلىدىن دەۋاغا
چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن؛ ئىككىنچى، بۇ پولات ئارغامچىنى
كوكرىيىن ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ سەنشىيا بوغۇزىغا
تارتقان، ئەگەر ئادىل ئۈنىڭدىن ئۆتۈۋاتقاندا مەسىلە چىقسا، بۇ
كوكرىيىننىڭمۇ ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ؛ ئۈچىنچى، جۇڭگو
دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ جەمئىيەت تەنتەربىيىسىگە قوماندانلىق قىلىش مەركىزى كوكرىيىننىڭ ۋاكالەتچىسى مەسئۇل
بولغان شىركەت بىلەن توختام تۈزگەن. ئەگەر، ئۇلار ئادىلنىڭ
ئۆتۈشىگە قوشۇلسا، ۋاكالەتچى تەرەپنىڭ شىركىتى قوماندانلىق
مەركىزىنى «توختامغا خىلاپلىق قىلدى» دەپ قارايدۇ.

كوكرىيىنغا جەڭ ئېلان قىلغان كۈندىن تارتىپ مەدھىيە،
ئاپىرىن ۋە قوللاش مەزمۇنىدىكى چىرايلىق سۆزلەرنى ئاڭلاپ
ئادەتلەنگەن ئادىلغا بۇ سۆزلەر خۇددى قۇياش پارلاپ تۇرغان
ئوچۇق هاۋادا تۇيۇقسىز چېقىلغان چاقماقتەك قوپال هەم دەهشەتلىك بىلىندى. گويا غايىبانە بىر قول شەپقەتسىزلىك بىلەن
كۆكرەك قەپىسىنى يېرىپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالغاندەك پۈتۈن
جىسمى لەسسىدە بوشاپ، گەۋدىسىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە
تاشلاپ، خاۋاتىرلانغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

هاياتنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن، ئاجايىپ - غارايىپ ئوچاقلىرىدىنىڭ تېخى مىڭدىن بىرىدىمۇ تاۋلىنىپ باقمىغان، ئۆز ۋەتىنى،
خەلقى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتا قىلىشقا هەر ۋاقىت تەييار تۇرىدىغان، ئەتراپتىكى هەممە ئادەمنى ئۆزىگە ئوخشاش ساپ دىل،
سەمىمىي چاغلايدىغان ئادىلغا نىسبەتەن تۇيۇقسىز تەگكەن بۇ زەربىنىڭ سالمىقىنى كىچىك مۆلچەرلەشكە بولمايتتى. نېمىلا دېگەن
بىلەن ئۇ ئۆمۈر شوتىسىنىڭ 25 - بالدىقىنى تېخى دەسسىمىگەن

ناتىۋان يىگىت ـ دە!

«كوكرىيىن دېگەن بۇ كاساپەت تېخىچە بولدى قىلمايدۇ ـ دە!» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. بۇ چاغدا ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆمۈرلۈك جاراھەت ئىزى قالدۇرغان بىر ئىش ئۇنىڭ خىيالىدىن قايتا كەچتى:

1994 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى. ئىچكى ئۆلكىدىن ئويۇن قويۇپ يېڭىلا قايتىپ كەلگەن شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىنىڭ رەھبەرلىرى بېيجىڭدىن ئەۋەتىلگەن بىر تەكلىپنامىنى تاپشۇرۇۋالدى. تەكلىپنامىدە دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ جەمئىيەت تەنتەربىيىسىگە قوماندانلىق قىلىش مەركىزى شىنجاڭ دارۋازلىرىنى 1995 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سىچۇەن ئۆلكىسىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىدىن پولات ئارغامچا ئۇستىدە مېڭىپ ئۆتۈش بويىچە خەلقئارالىق ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلغانىدى. تەكلىپنامىدە يەنە ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى كانادالىق كوكرىيىنىڭمۇ بۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغانلىقى ئېيتىلغانىدى. ئۆمەك رەھبەرلىكى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئادىل ھوشۇرنىڭ دارۋازلىق ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ مۇسابىقىگە ئۇنىڭ قاتنىشىشىنى بېكىتتى. ئۇزۇندىن بۇيان مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ئادىل بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئېيتىشارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدى ھەمدە چوقۇم ياخشى ماھارەت كۆرسىتىپ شىنجاڭ دارۋازچىلىقىنى ۋە شىنجاڭ خەلقىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئادىل تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە مەشىقنى باشلىۋەتتى. ئەپسۇسكى، بۇ خۇشاللىقنىڭ ئۆمرى بەكمۇ قىسقا بولۇپ قالدى. شىنجاڭلىق بىر دارۋازنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ ماھارەت كۆرسىتىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان كوكرىيىن سەنشيا بوغۇزىغا پولات ئارغامچا تارتىشقا

قانچىلىك مەبلەغ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆڭلىدە ئويدان بىر چوت سوقۇپ كۆرۈپ، دەرھال مەبلەغنى ئىككى تەرەپ تەڭ چىقىرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئادىلدەك بىر «يالاڭ تۆش» نىڭ ئۇنچە كۆپ پۇلنى چىقىرالماي، ئۆزىنىڭ ماھارەت كۆرسەتكەنلىكىگە بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئارقىدىنلا يەنە بىرەر كارخانىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئادىلغا ياردەم بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ: «ئەگەر ئادىل سەنشىيادىن ئۆتسە، مەن ھەرگىز ئۆتمەيمەن» دەپ مۇسابىقە تەشكىلىي ھەيئىتىگە ئوچۇق - ئاشكارا بېسىم ئىشلەتتى، كوكرىيىن جۇڭگو كارخانىچىلىرىنىڭ، جۈملىدىن، شىنجاڭلىق كارخانىچىلارنىڭ ساپاسىنى تولىمۇ يۇقىرى مۆلچەرلىۋەتتىمۇ قانداق؟ كوكرىيىن بىلەن قايتا - قايتا كېڭەشىش ئارقىلىق ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا كۆزى يەتمىگەن مۇسابىقە تەشكىلىي ھەيئىتى ئىلاجسىزلىقتىن ئادىل ھوشۇرنى بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئادىل شۇ چاغدا دەرغەزەپكە كېلىپ ئۆز - ئۆزىگە: «خەپ توختاپتۇر، مەن ئاخىر بىر كۈنى سېنىڭ ھەيۋەڭنى يەرگە ئۇرماي قويمايمەن» دەپ شىۋىرلىغانىدى.

بايىقى رەھبەرنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئادىلنى خىيالىدىن باش كۆتۈرۈپ، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئادىلنىڭ بۇ كەيپىگە دىققەت قىلغان مىجىت ساۋۇت دەرھال پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ:

— بىز دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى جەمئىيەت تەنتەربىيىسىگە قوماندانلىق قىلىش مەركىزى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ياردىمى بىلەن كوكرىيىننىڭ ۋاكالەتچىسىگە ئۆزىمىزنىڭ رەت قىلىش پىكرىنى يوللىدۇق. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، كوكرىيىننىڭ ۋاكالەتچىسى ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرىقى پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسسىز قۇرۇق گەپلەر. ئەينى ۋاقىتتا كوك-

رىيىن مېڭىپ ئۆتكەن پولات ئارغامچىنى فىكىرى ناھىيىسىنىڭ سايا-ھەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى ئۇنى 150 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا سېتىۋالغان. دېمەك، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ھوقۇقى جۇڭگو تەرەپتە. شۇڭا، ئۇلار بۇ مەسىلىدە «توختامغا خىلاپلىق قىلدى» دېگەن گەپنى ئوتتۇرىغا سۈرەپ چىقسا ھېچقانداق يەردە ئاقمايدۇ. چۈنكى، پولات ئارغامچىنىڭ ھازىرقى قانۇنىي ئىگىسى كوكرىيىن ئەمەس، ئەكسىچە بىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ نەرسىسىنى خالىغانچە ئىشلىتىشكە تولۇق ھوقۇقلۇق. بىز ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئورتاق تىرىشساقلا بۇ دەۋادا يۈزدە يۈز ئۇتۇپ چىقىمىز، كوكرىيىننىڭ بۇ قىلمىشلىرى ھەسەت ۋە چىدىماسلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، — دېدى.

دەرۋەقە، ئۆزىنىڭ قالماي بۇ دەۋادا ئۇتۇپ چىقىشقا كۆزى يەتمىگەن كوكرىيىن سوتقا چۈشكەن تاشتەك ئۈن - تىنسىز غايىب بولدى. چۈنكى، ئۇ ئۆز سۆزىدە جاھىللىق بىلەن داۋاملىق چىڭ تۇرۇۋالسا، خەلقئالەم ئالدىدا يۈز - ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلىدىغانلىقىنى پەملەپ قالغانىدى.

كوكرىيىن ئادىلنىڭ سەنئىتىدىن ئۆتۈشكە نېمىشقا جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدۇ؟ ئەسلىدە كوكرىيىن دوستلىرى ئارقىلىق ئادىل ھوشۇر قاتارلىق شىنجاڭ دارۋازلىرىنىڭ ماھارەت كۆرسەتكەن چاغدا سۈرەتكە ئېلىنغان بىر سىنئالغۇ لېنتىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى بىرنەچچە قېتىم تەپسىلىي كۆرۈپ چىققان. ئۇيغۇر دارۋازلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئادىلنىڭ كامالەتكە يەتكەن ماھارىتى، بوشلۇقتا چېۋەرلىك بىلەن ئورۇندىغان، كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك قىيىن ھەرىكەتلىرى، ئادىلنىڭ ئارغامچا ئۈستىدىكى جەسۇر قىياپىتى ئەزەلدىن ئۆزىنى «جاھاندا تەڭدىشىم يوق» دەپ چاغلايدىغان بۇ «كەسىپ ئەھلى» نىڭ قەلبىدە رەشك ئوتلىرىنى پەيدا قىلىپ، ئارامىنى بۇزغانىدى. «رەقىبلەرنىڭ تار كوچىدا ئۇچرىشىپ قېلىشى» نى زادىلا خالىمىغان

كوكرىيىن 1995 - يىللىق خەلقئارالىق ماھارەت كۆرسىتىش
مۇسابىقىسى باشلىنىشتىن ئىلگىرى مۇسابىقە تەشكىلىي ھەيئىتد-
گە پۇل ئارقىلىق بېسىم ئىشلىتىپ ئادىلنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە
ماھارەت كۆرسىتىشىنى توسۇغان. «دۇنيا بىر گە بىر، چىدىساڭ
ياشا» دېگەندەك، ئادىلنىڭ بۇ قېتىم دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا
ئۆزىگە ئوچۇق - ئاشكارا «پۇت ئېتىشى» ئۇنى سارىسىمىگە
سېلىپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ
ئادىلنى بۇ «يامان پەيلى» دىن ياندۇرۇش كويىغا چۈشكەن.
ھەممىدىن قىزىقارلىقى شۇكى، 1995 - يىل 10 - ئاينىڭ
28 - كۈنى سەنشيا بوغۇزىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، ھاياتد-
دىكى 22 - قېتىملىق دۇنيا جىنىس رېكورتىنى ياراتقان كوك-
رىيىن تاماشىبىنلار ياڭراتقان قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە
مەست بولۇپ، خۇدىنى يوقىتىپ، ئامېرىكىلىق خوجايىنلار ھەدد-
يە قىلغان نەچچە يۈز مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى ئالا-
ھىدە ئىشلەنگەن پولات ئارغامچىنى فىلىمچى ناھىيىلىك سايا-
ھەت - مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىگە بىكارنىڭ ئورنىدا
ناھايىتى ئەرزان باھادا سېتىۋېتىپ، دۇنيا جىنىس رېكورتىنىڭ
ئىسپات گۇۋاھنامىسىنى باغرىغا باسقىنىچە كېتىپ قالغان. ئېھ-
تىمال، ئۇ شۇ ۋاقىتتا بۇ پولات ئارغامچىنىڭ ئۇزۇنغا قالماي
ئۆزىنىڭ 38 يىل قان - تەر ئاققۇزۇپ تىكلىگەن شانۇ شۆھرىتد-
نىڭ گۆمران بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ
باققان بولمىغىيتتى؟!

كوكرىيىنىنىڭ تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئا-
دىل ھوشۇرنىڭ سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتۈشىنى توسۇغانلىقىنى ئىند-
سانىي نۇقتىدىن توغرا چۈشىنىشكە ۋە كەچۈرۈۋېتىشكە تامامەن
بولىدۇ. نېمىشقا دېمىسىز؟! ئەتراپىمىزغا كۆزىمىزنى يوغان ئې-
چىپ قاراپ باقايلى، ئارىمىزدا ئاشۇنداق باشقىلارنىڭ تالانتى،
نەتىجىلىرىنى كۆرگەندە ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولۇش، ئۇنى

قولـلاشنىڭ ئورنىدا، ھەسەت، ئۆچمەنلىك ئورنىدا كېچە ـ كۈندۈز ئۆرتىنىپ «ئـاھ» ئۇرىدىغان، ئـارقىسىدىن سۆز ـ چۆ- چەك، پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ سېستىدىغان، ئۆزىنىڭ تىرنا- تەك ئەمەلى، نىجىس پۇلىغا تايىنىپ قولىدىن ئىش كېلىدىغان- لارنى چۆكتۈرۈپ، مەڭگۈ باش كۆتۈرگىلى قويمايدىغان ئادىمىي ھايۋانلار يوقمۇ؟! قېنىمىز، تىلىمىز، دىنىمىز بىر قېرىنداش- لىرىمىزدىن بىر ـ بىرىگە ئاشۇنداق ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز كاتتا «شاپائەت» لەر يېغىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئاتا كۆرمىگەن، ئانا كۆرمىگەن چەت ئەللىكلەردىن رەنجىشنىڭ نىمە ھاجىتى بولسۇن؟!

ئۇرغۇن ئەگرى ـ توقايلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلاردىن كېيىن، «شىنجاڭ دارۋازلىرىنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزى- دىن ئۆتۈشكە تەييارلىق كۆرۈش ئورنى» 1996 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۇرۇمچىدە رەسمىي قۇرۇلدى. شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مىجىت ساۋۇت «تەييارلىق كۆرۈش ئورنى» نىڭ باش قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ۋەنشەن شە- ھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى بىلەن شىنجاڭ ئەقلىي ئۇچۇر يۇم- شاق پەنلەر شىركىتى بۇ پائالىيەتنى بىرلىشىپ باشقۇرىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن مەبلەغ توپلاش، تەشۋىقات قاتارلىق خىزمەت- لەر سىستېمىلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا قانات يېيىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي، شاڭخەي دۇنيا جىننىس رېكورتى باش شتابىمۇ ئادىل ھوشۇرنىڭ چاڭجياڭ سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، كوكرى- يىن ياراتقان دۇنيا جىننىس رېكورتىنى يېڭىلاش ھەرىكىتىگە قاتنىشىشىنى قارار قىلدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئا- ۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇ- رېشىت، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن مىجىت ناسىر، يۈسۈپ ئەيسا قاتارلىق رەھبەرلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دارۋازلار ۋە تەيى-

يارلىق كۆرۈش ئورنىنىڭ ئەزالىرىنى كۆپ قېتىم قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە ئادىل ھوشۇرنى ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى. ھەممە ئىشلار ئۆز ئورنىغا چۈشتى. ئەمدىكى گەپ ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولغان مەبلەغنىڭ تويلىنىشىدا قالدى.

## پۇل! پۇل!! پۇل!!!

1996 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى. شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» رادىئو ئىستانسىسى ئادىل ھوشۇرنى ئاڭلىتىش ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىئانە توپلاش يۈزىسىدىن مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان تېلېفونلۇق بىۋاسىتە ئاڭلىتىشقا قاتناشتۇردى.

رادىئودىن ئادىلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بىر چەت ئەللىكنىڭ جۇڭگو زېمىنىدا دۇنيا جىنىنىس رېكورتىنى يارىتىشى بىز ئۈچۈن نومۇس. مەن چوقۇم كوكرىيىن ياراتقان دۇنيا جىنىنىس رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن شان ـ شەرەپ كەلتۈرىمەن.

مۇشۇ تاپتا رادىئو ئاڭلاۋاتقان زىيالىيلار، ئوقۇغۇچىلار، شەھەر ئاھالىلىرى، سودىگەرلەر، تاكسى شوپۇرلىرى ۋە ھەربىيلەردىن تارتىپ ھەممە ئادەمنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن تېپچەكلىدى.

— ۋەي، رىياسەتچىما؟ مەن ئادىل ئاكام بىلەن سۆزلەشمەكچىدىم، سىز ئادىل ئاكام بولامسىز. مېنىڭ ئىسمىم لۇ بو، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىئولوگىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇيمەن. باياقى سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ ناھايىتى تەسىرلەندىم. مەن ھازىر ياشلىرىمىز ئارىسىدا سىزگە ئوخشاش بىر ياخشى ياشنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن. مەن بىر تۇراقلىق كىرىمى يوق ئوقۇ-

غۇچى. شۇڭا تۇرمۇش پۇلۇمدىن ئاز بولسىمۇ 30 يۈەن ئىئانە قىلىمەن ھەمدە سىزنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىدىن غەلىبىلىك ئۆتۈشىڭىزگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

بۇ 30 يۈەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئادىل ھوشۇرغا ئىئانە قىلىنغان تۇنجى پۇل ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئادىل ھوشۇرغا پۇل ئىئانە قىلىش تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ئېتىكىدە ئومۇمىيۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى. 50 تىيىن، بىر سوم، ئون سوم، 20 سوم، 50 سوم، 100 سوم ··· ھەممە ئادەم ئۆز ھالىغا قاراپ ئاتىغىنىنى تاشلاپ ئادىلغا ياخشى تىلەك بىلدۈرۈشتى.

«شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، «شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى»، «شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نوپۇزلۇق ئاخبارات ئورۇنلىرى بۇ خاسىيەتلىك ئىشقا بەس ــ بەستە ئاۋاز قوشۇپ، ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنئىيا بوغۇزىدىن ئۆتۈشىگە ئائىت 500 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئېلانىنى ئۇنى قوللاش ۋە ئىئانە يۈزىسىدىن ھەقسىز ياكى ناھايىتى ئەرزان باھادا ئېلان قىلىپ بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى، سودا ــ سانائەت بانكىسى، ئۈرۈمچى شەھەرى سايباغ رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، مەكتەپ ناھىيىسى، كېرىيە ناھىيىسى، ئۈرۈمچى «چېڭشى» ئالىي مېھمانخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار بەس ــ بەستە ساخاۋەتلىك قوللىرىنى سۇنۇپ، ئالدى 20 مىڭ يۈەن، كەينى 500 يۈەندىن پۇل ئىئانە قىلىپ، ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ قەددىنى كۆتۈرىدىغان بۇ ئۇلۇغ ئىشنى قوللاپ ــ قۇۋۋەتلىدى، ھەتتا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەڭ نامرات ھېسابلىنىدىغان مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزىسىمۇ 500 يۈەن ئىئانە قىلىپ، بۇ يېزىدىكى ئاق كۆڭۈل، مېھنەتكەش دېھقانلارنىڭ بۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا بولغان سەمىمىي تىلىكىنى

بىلدۈردى.

بىراق، ۋاقىتنىڭ قىستاپ كېلىشىگە تەتۈر تاناسىپ ھالدا، مەبلەغنىڭ جۇغلىنىشى تولىمۇ ئاستا بولۇۋاتاتتى. ئادىل سەنشىياغا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سەنشىيا بوغۇزىنىڭ 37 يىللىق ھاۋا كىلىماتى، چاڭجياڭ دەرياسىدىكى سۇ ئورنىنىڭ ئۆرلەش - پەسلەش ئەھۋالى ۋە سەنشىيا قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلىنىدىغان ۋاقىت قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە ئامىللارنى نەزەرگە ئېلىپ، 1997 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سائەت 11 دە ئۆتىدىغانلىقىنى جامائەتچىلىك ئالدىدا ئوچۇق - ئاشكارا ئېلان قىلغانىدى. ئەگەر، ۋاقىت سەللا كەينىگە سۈرۈلۈپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ھۆل - يېغىن كۆپىيىپ كەتسە، ئۇ چاغدا پولات ئارغامچىنىڭ سۇ يۈزىدىكى ئېگىزلىكى 402 مېتىر بولماي قېلىپ، ئادىلنىڭ كوكرىيىن ياراتقان دۇنيا جىننىس رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلايمەن دېگىنى كۆپۈككە ئايلىنىپ قالاتتى. دېمەك، بۇ پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككەن بىر مەيدان «جەڭ» نىڭ «رەڭ» گە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن ئىدى.

فىنجى ناھىيىسىدىن كەلگەن بىر شۇم خەۋەر ئادىلنىڭ خېلى كۈنلەردىن بېرى غەشلىك تۇمانلىرى قاپلىغان كۆڭلىنى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرى فىنجى ناھىيىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار مىجىت ساۋۇتقا تېلېفون بېرىپ، ئاساسلىق پولات ئارغامچىنى مۇقىملاشتۇرۇش مەقسىتىدە ياندىن تارتىلغان 70 تال ئىنچىكە پولات ئارغامچىنىڭ بىر قىسمىنى دەريادىكى پاراخوت قاتنىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولغانلىقى سەۋەبلىك نەقلىيات تارماقلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى، يەنە بىر قىسمىنى يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭ ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئادىل بىلەن مىجىت ساۋۇتنىڭ بېشى بىراقلا ساڭگىلاپ كەتتى. «ئۆلمەكنىڭ ئۇس-

تىگە تەپمەك، دېگەندەك ماۋۇ ئىشنى قارىمامدىغان»، دەپ ئويلىدى ئادىل ئۆز - ئۆزىدىن تېرىكىپ.

— مىجىت ئاكا، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — ئادىل ئۈمىدسىز كۆزلىرىنى مىجىت ساۋۇتقا تىكتى.

— قانداق قىلاتتۇق، چوقۇم ئۆتىمىز. ئەمدى بىزگە ئالدىمىزغا قاراپ مېڭىشتىن باشقا يول يوق. چېكىنىشكە، چەتكە چىقىۋېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

— بىراق، يېتەرلىك مەبلەغ جۇغلانمايۋاتسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنشيادىن ئۆتىدىغانغا ئىككى ئايمۇ ۋاقىت قالمىدى.

— سەن كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلماي مەشىقىڭنى ئوبدان قىلىۋەر. باشتا كېلىشكىنىمىز بويىچە، سەن كوكرىيىننى مەغلۇپ قىلىشقا مەسئۇل. مەبلەغ ۋە باشقا ئىشلارنى ئۆزۈم ئىگە بولۇپ قىلىمەن.

— بىز ھەرقانچە پالاقلىغان بىلەن خەق بىزنى چۈشەنمىسە، ئۇلارنى بىزگە پۇل ئىئانە قىلمىدىڭ، دەپ ئۇرغىلى بولمايدۇ - دە.

— بۇ دېگىنىڭغۇ توغرا، لېكىن بىزمۇ بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى خەلققە ياخشى چۈشەندۈرۈپ كېتەلمىدۇق. بەزى دوستلىرىم ماڭا: «ھۆكۈمەتكە دوكلات يېزىپ، مەبلەغ ئالساڭلار بولمامدۇ؟» دەۋاتىدۇ. دېمىسىمۇ، ئۇنداق جاننى ئۇپراتمايدىغان ئىش ماڭىمۇ خوپ ياقاتتى. بىراق، بۇنداق تەۋەككۈلچىلىك خاراكتېرىدىكى پائالىيەتلەرنى دۇنيادىكى ھېچقانداق دۆلەتتە ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئېلىپ ئۆتكۈزمەيدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىمۇ سېنىڭ مۇشۇ ئىشىڭ توغرىسىدا مەخسۇس رەئىسلەر باش قوشۇش يىغىنى ئېچىپ، بۇ پائالىيەتنى ئاممىغا تايىنىپ خەلق ئىچىدە ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلغان ھەم بۇ پائالىيەتنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا، بىز مەبلەغ جۇغلاشتا ئەقىل - پاراسىتىمىزنى يەنىمۇ ئىشقا سېلىپ، تېخىمۇ

كۆپ كارخانچى ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرد-
شىمىز لازىم. ئەگەر، مەبلەغ پەقەت ئەمەلىيلەشمىسە، خۇددى
سەن جىنىڭنى «دو» غا تىكىپ كوكرىيىنىغا جەڭ ئېلان قىلغانغا
ئوخشاش، مەنمۇ ئەمىلىمنى، ئۆي بىساتىمنى «دو» غا تىكىپ
بولسىمۇ بانكىدىن قەرز پۇل ئالىمەن.

مىجىت ساۋۇتنىڭ سۆزلىرى ئادىلغا زور ئۈمىد ۋە تەسەللى
بەخش ئەتتى.

كىشىنى ئەڭ قايىل قىلىدىغىنى شۇكى، ئادىل خەلقنىڭ
ئۆزىنى چۈشەنمىگەنلىكى ۋەجىدىن قانچە ئۈمىدسىزلەنمىسۇن ۋە
ياكى باشقىلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ قانچە ئازابلانمى-
سۇن، مەشىقنى زادىلا توختىتىپ قويمىدى. ئۇ ئۆز ھۈنىرىنىڭ
ھامان بىر كۈنى ئەسقاتىدىغانلىقىغا، كوكرىيىنىنىڭ ئۈستىدىن
ئاخىر بىر كۈنى غالىب كېلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى.
شۇڭلاشقا ئۇ قەلبى ئازار يېگەن، يۈرىكى ئازاب ئوتىدا پۇچۇلانغان
ۋاقىتلاردىمۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ مەشىق زالىغا كىرىپ
كېتەتتى. بەزىدە ھەتتا كۆزىدىن ياشلار يامغۇردەك تۆكۈلۈپ تۇر-
سىمۇ ئارغامچا ئۈستىدە كۆكرەك كېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى.

ئادىل ھوشۇر مىجىت ساۋۇتنىڭ پىلانلىشى بىلەن ھەمراھ-
لىرىنى باشلاپ قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، بىر
تەرەپتىن ئويۇن قويۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىئانە توپلاش ئىشىنى
باشلىۋەتتى. مېھنەتكەش دېھقانلار، نامرات زىيالىيلار، قول ھۈ-
نەرۋەنلەر، ئوقۇغۇچىلار، ئىشلەمچىلەر، كىسەللەر، مېيىپلار،
بوۋاي - مومايلار ئۆزلىرىنىڭ يانچۇقىدىكى بېشىدا نەچچە مىڭ
خىل ئوت كۆيۈۋاتقان ئاخىرقى پۇللىرىنى ئۇنىڭغا تىترەپ تۇرغان
قوللىرى بىلەن تەڭلەپ، قاداقلاشقان قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈ-
رۈپ، ئۇنىڭ ئامانلىقى ۋە غەلىبىسى ئۈچۈن دۇئا قىلىشتى...
«بۇ كىشى قەلبىنى نەقەدەر ھاياجانغا سالىدىغان كۆرۈنۈش-
لەر- ھە!»، «ئۇلار نەقەدەر ئالىيجاناب، ساپ قەلب ئىگى-

لىرى ـ ھە!» مۇشۇلارنى ئويلاپ ئادىلنىڭ قەلبى ماياجاندا
كۆچلۈك لەرزىگە كەلدى. ئاق كۆڭۈل، دىلكەش تىرىنداشلىرىغا
يېتىش ـ يېنىشلاپ رەھمەت ئېيتىۋاتقاندا، ئۇ كۆز چاناقلىرىدىن
يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تورۇكلاپ توپىلىق يەرگە چۈشۈۋاتقان
كۆز ياشلىرىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ توختىتىۋالالمىدى...
بىر يىلدىن كۆپرەك تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراش نەتىجىسىدە
يىغىلغان پۇل ئادىلنىڭ سەنشىيادىن ئۆتۈشكە يېتەرلىك پۇلنىڭ
ئوندىن بىرىگە توغرا كېلەتتى. تىنىز گىنىسىز ۋاقىت ھېچكىمنىڭ
رايىغا باقماي ئۆتمەكتە ئىدى. مەبلەغ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن
ئادىلنىڭ سەنشىيادىن ئۆتەلمەي قېلىش خەۋپى گويا دومىلىغانسېـ
رى يوغىنايدىغان قار پومزەكتەك ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئادىلنىڭ
ئاپئاق بىغۇبار قەلبىگە شۇنچە چوڭ قارا كۆلەڭگە تاشلىماقتا
ئىدى. توغرا، ئۇيغۇرلاردا «پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە بولسا،
يەنە بىر ئۇچى يۈرەكتە» دېگەن گەپ بار. مۇشۇ ئاي، مۇشۇ
كۈنلەردە پۇل ئاسان يەردىن چىقمايدۇ. لېكىن، يىل بويى قورـ
ساقنىڭ غېمىدە سوكۇلداپ يۈرىدىغان جاپاكەش دېھقانلار، مائاـ
شىنى ئايدىن ـ ئايغا يەتكۈزەلمەي يۈرىدىغان زىيالىيلار ۋە
ئاتا ـ ئانىسىدىن پۇل سوراپ چوكامۇز ئېلىپ يەپ كۆڭلىنى
خۇش ئېتىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىئانە قىلغان بىر، ئىككى، كۆپ
بولغاندىمۇ ئۈچ رەقەملىك پۇللار بىلەن پۈتۈن دۇنيا خەلقى كۆز
تىككەن بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىنمۇ؟!
ساقالدىكى ئاشقا قورساق تويمايدىغانلىقىنى ھەممىمىز ئېنىق بىـ
لىمىزغۇ؟!
5 ـ ئاي كىرىشى بىلەن ھەرقايسى ئاخبارات ئورۇنلىرى
تەشۋىقاتتا يەنە بىر قېتىم يۇقىرى دولقۇن قوزغاپ، پۈتكۈل
جەمئىيەتنى، ھەربىر جۈڭگو پۇقراسىنى ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشـ
يادىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشقا مۇراجىئەت
قىلدى.

بۇنىڭ تۇرتكىسى بىلەن ئۇرۇمچىدىكى سودىگەرلەر يىگىرمە ئۈچ مىڭ يۈەن توپلاپ بېرىشتى. كېتىدىغان خىراجەت نىسبەتەن زور بولغاچقا، قىزغىن ئىئانىلەر تېخى كېتىدىغان چىقىمنى ئويلىمىغانىدى.

ۋاقىت قىستاپ كەلمەكتە. بۇ ئادىلغىمۇ، بىزگىمۇ پايدىسىز، ئوخشاشلا ۋاقتى كەلسە ئادىلمۇ، بىزمۇ تەڭلا ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىمىز، بىراق ...

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، يەنە بىر ئايغىچە مەبلەغ ئىشىمۇ خۇدايىم بۇيرۇسا بىر گەپ بولۇپ قالار، سەن يەنىلا ئاساسىي زېھنىڭنى مەشىققە قاراتقىن. قالغان ئىشلارغا مەن چاپاي، — دېدى مىجىت ساۋۇت خوشلىشىدىغان چاغدا ئادىلنىڭ دولىسىغا قېقىپ تۇرۇپ.

ھەرقانچە تەسىرلىك تەسەللى سۆزنىڭمۇ كۈچى چەكلىك بولىدۇ. كىشى بۇنداق سۆزلەردىن ھەرقانچە كۆپ ئاڭلىغاندىمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئۇنىڭ تەسىر كۈچى ئاستا - ئاستا ئاجىزلاپ، ئاخىرىدا ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان رەھىمسىز رېئاللىققا يۈزلىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

شۇ كۈنى ئادىل ئۆيىگە قايتىپ چىقىپ، يەنە ئاشۇ قىرغىقىغا يەتكىلى بولمايدىغان خىيال دېڭىزىدا گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ تاڭ ئاتقۇچە قەتئىي ئۇخلىيالمىدى.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئانا يۇرتى، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن قەشقەرگە بارغان ئادىل ھوشۇر قەشقەردىكى ئەسقەر ھاجىم، زۇنۇن ھاجىم قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر يەككە تىجارەتچىلەر ئۇنى ئۆزىنىش ئۇچۇن باغچىغا ئالاھىدە تەييارلىغان كاتتا سورۇنغا داخىل بولدى.

— يۇرتداشلار، — دەپ گەپ باشلىدى سورۇن باشقۇرغۇچى، — ھەممىڭلارنىڭ خەۋىرى بار، ئىنىمىز ئادىلجان ئۆگۈنلۈككە بۇيۇك مەقسەتلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ سەنشىياغا ئاتلانماقچى

بولۇۋاتىدۇ، بۇ ھەممىمىزگە شان - شەرەپ ئېلىپ كېلىدىغان ئۇلۇغ ئىش، شۇڭا مېنىڭ خالايىقتىن ئۆتۈنىدىغىنىم بۇ خەيرخاھ-لىق ئىشنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىسەك. ئەگەر، پۇل قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئادىلجان سەنشيادىن ئۆتەلمىسە، بۇ ئىش ھەممىمىز-نىڭ يۈزىگە سەت بولىدۇ.

سورۇن ئەھلى گويا ئالدىن كېلىشىۋالغاندەك ئورۇنلىرىدىن «دۈررىدە» تۇرۇشۇپ سورۇن باشقۇرغۇچى تەرەپكە سىلجىدى.

— ئەسقەر ھاجىم 10 مىڭ يۈەن!

— زۇنۇن ھاجىم 10 مىڭ يۈەن!

— مەن 5000 يۈەن بېرەي!

— مەن 2000 يۈەن بېرەي!

يېرىم سائەت ئىچىدە 120 مىڭ يۈەن يىغىلدى.

— قېرىنداشلارغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت. مەن چوقۇم ئۈمىدىڭلارنى ئاقلايمەن، — ئادىلنىڭ كۆزىدىن ئىسسىق ياشلىرى تامچىلاشقا باشلىدى. ئەتىسى ئادىل بۇ 120 مىڭ يۈەننى ئېلىپ خۇشاللىق بىلەن ئۆرۈمچىگە قاراپ ئۇچتى.

## سەنشياغا «ھۇجۇم»

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سەھەر، شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ كىچىككىنە ھويلىسى ئادىل ھوشۇر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئۇزاتقۇچىلار بىلەن لىق تولدى. ئوتلۇق تىلەك تىلەشلەر، ھايا-جاندا قول سىقىشلار، ئىبسەدەپ يىغلاشلار خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە داۋاملاشتى. ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېتىپ كەلدى. دارۋازلار بىر - بىرلەپ ئاپتوبۇسقا چىقىپ جايلىشىشقا باشلىدى.

— ئوغلۇم، ئادىل، — دەپ سۆز باشلىدى ئاپتونوم رايون-نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر ئادىلنىڭ قولىنى ئىككى قولى بىلەن مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ، — پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى-

نىڭ ئۇمىدى سەندە قالدى، بىز سىنىڭ غەلىبە خوش خەۋىرىڭنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىمىز، ئۆزۈڭنىڭ ئەڭ يۇقىرى ماھارىتىڭنى كۆرسىتىپ بىزنى راسا بىر خوش قىلىشقا تىرىشقىن. خەير خوش، ساڭا غەلىبە ۋە ئاقىۋول تىلەيمەن.

ئاپتوبۇس ئورنىدىن قوزغالدى. نەچچە يۈزلىگەن تونۇش، سۆيۈملۈك چىرايلار قول پۇلاڭلىتىپ ئاقىۋول تىلىگىنىچە قالدى.

ئايرودرومدا ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان، لېكىن كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان بىر ئىش يۈز بەردى. ئادىل ھوشۇر ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا قولىدىكى ئوتقاشتەك قىپقىزىل گۈل دەستىلەرنى تۇتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قورشاۋىدا قالدى.

— ئادىل ئاكا، ياخشىمۇسىز؟

— بىز سىزنى ئۈزاتقىلى كەلدۇق.

— ئادىل ئاكا، سىزگە ئۇتۇق تىلەيمىز.

ئوقۇغۇچىلار ئادىلغا بەس - بەستە گۈل تەقدىم قىلدى. بىر كىچىك قىز ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ بوينىغا قىزىل گالستۇك تاقاپ قويدى. ئادىل تەمتىرىگىنىدىن دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— سىلەرنى كىم تەشكىللەپ كەلدى؟ قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئادىل بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن.

— بىزنى ھېچكىم تەشكىللىمىدى، ئۆزلۈكىمىزدىن سىزنى ئۈزاتقىلى كەلدۇق.

— بىزنىڭ بۈگۈن يولغا چىقىدىغىنىمىزنى نەدىن بىلدىڭلار؟

— باشقىلاردىن ئاڭلىدۇق، بىزنىڭ سىزنى ساقلاۋاتقىنىمىزغا خېلى ئۇزاق بولدى.

بۇ مايسىلارنىڭ قەلبى، بىغۇبار قەلب ئىگىلىرىنىڭ سەمىمىي تىلىكى ئادىل ھوشۇرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇ گويا مۇشۇ تاپتىلا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ نەقەدەر

ئەھمىيەتلىك، نەقەدەر مۇشكۇل سەپەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىد-
ۋاتقاندەك بولدى.
ئايروپىلان كۆككە كۆتۈرۈلدى. نەچچە يۈز جۈپ بۇدرۇق
قول پۇلاڭلىغىنىچە پەستە قالدى. ئەلۋەتتە بۇ قوللار ئارىسىدا
ئانىنىڭ قۇچىقىدا تۇرۇپ، ھەيۋەتلىك گۈركىرەپ كۆككە ئۆرلە-
ۋاتقان بۇ غايەت زور «مەخلۇق» قا قورقۇمسىراپ قاراپ تۇرغان
قىزى ئادىلەنىڭ تاتلىق قولىمۇ بار ئىدى.
دارۋازلار ئەترىتى فىڭجى ناھىيىسىگە يېتىپ كەلگەن كۈنىلا
مىجىت ساۋۇت بارلىق خادىملارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ قىسقا
باش قوشۇش يىغىنى ئاچتى:
— ھازىر قولىمىزدا بار پۇل ئىككى يۈز مىڭ يۈەنگىمۇ
يەتمەيدۇ، شۇڭا چىقىمنى تېجەش ئۈچۈن ھەممە ئىشنى ئۆزىمىز
قول سېلىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. تاماقنىمۇ ئۆزىمىز ئېتىپ
يەيمىز. ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپچىلىق قىلىشقا رۇخسەت يوق،
بۈگۈن ئوبدان دەم ئېلىڭلار، ئەتە ئەتىگەندىن باشلاپ رەسمىي
ئىشقا كىرىشىمىز، — دېدى مىجىت ساۋۇت كەسكىنلىك بىلەن.
ئىشلار ھەدېگەندە ئوڭغا تارتمىدى. ئادىل ھوشۇر بىلەن
مىجىت ساۋۇتنىڭ فىڭجى ناھىيىلىك ئۆي - زېمىن تەرەققىيات
شىركىتىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئېلىپ بارغان 36 تال چىگىد-
تىش ئارغامچىسى تارتقۇزۇش توغرىسىدىكى سۆھبىتى كۆڭۈلسىز
ئاياغلاشتى.
— بىر مىليون 246 مىڭ يۈەن تۆلىسەڭلار 72 تال ئىنچىكە
ئارغامچىنى دېگەن ۋاقىتتا سۈپەتلىك كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا
تارتىپ بېرىمىز... — دېدى شىركەت مەسئۇلى قولىدىكى ئې-
لېكترونلۇق ماشىنىسى بىلەن بىر ھازا ھەپىلەشكەندىن
كېيىن.
— نېمە؟ بىر مىليون 246 مىڭ يۈەن! — دەپ سورىدى
ئادىل ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي. چۈنكى، ئۇنىڭدا نەدىمۇ ئۇنچىلىك

كۆپ پۇل بولسۇن؟
— شۇنداق، چۈنكى بۇ قۇرۇلۇشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ۋە خەۋپ - خەتىرى ناھايىتى چوڭ.
— شۇنداقتىمۇ، سەل ئىنساپ بىلەن بىرنېمە دېگىنىڭلار تۇزۇك - دە. ئەينى ۋاقىتتا كوكرىيىن تاغ تېشىپ، تاش پارتلىتىپ 72 تال ئارغامچا تارتقۇزۇشقىمۇ بىر مىليون 160 مىڭ يۈەن خەجلەپتىكەنغۇ؟ — دېدى مىجىت ساۋۇت.
— ئۇ دېگەن 1995 - يىلدىكى ئىش. ھازىر ھەممە نەرسىنىڭ باھاسى ئۆستى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزمۇ پۇل تېپىپ نەچچە ئون ئادەمنى باقمىساق بولمايدۇ.
يانچۇقتىكى پۇل بىلەن شىركەتنىڭ قويغان باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تولىمۇ چوڭ بولۇپ، بۇ ئۇلارغا قايتا سۆزلىشىش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقىدىن بېشارەت بېرەتتى. 200 مىڭ يۈەنگە پۈتۈشتى دېگەندىمۇ ئۇلار يانچۇقتىكى بارىنى بىراقلا بۇ شىركەتكە تۆتقۇزۇپ قويالمايتتى. باشقا ئېلىنىدىغان تۈرلۈك ھەقلەر، بېجىرىلىدىغان رەسمىيەتلەر، ئون نەچچە ئادەمنىڭ ئۈچ ۋاخلىق تامىقى، ياتىقى ۋە قايتىش كىراسىنىڭ ھەممىسى ئاشۇ بار - يوقى 200 مىڭ يۈەنگىلا قاراشلىق ئىدى.
ئادىل بىلەن مىجىت ساۋۇت بۇ ئىشنى ئۆزلىرى قىلىشنى كېڭىشىپ، شىركەت مەسئۇلىنىڭ ئىشخانىسىدىن قايتىپ چىقتى.
ئەتىسى ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا كوكرىيىن ئىشلەتكەن ئىنچىكە پولات ئارغامچىنى تارتىشقا قاتناشقان ئىككى تېخنىك خادىمنى ئىزدەپ تاپتى ۋە بۇ ئىككيلەننىڭ ياردىمى بىلەن ناھايىتى تېزلا ئىشنى باشلىۋەتتى. ئادىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مىجىت ساۋۇتنىڭ باشچىلىقىدا ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەپ، بەش كۈندە 36 تال ئىنچىكە پولات ئارغامچىنى پۈتۈنلەي تارتىپ بولدى. ئۇلار بۇ ئىشقا پەقەت 50 مىڭ يۈەنلا سەرپ قىلدى.

فىنجى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، سۇ-غۇرتا شىركىتى، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىدىغان ئىشلارمۇ خېلى ئوڭۇشلۇق ھەل بول-دى.

1997 - يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى. ئادىل ھوشۇر پولات ئارغامچىدا سىناق تەرىقىسىدە مېڭىپ بېقىش مەقسىتىدە ھەمراھ-لىرى بىلەن تاغقا ياماشتى.

— كوكرىيىن بۇ جاينىڭ ھاۋا كىلىماتىغا ماسلىشىش ئۈ-چۈن ئەينى چاغدا تاغ چوققىسىغا چىدىر تىكىپ تۆت كېچە قونۇپ-تىكەن، سەنمۇ بىر-ئەر كېچە يېتىپ باقامسەن؟ — دەپ ئادىل بىلەن چېقىشتى مجىت ساۋۇت كېتىۋېتىپ.

— مېنىڭچە، بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. كوكرىيىن چەت ئەللىك بولغاندىكىن، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ، — دېدى ئادىلمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇلار ئەنە شۇنداق كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن تاغ چوققىسىغا چىقىپ قالغىنىنى تۇيماي قېلىشتى.

ئادىل ھوشۇر تەڭشەكنى قولىغا ئېلىپ پولات ئارغامچا ئۈس-تىگە چىقتى ۋە تېز - تېز چامداپ مېڭىپ پولات ئارغامچىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا يېتىپ باردى.

— توۋا، ئادىل توققۇز مىنۇتتىلا ئوتتۇرىغا بېرىپ بولدىغۇ؟

— ئۇ مۆجىزە يارىتامدۇ نېمە؟

— ئۇ ئۈگۈنلۈككە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ئوخشايدۇ.

قىرغاقتا تۇرغانلار قىزغىن بەس - مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەت-تى. ئاڭغىچە ئادىل يەنە شۇنداق تېز ماڭغىنىچە قايتىپ كەلدى. كېلىۋېتىپ، تېخى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىرنەچچە قىزىقار-لىق ھەرىكەت ئىشلەپ ھەمراھلىرىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

ئادىل قايتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، شىنجاڭدىن كەلگەن

بىرنەچچە مۇخبىر ئۇنى ئورنىۋېلىپ سوئال سوراشقا باشلىدى:
— ئادىل، بىزگە راست گەپ قىلىپ باقە، زادى قانچە مىنۇتتا ئۆتۈپ كېتىشكە كۆزۈڭ يېتىدۇ؟
— 40 مىنۇتتا دېگەن سۆزۈڭدە خېلى كەڭ ئېھتىماللىق قالدۇرۇلغانمۇ قانداق؟
— ئەتە بىراقلا مۆجىزە يارىتىش ئويۇڭ بارمۇ؟
ئادىل مۇخبىرلارغا قاراپ سىرلىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:
— بۇگۈنكى ئەھۋالغا قارىغاندا، كوكرىيىسندىن بىر ھەسسە تېز سۈرئەتتە ئۆتۈپ كېتىشكە كۆزۈم يېتىدۇ، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا تۆۋەنگە قاراپ يۇگۈرگەندەك چۈشۈپ كەتتى.
6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كەچتە مىجىت ساۋۇت ئاكا ئادىل-نىڭ ياتىقىغا كىردى:
— ئەتە پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆزى ساڭا تىكىلىدۇ. بىز زارد-قىپ كۈتكەن مىنۇتلار ئاخىر يېتىپ كەلدى، شۇڭا تازا بىر ئوبدان ئارام ئېلىپ ئەتە ھەممە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ياخشى نەتىجە يارىتىشقا تىرىشقىن. ھەرگىز جىددىيلەشمە، ئاز-راقلا جىددىيلەشسەڭ ئارام ئېلىشىڭغا تەسىر يېتىدۇ، — دېدى ئۇ ئادىلنىڭ كۆزىگە قاراپ كۆيۈمچانلىق بىلەن.
— سىزمۇ مۇشۇ ئىشلارنى دەپ كۆپ چارچىدىڭىز، ئوبدان ئارام ئېلىڭ، — دېدى ئادىل.
مىجىت ساۋۇت ئاكا ئادىلنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ قويۇپ ياتىقىغا چىقىپ كەتتى. ئادىل ئۆزى ئۈچۈن نۇرغۇن ئەجىر سىڭ-دۇرگەن بۇ تەلەپچان ئۇستازىغا چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن قارىغىنىچە جايىدا بىرھازاغىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى...
دەرۋەقە، مىجىت ساۋۇتنىڭ ئادىل ھوشۇر تاللىغان بۇ ئۇ-لۇغۋار ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدا ئوينىغان رولىنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. بولۇپمۇ بۇگۈنكى كۈندىكى يۇرت-ۋازلىق، گۇرۇھۋازلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھەركىم ئۆز

ئالدىغا «كىچىك بەگلىك» قۇرىدىغان، ئۆزى چالغان داپقا ئۇسسۇل ئوينىمىغان ھەرقاندىقىنى تۈرلۈك ھىيلە ـ نەيرەڭ ۋە پەسكەشلىكلەر بىلەن ھاڭغا ئىتتىرىدىغان، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە ئوچۇق ـ ئاشكارا «جەڭ» ئېلان قىلىپ بۆلگۈنچىلىك تۇغدۇرىدىغانلار ئارىسىدا مىجىت ساۋۇتقا ئوخشاش ئالتۇننىڭ قەدرىگە يېتىدىغان «زەرگەر» دىن نەچچىسى باردۇر؟! شۇ نەرسە ئېنىقكى، بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ نەتىجىسى ئۈچۈن چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ قاقاقلاپ كۈلەلەيدىغان ھەقىقىي ئىنسان، ئۆز مايىسلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى چېچەكلىتىش يولىدا شام كەبى ئۇن ـ تىنسىز كۆيۈپ تۈگەشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرالايدىغان ئۇستاز ۋە ئەۋلادلارنىڭ گۈزەل كېلەچىكى ئۈچۈن توغرا يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان يارامىلىق ئاتىلار قانچە كۆپ چىقسا، كەلگۈسىمىزدىن تېخىمۇ زور ئۈمىدلەرنى كۈتكىلى بولىدۇ.

## مۇئەللەقتە پەرۋاز قىلىش

زارىقىش، ئىنتىزارلىق ۋە تەشنالىق ئىچىدە كۈتكەن كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى.

1997 ـ يىلى 22 ـ ئىيۇن، تاڭ يورۇش بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرغان ئادىل ھوشۇر يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ بولۇپ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ يىراقلارغا نەزەر سالغىنىچە خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدى…

مانا ئىزتىراپ، تىت ـ تىتلىق ئىچىدە ئۆتكەن 20 ئايمۇ تۈگەپ، ئۇ تۈت كۆزى بىلەن كۈتكەن، ھاياتىدىكى ئەڭ خەتەرلىك ۋە ئەڭ ئۇنتۇلماس مىنۇتلار كەلدى. مۇشۇ تاپتا سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتۈپ يېڭى جىننىس دۇنيا رېكورتىنى يارىتىش ئۈچۈن ئۆزىگە پۇل ئىئانە قىلغان دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر، ئوقۇغۇ-

چىلار، زىيالىيلار، مېيىپلار، كېسەلچان بوۋاي - مومايلار ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشسىز قالغان نارەسىدىلەرنىڭ كۆزلىرىدە پارلىغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى، خىراجەت يېتىشمەسلىك سەۋەبى تۈپەيلىدىن ئۆزى بىلەن كېلىشكە ئامالسىز قېلىپ ئايرودرومدا ئۇماق قىزى ئادىلەنى كۆتۈرگىنىچە كۆز چاناقلىرىنى ياشقا تولدۇرۇپ قالغان كۆيۈمچان، ۋاپادار جۈپتى ئىباگۈل، يۇرتىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئامانلىق ۋە ئاسانلىق تىلەپ دۇئاغا كۆتۈرگەن قاداقلاشقان قوللىرى ... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدىن كىنو لېنتىسىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

— ئادىل ئۇكام، يولغا چىقىدىغان ۋاقىت بولدى، — مىجىت ساۋۇتنىڭ ئاۋازى ئۇنى چوڭقۇر خىيال قايىنىمىدىن سۆرەپ چىقتى.

سائەت ئەمدىلا يەتتە يېرىم بولغان بولسىمۇ، ئادىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چۈشكەن فىنجى ناھىيىلىك قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ مېھمانخانىسى ئالدىدىكى يولنىڭ ئىككى قاسنىقى ئادىلنى ئۇزدىتىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەر بىلەن تولغانىدى. ئادىل ھوشۇر قاتارلىقلار چۈشكەن مىنىبۇس ئورنىدىن قوزغىلىشى بىلەن تەڭلا، مېھمانخانىنىڭ مۇلازىملىرى، يەككە تىجارەتچىلەر ۋە يېقىن ئەتراپتىكى شەھەر ئاھالىلىرىدىن تەركىب تاپقان ئۇزاتقۇچىلار قوشۇنى مىنىبۇسنىڭ ئارقىسىدىن تەڭ دېگۇدەك يۈگۈرۈپ:

— ئادىلى، جۇ نى چېڭ گوڭ (ئادىل، سىزگە ئۇتۇق يار بولسۇن!)!

— ئادىلى، نى يىدىڭياۋ چۇدې خاۋ چېڭجى! (ئادىل سىز چوقۇم ئۇتۇپ چىقىڭ!)! — دەپ ۋارقىراشتى.

مىنىبۇس مېھمانخانىدىن خېلى يىراقلاپ كەتكۈچە كىشىلەرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى يەنىلا ئاڭلىنىپ تۇردى.

ئەزەلدىن بىر - بىرىنى كۆرۈشۈپ باقمىغان ناتونۇش كىشى-

لەرنىڭ يۈرەك قېتىدىن چىقىۋاتقان سەممىي تىلەكلەر ئادىلنىڭلا ئەمەس، مىنىبۇس ئىچىدىكى ھەممە كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئۇلار تاغ باغرىغا كەلگەندە، شۇ يەردىكى يەرلىك دېھقانلار ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان تەختىراۋانلىرىنى كۆتۈرۈپ شۇپ كېلىپ ئۇلارنى قورشىۋالدى. دېھقانلار بىر - بىرىدىن قىزغانغاندەك قىستىلىشىپ ئادىلنىڭ قولىدىن، پېشىدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ تەختىراۋانى تەرەپكە سۆرەيتتى، ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك بۇ باتۇر ئوغلاننى تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ تاغ چوققىسىغا كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى بىلدۈرگۈسى ۋە ئۇنىڭ شان - شەرىپىدىن تەڭ بەھرىمەن بولغۇسى بار ئىدى.

— يۇرتداشلارغا كۆپ رەھمەت. مەن كوكرىيىنغا جەڭ ئېلان قىلغانىكەنمەن ھەممە جەھەتتىن جەڭ ئېلان قىلىشىم كېرەك. شۇڭا تاغقا پىيادە مېڭىپ چىقىمەن، — ئادىل سۆزىنى تۈگىتىپلا قەدەملىرىنى چوڭ - چوڭ ئېلىپ سەپنىڭ ئالدىدا تاغ چوققىسى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئادىل ئۈچ كىلومېتىردىن كۆپرەك تاغ يولىنى پىيادە بېسىپ، تاغ چوققىسىغا بىرىنچى بولۇپ يېتىپ چىقتى ھەمدە پېشانىسىدىكى مونچاق - مونچاق تەرلەرنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ كەيپى بۆلەكچىلا چاغ بولۇپ، چېھرىدە ئىللىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قەلبىنىڭ غەلىبىگە بولغان ئىشەنچكە تولغانلىقىنى بىلىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس ئىدى.

چيۇتاڭشيا بوغۇزى سەنشيا بوغۇزىنىڭ بىرىنچى بوغۇزى بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالىي قىرغىقى چىجياشەن تېغى، جەنۇبى قىرغىقى بەيىەنشەن تېغى دەپ ئاتىلاتتى. دۇنياغا مەشھۇر چاڭجياڭ دەرياسى مانا مۇشۇ ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي شەكىللەنگەن كويىمىن ئېغىزىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى. ئادىل ھوشۇر ۋە ئۇنىڭ

ھەمراھلىرىنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى تەخمىنەن 150 كۋادرات مې-
تىر كەڭلىكتىكى بۇ مەيدان چىجياشەن تېغىنىڭ بىر چوققىسى
ئىدى. كوكرىيىن دەل مۇشۇ يەردىن باشلاپ پولات ئارغامچا
ئۈستىدە مېڭىپ جەنۇبىي قىرغاقتىكى بەييەنشەن تېغىغا ئۆتۈپ
كەتكەنىدى.

ئادىل ھاڭنىڭ گىرۋىكىدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر تاشلىدى.
دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بىر - بىرىگە مىنگەشكەن ئېگىز
چوققىلار ئانا يۇرتىدىكى تاغ چوققىلىرىغا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيت-
تى. بۇ تاغلارنىڭ يىل بويى ياپيېشىل ياشناپ تۇرىدىغان قەيسەر
قارىغايلىرى، مويسېپىتلارنىڭ چېچىدەك ئاپئاق چوققىلىرى بول-
مىسىمۇ، بۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ھەيۋىتى ۋە سەلتەنىتى بار
ئىدى. ئادىل بېلىنى سەل ئېگىپ تۆۋەنگە قارىدى. شەرققە قاراپ
ھەيۋەت بىلەن ئېقىۋاتقان ئەزىم دەريا چاڭجياڭنىڭ ساپسېرىق
سۈيى كىشىگە خۇددى قانداقتۇر بىر غايىۋى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە
بىر يۆنىلىشكە قاراپ سىلجىپ كېتىۋاتقان ئالتۇن باشاقلارنى
ئەسلىتەتتى. سۇ يۈزىدە ئۇزاقتىن - ئۇزاق نەرە تارتىپ كېتىۋات-
قان غايەت زور پاراخوتلارغا تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ قارىغاندا، سۇ
يۈزىگە قويۇپ بېرىلگەن ئويۇنچۇق پاراخوتتەكلا ئوخشاپ قالغاند-
ى. تۆت ئەتراپتىكى كۆز يەتكۈسىز يېشىللىق بىر قاراشتىلا
ئىلى، تارىم ۋادىلىرىدىكى سۆيۈملۈك ئېتىزلىقلاردەك بىلىنەت-
تى. گۈزەللىك ھەم خەۋپ - خەتەر مۇجەسسەملەنگەن بۇ ئاجايىپ
زېمىننىڭ كىشىدە قالدۇرىدىغان تەسىرىمۇ ئۆزگىچە ئىدى. ئىك-
كى چوققا ئوتتۇرىسىدىكى مۇئەللەققە تارتىلغان پولات ئارغامچا
كىشىگە قاراپ زەھىرىنى چېچىپ ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان
ۋەھشىي يىلاندەك كۆڭۈلگە قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە سالاتتى.

كىشىنى ھەممىدىن بەك سۆيۈندۈرىدىغىنى، بىرنەچچە كۈن-
دىن بۇيان ھېلىدىن - ھېلىغا تەرىنى تۆرۈپ، قەيەرلەردىندۇر
پەيدا بولۇپ قالغان بۇ يوچۇن مېھمانلارغا «ئوچۇق چىراي»

ئاچمىغان هاۋا بۈگۈن ئادەتتىن تاشقىرى «خۇشخۇيلىشىپ» كەت-
كەن بولۇپ، قۇياشمۇ بۇ مۆجىزىنى كۆرۈشكە ئالدىراۋاتقاندەك
ئالدىنى توسۇۋالغان بۇلۇتلارنى قوغلىۋېتىپ ئىللىق چىھرىدىن
تارقالغان سېخىي نۇرلارنى تۆت ئەتراپقا تەكشى سېپىپ كۆزىنى
ئادىلدىن ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى.

20 ئاي ئىمتاسلىقتا چۆمگەن كۈيمىن ئېغىزى يەنە بىر قېتىم قايناپ - تاشقىنلىق ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. سەھەردىن باشلاپ نەچچە ئونمىڭلىغان ئاما تاغ باغرىغا قاراپ سەلدەك ئاقتى، تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ تۆۋەنگە قارىغاندا، ئايغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ئادەملەر توپى كىشىگە خۇددى يامغۇرنىڭ شەپىسىنى ئالدىنئالا سېزىپ ئالدىراپ دۆڭگە كۆچۈۋاتقان ئىشچان چۈمۈلىلەرنى ئەسلىتەتتى. دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغ باغرى، قىيا تاشلار، چوققىلار ۋە يىلان باغرى سوزۇلغان يالغۇز ئاياغ يوللارنىڭ ھەممىلا يېرى ئادەمگە تولغان بولۇپ، ئالىقانچىلىك بىكار يەر تېپىشمۇ تەسكە چۈشەتتى. كىشىلەر ئارىسىدا ئاتا - ئانىسىغا: «مېنىمۇ ئاپارغىن!» دەپ خەقىشلىق قىلىپ ئاخىر مۇرادىغا يەتكەن ئۈچ - تۆت ياشلىق نارەسىدىلەرمۇ، 70 - 80 ياشلىق بوۋاي - مومايلارمۇ بار ئىدى.

ئادىل نەزىرىنى يىراقلاردىن يۆتكەپ يېنىدىكى مىجىت سا-ۋۇتقا قارىدى. مىجىت ساۋۇت ئەتىگەندىن بېرى تۆت تەرەپكە تىنىمسىز چېپىپ، تۇرلۇك تەييارلىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاش-تۇرغاچقا، پۈتۈن ئەزايى يېڭىلا مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى-نى ئاياغلاشتۇرغان تەنھەرىكەتچىدەك چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى.

— مىجىتكا، قانچىلىك ئادەم باردۇ؟ — دەپ سورىدى ئادىل بېشى بىلەن قارشى قىرغاقنى شەرەت قىلىپ.

— ساقچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، تەخمىنەن 40 - 50 مىڭچە ئادەم بار ئوخشايدۇ. كوكرىيىن ئۆتكەن چاغدىكىدىن بىر ھەسسە

ئارتۇق دېيىشىۋاتىدۇ، — دېدى مىجىت ساۋۇت يۈز ـ كۆزىدىكى تەرلەرنى سۈرتكەچ.

— بۇ ئۆمرۈمدە كۆرسەتكەن نەچچە مىڭ قېتىملىق ماھارىتىم ئىچىدىكى تاماشىبىنلىرى ئەڭ كۆپ بولغان بىر قېتىملىقى بولۇپ قالىدىكەن ـ دە، — دەپ شوخلۇق بىلەن كۈلدى ئادىل.

ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى سۆز ـ ھەرىكىتى ۋە چىراي ئىپادىسىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ بىر ئازدىن كېيىن ئادەتتىكى كىشىلەر ئېگىزدە تۇرۇپ يۈرەكلىك ۋارقىراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان چوڭقۇر ھاڭنىڭ ئۈستىدىن پولات ئارغامچىغا دەسسەپ ئۆتىدىغانلىقىغا پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. بولۇپمۇ بۇ مەيداندىكى ئەينى چاغدىكى كوكرىيىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولغان ساقچىلار شۇ چاغدا كوكرىيىنىڭ ھېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمەي خۇددى مەشۇقىدىن بىمەھەل جۇدا بولۇپ ئېغىر دەرد ـ پىراقىقا دۇچار بولغان ئاشىقتەك سايىۋەن ئاستىدا بىر نۇقتىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە، ئادىلنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئۇلارنىمۇ تېخىمۇ بەك ھەيران قالدۇردى.

ئادىل راستىنلا تەنتەكلىك قىلىپ جېنى بىلەن ئوينىشىۋاتامدىغاندۇ؟! ياق، ياق! ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ئۆز ۋەتىنى، ئۆز خەلقىنىڭ پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئالدىدا قەددىنى رۇسلىشىدەك مۇشكۈل ۋە ئۇلۇغۋار ئىشنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ بۇ ئىشنىڭ ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكنى ئىكەنلىكىنى، ئازراقلا بىخەستەلىك قىلسا ئېگىز قىيالاردىكى تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ بېجىرىم جىسمىنىڭ پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققان مەرد ئوغلان. ئۇنى بۇگۈن مۇشۇ خەتەرلىك تىك ھاڭنىڭ گىرۋىكىگە ئېلىپ كەلگىنى باشقا بىر نەرسە ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ۋەتەن ۋە خەلققە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەت، ۋەتەن-

نىڭ، خەلقنىڭ ئار ـ نومۇسىنى ئۆزۈمنىڭ شان ـ شەرىپى دەپ بىلىشتەك غەيۇرانە روھ.

ئادىلنىڭ چېھرىدە جىلۋە قىلىپ تۇرغان يېقىملىق كۈلكە ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقان شوخ ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەن ئەتراپتىكى خادىملار ئەنسىرەشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتىمۇ قانداق، يۈرەكلىك بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان مۇشۇ خاسىيەتلىك مىنۇتلاردىن مەڭگۈلۈك خاتىرە قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن سۈرەتكە چۈشتى، بەزىلىرى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان خاتىرە، مايكا، قولياغلىق، بايراقچە قاتارلىقلارغا ئىمزا قويدۇردى. بىرنەچچە مۇخبىر يەنە تېخى ئۇنى قىسقا زىيارەت قىلىپمۇ ئۈلگۈردى. ئادىلنىڭ بۇ چاغدىكى سۆز ـ ھەرىكىتى تولىمۇ تەبىئىي ۋە ئەركىن ـ ئازادە ئىدى.

— كەيپىياتىڭ قانداقراق، جىددىيلىشىۋاتامسەن؟— دەپ سورىدى مىجىت ساۋۇت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— سىز گە ئوخشاش نەچچە ئون مىڭ قېرىندىشىم بۇ يەرگە كېلىپ ئىلھام بېرىۋاتسا مەن نېمىدىن قورقاتتىم، ئەكسىچە سائەت قاچان 11 بولاركىن دەپ تەقەززا بولۇۋاتىمەن، — دېدى ئادىل.

توغرا، ئۇ ئىككى يىل ئىلگىرى «40 مىنۇت ئىچىدە سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتىمەن» دەپ پۈتۈن دۇنياغا تەنتەنە بىلەن جاكارلىغاندا ئۆلۈم ۋە قورقۇش دېگەنلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان، بۈگۈنمۇ قىلچە قورقمىدى، كەلگۈسىدىمۇ ھەرگىز قورقمايدۇ. ئارغامچا ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىشكە كەلگەندە «قورقۇش» دېگەن سۆزنى ئۇنىڭ لۇغىتىنىڭ ھېچقانداق يېرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. ئالتە يىل ئىلگىرى ئۇ شاڭخەيدە دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىۋاتقاندا ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىپ 17 مېتىر ئېگىزلىكتىن يىقىلىپ پۇت ـ قوللىرى سۇنۇپ كەتكەندە بەزىلەر ئۇنى

ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ئارغامچا ئۈستىگە چىقالمايدۇ، چىققان تەقدىردىمۇ قورقۇپ دادىل ھەرىكەت قىلالمايدۇ، دېيىشكەنىدى. لېكىن، ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا سالامەتلىكى تېخى تولۇق ئەسلىگە كېلىپ بولالمىغان ئادىل يەنە ئارغامچا ئۈستىدە پەيدا بولۇپ، بوشلۇقتا مەردانە قەدەم تاشلاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ ھەممە كىشىنى ھەيران قالدۇرغان ئەمەسمىدى؟! شۇ قېتىم ئۇ ئۆزى سۆيگەن كەسپى ئۈچۈن ھەرقانداق چوڭ بەدەل تۆلەشكە ھەر ۋاقىت تەييار ئىكەنلىكىنى جامائەتچىلىك ئالدىدا يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىغانىدى. بولۇپمۇ ئۇ بوشلۇقتا ماھارەت كۆرسىتىپ ئۆز ۋەتىنى، خەلقى ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈرۈشنى قەلبىگە پۈككەندە «قورقۇش» دېگەن سۆزنى يادىغا ئېلىشنىمۇ نومۇس دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭچە، پولات ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىپ سەنئىدىن ئۆتۈش ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس. ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى، ئۆز يۇرتى، ئۆز خەلقى ئارىسىدا ئاشۇ كۆرەڭ چەت ئەللىكلەرگە جەڭ ئېلان قىلىپ ئۇلارنى بېسىپ چۈشەلىگۈدەك بىر ئەزىمەتنىڭ چىقماي قېلىشىدا.

ۋاقىت مىنۇت، سېكۇنتلاپ ئاستا - ئاستا ئۆتمەكتە، پۈتۈن مەيداندىكى 50 مىڭغا يېقىن ئاما، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا خەلقى ۋىسال مىنۇتلىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە. ئادىلنىڭ تومۇرلىرىدىكى ئىسسىق قان ھەيۋەتلىك چاڭجياڭ دەرياسىدەك ئۆركەشلەپ ئېقىپ، ۋۇجۇدى گۈلخان بولۇپ ياناتتى. رەھمەتلىك ئاتا - ئانىسى، كۆيۈمچان ئۇستازى، سۆيۈملۈك ئايالى ۋە دىلكەش يار - بۇرادەرلىرى كۆز ئالدىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم نامايان بولۇپ، ئۆزىگە ئاقيول ۋە ئامانلىق تىلىمەكتە ...

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تارتىپ، ئاددىي دېھقانلارغىچە بولغان ساپ دىل قېرىنداشلار يىراق - يىراقلاردىن يوللىغان ئوتلۇق تىلەكلەر مىجىت ساۋۇتنىڭ قولىدىكى كۆچمە تېلېفوننى مەنزىل قىلىپ كەينى - كەينىدىن ئۇچۇپ كېلىپ،

ئادىلنىڭ چوغدەك يۈرىكىگە قونماقتا ... مەيداندىكى تاقىتى تاق بولغان ئاممىنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرى ھېلىدىن ـ ھېلىقى بوۋاقلى-رى پەللىگە چىقىپ كىشىگە ئىختىيارسىز قانلىق جەڭ مەيدانلى-رىنى ئەسلەتمەكتە ...

«ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئەتراپىمىزدا ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى ياڭ-راپ تۇرغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!» دەپ ئويلىدى ئادىل ئىچىدە. شۇنداق، ناغرا ـ سۇناي تەنتەنە ۋە خۇشاللىقنىڭ بەلگىسى، ئۇ مەرد ئوغلانلارنى جەڭگە چاقىرىدىغان سىگنال، ئۇ قەھرىمانلارنىڭ زەپەر مارشى، غەلىبىدىن ئالدىنئالا بېرىلگەن بېشارەت. ئۇيغۇر دارۋازلىرىنىڭ بوشلۇقتىكى ھەربىر ھەرىكىتى ناغرا ـ سۇناي كۈيىنىڭ ھەربىر رىتىمىغا ماسلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ تېنىدىكى قانمۇ ئاشۇ كۈيگە تەڭكەش بولۇپ ئاقىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر دارۋازلىرىنىڭ تەقدىرى ناغرا ـ سۇناي كۈيى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. دارۋازلار بوشلۇقتا ئاشۇ يېقىملىق ھەم ئىزگۇ ناغرا ـ سۇناي كۈيلىرىدىن ئۆزىگە روھىي ئوزۇق تاپىدۇ ھەمدە ئاشۇ كۈي بىلەن ۋۇجۇدىنى ئۆرتىگەن تەشنالىقنى قاندۇرىدۇ. ئادىل بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپلا يېقىملىق ناغرا ـ سۇناي كۈيلىرىنى ئاڭلىغان، ئاشۇ كۈيلەر ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىل-گەن، ئاشۇ كۈينىڭ خاسىيىتى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىلەن كۆكتە پەرۋاز قىلغان، ئۇنى ھەمراھ قىلىپ مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى نى ـ نى كاتتا سورۇنلاردا بارچە ئەلنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك كاتتا ماھارەتلەرنى كۆرسەتكەن، شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭۈل رىشتىسى سۆيۈملۈك ناغرا ـ سۇناي بىلەن مەڭگۈلۈك چېتىلغان. بۇ قېتىم «پۇل» دەپ ئاتىلىدىغان رەڭلىك قەغەز يەنە بىر قېتىم كارامىتىنى كۆرسىتىپ، ئۇنى ناغرا ـ سۇناي كۈيىدىن مەھرۇم قىلدى. بىراق، ئاجايىپ كارامەتكە ئىگە ئاشۇ پۇل ئادىلنىڭ قەلبىدە ئۇزۇلمەي رىتىملىق ياڭراۋاتقان ناغرا ـ سۇناي كۈيىنى قوغلاپ چىقىرىشقا ئامالسىز قالدى. چۈنكى، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەۋەرروك بولۇپ قالغان بۇ كوي ئۇنىڭ يۈرەك قېتىغا، ئىنسىق قانلىرىغا، ھەتتا پۈتۈن ۋۇجۇدىغا مەڭگۈلۈك مۆھۈر بولۇپ ئورناپ كەتكەنىدى. ئۇ مۇشۇ تەۋەرروكنىڭ مەدىتى بىلەن كۆز ئالدىدىكى بۇ پىلىلەرات كۆۋرۈكىدىن مەغرۇر مېڭىپ ئۆتىدۇ...

— يەنە ئىككى مىنۇت قالدى، ئادىل مېڭىشقا تەييارلىق قىل! — دېدى مىجىت ساۋۇت قولىدىكى سائەتكە قاراپ.

— تەييارلىقىم پۈتتى! — دېدى ئادىل قولياغلىقى بىلەن قوللىرىنى سۈرتكەچ.

مىجىت ساۋۇت ئىككى قولىنى ئادىلنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن تىكىلدى. ئادىل قانداقتۇر بىر غايىۋى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇستازى مىجىت ساۋۇتنى مەھكەم قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ 20 ئايدىن بېرى ئۆزى ئۇچۇن كېچە - كۈندۈز پالاقشىپ تالاي مۇشكۇلاتلارنى ئاسان قىلغان، ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ چېچەكلەپ مېۋە بېرىشى ئۇچۇن يۈرەك قېنىنى قىلچە ئايانماي سەرپ قىلغان بۇ ئەل سۆيەر ئۇستازىنى پەقەت قويۇۋەتكۇسى يوق ئىدى. ئاجايىپ بىر ئىللىق سېزىم ئىككى قەلبنى بىر - بىرىگە تېخىمۇ چىڭ باغلىماقتا ئىدى. ئىككى جۈپ كۆز ھاياجاندا نەملەندى.

— بولدى، مېڭىشقا تەييارلانغىن، ھاياجانلانما، سالماق بول! — دېدى مىجىت ساۋۇت ئادىلنىڭ دولىسىغا قېقىپ تۇرۇپ.

ۋىسال دەقىقىلىرى ئاخىر يېتىپ كەلدى.

بېشىغا بادامدوپپا، ئۇچىسىغا ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرىدىغان قىپقىزىل كانۋا كۆڭلەك، پۇتىغا قاتتىق چەملىك قىزىل ئۆتۈك كىيگەن ئادىل ھوشۇر ئېغىرلىقى 9.8 كىلوگرام، ئۇزۇنلۇقى 12.2 مېتىر كېلىدىغان ئالىيۇمىنىدىن ياسالغان تەڭشەكنى ئىككى قولىدا مەھكەم تۇتقىنىچە پولات ئارغامچا ئۇستىدە ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن مېڭىپ كەتتى.

50 مىڭ جۈپ كۆز بىرلا ۋاقىتتا بىر نۇقتىغا — ئادىلغا مىختەك قادالدى. مەملىكەت ئىچىدىكى 30 نەچچە ئاخبارات ئورۇنلىرىدىن كەلگەن مۇخبىرلارنىڭ قولىدىكى فوتوئاپپارات ۋە تېلېكامېرالارنىڭ كۆزىمۇ ئاشۇ نۇقتىغا توغرىلاندى. ئوت يۈرەك ئوغلاننىڭ تەقدىرىگە كۆز تىككەن ۋە ئۇنىڭدىن ئالەمشۇمۇل ئۇمىدلەرنى كۈتكەن مىليونلىغان خەلق ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ فىنگجى ناھىيىسىگە ئالايىتەن ئەۋەتكەن ياش مۇخبىرى ئابلىكىم ئابلىمىتنىڭ نەق مەيداندا كۆچمە تېلېفوندا بېرىۋاتقان خەۋىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئانچە - مۇنچە ئارام تاپقاندەك بولۇپ، قاتتىق تىقراق نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، ھەربىر ئېغىز سۆزىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاشتى.

— بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت ...

مىجىت ساۋۇت ئادىلدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئۇنىڭ قەدىمىنى بىرمۇبىر ساناپ ئادىلنىڭ بىر مىنۇتتا قانچە قەدەم باسالايدىغانلىقىنى بىلىشكە تىرىشاتتى. ۋاقىت دەل بىر مىنۇتقا توشقاندا ئادىل 95 - قەدەمنى باستى.

— يارايسەن، ئادىل! — دەپ توۋلىۋەتتى ئۇ ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ. چۈنكى، ئادىل مۇشۇ سۈرئەت بىلەن بىخەتەر ئالغا ئىلگىرىلىيەلىسىلا ئۇنىڭ مۆجىزە يارىتىشىدا گەپ يوق ئىدى.

ئادىل نىشانغا قاراپ بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. تاپىنى ئاستىدىكى قورقۇنچلۇق تىك ھاڭ ۋە ۋەھشىي ئېقىنلار ئەمدىلىكتە ئۇنى باش ئەگدۈرەلەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مۇشۇ تاپتا ئۇ ئاشۇ كىشىنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرىدىغان خەتەرلىك ھاڭ ۋە شاش ئېقىنلارنى پەستە قالدۇرۇپ قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ بىپايان كۆك قەرىدە پەرۋاز قىلىۋاتقان قىران بۈركۈتكىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

ئالاھازەل ئۈچ - تۆت مىنۇتتىن كېيىن ئادىل پولات ئارغامچىنىڭ تۆۋەنگە خېلى ئوبدانلا ساڭگىلىغان قىسمىغا يېتىپ كې-

لىپ، پولات ئارغامچىنى بويلاپ تۆۋەنلەشكە باشلىدى، پولات ئارغامچىنى بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ مېڭىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى بولۇپ، بۇ دارۋازدىن يۇقىرى تېخنىكا، يۇكسەك دەرىجىدىكى چىدام ۋە ئېھتىياتچانلىق تەلەپ قىلاتتى. مۇشۇنداق چاغدا سەللا ئېھتىياتسىزلىق قىلسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئېغىزغا ئېلىش ھەربىر ۋىجدان ئىگىسى ئۈچۈن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازابلىق ئىش ئىدى... ئادىل قىرغاقتىن يىراقلىغىنىچە پولات ئارغامچىنىڭ لەڭ ئۇرۇش دەرىجىسىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋات-قانلىقىنى ئېنىق سەزمەكتە ئىدى. مۇشۇ تاپتا ئۇ ئىقتىساد يې-تىشمەسلىك تۈپەيلىدىن ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەپ يۈرۈپ مىڭ بىر مۇشەققەتتە تارتقان پولات ئارغامچىنى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان ياندىكى 32 تال ئىنچىكە پولات ئارغامچىنىڭ تولىمۇ ئازلىق قىلىدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ئىدى. تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ سىيرىلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدىكى ھەددىدىن زىيادە كۈچىنىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ كىچىك پاقالچىكىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى تارشىدەك قې-تىپ سىرقىراپ ئاغرىشقا باشلىدى، بۇ چىدىغۇسىز ئاغرىق ئۇنىڭ ئىككى چېكىسىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرىنى پەيدا قىلدى.

يەتتە مىنۇت ئۆتكەندە ئادىل پولات ئارغامچىنىڭ دەل ئوتتۇ-رىسىغا كېلىپ تەڭشەكنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى. ئەتراپتىن كۈچلۈك قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى. تاماشىبىنلار خىلمۇخىل تىل، خىلمۇخىل شەكىلدە ئادىلغا ئاپىرىن ـ ھەشقاللا ياغدۇرۇش-تى.

— قاراڭلار، ئۇ يەتتە مىنۇتقىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پولات ئارغامچىنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپ بولدى.

— بۈگۈن يېڭى دۇنيا جىننىس رېكورتى يارىتىلىدىغان بولدى.

— يېڭى رېكورت ئەمەس، پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغۇ-

www.uyghurkitap.com

دەك ئاجايىپ مۆجىزە يارىتىلىشىدا گەپ يوق.

— ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك ئىشتە بۇ!

ئادىل تەخشەكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئون نەچچە مېتىر ماڭغاندىن كېيىن تەخشەكنى ئەسلىدىكى ھالىتىدىگە ئەكېلىپ بەنە تېز - تېز چامداپ يۈز مېتىرچە ماڭدى ۋە بىردىنلا قەدىمىنى توختىتىپ، تەخشەكنى تىزىنىڭ تۆۋىنىگە چۈشۈردى ھەمدە ئىككى پۇتى بىلەن تەخشەكنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، تەخشەكنى كەينىچە تۇتقىنىچە ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

ئىككى يىل ئىلگىرى، كوكرىيىنىڭ مۇشۇ پولات ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىپ ئۆتكەندە، كۆزنى پۇتىنىڭ ئۇچىدىن ئۈزمەي ھېچقانداق خەتەرلىك ھەرىكەت ئىشلىمەي ئاستا ماڭغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن تاماشىبىنلار بۈگۈن بۇ قاپ يۈرەك ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ خۇددى ھاياتىغا چاقچاق قىلغاندەك، باشقىچە ئېيتقاندا، كوكرىيىنى مازاق قىلغاندەك ناھايىتى خەتەرلىك سېرك ھەرىكەتلىرىنى ئىشلەپ پولات ئارغامچا ئۈستىدە پەرۋاسىز كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. نۇرغۇن تاماشىبىنلار قورققىنىدىن كۆزلىرىنى چىڭگىدە يۇمۇۋالدى. بەزىلەر ھەتتا سەللا دىققەت قىلمىسا پولات ئارغامچا ئۈستىدىن ئادىل ئەمەس، ئۆزى چۈشۈپ كېتىدىغاندەك يېنىدىكى تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، قاتتىقراق نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. مۇشۇ مىنۇتلاردا ھەممە ئادەمنىڭ يۈرىكى بىراقلا سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك پۈتۈن كائىنات تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى.

ئادىل ھوشۇر يەنە بىرنەچچە ئون قەدەم ماڭغاندىن كېيىن تىزىنى سەل - پەل ئېگىپ تەخشەكنى تىزىنىڭ تۆۋىنىگە چۈشۈرۈپ، ئىككى پۇتىنى بىر - بىرلەپ تەخشەكنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ ئەسلىي ھالىتىگە ئەكەلدى.

تاماشىبىنلار يەنە بىر قېتىم قىيقاس - چۇقان ۋە ئالقىش

ياڭرىتىپ ئادىلغا بولغان قايىللىقىنى بىلدۈرۈشتى. يەنە بىر قىسىم تاماشىبىنلار كانايلىرى يىرتىلغۇچە ۋارقىراپ ئۇنىڭغا مەدەت بەردى...

ۋاقىت مىنۇت، سېكۇنتلاپ ئاستا - ئاستا، تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە. ئادىل مەردانە قەدەم بىلەن قارشى قىرغاقتا ئۆزىنى بىتاقەت بىلەن كۈتۈۋاتقان بۇرادەرلىرىنىڭ قۇچىقىغا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە...

دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۇرۇمچى شەھىرىدە خۇددى قىپقىزىل چوغنى دەسسەپ تۇرغاندەك ئازابلىق ئاھ ئۇرۇۋاتقان، رادىئو قوبۇللىغۇچقا مەھكەم چاپلاشقان ئايالى ئىباگۇلنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياكى ھىجران يېشى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئىسسىق ياشلار خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلمەكتە، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىمۇ يىغلىماقتا، ئىللىق باغرىنى كەڭ ئېچىپ، ئادىلغا ئانىلىق مېھرىنى ھەر ۋاقىت ئاياماي تەقدىم قىلىشقا تەييار تۇرغان مىڭلىغان ئۇيغۇر ئانىلار يىغلىماقتا، ئادىلنى ئەڭ ئوتلۇق مۇھەببىتى بىلەن قۇچاقلاپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئاتىلىق بۇرچ بىلەن سۆيۈشكە ئىنتىلگەن مىڭلىغان ئۇيغۇر ئاتىلار كۆز يېشى قىلماقتا...

ئەنە، پەخىرلىك ئوغلان ئادىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىشىگە ئاران 60 مېتىرلا قالدى، ياق، ئاخىرقى نۇقتىغا ئەمەس، يېڭى دۇنيا جىننىس رېكورتى يارىتىلىشقا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ دۇنيا خەلقى ئالدىدىكى يۈز - ئابرۇيى بىراقلا نەچچە يۈز ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە، 20 ئاي ئىلگىرى بىر چەت ئەللىكنىڭ مۇشۇ يەردىن ھالقىپ ئۆتكەنلىكى تۇپەيلىدىن يەرگە ساڭگىلىغان باشلارنىڭ قايتا رۇسلىنىشىغا پەقەت 60 مېتىرلا قالدى. ھېچكىممۇ ئويلاپ باقمىغان ھەتتا ئويلاشقىمۇ پېتىنالمىغان ئاجايىپ مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشى قاش بىلەن كىرپىك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىش بولۇپ قالدى ...

دەل مۇشۇ پەيتتە تېخىمۇ چوڭ كارامەت يۈز بەردى. ئادىل بىردىنلا غەيرەتكە كېلىپ گويا كىرىچكىدىن ئاجرىغان ئوقـ-دەك شىمالىي قىرغاققا قاراپ ئېتىلدى.

— ئادىل، غەيرەت قىل!

— ئاستىراق يۈگۈر، ۋاقىت تېخى بالدۇر!

ئادىل ئۇچقاندەك يۈگۈرگىنىچە ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ كېلىپ قولىدىكى تەڭشەكنى تاشلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئۆزىنى خەلقنىڭ قوينىغا ئاتتى ۋە ھاسىرىغىنىچە ئەتراپتىكىلەردىن:

— قانچە مىنۇت بولدى؟ — دەپ سورىدى.

فىنىشنىڭ ئاچقۇچلۇق نامىيىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى ۋە شاھىدى دۇنيا جىنىس رېكورتى باش شتابىدىن كەلگەن خادىملارنىڭ قولىدىكى سائەت «13 مىنۇت 48 سېكونت» دېگەن رەقەمنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

كۆيمىن ئېغىزى لەرزىگە كەلدى. قىيقاس - چۇقان، «ھۇررا» سادالىرى پەلەككە يەتتى. ئادەملەرمۇ، تاغلار-مۇ، دەريالارمۇ، قورام تاشلارمۇ، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ-لارمۇ، جان - جانىۋار، ئۇچار قۇشلارمۇ قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈپ تەنتەنىگە چۆمدى. تەڭرىتاغ باغرىدا قۇتلۇق توي بەزمى-سى باشلاندى، قېرى - ياش، يىگىت - قىز، ئەر - ئايال ھەممەيلەن قۇچاقلىرىنى كەڭ يېيىپ ساماغا چۈشتى. يامغۇر كەبى ئاققان ھاياجان ياشلىرى ئانا تۇپراققا سىڭىپ، ئادىلنىڭ كىندىك قېنى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى ...

خۇشاللىقتىن ئەسەبىيلىشىش باسقۇچىغا يېتەيلا دەپ قالغان كىشىلەر ئادىل ھوشۇرنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېتىشتى، ئادىلنىڭ گەۋدىسى گۈل - چېچەك ئارىسىدا گاھ غايىب بولۇپ، گاھ كۆككە ئۆرلەپ كىشىگە تولىمۇ گۈزەل رومانتىك تۇيغۇ بەخش ئېتەتتى.

— ئادىل، يارايسەن!

ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان ئىككى تاغنىڭ ھەممىلا يېرىدىن كېلىۋاتقـان قىيقـاس ـ چۇقان، شوئـار يىراق ـ يىراقلارغىچە ئاڭلىناتتى.

ساقچىلار تەرتىپ ساقلاشـقا ئامالـسىز قالـدى. كىشـىلەر بىر ـ بىرىنى قىستىشىپ ئادىل تەرەپكە قاراپ سىلجىيتتى، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان كونتەرتىپ تامامەن ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى.

خېلى كۆپ مۇشەققەتتىن كېيىن بىر قىسىم كونتەرتىپلەرنى ئورۇنداشقا پۇرسەت تۇغۇلدى. ساقچىلارنىڭ مۇھاسىرە چەمبىرى-كىنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەر خۇددى شاش تۇلپاردەك ئالدىغا يۇلقۇنۇپ ئادىل ھوشۇرغا ئىنتىلەتتى.

شائخەي دۇنيا جىننىس رېكورتى باش شتابىدىن كەلگەن ۋاڭ ئەپەندى دۇنيا جىننىس رېكورتىنىڭ ئىسپات گۇۋاھنامىسىنى ئادىل ھوشۇرغا تاپشۇرۇپ بەردى ھەمدە ھاياجانلانغان ھالدا:

— بۇ ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك ئاجايىپ مۆ-جىزە بولدى. ئەگەر مەن بۈگۈن بۇ ئىشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام ھەرگىز ئىشەنمىگەن بولاتتىم، — دېدى.

شۇنداق، ئادىل ھوشۇرنىڭ 13 مىنۇت 48 سېكۇنتتا ئېگىز-لىكى 405.2 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 640.75 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن ھېچقانداق قوغدىنىش تەدبىرى بولمىغان ئەھ-ۋالدا مېڭىپ ئۆتۈپ، كانادالىق كوكرىيىن يارانتقان نەتىجىنى بىراقلا تۆت ھەسسە ئالدىغا سۈرۈۋەتكەنلىكى دۇنيا جىننىس رې-كورتى تارىخىدا بۈگۈنگىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان كاتتا مۆجىزە، شۇڭا بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممەيلەن تەنتەنە قىلىشقا، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراشقا، ئادىلنى بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرۈشكە ھەقلىق.

فىگچى ناھىيىلىك ئۆمۈر سوغۇرتىسى شىركىتى ئادىل ھو-شۇرنى نەق مەيداندىلا 8000 يۈەن بىلەن مۇكاپاتلىدى. تەنتەنە

ۋە شوئار توۋلاشلار يەنە ئەۋجىگە چىقتى. كىشىلەر ئادىل ھوشۇر-
نى يەنە ئاسمانغا ئېتىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھاياجانلىق ھېسسى-
ياتى ھېچ پەسكويغا چۈشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئىلاجىسىز قال-
غان ساقچىلار ئادىلنى كىشىلەرنىڭ قولىدىن بۇلاپ دېگۈدەك
تارتىۋېلىپ، خىلۋەت يوللار ئارقىلىق ياتاقىغا ئاپىرىپ قويدى.
ئىككى يىل ئىلگىرى كوكرىيىن 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل
خەجلەپ سەنشىيادىن ئۆتۈپ بىر مىليارد 200 مىليوندىن ئارتۇق
جۇڭگولۇققا ئىككى نەرسىنى كۆز - كۆز قىلغانىدى: بىرى،
پەم - پاراسەت، يەنە بىرى، پۇل ۋە زامانىۋى پەن - تېخنىكا.
مانا بۈگۈن جۇڭخۇا پەرزەنتى، ئۇيغۇر ئوغلى ئادىل ھوشۇر ئوخ-
شاش بىر جايدىن كوكرىيىنگە قارىغاندا تۆت ھەسسە تېز سۈرئەت
بىلەن ئۆتۈپ، بىر مىليارد 200 مىليوندىن ئارتۇق جۇڭگولۇق
ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە ئوخشاشلا ئىككى نەرسىنى نامايان قىل-
دى: بىرى، يۈكسەك ئەقىل - پاراسەت، يەنە بىرى، يۈكسەك
ئىرادە ۋە غەيرەت - شىجائەت.

شۇ كۈنى كەچتە فىڭجى ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈ-
مىتى مەخسۇس كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئادىل ھوشۇر-
نىڭ غەلىبىسىنى قۇتلۇقلىدى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى
ئادىلغا ئون مىڭ يۈەن، فىڭجى ناھىيىلىك دۆلەت باج ئىدارىسى
3000 يۈەن مۇكاپات بەردى. فىڭجىدىكى مەزگىلدە ئادىل ھوشۇر
ھەر قېتىم كوچىغا چىقىش بىلەن، مىڭلىغان ئاممىنىڭ قورشاۋى-
دا قالدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈ-
شىنى، مايكا، خاتىرە قاتارلىقلارغا ئىمزا قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ
قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ قەھرىمانغا بولغان چوڭقۇر ۋە قىزغىن
مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى.

ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيۇشتۇرغان كۈتۈ-
ۋېلىش يىغىنىدىن كېيىن، مىجىت ساۋۇت ئادىل ھوشۇرنىڭ
قېشىغا كىرىپ:

— سىچۇەن ئۆلكىسى ۋە چوڭچىڭ شەھىرى بىزنى تەكلىپ
قىلىپ تېلېفون قىپتۇ، سېنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟ — دەپ
سورىدى.
— ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىنى دېسەك بېرىپ بىرنەچچە كۈن
تۇرۇپ قايتساق بەلەن بولاتتى. بىراق، ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز،
مېنى ھەر جەھەتتىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن، ماڭا مەدەت بەرگەن
شىنجاڭلىقلار بىزنىڭ يولىمىزغا ئۇلاردىنمۇ بەكرەك تەقەززا بو-
لۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا ياخشىسى شىنجاڭغا دەرھال قايتاي-
لى، — دېدى ئادىل ھوشۇر قەتئىيلىك بىلەن.
24 - ئىيۇن تاڭ سەھەردە چېڭدۇ ئايرودرومىدىن كۆتۈرۈل-
گەن غايەت زور كۈمۈش لاچىن غەربكە قاراپ ئۇچقەك ئېتىلدى.
ئايروپىلاننىڭ يۇمشاق ئورۇندۇقىدا بويىنىغا گۈللۈك ھالقا ئېسىپ
جېنىنېس دۇنيا رېكورتىنىڭ ئىدىسپات گۇۋاھنامىسىنى ئىك-
كى قوللاپ مەھكەم تۇتقىنىچە راھەتلىنىپ ئولتۇرغان ئادىل ھو-
شۇر دېرىزىدىن بىپايان كۆك ئاسمانغا تويماي نەزەر تاشلىدى.
ئىككى ئايدىن بېرى تالاي قېتىم چۈشلىرىنى بۇزۇۋەتكەن
ھەيۋەتلىك چاڭجياڭ دەرياسى خۇددى زېمىنغا تارتىلغان بىر تال
ئىنچىكە يىپتەك كۆرۈنەتتى. ئايروپىلاننىڭ ئاستىدا ئۈزۈپ يۈر-
گەن ئاپئاق بۇلۇتلار ئۇنىڭغا يۇرتداشلارنىڭ ئۇنى بۇ قېتىمقى
سەپەرگە ئۇزاتقان چاغدا تىنىمسىز پۇلاڭلاتقان قولياغلىقلىرىنى
ئەسلىتەتتى.
ئادىل بۇ مەنزىرىلەرگە تويماي قارىغىنىچە ئۆز - ئۆزىگە
ئاستا شىۋىرلىدى:
— سالام قېرىنداشلار، ئوغلۇڭلار ئادىل ئۈمىدىڭلارنى يەردە
قويماي زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلدى!

1997 - يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# قايچا، گەزدىن باشلانغان ھېكايە

## تۇيۇقسىز كەلگەن ئامەت

ئېھتىمال، سەككىز سائەتلىك ئىش ۋاقتىدىن باشقا چاغلاردا ئۆز كەسپىنىڭ نېمىلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشتەك «كېسەللىك» مەندىمۇ بولسا كېرەك، ئىشقىلىپ بىرقۇر كىيىم تىككۈزۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئىلمە توقۇلما بۇيۇملار شىركىتى قارمىقىدىكى شىنجاڭ كىيىم - كېچەك تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، يېڭى بىر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولۇپ قېلىشىمنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن، ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ بوسۇغىدىن ئاتلاي، دەپ تۇرۇشىمغا شىنجاڭ ئىلمە توقۇلما بۇيۇملار شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى تۇردى قۇربان ئاكا مېنى چاقىرىپ:

— ئۇكام، سىز مۇخبىر ئىكەنسىز، بىزنىڭ مۇشۇ تەتقىقات ئورنىنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ باقسىڭىز، يازغىلى ئاز - تولا بىر نەرسە چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك مائارىپى جەھەتتە قىلغان ئىشلىرى خېلى كۆپ، — دېدى.

دائىم ئىشخانىدىن چىقماي «يىپ ئۇچى يوق» دەپ ۋايساپ يۈرگەن كۆڭلەردە بۇ «ئامەت» ماڭا موكلا ياقتى. «نېمىلا بولمىسۇن، بىر ئۇرۇنۇپ باقاي، بۇ جىم ئولتۇرغاندىن ياخشى ئەمەسمۇ؟!» دەپ ئويلىدىم.

## يېڭىلىق شۇنداق باشلانغان

«جەنشىن» كىيىم - كېچەك زاۋۇتى بىناسىنىڭ 2 - قەۋە-

تىگە چىقىپ، ئوڭ تەرەپكە قارىغاندا، «شىنجاڭ كىيىم - كېچەك تەتقىقات ئورنى» دېگەن ۋىۋىسكا كۆزگە چېلىقىدۇ. مانا بۇ يەر مېنىڭ بۇ قېتىمقى مۇخبىرلىق پائالىيىتىمنىڭ «فرونت» ى.

ھەم دەرسخانا، ھەم ئىشخانا ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ئۇزۇن كەتكەن ئۆيدە 64 كۇرسانت بىلەن ئون ئۇستا جىددىي ئىشلەۋاتاتتى. ئىشخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى تاختاي بىلەن ئايرىلغان تارغىنە خېرىدار كۈتۈش ئۆيىدە مەن ئالىي دەرىجىلىك كىيىم - كېچەك پىچىش، تىكىش سىنىپىنىڭ مەسئۇلى ھوشۇر ئەيسا ئاكا بىلەن پاراڭلاشتىم.

— بۇ تەتقىقات ئورنى 1983 - يىلى قۇرۇلغان، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇ، — شۇنىڭدىن كېيىن بىز مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەستىقى بىلەن ئالىي دەرىجىلىك كىيىم - كېچەك پىچىش، تىكىش سىنىپى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ناھىيە، ۋىلايەت (شەھەر) لەردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدۇق. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كىيىم - كېچەك مائارىپى ساھەسىدىكى تۇنجى ئىش ئىدى. ھازىرغا قەدەر 12 قارار كۇرس ئېچىپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردىن 1000 دىن ئارتۇق كۇرسانت تەربىيىلىدۇق. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تىككۈچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى كۇرسانتلار ئۆزى ئىشلەۋاتقان كىيىم - كېچەك كارخانىلىرىدا تېخنىك، مەسئۇل خادىم بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ، بەزىلىرى ئۆز ئالدىغا كىيىم - كېچەك كارخانىسى قۇرۇپ، نەچچە ئونلاپ شاگىرت يېتىشتۈردى. يەكەندىكى ئابدۇرەھىم، قەشقەردىكى نۇرمۇھەممەت مېھمان قاتارلىق كۇرسانتلىرىمىزنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى گېزىت - ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلدى.

مەن شىنجاڭ كىيىم - كېچەك تەتقىقات ئورنىنىڭ سابىق

مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرېشىت مۇسا ئاكا بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇ ئىلگىرىكى ئەھۋاللار ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئالىي دەرىجىلىك كىيىم - كېچەك پىچىش، تىكىش سىنىپىنى يېڭى ئاچقان مەزگىللەردە بىز ھەرقايسى ناھىيە، ۋىلايەت (شەھەر) لەرنىڭ يېنىك سانائەتكە مەسئۇل رەھبەرلىرىگە ئۇقتۇرۇش ئەۋەتتۇق. كېيىنچە ئوقۇش پۈتتۈرگەن كۇرسانتلار قايتىپ بېرىپ ئۆز ئالدىغا دۇكان ئېچىۋېدى، ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى شۇلارغا چۈشتى. ھازىر ئوقۇغۇچىلار ئۆزلۈكىدىن كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرىدىغان بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە ئاپتونوم رايونىمىزدا مۇشۇنداق بىر ئالىي دەرىجىلىك كىيىم - كېچەك پىچىش، تىكىش سىنىپىنىڭ ئېچىلىشىنى يېڭى دەۋرنىڭ تەقەززاسى دېسەك ئارتۇقچە كەتمەس، ئەلۋەتتە؟! نېمىشقا دېگەندە بۇ ئىش بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتتىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

## يول ئاچقۇچىلار

كۇرسانتلار بىلەن پاراڭلىشىۋېدىم، ئۇلار ئۇستازلىرى ھەققىدە توختىماي سۆزلەپ كەتتى. شاگىرتلارنىڭ مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان سۆزلىرى مېنى ئۇستىلار توغرىسىدا ئىككى كەلىمە سۆز قىلىپ قويۇشقا مەجبۇر قىلدى.

ئابدۇرېشىت مۇسا — شىنجاڭ كىيىم - كېچەك تەتقىقات ئورنى ۋە ئالىي دەرىجىلىك كىيىم - كېچەك پىچىش، تىكىش سىنىپىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقتى تىككۈچىلىك كەسپى بىلەن ئۆتكەن. مۇشۇ ئادەم 1987 - يىلى كىيىم - كېچەك تەتقىقات ئورنىدا تۈنجى قېتىم

دۆلەتنىڭ يارىدىمىگە تايىنىۋالماي، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ كىيىم - كېچەك پىچىش، تىكىش جەريانىدا ئىلگىرى - ئاخىر 100 خىلدىن ئارتۇق يېڭى پاسوندىكى كىيىم - كېچەك لايىھىلىگەن. «ئالىي دەرىجىلىك كىيىم - كېچەك پىچىش، تىكىش سەنئىتى» دېگەن كىتابنى نەشىر قىلدۇرغاندىن سىرت، «كاستۇمدىكى ئالاھىدىلىك دېگەن نېمە؟»، «ئادەم ۋە كىيىمنىڭ رەڭ ماسلىشىشى» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. بىر مەزگىل كۇرسانتلارغا «ئالىي دەرىجىلىك كىيىم - كېچەكلەرنى قانداق پىچىش كېرەك» دېگەن تېمىدا دەرس ئۆتكەن. ئۇ بۇلتۇر 2 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان بولسىمۇ، بۇ زاۋۇتتا تەكلىپ بىلەن داۋاملىق ئىشلەۋېتىپتۇ.

ھوشۇر ئەيسا 13 يېشىدىن باشلاپ، قولىغا قايچا، گەز ئېلىپ مۇشۇ كەسىپنىڭ پېشىنى تۇتقان. ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىدە مەڭگۈ خاتىرە بولۇپ قالغىنى ئۆزى تىككەن تۇنجى شىمنىڭ ئىگىسى ئېيتقان «ھەشقاللا، ئۇكام!» دېگەن ئاددىيلا بىر ئېغىز سۆز ئىكەن. ئۇ كىيىم - كېچەك سەنئىتىگە ۋە ئۇنىڭ دەۋر قەدىمىگە ماسلىشىشىغا نىسبەتەن ئۆزگىچە قاراشتا بولۇپ، يېڭى كىيىم - كېچەك مودىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىكەن. ھازىرغىچە ئۇ لايىھىلىگەن ئايالچە پەلتو، كاستۇم، يوپكا 50 خىلدىن ئېشىپتۇ، «يول باشلىغۇچى»، «ئارشىن مال ئالان» قاتارلىق كىنو، درامىلار ئۈچۈن، چەت ئەل ۋە قەدىمكى پاسوندىكى كىيىملەرنى لايىھىلەش، پىچىش، تىكىش خىزمەتلىرىگە قاتنىشىپتۇ.

مەن بۇ يەردە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ۋاڭ يىڭسۇيدىن ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈۋېدىم، ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتىم ئانچە

www.uyghurkitap.com

ئۇزۇن ئەمەس، نەتىجەمنىڭمۇ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق. ئەگەر، ئازراق نەتىجە بار دېيىلىدىغان بولسا، بۇ نەتىجىلەر ئابدۇرېشىت ئۇستام، هوشۇر ئۇستاملارنىڭ سەمىمىي ياردىمىدىن بولدى.

## مەنىلىك پاراڭلار

كىيىم ـ كېچەك ئۇستىلىرى بىلەن ئارىلىشىش داۋامىدا كىيىم ـ كېچەكنىڭ تەرەققىياتى ۋە هازىرقى زامان كىيىم ـ كېچەك سەنئىتىگە ئاز ـ تولا قىزىقىپ قالدىم.

ئىنسانىيەت دۇنياسى ئۆزلۈكسىز قوبۇل قىلىش، يېڭىلاش، شاللاش ۋە تولۇقلاش ئاساسىدا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكەممەللىككە قاراپ تەرەققىي قىلغىنىغا ئوخشاش، كىيىم ـ كېچەك سەنئىتىمۇ شۇنداق تەرەققىيات جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئىنسانلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە قىشتا سوغۇقتىن، يازدا تومۇز ئىسسىقتىن پاناهلىنىش ئۈچۈن يوپۇرماق، تال ـ چىۋىقلاردىن توقۇلغان «كىيىم» لەرنى ئۇستىگە ئارتىۋېلىشنى ئۆگەنگەن بولسا، ئېڭىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، هايۋان تېرىلىرى ئارقىلىق ئەۋرەتلىرىنى يوشۇرۇشنى ئۆگەنگەنىكەن. دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئىپتىدائىي كىيىم ـ كېچەكلەر ئاشۇ يوسۇندا ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلىپ، بۈگۈنكىدەك زامانىۋى كىيىم ـ كېچەك سەنئىتىنى شەكىللەندۈرگەن. مەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ هازىرقى كىيىم ـ كېچەك تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا ئابدۇرېشىت مۇسا، هوشۇر ئەيسا ئاكىلار بىلەن پاراڭلاشتىم.

مۇخبىر: ئىسلاهات، ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر كېيىنىشتە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىكىگە ئوخشاش بىر خىللىقتىن مودا قوغلىشىشقا

ئۆتتى. بۇ ئەھۋال سىلەرگە قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟

**ھوشۇر ئەيسا:** ھازىرقى زامان كىيىم - كېچەك سەنئىتىنىڭ
ۋە كىيىم مودىلىرىنىڭ تەرەققىياتى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇ-
دەك دەرىجىدە تېز كېتىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز كىيىم -
كېچەك سەنئىتىنىڭ ئەھۋالى فرانسىيىدەك ياۋروپا ئەللىرى بى-
لەن دېگىنىز بويىدىكى تەرەققىي قىلغان ئۆلكىلەرنىڭ ئەھۋالىغا
ئانچە ئوخشىشىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ يېڭى كىيىم
مودىلىرىغا بولغان ئېھتىياجى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ
كەتتى. ھازىر خېرىدارلار ئىلگىرىكىدەك قانداقلا تىكىپ بەرسە
گەپ قىلماي ئېلىپ كەتمەيدۇ. بەلكى تىككۈزگەن كىيىملەرگە
ناھايىتى يۇقىرى سۈپەت ئۆلچىمى قويىدۇ. بولۇپمۇ، ياشلارنىڭ
يېڭى كىيىم مودىلىرىغا بولغان تەلىپى ناھايىتى كۈچلۈك. ئە-
گەر، بىز كىيىم - كېچەك سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە
ماسلىشالمىساق، شاللىنىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىمىز.
ھازىر بىز كىيىم - كېچەك مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش
بىلەن كىيىم - كېچەك رىقابىتىگە قاتنىشىشتىن ئىبارەت قوش
ۋەزىپىنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق.

**مۇخبىر:** ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار
دىۋانى» (1 - توم) دا: «ئۇيغۇر ئاياللىرى بۇنىڭدىن 1000 يىل
ئىلگىرى باغىرتاق تاقاشقا ئادەتلەنگەن، كىيىملىرىنى سىلىقلاش-
تۇرۇش ئۈچۈن دەزمال ئىشلەتكەن» دېگەنىكەن. بۇنىڭغا قارىغان-
دا كىيىم - كېچەك سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مىللەتلەر، رايون-
لار ۋە دۆلەتلەر ئارا ئۆزلۈكسىز قوبۇل قىلىش، تەسىر كۆرسى-
تىش ئامىللىرى بولغانمۇ قانداق؟

**ئابدۇرېشىت مۇسا:** كىيىم - كېچەك سەنئىتىنىڭ تەرەققىي
قىلىپ بۈگۈنكىدەك مىللەت ۋە رايون چەكلىمىسى ئانچە روشەن
بولمىغان ئالاھىدە باسقۇچقا قەدەم قويۇشى ئۆز ۋنغا سوزۇلغان
تاللاش، تەسىر كۆرسىتىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن. توقۇ-

مىچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە بېرىش ـ كېلىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كىيىم ـ كېچەك پاسونى ۋە نۇسخىلىرىدا ئوخشاش ئامىللار كۆپەيدى. دۇنياغا مەشھۇر «يىپەك يولى»نىڭ تۇگۈنى بولغان شىنجاڭدا ياشىغان خەلقلەر تارىختا نۇرغۇن كىيىم ـ كېچەك نۇسخىلىرى بىلەن ئۇچراشقان. «يىپەك يولى» دىكى سودا ـ سېتىق قاتارلىق باردى ـ كەلدىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىمۇ نۇرغۇن ئالمىشىش ۋە قوبۇل قىلىشلار بولغان. ھازىر شىنجاڭ خەلقلىرى كىيىۋاتقان كىيىملەردە ياۋروپا، ئەرەب ئەللىرى كىيىم ـ كېچەك سەنئىتىنىڭ ۋە ئىچكىرى مىللەتلىرى كىيىم ـ كېچەك سەنئىتىنىڭ تەسىرى بار.

**مۇخبىر:** بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىزدە چەت ئەل كىيىملىرىگە چوقۇنۇش كەيپىياتى ئەۋج ئېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ كىيىملىرىنى ئانچە ياقتۇرمايدىغان ئەھۋاللار خېلى ئومۇملىشىپ قالدى. بۇ مەسىلىلەرگە قانداق قارايسىلەر؟

**ھوشۇر ئەيسا:** بۇنداق ئەھۋال ئاپتونوم رايونىمىزدا خېلى ئەۋج ئېلىپ قالدى. كىشىلەر ھازىر تويلىققىمۇ چەت ئەلنىڭماللىرىنى سېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. چەت ئەل كىيىملىرىنىڭ قىسمەن ئالاھىدىلىكلىرى بار. ئۇ بولسىمۇ كىيىمگە ئىشلىتىلىدىغان ساروشكا (قاتۇرما) قاتارلىق ماتېرىياللىرىنىڭ بىزنىڭكىدىن ياخشى بولغانلىقىدا. ئەمما، سۈپەت جەھەتتىن ئالغاندا چەت ئەل كىيىملىرىدە بىزنىڭكىگە قارىغاندا يېتەرسىز تەرەپلەر خېلى بار. ئادەتتە ئۇلارنىڭ كىيىملىرىدە زاپاس قالدۇرۇلمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىيىم ئازراقلا تار كەلسە، ئۇنى بىر ئاز كېڭەيتىشكە بولمايدۇ.

**ئابدۇرېشىت مۇسا:** چەت ئەل كىيىملىرىگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇش كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بىزنىڭ كىشىلىرىمىزگە،



www.uyghurkitap.com

ئېھتىمال، چەت ئەلنىڭ نەرسىسى بولسىلا چىرايلىق كۆرۈنىدى-
غان ئوخشايدۇ. شۇنىسى قىزىقكى، ھازىر تەتقىقات ئورنىمىز
لايىھىلىگەن نۇرغۇن كىيىم - كېچەكلەر ياپونىيە، سابىق سوۋېت
ئىتتىپاقى، شىياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا چىقىرىلىۋاتى-
دۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پەلتو، كاستۇم، كۆڭلەك قاتارلىقلار بار.

## خاتىمە

بىر ھەپتىگە سوزۇلغان مۇخبىرلىق پائالىيىتىم ئاخىرلاش-
تى. ماڭا قىزغىن مۇئامىلىدە بولغان ئاشۇ كىشىلەر بىلەن خوش-
لاشتىم. كوچىدا ھەر خىل كىيىملەرنى كىيىشكەن كىشىلەر
ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشمەكتە، ئاستا كېتىۋاتىمەن، خىياللىرىم
بولسا ئاللىقاياقلارغا سەپەر قىلغانىدى ... تۇنجى قېتىم مەكتەپكە
بارىدىغان كۈنۈم ئاپام ئۆز قولى بىلەن تىكىپ بەرگەن «ئاق
كۆڭلەك، كۆك شىمنى» كىيگەن ۋاقتىمدا قىن - قىنىمغا پاتماي
توشقاندەك سەكرەپ كەتكەنلىرىم ... مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان
قارا كۆك دىكا رەختتىن تىكىلگەن چاپىنىمنى دەرەخ شېخى
ئىلىۋېلىپ يىرتىلىپ كەتكەندە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەت-
كەنلىرىم ... ھەر ھېيت - بايرام كۈنلىرىدە يېڭى كىيىم كىيد-
مەن دەپ جېدەل قىلغانلىرىم ... بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىم-
دىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. مۇشۇ خىياللار ئىچىدە
غەرق بولۇپ قىزىلتاغ سودا سارىيىنىڭ 4 - قەۋىتىگە چىقىپ
قالغىنىمنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن، كۆرگەزمە قىلىپ سېتىلىۋات-
قان كىيىملەرنى كۆرۈپ ئايلىنىپ يۈرەتتىم، تۇساتتىن كۆزۈم
23 - 24 ياشلار چامىسىدىكى كېلىشكەن بىر ئۇيغۇر يىگىتكە
چۈشۈپ قالدى. ئۇ كىيىملەر ئارىسىدىن يېڭىچە پاسوندا تىكىل-
گەن ياقىسى ئۇزۇن بىر كاستۇمنى ئېلىپ كىيدى، شىمنى بويىغا
بىرەر قۇر ئۆلچەپ ئۆزىگە ماس كەلگەنلىكىدىن تولىمۇ مەمنۇن

بولدى ـ ده، پۇلنى تۆلەپ خۇشال هالدا چىقىپ كەتتى... بۇنى كۆرۈپ ئويلىنىپ قالدىم، ھەرقانداق بىر كىشى تۈزۈككە يارىشىم-لىق بىرەر قۇر كىيىم كىيگەندە تولىمۇ خۇشال بولىدۇ، لېكىن ئۇلار مۇشۇ چىرايلىق كىيىملەرنى لايىھىلەش، تىكىش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىۋاتقان ئۇستىلارنى ئەسكە ئېلىشامدىغاندۇ؟!

مانا، بىزنىڭ كىيىم ـ كېچەك مائارىپىمىزمۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ باھار مايسىلىرىدەك بىخ سۈرمەكتە. ئىشىنىمىز-كى، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ يېقىندىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ئارقى-سىدا بىزنىڭ كىيىم ـ كېچەك سەنئىتىمىز يېڭى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويالايدۇ.

1991 ـ يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

# گۈزەل دىياردىكى خۇش ناۋالار

بىر كىشىنىڭ ھايات مۇساپىسىنىڭ ئۆزىمۇ بىر رومان، بولۇپمۇ زور تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تالاي ـ تالاي ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، جەمئىيەتنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق دولقۇنلىرىدا گاھ كۆتۈرۈلۈپ، گاھ چۆكۈپ، ئاشۇ دولقۇنلار ئەۋجىدە ئۆزىگە خاس كۈي ياڭرىتىپ كەلگەن كىشىلىرىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق.

مەن بۇگۈن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كومپوزىتورى ئابدۇرېھىم مۇھەممەت ئاكا بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان يېزىپ قالدۇرغان «مۇزىكا رومانى»نى ۋاراقلاپ كۆرۈپ، ئۇنىڭغا خېلىلا قىزىقىپ قالدىم، بۇ قىزىقىش قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا تۈرتكە بولدى.

ئۇنىڭ مۇڭلۇق، تەسىرلىك، يېقىملىق خەلق ناخشىلىرىغا ئەسىر بولغان ھېسسىياتلىق قەلبى ئۆز سەنئەتىنىڭ خاسىيەتلىك ئىشكى ئالدىدا خېلىغىچە تەلمۈرتۈپ ئاخىر بۇ قەسىرنىڭ ئىشىكىنى چېكىشكە مەجبۇر قىلدى.

*　　　*

ئاددىي، رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆيدە ئەمدىلا 10 ياشلارغا كىرگەن بىر بالا داق يەرگىلا سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە دوم يېتىپ ئۆگەي ئانىسىنىڭ قولىدىكى گارموندىن چىقىۋاتقان يېقىملىق مۇزىكىنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ غۇبارسىز تېنى خۇددى مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا جور

بولغاندەك تىنىمسىز تىترىمەكتە ئىدى. كۆزلىرىنى بولسا ئۆگەي ئانىسىنىڭ گارمون تىللىرى ئۈستىدە توختىماي يورغىلاۋاتقان ئەپچىل قوللىرىدىن ئۈزمەيتتى. ئانا قايسىدۇر بىر ناتونۇش مۇزىكىنى چېلىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، كۆزلىرىنى گارمۇندىن ئېلىپ خېلىدىن بۇيان ئۈزىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ ياتقان ئوغلىغا تىكتى ۋە:

— قانداق، ئابدۇرېھىمجان! سىنىڭمۇ چالغۇڭ كېلىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

بالا ئەيمىنگەن هالدا ئۈنىڭغا تىكىلدى.

— مەيەرگە يېقىنىراق كېلىپ سەنمۇ چېلىپ باققىن.

بالا ئاستا سۈرۈلۈپ ئانىسىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە بۇدرۇق قوللىرىنى قورقۇمسىراپقىنا گارمون تىللىرىغا تەگكۈزدى. شۇ هامان گارمۇندىن ئاجايىپ بىر ئاۋاز چىقتى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ بالىنىڭ كۆڭلى گويا ئۆزى قانداقتۇر بىر مۇزىكىغا چېلىۋاتقاندەك يايراپ كەتتى.

ئانا بىلەن بالىنىڭ بۇنداق «ئائىلە مەشرىپى» پەقەت ئاتا ئۆيدە يوق چاغلاردىلا ئۆتكۈزۈلەتتى. مۇھەممەت ئاخۇن كۈن بويى تىجارەت بىلەن سىرتتا يۈرگەچكە، ئانا - بالىنىڭ كۆڭۈل ئېچىشىغا ئانچە - مۇنچە پۇرسەت تۇغۇلۇپ قالاتتى. ئەگەر، ئۇ ئۆيدە بولسا، ئانا گارمۇن چېلىش ئەمەس، گارمونغا قاراشقىمۇ پېتىنالمايتتى. بىر كۈنى دادىسى ئابدۇرېھىمنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ ئولتۇرۇپ:

— بالام، ئەتە مەن بىلەن بازارغا چىقامسەن؟ سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۆگىنىۋالساڭ چوڭ بولغاندا ماڭا ئوخشاش سودىگەر بولىسەن، — دېدى.

— ياق، دادا، مەن سودىگەر بولمايمەن، چوڭ بولسام گارمون چالالايدىغان ئادەم بولىمەن، — دېدى ئوغلى.

گەرچە دادىسى ناخشا - مۇزىكىنى ياخشى كۆرسىمۇ، ئوغلى-

نىڭ بۇ جاۋابىدىن تازا رازى بولمىدى. كىشىلەرنىڭ «نەغمىچىنى بالام دېمەڭ، بۇقىنى كالام دېمەڭ» دېگەنگە ئوخشاش تەمسىللىرى مۇھەممەت ئاخۇننى ئوغلىنى نەغمىچى قىلىش نىيىتىدىن ياندۇ- راتتى.

ئابدۇرېھىمنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ- دىكى مۇزىكىغا بولغان ئىشتىياق بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇ ھال دادىسىنى بىئارام قىلاتتى، چۈنكى ئوغلىنى ئۆزىگە ئوخشاش سودىگەر قىلىپ چىقىشقا قۇربى يەتمىگەنلىكىگە ئاچچىقى كېلەتتى. لېكىن، ئۇ قانچە قىلغان بىلەنمۇ بالىسىنىڭ قەلبىگە ئۈنگەن «ئىشتىياق مايسىسى» نى يۇلۇۋېتىشكە قۇدرىتى يەتمىدى.

يەر ئىسلاھاتى مەزگىلى، بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ ئۆتەڭ دېگەن يېزىسىغا خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇ- ۋەلى قۇربان قاتارلىق سەنئەتچىلەرمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ تەسىر- ى بىلەن يېزىلاردىكى ئىسلاھات دولقۇنىغا ئەگىشىپ، ئاممىۋى سورۇنلاردا ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. پالانى يەردە مەشرەپ بولىدىكەن دېسە، بىر كۈنلۈك يولنى پىيادە بېسىپ بېرىپ ئاڭلاشتىن يانمايدىغان ئابدۇرېھىم ئاز كۈنگە قالماي يېزىغا چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى پېشقەدەم سەنئەتچىلەرنى ئىزدەپ تاپتى ۋە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ھەۋەس- لىرىنى تارتىنماي ئېيتتى. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر كۈنى كەچ كىرىشى بىلەن تامىقىنى چالا - بۇلا يەپلا دادىسىغا تۇيدۇرماي ئۆتەڭگە قاراپ چاپاتتى. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ياتاق- لىرىغا دۇتار، تەمبۇر، راۋاب، ئىسكىرىپكا دېگەندەك سازلار ئېسىلغان بولۇپ، كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئابدۇۋەلى قۇربان قاتارلىق كىشىلەر دۇتار، تەمبۇرلىرىنى سازلاپ، نەغمە - ناۋا قىلىشقا باشلايتتى. شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ يېتىپ كەلگەن ئابدۇرېھىم ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قىستۇرۇلۇپ، يۇرۇشلەشتۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇپ ئېيتىلىۋاتقان خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇڭلىرى زور ئىشتىـ
ياق بىلەن ئاڭلايتتى. بۇ سازلار ئىچىدە ئىسكىرىپكىنىڭ ئۇنىڭ
زوقىنى بەكرەك تارتىدىغان ، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ باشقا سازلار ئىچىـ
گە قارىغاندا مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالدى.
بەزىدە ئۇ سازەندىلەر چېلىشتىن توختىغاندا ئىسكىرىپكىنى قولىغا
ئېلىپ، ئانچە ـ مۇنچە ئالىتاغىل ئاۋاز چىقىرىپمۇ قوياتتى ۋە
بىرەر ئاھاڭغا كەلتۈرمەكچى بولغاندەك ئۇزاققىچە ھەپىلىشەتتى.
ئۇنىڭ زېرەكلىكىدىن سۆيۈنگەن سازەندىلەر بەزىدە ئۇنىڭغا پەدە
بېسىشنى ۋە كامانچىنى قانداق ھەرىكەتلەندۈرۈشنى ئۆگىتىپ قو-
يۇشاتتى. بۇنىڭدىن ئىلھاملانغان ئابدۇرېھىم مۇزىكىغا بېرىلىپ
كېتىپ، ۋاقىتنىڭ ئاللىقاچان ئەلياتقۇدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى
تۇيماي قالاتتى، پەقەت خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى سازەندىلەر چال-
غۇ ئەسۋابلىرىنى تامغا ئېسىپ قويۇپ يېتىشقا تەمشەلگەندىلا،
ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە قاراپ ماڭاتتى، ئېتىزلار ئارىسىـ
دىكى چىغىر يولنى بويلاپ مېڭىپ كۆكتىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ
ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ناخشا توۋلىغىنىچە مەھەللىگە كىرىپ
كېتەتتى.

* *

ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئابدۇرېھىمجاندىكى ئىشتىياق ئەمەلىي
ماھارەتكە ئايلاندى. ئېزچىل تىرىشچانلىق ئۇنى ئاستا ـ ئاستا
ئىسكىرىپكىنى خېلى ئوبدانلا چالالايدىغان، مۇقام ۋە خەلق ناخ-
شىلىرىنى خېلى تولۇق يورۇشلەشتۈرۈپ ئېيتالايدىغان دەرىجىگە
يەتكۈزدى. ئۇ ئاۋازىنىڭ جاراڭلىق، سۈزۈك ۋە يېقىملىقلىقى
بىلەن تېزلا ئەل ـ يۇرتقا تونۇلدى. مەھەللىدىكى توي ـ تۆكۈن،
مەشرەپلەر بولسۇن ياكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بولسۇن،
ئۇنىڭسىز قىزىمايدىغان بولدى.

ھەرقانداق بىر كەسىپ يولىغا تەمتىلەپ كىرىپ كەلگەن ھەۋەسكارلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ دەسلەپكى چۇچۇك مېۋىلىرىگە نىسبەتەن خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىش ۋە سەمىمىي تەشەككۇرىدىن ئارتۇق ئىلھام بولمىسا كېرەك. خەلقنىڭ قىزغىن مەدھىيىسى ئابدۇرېھىم مۇھەممەتتە ئۆزىنىڭ تاللىغان يولىغا نىسبەتەن زور ئىشەنچ پەيدا قىلدى. ئۇ بىر ئىسكىرىپكا سېتىۋېلىپ، يېنىدىن ئايرىمىدى. ئەشمە، يېغىسار، چومپاق قاتارلىق يېزىلارغا مال ساتقىلى چىققان مەزگىللەردىمۇ يول بويى مال بېسىلغان هارۋا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇزىكا چالاتتى. بەزىدە ھەتتا مۇزىكا بىلەن بولۇپ كېتىپ هارۋىنىڭ يول ئۈستىدە توختاپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالاتتى...

1956 ـ يىلى ئۆكتەبىر، ئۇرۇمچى «1 ـ ئاۋغۇست» كۇلۇبىنىڭ ئىچى تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولغان بولۇپ، بۇ يەردە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ يەتتە يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى، ئېلانچى قىز نۆۋەتتە كورلا ۋىلايىتىدىن كەلگەن ياش ئارتىس ئابدۇرېھىم مۇھەممەتنىڭ ئىسكىرىپكا بىلەن «سىگنال» دېگەن مۇزىكىنى ئورۇندايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى، ئارقىدىنلا ئابدۇرېھىم سەھنىگە چىقىپ تاماشىبىنلارغا سالام قىلدى، ئۇنىڭ بۇنداق كۆپ كىشىلىك سورۇندا ساز چېلىشى تېخى تۇنجى قېتىم بولغاچقا، يۈرىكى دۇپۇلدەپ سوقۇشقا باشلىدى، ئۇ ھاياجىنىنى بېسىشقا تىرىشىپ، ئىسكىرىپكىنى ئېڭىكىگە تىرىدى ـ دە، كۆزلىرىنى قىيا يۇمۇپ، پۈتۈن دىققىتىنى ئىسكىرىپكىغا مەركەزلەشتۈرۈپ مۇزىكىنى باشلىۋەتتى. شۇ ھامان زال ئىچىدە سۇلارنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىشلىرى، قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ياڭراپ، گۈلدۈراس ئالقىش كۆتۈرۈلدى.

ئەتىسى «شىنجاڭ گېزىتى» گە ئۇنى تەرىپلەپ يېزىلغان «ئىستىقباللىق ياش تالانت ئىگىسى» سەرلەۋھىلىك ماقالە بېسىلدى. شۇ قېتىمقى كۆرەكتە ئۇ 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن

كىنو ئاكتىيورلۇق كەسپى بويىچە ئوقۇشقا ئېلىنىپ، ئىچكىرى ئۆلكىگە ئەۋەتىلمەكچى بولدى. بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگىنىدە قارىماي بۈگۈر ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ «بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر» مۇزىكا تايانچلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغاچقا، ئۆمەك رەھبەرلىكى ئۇنىڭ ئوقۇشقا بېرىشىغا قوشۇلمىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ 30 نەچچە يىللىق ھاياتى تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى بۇ خىسەتلىك دىياردا ئۆز خەلقىگە شادلىق ۋە لەززەت بېغىشلاش يولىدا ئۆتتى.

* *

يىللار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئېقىن سۇدەك ئۆتۈۋەردى. بۇ جەرياندا ئۇ مەدەنىيەت نازارىتى تەشكىللىگەن ئۆمەك تەركىبىدە بېيجىڭغا بېرىپ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، جۇ ئېنلەي، جۇ دې، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى، تالاي قېتىم كورلا ۋىلايەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت كۆرەكلىرىگە قاتنىشىپ مۇكاپاتلاندى، ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلىرىغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن تەرمىلەرنى كۆردى، ئۆگەندى ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. كورلا ۋىلايىتى بىلەن باينغولىن ئوبلاستى بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئوبلاستلىق ئۆمەكتە ئىشلىدى، بۇ يەردە ئۇ خەلقئارالىق نوتا ئۆگەندى.

ئابدۇرېھىم مۇھەممەتنىڭ كەسپىي ئىجادىيەت پائالىيىتىنى ئۇ 1959 - يىلى تۇنجى قېتىم ئىجاد قىلغان «تارىم ساداسى» دېگەن مۇزىكىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ ھازىرغىچە 30 نەچچە يىل بولدى. مۇشۇ يىللار مابەينىدە ئۇ ئىجاد قىلغان ناخشا - مۇزىكا، لەپەر، درامىلارنىڭ كىرىشتۈرۈلمە مۇزىكىسى قاتارلىقلار 150 تىن كۆپرەككە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق جايلاردا تا بۈگۈنگە قەدەر ئاڭلىتىلى-

ۋاتقانلىرىمۇ، ئوبلاست، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغانلىرىمۇ بار. ئۇنىڭ تەربىيىلىگەن، ئوقۇتقان شاگىرتلىرى ئىچىدىمۇ ھازىر ناھىيە، ئوبلاستلاردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئاساسلىق مۇزىكانت، ناخشىچى بولۇپ، خەلققە شادلىق بېغىشلاش يولىدا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇۋاتقانلىرىمۇ بار. ئۇ ئاشۇلار بىلەن پەخىرلىنىدۇ ھەم پەخىرلىنىشكە ھەقلىق!

1983 ـ يىلىدىن 1991 ـ يىلىغىچە ئابدۇرېھىم مۇھەممەت بۈگۈر ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە باشلىق بولۇپ ئىشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىللە يەنە ئۆمەكتىكى بارلىق خادىملارغا باشلامچى بولۇپ ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن يۇقىرى ئورۇنلاردىن سەنئەت يېتەكچىسى تەكلىپ قىلىپ تەربىيىلىدى، يەنە بىر قىسىم ئۆمەك ئەزالىرىنى ئوقۇشقا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى، يېڭى، قىزىقارلىق، دەۋر روھىغا ئىگە سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىپ ۋە تەييارلاپ خەلققە تەقدىم قىلدى. ئالتە ـ يەتتە يىل ئەجىر سىڭدۈرۈش نەتىجىسىدە، بۇ ئۆمەك تەييارلىغان ئويۇنلار يالغۇز ئوبلاست تەۋەسىدىلا ئەمەس، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىمۇ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان بۇ كىشى ھازىر يەنە قولىغا قەلەم ئېلىپ يېڭى ـ يېڭى كۈيلەر ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە، شۇنداقلا «12 مۇقام» نىڭ مۇقەددىمە، داستان، مەرغۇل قىسىملىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆز يۈرۈشى بىلەن نوتىغا ئېلىپ، ئۇنى تولۇق تېكىستى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئۆگىنىش ماتېرىيالى قىلىش ئۈستىدە ئىشلىمەكتە. خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن خەلق ناخشىلىرىنىمۇ توپلاش، رەتلەش بىلەن مەشغۇل بولماقتا.

1992 ـ يىل ماي، بۈگۈر

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# كىچىك پونكىتتىكى چوڭ مۇلازىمەت

ئىيۇننىڭ ئاخىرىدا تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىن ۋادىلىرى تولىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. ئېقىننى بويلاپ كۆز يەتمەس ئۈپۈققىچە سوزۇلغان «يېشىل كارىدور» خۇددى گۈل يۈزلۈك قىزچاقنىڭ ياراشتۇرۇپ قويغان ئۇسىمىسىدەك كىشىگە بىر خىل ئۆزلۈق ۋە لاتاپەت تۇيغۇسىنى بەخش ئېتەتتى. تارىم دەرياسى، تەكلىماكان چۆللۈكى توغرىسىدا نۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ ئۇنى تەسەۋۋۇر دۇنيايىمدىلا غايىۋى ھېس قىلغاچقىمۇ، ئەيتاۋۇر، بۇ جايلارنى بىر كۆرۈش ئىستىكى مەندە خېلىدىن بۇيانلا مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، بۈگۈن تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدە زىيارەتتە بولۇشنىڭ ئۆزىلا مەن ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىش بىلىنەتتى. ئەتىگەندىن بۇيان جىپنىڭ دېرىزىسىدىن چەكسىز كەتكەن چۆللەرگە، قۇم بارخانلىرىغا تويماي قاراپ، ئۇن نەچچە سائەتلىك مۇشكۇل سەپەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قاپتىمەن. دالىدىكى ھەربىر تۈپ گىياھ، ئۈچراشقان ھەربىر تەكلىماكانلىق چارۋىچى ماڭا بۆلەكچىلا يېقىملىق بىلىنەتتى ... بۇ يەرنىڭ كېچىسىچۇ تېخى! مانا، ئاسمان گۈمبىزى ئاستا ـ ئاستا قارا رەڭدە بويىلىپ ئۇچۇق ھاۋادا يۇلتۇزلار بىردىن، ئىككىدىن پەيدا بولۇپ جىمىرلاشقا باشلىدى، ئەتىگەندىن بۇيان دالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان تىنچىق، بۇرۇقتۇرما ھاۋانى كەچ كىرىشى بىلەن چىققان نەمخۇش غۇر ـ غۇر شامال نەلەرگىدۇ قوغلىۋەتتى. مېنىڭ بۈگۈنكى سەپىرىم لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىقىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە بولغانىدى. سەھەردە قارچۇغا يېزا مەركى-

زىدىن يولغا چىقىپ توقايلىق ۋە قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا يول يۈرۈپ بىرقانچە چارۋا مال قوتانلىرىنى ئارىلاپ يېزا مەركىزىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چارۋىچى توختىباي ئاكىنىڭ «خۇدا ئەۋەتكەن مېھمانلىرى» بولۇشقا ئاران ئۈلگۈردۇق. ئۆينىڭ ئالدىدىكى كەڭرى سەيناغا قوپۇرۇلغان سۇپىغا ئون نەچچەيلەن چەمبەر شەكلىدە دائىرە ھاسىل قىلىپ جايلاشتۇق. ئۆينىڭ تېمىدىكى قوزۇققا ئېسىلغان رادىئودىن ئېلېكترونلۇق رويال بىلەن ئورۇندالغان يېقىملىق ۋالىس مۇزىكىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. داستىخان ئۈستىدىكى پاراڭلار بۈگۈنكى سەپەرنىڭ جاپاسى، يوللارنىڭ (ئەمەلىيەتتە بۇ يەرلەردە مۇقىم قاتناش يولى يوق) ناچارلىقى ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى.

يېشى يەتمىشتىن ھالقىغان، چاچ ـ ساقاللىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان، تەمبەل، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان توختىباي ئاكا ئالدىمىزغا خۇددى جانانىنىڭ مەڭزىدەك قىزىرىپ پىشقان توقاچلارنى كەلتۈردى. «ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ» دېگەندەك، دەسلەپ قورساقنىڭ ئاچلىقىدا ئانچە تەكەللۇپسىزلا يۇمشاق نان بىلەن قېنىق دەملەنگەن چايغا «ھۇجۇم» قىلىپ كېتىپتۇق، قورساقنى بىرەر قۇر «ئەستەرلىۋالغاندىن» كېيىن، ئۇياق ـ بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، تۇيۇقسىز كاللامدىن بىر خىيال كېچىپ قالدى.

— توختىباي ئاكا، ئۆيۈڭلار يېزا مەركىزىدىن يىراق، يوللارمۇ بەك ناچار ئىكەن. يەيدىغان ئاشلىقنى قانداق قىلىسىلەر؟— دەپ سورىدىم مەن.

توختىباي ئاكا ئاپئاق ساقىلىنى سىلىۋەتكەندىن كېيىن، سوئالىمغا جاۋاب بەردى:

— بۇرۇنلاردا بۇ ئىش راستىنلا بېشىمىزنى قاتۇراتتى، قارچۇغا ئاشلىق پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلار ئۇن ـ ياغنى ئۆيىمىزگە ئەكېلىپ بېرىدىغان بولدى. بۇ پونكىتتىكىلەر بىز

www.uyghurkitap.com

چارۋىچىلار ئۈچۈن كۆپ ساۋابلىق ئىش قىلىۋاتىدۇ. ھازىرغىچە بىزنىڭ قورساقتىن قىلچىمۇ غېمىمىز يوق.

بۇ جاۋاب مېنى «سەگىتىپ» قويدى ھەم مەندە بۇ ئاشلىق پونكىتىنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئانچە ـ مۇنچە «كوچىلاشتۇرۇپ» بېقىش ئىستىكى پەيدا قىلدى.

چارۋا مال قوتانلىرىنى ئارىلاپ يېزا مەركىزىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەن ھېلىقى ئىچىمىزگە كىرىۋالغان «جىن» نىڭ «قۇترىتىشى» بىلەن قارچۇغا ئاشلىق پونكىتىغا قەدەم تەشرىپ قىلدىم. 35 ـ 36 ياشلار چامىسىدىكى بۇغداي ئۆڭلۈك، دوغىلاققىنە كەلگەن پونكىت باشلىقى ئەمەت قادىر ھەم ئىشخانا، ھەم ياتاق ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ئانچە كەڭ بولمىغان ئۆيدە مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

ـــ بىزنىڭ بۇ تەرەپلەرنىڭ يولى ناچار، قاتنىشى قولايسىز، شۇڭا مۇخبىر بەك ئاز كېلىدۇ. سىزدەك 10 قوي سويۇپمۇ چاقىرىپ ئەكەلگىلى بولمايدىغان مېھمانلارنىڭ كىچىككىنە پونكىتىمىزغا كەلگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت.

ئۇ سۆزلىگەچ ئورنۇن كۆرسىتىپ، مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

ـــ پونكىتىنىڭ ئەھۋالىنى چارۋىچىلاردىن يېرىم ـ يارتا ئاڭلاپ قېلىپ، سىزنى ئىزدەپ كېلىشىم ئىدى. بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئىشلىگەن خىزمىتىڭلار توغرىسىدا بىرنەرسە دەپ بېرەلەرسىزمۇ؟!

مەن سوئال نەزىرىم بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم. ئۇ شىرە تارتمىسىدىن بىر خاتىرىنى ئالدى ـ دە، ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

ـــ پونكىتىمىز 1990 ـ يىلى دۆڭقوتان يېزىلىق ئاشلىق پونكىتىدىن ئايرىلىپ چىققانىدى. ھازىر پونكىتتا جەمئىي ئالتە ئىشچى ـ خىزمەتچى بار، بۇنىڭ ئۈچى ۋاقىتلىق ئىشچى، بىر

پۈتۈن قارچۇغا يېزىسىدىكى 682 ئائىلە، 3342 نوپۇسىنى ئاشلىق - ياغ بىلەن تەمىنلەشنى ئۈستىمىزگە ئالغان.

— ئاڭلىسام، چارۋىچىلارغا كېرەكلىك ئاشلىق - ياغنى ئۆيلىرىگىچە ئاپىرىپ بېرىدىكەنسىلەر، ئاران ئالتە ئىشچى - خىزمەتچى بىلەن بۇنچىلىك ئىشلارغا يېتىشىپ بولماق تەسكە توختىمامدۇ؟

— تەسكە توختىدى دەپ چارۋىچىلارنى ئاچ قويغىلى بولامدى- كەن. بىز چارۋىچىلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنىمۇ كۆزدە تۇت- مىساق بولمايدۇ - دە. يېزىمىزدا 503 قوي قوتىنى بار. چارۋى- چىلار قاتناش قورالىرى كەمچىل بولغاچقا، ۋاقتى - ۋاقتىدا كېلىپ ئاشلىق - ياغنى ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزمۇ يوللارنىڭ ئەھۋالىنى كۆردىڭىز. بەزى چارۋا مال قوتان- لىرى يېزا مەركىزىدىن 200 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا جاي- لاشقان. شۇڭا ئۆيى يېزا مەركىزىدىكىلەر ۋە يېقىن ئەتراپتىكىلەر ئات - ئۇلاغ بىلەن پونكىتىمىزغا كېلىپ ئاشلىق سېتىۋالىدۇ. ئۆيى يېزا مەركىزىدىن يىراقتىكى چارۋىچىلارغا ئايدا بىر قېتىم تراكتور بىلەن ئاپىرىپ بېرىمىز.

ئىككى سائەتكە يېقىن داۋاملاشقان سۆھبەت داۋامىدا مەن ئەمەت قادىردىن بۇ پونكىتنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش جەريا- نىدىكى ئەھمىيەتلىك قەدەملىرىنى بىرەر قۇر ئىگىلىدىم.

بۇ پونكىت قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىزچىل تۇردە ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىش، چارۋىچىلارنىڭ ئاشلىقىنى ئۆيلىرىگىچە ئاپى- رىپ بېرىش ئارقىلىق چارۋىچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرى- شىپتۇ. ئاشخانا ئېچىش، قوي بورداپ سېتىش، يېمەكلىكلەر دۇكىنى ئېچىپ ياغ، يەم - خەشەك سېتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ كۆپ خىل ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بۇلتۇر بىر يىلدىلا پونكىتنىڭ ئىلگىرىكى زىيان تارتىش ھالىتىنى ئۆز- گەرتىپ، 22 مىڭ 220 يۈەن پايدا يارىتىپتۇ. ئاشخانا ئېچىش

ۋە قوي بورداپ سېتىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشتا مەبلەغ كەم-چىل بولۇپ قالغاندا، ئۇلار ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدىن 17 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئېلىپ ئىش باشلاپتۇ. ھازىر ئۇلار بۇ قەرزلەرنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ بوپتۇ. مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخ-شىلاش بىلەن كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەڭ تۇتۇپ قانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى پايدىسى 18 مىڭ يۈەندىن ئېشىپتۇ.

زىيارەت جەريانىدا مەن يەنە بۇ پونكىتتىكىلەردىن مۇنداق بىر ھېكايىنىمۇ ئاڭلىدىم:

1991 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئەتىگەندە قارچۇغا يېزا مەركىزىدىن ئاقياسىقتىكى چارۋىچىلارغا ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن تراكتوردا يولغا چىققان ئەمەت قادىر بىلەن ھوشۇر تۇردى ئۇرمەك دېگەن يەرگە كەلگەندە ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈننى ئۆتكۈزدى. ئەتىگەندىن بېرى ئوچۇق تۇرغان ھاۋا ئۇلار 60 كىلومېتىردەك يول يۈرگەندىن كېيىن تۇيۇقسىز ئۆز-گىرىپ، سوغۇق شامال قۇملارنى ئۇچۇرۇپ يولدا قۇم ئېقىنى ھاسىل قىلدى. ئارقىدىنلا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. كوزۇپ-نىڭ ئۈستىدە نېمە قىلارنى بىلمەي ئولتۇرغان ئەمەت قادىر يامغۇرنىڭ تامچىلىغانلىقىنى كۆرۈپ، يېنىدا ئولتۇرغان ھوشۇر تۇردىغا:

— ئۇنغا چاپسان سۇلياۋ ياپايلى، — دېدى ـ دە، دەرھال ئېلىۋالغان سۇلياۋ پارچىلىرى بىلەن تراكتوردىكى ئۇن بىلەن قوناقنى يېپىشقا كىرىشىپ كەتتى. بىراق، ئۇلار ئېلىۋالغان سۇلياۋ ئىككى كوزۇپقا يەتمىدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى ھوشۇر تۇردى.

بۇ چاغدا ئەمەت قادىرنىڭ كۆزى ئۆزلىرى دالىدا يېتىشقا توغرا كەلگەندە ئىشلىتىمىز دەپ ئېلىۋالغان يوتقان ـ كۆرپىلەرگە چۈشتى. ئىككىيلەن ھەش ـ پەش دېگۈچە چىرايلىق چىگىلگەن

يوتقان ـ كۆرپىلەرنى يېشىپ قالغان جايلىرىغا ياپتى، لېكىن بۇمۇ يەتمىدى. ئۇن قاتتىق يامغۇردا بىردەمدىلا خېمىرغا ئايلىنىپ كېتەتتى. ئەمدى بۇ يەردە بىردىنبىر ياپقۇدەك نەرسىدىن ئىككىيلەننىڭ كىيىمىلا قالغانىدى. ئۇلار ھاپىلا ـ شاپىلا كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىشتى ـ دە، قالغان جايلارنى يېپىۋېتىپ ئۆزلىرى كوزۇپىنىڭ تېگىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ يۈز ـ كۆزىگە قونغان قېلىن توپا يامغۇر سۈيىدە لايغا ئايلىنىپ يالىڭاچ بەدەنلىرىگە ئاقماقتا ئىدى. ئىچ كىيىمى بىلەنلا ئىتتىرىشىپ ئولتۇرغان ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەشتى. ئۇلارنىڭ چېھرىدە ئەتكىنى ھەقىقىي بىر غەلىبە قىلغۇچىنىڭ چىرايىدا ئەكس ئېتىدىغان سۆيۈنۈش كۈلكىسى ئىدى.

— نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنلارنى ساقلاپ قالدۇق. ئەگەر، سەللا كېچىككەن بولساق 5000 كىلوگرام ئۇن خېمىرغا ئايلىنىپ كېتەتتى، — دېدى ئەمەت قادىر ئاستا شىۋىرلاپ.

يامغۇر توختىغاندىن كېيىن ئۇلار ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى سىقىۋېتىپ كىيىۋېلىپ قوتان تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى ...

بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەنمۇ ناھايىتى ھاياجانلاندىم. بىراق، تەكلىماكان گىرۋىكىدە ئەسىرلەر بويى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ھاياتىدا ھەتتا لوپنۇر ناھىيە بازىرىغىمۇ بارالماي ئۆتۈپ كېتىدىغان قارچۇغا چارۋىچىلىرى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا بۈگۈنكى كۈندە مانا مۇشۇنداق ياخشى مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولۇش ئەلۋەتتە چوڭ ئىش. شۇڭا، مەيلى يېزا مەركىزىدە بولسۇن ۋە ياكى تارىم دەرياسى بويىدىكى چارۋىچىلار قوتانلىرىدا بولسۇن، قارچۇغا ئاشلىق پونكىتىدىكى كىشىلەرگە ئەڭ ھۆرمەتلىك چارۋىچىلارمۇ ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئەزىز مېھمىنى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەن ئەمەت قادىر بىلەن لوپنۇر ناھىيە بازىرىدا ئۇچرىشىپ قالدىم.

— يىل بويى يېزىدا يۈرۈپ زېرىكىپ قېلىپ، ناھىيىگە ئانچە - مۇنچە كۆڭۈل ئاچقىلى كەلگەن ئوخشىمامسىز؟ — مەن ئۇنىڭدىن چاقچاق ئارىلاش سورىدىم.

— نەدىكىنى دەيسىز؟ 7 - ئايدىن باشلاپ ئۈچ ئاي كەلكۈن پەسلى، سۇ بىرلا كەلسە بىزنىڭ ئۇ تەرەپكە ئۇچارقاناتتىن باشقا نەرسە ئۆتەلمەيدۇ. شۇڭا بىزمۇ كەلكۈن كېلىشتىن ئىلگىرى ئۈچ ئايلىق ئاشلىقنى يۆتكىۋالمىساق بولمايدۇ.

— يۆتكەپ بولدۇڭلارمۇ؟

— ھەئە، سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئەتىسىلا قايتىپ كەلگەندىم. 120 مىڭ كىلوگرام ئاق ئۇن، 20 مىڭ كىلوگرام يەم - خەشەك، 5500 كىلوگرام ياغ ئېلىپ يۆتكەۋاتىمىز. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئاخىرقى بىر قىسىم ئاشلىقنى تراكتورغا بېسىپ ئەتە قايتىمەن.

ئەسلىدە مەن ئۇنى ياتاقتا باشلاپ ئانچە - مۇنچە مۇڭداشماقچى بولغانىدىم. لېكىن، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇ خىيالىمدىن ئىختىيارسىز يالتايدىم. ئەل - يۇرت ئالدىرىغانغا ئالدىراپ تومۇز ئىسسىقتا چىلىق - چىلىق تەرگە چۈمگەن بۇ ئەزىمەتنى يولدىن توختىتىپ قويۇشقا نېمە ھەددىم؟!

بىز ئۇنىڭ سەپىرىگە چىن دىلىمىزدىن ئاقيول تىلىدۇق.

1992 - يىل ئىيۇن، لوپنۇر

# قۇملۇقتا ياشىنغان يۇلغۇن

1979 - يىلى نويابىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئولتۇرۇشقا باشلىغان قۇياش ئۆزىنىڭ ئاداققى نۇرلىرىنى بىپايان قۇملۇققا چېچىپ، قۇم بارخانلىرى، سۆكسۆك ۋە يۇلغۇنلارنى قىزىل رەڭگە بويىۋەتكەنىدى. قۇملۇقنىڭ گىرۋىكىگە «7» رەقىمى شەكلىدە سىلىنغان لوپنۇر تاشيول ئۇچاستىكىسىغا قاراشلىق توڭگۈزلۇق داۋىنى (186 - داۋەن) نىڭ ئۆيلىرىنىڭ تۇرخۇنىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىسلار ئاستا چىقىۋاتقان شامالدا بەللىرىنى ئېگىپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن نازىنىنەك يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئۆيدىن 30 مېتىرچە يىراقلىقتا ئىككى قۇتۇپنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تانىدەك يىراقلارغا سوزۇلغان كورلا - چەرچەن تاشيولى سۇنايلىنىپ ياتاتتى. بۇ چاغدا تاشيولنىڭ كورلا تەرىپىدىن يىراقتا بىر «قارا چېكىت» پەيدا بولدى، «قارا چېكىت» بارغانسېرى يوغىناپ ئۇزاق ئۆتمەي بىر كىچىك تراكتور بولۇپ چىقتى، ئۇ ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا قاڭقىغىنىچە مېڭىپ، داۋەنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، كوزۇپتىن پۈتۈن ئۇستۈبېشى خۇددى توگمەنچىدەك ئاپئاق ئاقارغان، توپا دەستىدىن كىيىملىرىنىڭ ئەسلي رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بولۇپ كەتكەن ئىسمائىل يۇسۇپ چۈشتى، ئۇ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتكەچ بېشىدىكى ھەربىيچە شەپكىسىنى ئېلىپ، كىيىملىرىنى بىرەر قۇر قاقتى - دە، يوتقان - كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى. تراكتورنىڭ شوپۇرى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ قازان - قومۇچلارنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

تراكتورنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ سىرتقا چىققان ئىككى ياش ئىشچى يېڭى «خوجايىن» غا باشلىرىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ «ھۆرمەت» بىلدۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، بىر چەتكە بەللىرىنى تۇتۇپ مەسخىرە نەزىرى بىلەن ئىسمائىل يۇسۇپكە قاراپ تۇرۇشتى. ئۇ تراكتوردىكى قالغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ماڭغاندا، بايىقى ئىككى يىگىتمۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كۈلۈشكىنىچە ياتىقىغا كىرىپ كېتىشتى.

توڭگۇزلۇق داۋىنى لوپنۇر ناھىيە مەركىزىدىن 200 كىلومېتىردەك يىراقلىقتا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، تاشلىنىپ قالغان خارابىدەك 10 ئېغىز ئۆيدىن باشقا بۇ يەردە نە بىر تۈپ دەرەخ، نە بىرەر ئائىلىلىك دېھقاننى ئۇچراتقىلى بولمايتتى. ئېھتىمال، بۇ يەرلەردە ئىلگىرى ياۋا توڭگۇز جىق بولغانلىقتىنمۇ ۋە ياكى يېقىن ئەتراپتا ئىنسۇجىن يوق، ھەممە يەرگە بوران ھۆكۈمرانلىق قىلغاچقىمۇ، ئىشقىلىپ بۇ يەرلەرنى قەدىمكىلەر توڭگۇزلۇق دەپ ئاتىغاچقا، بۇ نام ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە ئىدى.

كېچە، سىرتتا شۇۋىرغان ھۇۋلىماقتا، ئۈچ كۈندىن بېرى ئەبجەق تراكتوردا سىلكىنىپ، ھەر تەرەپكە مۇدۈرۈپ ـ چوقۇرۇپ چارچىغان ئىسمائىل يۇسۇپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، ئاسمانغا تىكىلگىنىچە تېخى بايىلا ئىشچىلار بىلەن بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— باشقىلار قېنى؟

— ئويۇنغىلى كەتتى.

— نەگە؟

— مەن نەدىن بىلەي.

— دېرىزىلەرنىڭ ئەينىكى نېمىشقا يوق؟

— چېقىلىپ كەتتى.

— نېمە بولۇپ؟
— بوراندا.
— بوران چىققاندا ئىشىك - دېرىزىلەرنى مەھكەم تاقىۋەتسەڭلار بولمامدۇ؟
— ئۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ كارى.

مانا بۇ، رەھبەرلىكتىن قايتا - قايتا تەلەپ قىلىپ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ كەلگەن داۋبەننىڭ ئەھۋالى، ئۇچاستىكا رەھبەرلىكى ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىمكانقەدەر ئۇنى بۇ يەرگە بېرىش نىيىتىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ شارائىتىنى خېلى كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەھۋالنىڭ بۇ دەرىجىدە ناچار ئىكەنلىكىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. «كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا مەيدەمگە ئۇرۇپ چىققان ئىكەنمەن، ئەمدى ۋايسىماي ئىشلىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇنىڭ قولىدىكى ئوت توچكىسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يېرىم چەمبەر دائىرە ھاسىل قىلىپ كەينى - كەينىدىن بىر نەچچە قېتىم ئايلاندى - دە، كارىۋاتتىن نېرىراق يەرگە چۈشۈپ ئاستا - ئاستا خىرەلىشىشكە باشلىدى...

ئۇ ئەتىسى تاڭ يورۇماستىلا ئورنىدىن تۇردى. يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، ئايالى ھۆرنىساخان يېقىپ بەرگەن زاغرىلارنى تۇزلۇق قايناق سۇغا چىلاپ ئىشتىھا بىلەن يېدى - دە، سۇدانىنى ئېسىپ، گۈرجەكنى مۈرىسىگە سېلىپ يول تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى...

تېمپېراتۇرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باھار، ياز پەسلى بۇ يەرگە ھېچقانداق سوۋغات ئېلىپ كېلەلمەيتتى، باھاردا باشقا جايلاردىكى دەل - دەرەخلەر يېشىللىققا پۈركىنىپ، گۈللەر ئېچىلىپ، پۈتۈن كائىنات ئاجايىپ گۈزەل تۈسكە كىرگەندە، بۇ قاقاسلىقتا باھارنىڭ ئەڭ «ئېسىل سوۋغىتى» كۆز ئاچقۇسىز شىۋىرغان بولاتتى، ياز كېلىشى بىلەن پاشا ۋە كۆكۈيۈنلەر قاياق-

لاردىندۇ يېتىپ كېلىپ «ئىش» قا كىرىشىپ كېتەتتى. پاشا ۋە كۆكۈيۈن دەستىدىن ئادەم تۇرماق داۋبەننىڭ بىر دەستىسىنى ئىش-لەپچىقىرىش قورالى بولغان ئىككى ئېشىكىمۇ ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالاتتى.

1983 ـ يىلى سىنتەبىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، چۈشتىن كېيىن يولدىن يېنىپ يىغىلىپ قالغان كىرلەرنى يۇيۇپ بولغان ئىسمائىل يۇسۇپ مەشنى تالاغا كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئوت يېقىپ هاردۇق ئېشى — ئۈگرىگە تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئىش بىلەن هەپى-لەشكەچ پات ـ پاتلا ناهىيە تەرەپكە قاراپ قوياتتى. تۈنۈگۈن ناهىيىگە سۇ ئەكەلگىلى كەتكەن تراكتور تېخىچە كۆرۈنمەيتتى، ئەگەر كەچكىچە كەلمىسە ئەتە ئەتىگەندە يۈز يۇيغىلىمۇ سۇ يوق ئىدى. ئۇ خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ، ئېهتىياتسىزلىقتىن ئوڭ قولى-نىڭ مايماق بولۇپ قالغان كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئاغرىتىۋالدى.

— ۋايجان، ماۋۇ پېشكەللىكنى، — دەپ ئاستا ۋارقىرىۋەت-تى ئۇ ئاغرىققا چىدىماي ئۆز ـ ئۆزىگە.

ئۇنىڭ بۇ بارمىقىنى ئۆتكەندە تراكتور بىلەن يولغا سۈرەم سېلىۋاتقاندا دىققەتسىزلىكتىن تراكتورنىڭ چاتقۇچى قىسىۋالغان بولۇپ، بارماقنىڭ سۆڭىكى ئېزىلىپ كەتكەنىدى. شۇ ئەسنادا «شەرق شامىلى» ماركىلىق بىر ماي ئاپتوموبىلى چاقىلىق ناهى-يىسى تەرەپتىن كېلىپ ئۆينىڭ ئۇدۇلىدا توختىدى، ئالاقزادە بولغان شوپۇر ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ يۈگۈرگىنىچە ئىسمائىل يۇسۇپنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە:

— چاتما كوزۇپ يوق تۇرىدۇ، سىز كۆرمىگەنسىز؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە؟ كوزۇپ ئاجراپ كېتىپتىما؟ ئىچىدە ماي بارمى-دى؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى ئۇ.

— هەئە، ماي قاچىلاپ قايتقان ئىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى شوپۇر. ئىسمائىل يۇسۇپمۇ جىددىيلەشتى.

— سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ، ئىككىمىز بىللە بىرىپ ئىزدەپ باقايلى، — دېدى ئۇ خەنزۇ تىلىنى بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىپ.

ئۇ يېيىپ تەييار قىلغان جىلتىنى تېز - تېز كىيىپ قازانغا تاشلىدى - دە، خېمىر يۇقى قوللىنى ئۆۋۈلىغاچ ئۆي تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى:

— شياۋلى، بۇ ياققا چىق!

ئۆيدىن 22 ـ 23 ياشلاردىكى ئورۇقتىنا كەلگەن بىر خەنزۇ يىگىت چىقتى.

— نېمە ئىش بولدى، بەنجاڭ، — دېدى يىگىت بۇ تەرەپكە كېلىۋېتىپ.

— ئاش تەييار بولۇپ قالدى، قازانغا قاراپ تۇرغىن، مېنىڭ ئىشىم چىقىپ قالدى.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ قوللىرىنى چاپىنىنىڭ پېشىگە سۈرتۈ-ۋېتىپ شوپۇر بىلەن ماڭدى، كېتىۋېتىپ كەينىگە قاراپ يەنە:

— مەن سەل كېچىكىپ قالسام ساقلىماي تاماقنى يە-ۋەرگىن، — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇلار بىر كىلومېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن يولنىڭ چېتىدە قۇمغا پېتىپ قالغان كوزۇپنى ئۇچراتتى، ماي باكنىڭ يېنىدىكى تەڭگە پۇلنىڭ چوڭلۇقىدىكى تۆشۈكتىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ماي يەردە قارا داغلارنى قالدۇرۇپ، قۇمغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئاپتوموبىلدىن سەكرەپ چۈشكەن ئىسمائىل يۇسۇپ ئۇدۇل كې-لىپ تۆشۈكنى قولى بىلەن توسۇۋالدى.

— تېز بولۇڭ، تۆشۈككە كەپلىگۈدەك بىر نەرسە تېپىپ كېلىڭ، — دېدى ئۇ شوپۇرغا.

ئۇلار مىڭ بىر مۇشەققەتتە تۆشۈكنى ئەتتى ۋە كوزۇپنى ئاپتوموبىلغا چېتىپ سۆرىتىپ باقتى، لېكىن ھاردۇق يەتكەن ئۆكۈزدەك قۇمغا پېتىپ خېلى ئوبدانلا «جايلىشىۋالغان» كوزۇپ چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

شوپۇرنىڭ بېشى قاتتى. كوزۇپنى تاشلاپ كېتەي دېسە ماي بىر كۇنگە قالمايلا ئۆتكەن ـ كەچكەن شوپۇرلارنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ تۇگەيتتى، ئۆزى ساقلاي دېسە، بۇ ئىشتىن ئۇلارنىڭ خەۋىرى بولمىغاچقا، ساقلاپ يېتىۋېرىشكە توغرا كېلەتتى.

ئىككىيلەن يول بويىدا جىمجىت ئون مىنۇتتەك ئولتۇرۇشتى. ئوتتۇرىدىكى جىمجىتلىقنى ئىسمائىل يۇسۇپ بۇزدى:

— سىز بىرىپ تەشكىلگە مەلۇم قىلىڭ، كوزۇپقا مەن قاراپ تۇراي، — دېدى ئۇ خۇددى شوپۇرنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگەندەك.

— لېكىن، سىزنىڭمۇ ئىشىڭىز تۇرسا...

— مەن كەچتە ئىشلىمەيمەن ـ دە. ئۆيدە ئوخلىساممۇ، بۇ يەردە ئوخلىساممۇ ئوخشاش. ئۆزۈمنىڭمۇ دالىدا بىر قونۇپ باققۇم بار ئىدى، — دېدى ئۇ چاقچاق قىلغاندەك.

شوپۇر تەئەللۇتتە قالدى.

— سىز ھازىر بېرىپ مېنىڭ يوتقان ـ كۆرپەمنى ئەكېلىپ بېرىڭ.

شوپۇر ھايال بولمايلا يوتقان ـ كۆرپە بىلەن بىر كورا ئۇگرە ئاش ۋە پارچە نانلارنى ئېلىپ كەلدى.

— ئۇنداق بولسا مەن ماڭاي، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، — شوپۇر ماشىنا تەرەپكە بۇرۇلدى.

— نەگە ئالدىرايسىز، بۇ ياققا كېلىڭ، ئازراق بىرنەرسە يەۋېلىپ مېڭىڭ، سىزنىڭمۇ قورسىقىڭىز ئېچىپ قالدى، يەنە تېخى كېچىچە يول ماڭىسىز، — دېدى ئىسمائىل يۇسۇپ.

ئۇ شوپۇرنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي تارتىپ ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزدى. يانچۇقىدىن يۇز سۇرتىدىغان لۆڭگىسىنى ئېلىپ يەرگە سېلىپ داستىخان راسلىدى، ئەتىگەندىن بېرى يول يۈرۈپ قورساقلىرى ئېچىپ ئۇچەيلىرى دۇمبىسىگە چاپلىشىپ كەتكەن شوپۇر داستىخانغا كېلىپ ئولتۇردى. ئىككىيلەن سوۋۇپ قالغان

ئۇ گرە بىلەن قاتتىق ناننى ھۇزۇر بىلەن يېيىشتى.

شوپۇر كەتكەندىن كېيىن ئىسمائىل يۇسۇپ ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ، تۈز بىر جاينى تاللاپ، يوتقان - كۆرپىنى سېلىپ، ئايىغىنى يېشىپ يېنىغا قويدى - دە، كىيىمى بىلەنلا يوتقانغا كىرىپ كەتتى.

باياتىن بېرى ئاندا - ساندا چىقىۋاتقان شامال ئەمدى كۈچىيىشكە باشلىدى، ھاۋامۇ بارغانسېرى سوۋۇپ، سوغۇق ئۇنىڭ گەجگىسىنى قورۇشقا باشلىدى، ئوڭگۈزلۈكىنىڭ «مەڭگۈلۈك يادنامىسى» بولغان رېماتىزم كېسىلى سوغۇقتا يەنە قوزغىلىپ سىقىراپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇ بەدىنىنى يوتقاندىن سەل سۇغۇرۇپ، يېنىچە بولۇپ موخوركا يۆگەشكە باشلىدى ھەم موخوركا چەككەچ يېتىپ خىيالغا پاتتى...

مانا ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگىمۇ ھەش - پەش دېگۈچە تۆت يىل بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق خىزمەت داۋامىدا يېتىلدۈرگەن «باشلامچى بولۇپ ئىشلەپ، بۇيرۇقنى ئاز چۈشۈرۈش» دېگەن خىزمەت ئۇسۇلى بويىچە ئىشلىدى. گەرچە داۋەنىنىڭ خىزمەتلىرى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ 1980 - يىلىدىن باشلاپ ئۇچاستىكا بويىچە ئىلغار داۋەنلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشچىلارنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقى يەنىلا سۇس ئىدى، ئۇ كەلگەندىن بۇيان ئىشچىلار ئىككى قېتىم ئالمىشىپ بولدى، ئىشچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى خىزمەتكە كەلگەندە ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئاز ئاجىز ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى تولۇق ھېس قىلىپ، ياش ۋاقىتلىرىدا ياخشىراق ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغانلىقىدىن يەنە بىر قېتىم قاتتىق ئۆكۈندى، ئۇنىڭ خىيالىغا بىر ھەپتە ئىلگىرى بىر ياش ئىشچى بىلەن بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەت كەلدى.

چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئۇ ياتىقىغا كىرىپ ئەمدىلا «تارىم» ژۇرنىلىنى قولىغا ئېلىپ بىر ھېكايىنى باشلىۋېدى،

خىلىدىن بىرى كىتمەمەن دەپ يۈرگەن بىر يىگىت ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلدى.

— نەرسە - كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ قويدۇم، سىز بىلەن خوشلاشقىلى كىرگەنىدىم، — دېدى يىگىت بوسۇغىدىلا ئۆرە تۇرۇپ.

— راستتىنلا كېتەمسەن؟ — ئۇ سوئال نەزەرى بىلەن يىگىتكە تىكىلدى.

— ھەئە، ۋاقتىدا كېتىۋالمىسام ياشلىقىم مۇشۇ جاڭگالدا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. يا دەم ئېلىش بولمىسا، يا تۇرمۇش ياخشى بولمىسا.

— ئوبدانراق ئويلىشىپ باقسىن، ھەممە ئىش ئاستا - ئاستا بولمامدۇ، بەش قولنى بىراقلا ئېغىزغا تىققىلى بولمايدۇ - دە؟! تەشكىلگە ئىشەنگىنىڭ ياخشى، تەشكىلمۇ بىزنىڭ شارائىتىمىزنى ياخشىلاش مەسىلىسىنى ئويلىشىۋاتىدۇ.

— ھېلىمۇ سىزنىڭ گېپىڭىزنى دەپ بۇ گۈنگىچە كەلدىم، يەنە قاچانغىچە كۈتەتتىم، بۇ يەرنىڭ شارائىتى ياخشىلانغۇچە ئاغزىمدىكى چىشىممۇ قالمايدىغان ئوخشايدۇ. ئالدىمىزدا تېخى ئۆي - ئوچاقلىق بولىدىغان ئىشلارمۇ بار، بىرەر قىزغا گەپ ئاچساق خىزمەت ئورنىمىزنى ئاڭلاپ، يەتتە كۈنلۈك يەرگە قاچىدىكەن، ھازىرقى قىزلارنىڭمۇ بۇ جاڭگالغا كېلىپ بىز بىلەن ئۆي تۇتقىلى كاللىسى ئېلىشىپ قالماپتۇ. ياخشىسى، ۋاقتىدا كېتىپ ئىشلىرىمنى ئوڭشاي، ئۇنىڭسىزمۇ ئاتا - ئانام ئۆيلەپ قويايلى، دەپ بېشىمنى ئاغرىتقىلى تۇرغىلى نەۋاق!

يىگىت چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىشىككە قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. يىگىتنىڭ سۆزلىرىنى ئويلىغانسىرى ئۇنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى، تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شوراپ، ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ ئۆز - ئۆزىگە قايناشقا باشلىدى:

— تاشيول ئىشچىسى بىلەن توي قىلىپ بۇ يەرگە كەلگەن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

قىزنىڭ كاللىسى ئىلىشىپ قالغان بولامدىكەن؟! ماۋۇ گەپنى قاراڭ! ... ئۇنداق بولسا تاشيول ئاسراش سىپىدە ئىشلەۋاتقان ئىشچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسى ئىلىشىپ قالغانمىكەن؟! جاپالىق، شارائىتى ناچار جايلاردا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ساراڭمىكەن؟!! بىزمۇ قىلمىساق، باشقىلارمۇ قىلمىسا، بۇ ئىشلارنى كىم قىلىدۇ؟ يوللارنى قۇم بېسىپ، قاتناش توختاپ قالسا، خەلق ۋە دۆلەتكە قانچىلىك زىيان بولىدۇ؟ بۇنى ئۇ «ئوڭ» لار بىلمەمدۇ؟! ھەي، بەزى ياشلار - زە، يېسەم، ئىچسەم، ئوينىسامدىن باشقىنى بىلمەيدۇ...

مانا بىر ھەپتىدىن بۇيان داۋىبەندە شىياۋلى بىلەن ئىككىسىلا قالدى. تەشكىل ئادەم ئەۋەتكۈچە سەككىز كىشىنىڭ ئىشىنى بۇ ئىككىيلەننىڭ قىلىشىغا توغرا كېلەتتى. 23 كىلومېتىر ئۇزۇن-لۇقتىكى يولغا ئىككى ئادەمنىڭ يېتىشىپ كېتىشىمۇ بىر مەسىلە ئىدى. دۆلەت شتاتىدىكى ئىشچىلار بۇ يەردە تۇرۇشنى خالىمىغان-دىن كېيىن، ئۇ كۆپ ئويلىنىپ، تەشكىلگە ئېيتىپ، ۋاقىتلىق ئىشچى ئېلىپ ئىشلىتىش ياخشىراق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئاشۇ خىياللار بىلەن ئۇ قاچانلاردا ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى...

ئۈچ كېچە ئۆتۈپ 4 - كۈنى ئەتىگەندە، شوپۇر يەنە بىر ئاپتوموبىل بىلەن كېلىپ كوزۇپىنى ئاپتوموبىلغا چاتتى. مېڭىش ئالدىدا ئۇ يانچۇقىدىن ئون كويلۇق پۇلدىن بىرنەچچىنى چىقىرىپ ئىسمائىل يۈسۈپكە ئۇزىتىپ:

— سىزنىمۇ كۆپ ئاۋارە قىلىۋەتتىم. بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، سېلىپ قويۇڭ، — دېدى.

كوزۇپىنىڭ چىققىنىغا خۇشال بولۇپ تۇرغان ئىسمائىل يۈ-سۈپنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى:

— نېمە دەۋاتىسىز، مەن پۇل تاپاي دەپ قارىمىدىم، دۆلەت-نىڭ مال - مۈلكىنى باقتىم، بىلىپ قېلىڭ، مەن پارتىيە

www.uyghurkitap.com

ئەزاسى! — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي ياتاقى تەرەپكە مېڭىپ كەتتى.

يىللار شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋەردى، ئۆزىنىڭ كاتاڭلىقى بىلەن «مەشھۇر» بۇ يوللارمۇ تۈپتۈز داغدام يولغا ئايلاندى. ئىلگىرى بۇ يەردىن ئۆتكەندە يولنىڭ ناچارلىقىدىن ۋايساپ، تاشيول ئاسراش ئىشچىلىرىنى ئاغزىغا كەلگەن تىل بىلەن تىللايدىغان، ئاپتوموبىلنىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ يول بويىدا ئىشلەۋاتقان ئىشچىلارغا يەۋېتىدىغاندەك ھومىيىپ قارايدىغان شوپۇرنىڭمۇ مانا ئەمدى ئاغزى بېسىقتى.

1990 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چىڭقىچۈش. قۇياشنىڭ كۈچلۈك تەپتى ئەتراپنى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. كۈن چىقماستىن بۇرۇن يولغا چىققان ئىسمائىل يۈسۈپ ئۆزى يالغۇز خېلى ئۇزۇن يولنى تۈزلىۋەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتاتتى. قۇياش تەپتىدىن يۈز - كۆزىدىن ئاچچىق تەر قۇيۇلماقتا ئىدى، ئاپتاپتا ئۆڭۈپ، رەڭگى ئۆزگەرگەن كۆڭلىكى دۈمبىسىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى.

بىر چاغدا ئارقا تەرەپتىن ئاپتوموبىل ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئوڭ قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ ئاۋاز كېلىۋاتقان تەرەپكە قارىدى ۋە ئاپتوموبىلنى تونۇدى. بۇ شىنجاڭ 4 - ترانسپورت شىركىتى 8 - كالوننىڭ بىر شوپۇرى ھەيدىگەن ئاپتوموبىل بولۇپ، ئىككى يىل ئىلگىرى بۇ ئاپتوموبىلدىن ئىككى تۇڭ سۇ يېغى چۈشۈپ قالغاندا ئۇ تېپىۋېلىپ باشقا ئاپتوموبىل بىلەن ئارقىسىدىن قوغلاپ، 100 كىلومېتىر يول مېڭىپ، لوپنۇر ناھىيە بازىرىدا يېتىشىۋېلىپ، سۇ يېغىنى شوپۇرغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ شوپۇر مۇشۇ يولدىن ئۆتسىلا ئىسمائىل يۈسۈپنى يوقلىماي ئۆتمەيتتى.

ئاپتوموبىل يېقىن كېلىپ توختىدى، شوپۇر دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— ھەي، ئۇستام، بۇگۇن قۇربان ھېيت تۇرسا، سىز يەنە ئىشلەۋاتامسىز؟ يۇرۇڭ، سىزنى ئۆيىڭىزگە ئالغاچ كېتەي، — دېدى.

ئۇ شوپۇرغا قاراپ كۇلۇمسىرىدى. دېمىسىمۇ، ئەگەر داۋبەندە باشقا ئادەم بولغان بولسا، ئۇنىڭمۇ ئۆيىگە قايتىپ، بالا - چاقىلىرى بىلەن جەم بولۇپ، ھېيتنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزگۈسى بار ئىدى.

— رەھمەت، ئۇكام، داۋبەندە مەندىن باشقا ئادەم يوق، مەن ئۆيگە كەتسەم بۇ يەردىكى نەرسىلەرگە قارايدىغان ئادەم قالمايدۇ.

— ئىشىك - دېرىزىلەرنى مەھكەم قۇلۇپلاپ ئېتىۋېتىپ، ئۆيگە بېرىپ بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ كەلسىڭىز بولىۋېرىدىغۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىلەرنىڭ داۋبەنتنىڭ نەرسىلىرىگە قول تەگكۈزۈشكە شوپۇرلارنىڭمۇ قولى بارماس؟

— شۇنداق قىلسامغۇ ياخشى بولاتتى، ئېشەك بىلەن كالا ئاچ قالىدۇ.

— ئارغامچىنى ئۇزۇنراق قىلىپ باغلاپ قويۇپ كېتىۋەرمەمسىز؟

— ياق، ئۇكام، ياخشىسى مەن بارماي، ئېشەك بىلەن كالىنى سۇغارمىساق يەنە بولمايدۇ.

— سىزمۇ قىزىق ئىكەنسىز، بەنجاڭ بولغاندىن كېيىن باشقا بىرەرسىنى قارىتىپ قويۇپ، ھېيتنى ئۆيدە ئۆتكۈزمەمەي.

— ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى ياشلار، يىلدا بىر كەلگەن ھېيتتا ئۇلارنى بۇ يەردە قال دېسەم بولمايدۇ، ئۇنىڭسىزمۇ ئۇلار چۆلدە زېرىكتى، ھېيتتا دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن جەم بولۇپ ئويدان بىر ئوينىۋالسۇن، مەن بەنجاڭ بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا مۇشۇنداق ئىشلاردا باشلامچى بولۇشۇم كېرەك.

ئۇلارنىڭ يول بويىدىكى تۆكۈپ قويۇلغان شېغىل ئۇستىدە ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشىپ قىلىشقان پاراڭلىرى مۇشۇنداق ئا-

www.uyghurkitap.com

خىرلاشتى. شوپۇر خوشلىشىپ ماڭدى. ئاپتوموبىل ئىسمائىل يۈسۈپ ئەتىگەندىن بېرى تۈزلەپ تەكشى قىلىپ قويغان يولنى قالدۇرۇپ، چاڭ - توزان ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ ئاپتوموبىلنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ - توزانغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، يەنە گۈرجەكنى قولغا ئېلىپ ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى ...

ئۇ توڭگۇزلۇق داۋىنىغا يۆتكىلىپ كەلگەن 13 يىلدىن بۇيان قانچىلىغان يەكشەنبە، بايرام - ھېيتلارنى قۇربان قىلىۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى، ئۇ پەقەت 13 يىل جەريانىدا روزا ھېيتتا بىرەر قېتىممۇ ئۆيىگە قايتمىغانلىقىنى ئېسىدە ئالالايدۇ. دەسلەپتە سىرتتا خىزمەت قىلىدىغان باللىرى ئاتا - ئانىسىنى يوقلىغىلى ئۆيىگە كېلىپ، دادىسىنى كۆرەلمەي كەتكەنلىكىگە كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئۇنىڭدىن رەنجىگەن چاغلىرىمۇ بولدى، لېكىن ئۇلارمۇ ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قېلىشتى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئۈچ قىزى ئارقا - ئارقىدىن خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. قىزلىرى دادىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئىشى توغرىسىدا نە تەشكىلگە، نە تونۇشلىرىغا ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپ قويغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيتتى. مەيلى ناھىيىگە يىغىنغا كەلگەن چاغلاردا بولسۇن ۋە ياكى داۋەنگە لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋالغىلى كەلگەن ۋاقىتلاردا بولسۇن، ئالدىراش چاغلاردا ئۇ ئۆيىگە بىرەر قۇر ئۇسسۇۋېتىپ كېتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايتتى. ئۆيىگە كىرسىمۇ بىرەر قېتىم ئەھۋاللىشىپ قويۇپلا، ئايالى ھۆرنىساخان ئەتكەن تاماقتىمۇ قارىماي، خۇددى قىزغانچۇق ئادەمدەك بوسۇغىدىنلا ياناتتى. قەدىناس ئايالى ھۆرنىساخانمۇ باللارنىڭ دادىسىنىڭ خىزمىتىگە تەسىر يېتىپ قالمىسۇن، دەپ ئۆيىنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۆزى يۈگۈرۈپ، يوقنى بار قىلىپ، باللارغا ھەم ئانا، ھەم دادا بولۇپ كەلدى.

شىنجاڭ قاتناش ئىشچىلار ئويۇشمىسىنىڭ رەئىسى بەردى

ھەسەن تاشيول ئاسراش ئىشچىلىرىدىن ھال سوراش مۇناسىۋىتى بىلەن توڭگۇزلۇق داۋبەنگە بارغاندا ئىسمائىل يۇسۇپنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ناھىيىگە يۆتكىلىپ بېرىۋېلىشنى ئۇندىگەندە، ئۇ قەتئىي ھالدا:

— مەن بۇ يەردىن يۆتكىلىپ كەتسەم، باشقا بىرى كېلىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن مەنلا ئىشلەۋەرسەم ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن پارتىيە ئەزاسى، جاپا بار يەرنى تاشلاپ كەتسەم قاملاشمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

بەردى ھەسەن ئېيتقان يۆتكىلىش تەلىپى ئىسمائىل يۇسۇپ ئۈچۈن ئېيتقاندا، يېڭى گەپ ئەمەس ئىدى. 13 يىلدىن بېرى كورلا باش ئۇچاستىكا ۋە لوپنۇر تاشيول ئۇچاستىكىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇنى يۆتكەپ كېلىشكە نۇرغۇن قېتىم دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىسى رەھبەرلىكنىڭ ئۇنى يۆتكەپ ئېلىپ كېتىش ئارزۇسىنى ئاشۇرۇشقا ئىمكانىيەت بەرمىدى.

ئىسمائىل يۇسۇپنىڭ باشلامچىلىق بىلەن باش چۆكۈرۈپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە توڭگۇزلۇق داۋبەندە «مۆجىزىلەر» بارلىققا كەلدى. ئەزەلدىن قالاقلىقتا «شۆھرەت» قازانغان داۋبەن ئۈچ يىلغا قالماي «ئىلغار» لار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئەسلىدىكى ئىككى ئېشەك، ئىككى كالا ئورنىغا ئىككى كىچىك تراكتور ئالماشتى، ئۇ ناھىيىگە يىغىنغا كېتىپ، مۇكاپاتقا بېرىلگەن قوش قاپلىق ئۈنئالغۇنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندە، ياش ئىشچىلار شەپكىسىنى ئاسمانغا ئېتىپ تەنتەنە قىلىشتى، ئۇچاستىكا ئۇلارغا بىر دانە دىزېل ماتورلۇق توك ھاسىل قىلىش ماشىنىسى، بىر تېلېۋىزور، بىر سىنئالغۇ ئاپپاراتى بەردى، بۇنىڭ بىلەن كەچ كىرىشى بىلەنلا يېقىن ئەتراپتىكى تۆەن ـ مەيدانلارغا قاچىدىغان ياش ئىشچىلار تېلېۋىزور ئالدىدىن ئورۇن ئالىدىغان بولۇشتى.
ئىسمائىل يۇسۇپ 13 يىلدا 30 قېتىمدىن ئارتۇق شەرەپكە

ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى.

ئەزەلدىن ئىنسانلار تەرىپىدىن سىرلىق دۇنيادىن قالىپ كېلىۋاتقان تەكلىماكان قۇملۇقى ئارىسىدا يىلتىز تارتىپ، يىللىق ھاياتىنى چۆللۈكتە كاتاڭ ۋە ئوڭغۇل - دوڭغۇل يوللارنى تۈزلەش ئۈچۈن سەرپ قىلغان بۇ كىشىنىڭ مەندە قالدۇرغان تەسىرى خېلىلا چوڭقۇر. مەيلى ئادەتتىكىدەك پاراڭلىشىۋاتقان مەزگىللىرىمىزدە بولسۇن ياكى رەسمىي زىيارەت قىلىۋاتقان چاغلاردا بولسۇن، ھەر قېتىم ئۇنىڭ قاداق باسقان قوللىرى، كۆچتۈڭگۈر قامىتىگە نەزەر سالغىنىمدا، ئۇنىڭ ئاشۇ چۆللەردە چاپقان كەتمىنىنىڭ گۈرۈسلىگەن ئاۋازى قولاق تۈۋىمدە ياڭرىغاندەك بولدى، ئۇنىڭ ئۇن - تىنسىز مېھنەت قىلىش روھى ئىختىيارسىز مەرھۇم شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ:

قۇيۇن چىققاندا ھەممىدىن بالدۇر،
ئۈچىدۇ قامغاق بىچارە مەغرۇر.
قىزىل يۇلغۇن تۇرۇپتۇ ياشناپ،
چۈنكى ئۇنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر.

دېگەن شېئىرىنى ئېسىمگە سالدى.

1992 - يىل ئاۋغۇست، كورلا، لوپنۇر

# ئىھ، مۇئەللىم

— جېنىم، مۇئەللىم. سىزدىن ئىككى دۇنيا رازى بولۇپ كېتەي، مۇشۇ ئوغلۇمنى ئوقۇتۇپ قويسىڭىز، قىلغان ياخشىلىقىڭىزغا مەندىن يانمىسا، خۇدايىمدىن يانار، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، — بالىنىڭ ئانىسى توختىماي سۆزلەيتتى، ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن بوغداي ئۆڭ چىرايى دەسلەپ تاتاردى، كېيىن بۇرۇن تۆشۈكچىلىرى كېڭىيىپ ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. مۇئەللىم نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقىغان هالدا تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ نەزىرى گاھ يىغلاۋاتقان ئانىغا، گاھ يەردە ئۆمىلىگەن قىياپەتتە ئانىسىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ تۇرغان بالىغا ئاغدۇرۇلاتتى.

— تۇراخان ئاچا، بۇنداق قىلمىسىلا، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ كېتىۋىدىكەن.

— مەريەم مۇئەللىم، سىلى مۇشۇ ئوغلۇمنى ئوقۇتۇپ قويسىلا، مەن سىلىگە ھەر ۋاقىلىق نامىزىمدا دۇئا قىلاي.

ئانىنىڭ يىغىسى ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ، ئانا كىيىك بوزلىغاندەك بۇقۇلداپ يىغلايتتى. ئانىنىڭ يىغىسى مۇئەللىمگىمۇ كۈچلۈك تەسىر قىلدى، ئۇنىڭمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان كۈچلۈك بىر يىغا تەسىرىدىن خۇددى گېلىنى قانداقتۇر بىر كۈچلۈك قول سىقىۋالغاندەك تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇمۇ بىر ئانىغۇ؟! دۇنيادىكى بارلىق ئانىلارغا خاس مېھرىبانلىق، پەرزەنتلەرگە بولغان چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ بار ئەمەسمۇ؟! ئۇ پۈتۈن بەدىنىگە ئولىشىۋالغان يىغىنى مىڭ تەسلىكتە بېسىپ، كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالغان ياشلارنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ ئاستا ئولتۇردى، ئۇ يەردە توپىغا مىلىنىپ ياتقان بىلەن ئولتۇرغانلىقىنى ئانچە پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل ھالەتتە تۇرغان بالىنى گەپكە سالدى.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— مەمەت ياسىن.

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— سەككىز يېرىم ياشقا.

— مەكتەپتە ئوقۇشنى خالامسەن؟

— ھەئە، ئاداشلىرىمنىڭ ھەممىسى مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. مېنى مەكتەپكە ئالمايدىكەن.

— مەكتەپتە ئوقۇساڭ ئېرىپ - كېلىشتە قانداق قىلىسەن؟

— مەن ئۆمىلەپ كېلەلەيمەن، بۈگۈنمۇ مەن ئۆزۈم كەلدىم-ھە، ئاپا، — بالا ئۈمىدلىنىپ ئانىسىغا تىكىلدى.

— شۇنداق، مۇئەللىم. ئەتىگەن سەھەردە تۇرۇپلا مەكتەپكە ئاپارغىن دەپ يىغلاپ چايمۇ ئىچكىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالغانىدى، «ماقۇل ئاپىراي» دەپ قويسام، چېپىنى چالا - بۇلا ئىچىپ مەندىن خېلى بۇرۇنلا كەتكەن ئىدى. مەن چىنە - قاچىلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ كەلسەم بالىمۇ ئۆمىلەپ مېڭىپ مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ، — ئانا ئېسەدەپ تۇرۇپ چۈشەندۈردى.

مۇئەللىم بالىغا قاراپ خىيالغا پاتتى ... بالىنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىغا قىلچە سۇ كىرمەيتتى. ئاتا - ئانا گەرچە ئائىلىسى يېزا بويىچە نامرات ئائىلە بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ بالىمىز بولسىمۇ مەكتەپ يۈزى كۆرۈپ، ئوقۇشتىن نان تېپىپ يەپ، بىزدىن كېيىن قالسا خەقنىڭ قولىغا قاراپ قالماي، ئۆزىنىڭ جېنىنى جان ئەتسە دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. شۇڭا ئۇلار بالىسىنى بولتۇرمۇ مەكتەپكە ئېلىپ كەلگەنىدى. لېكىن، مەكتەپ رەھبەرلىرى بالىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ مەكتەپكە ئېرىپ - كېلىشتە

قىينىلىپ قالىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىلاجسىز ئۇنى قوبۇل
قىلمىغانىدى. تەڭتۇش ئاغىنىلىرىنىڭ ھەر كۈنى سومكىلارنى
ئېسىپ، چىرايلىق كىيىنىپ مەكتەپكە ماڭغانلىقىنى كۆرگەن
مەمەت تولا يىغلاپ ئاتا - ئانىسىنى قايتا مەكتەپكە ئاپىرىشقا
كۆندۈرەلمىگەچكە، ئۆزى بىرنەچچە قېتىم ئوغرىلىقچە مەكتەپكە
قېچىپ بېرىۋالغانىدى. بالىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن
ئانا تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەپ ئاخىر ئۇنى مەكتەپتە بىر سىنىپ-
نىڭ دېرىزىسى ئالدىدىن تېپىپ، يالۋۇرۇپ، مىڭ بىر مۇشەق-
قەتتە ئۆيگە ئېلىپ كەلگەنىدى. لېكىن، شۇنىڭدىن باشلاپ بالا
شۇكلەپلا كەتتى. كۈن بويى ئۆيدىن چىقماي جانسىز پۇتلىرىنى
سىلىغىنىچە ئولتۇرۇپ كېتىدىغان، ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخ
سايىسىدا ئولتۇرۇپ مەكتەپكە ماڭغان دوستلىرىغا قاراپ يىغلايدى-
غان بولۇۋالدى ... بالىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئاتا - ئانىمۇ تۇگى-
شىپلا كەتتى. بولۇپمۇ توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈ-
رۈپ تۇغۇپ، كېچىلىرى ئۇخلىماي ئەمچەك بېرىپ، بېقىپ،
ئۆزى يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ پەپىلەپ چوڭ قىلغان
ئارزۇلۇق ئوغلىنىڭ شۇم پەلەك تۇپەيلىدىن مېيىپ بولۇپ قېلىپ
مەكتەپكە كىرەلمەي كۈن بويى قىلغان ئېچىنىشلىق ئاھ - زارىغا
ئانا قانداقمۇ چىدىيالايدۇ دەيسىز؟!

مەريەم ئېزىز بۇ ئەھۋاللارنى خېلى ياخشى بىلەتتى. ئاددىي
بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسى، ساددا يېزا ئايالى، كۆيۈمچان ئانا بو-
لۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭمۇ يۈرەك - باغرى ئۆرتەندى. بەختسىز
بالىغا، تەلەيسىز ئانىغا ئىچى ئاغرىدى. ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈ-
رۈپ خۇددى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك پىچىرلىدى:

— بوپتۇ، بالىنى مەكتەپكە ئالايلى، مېنىڭ سىنىپىمغا
كىرىپ ئوقۇغاي.

مەريەم ئېزىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، باياتىن بېرى مىشىلداپ
تۇرغان ئانا يىغىدىن «چىپپىدە» توختىدى، ئۇنىڭ يىغىدىن قى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

-زارغان كۆزلىرى بىردىنلا يوغىناپ نۇرلاندى.

— رەھمەت، مۇئەللىم، رەھمەت، خۇدايىم دۆلەتلىرىنى زىيادە قىلغاي، بىزدەك ئاجىز بەندىلەرگە ياردەم قوللىرىنى سۇ-غانلىرىنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن، سىلىدىن ئىككى دۇنيا رازى...

ئانا ئارقا ـ ئارقىدىن رەھمەت، ھەشقاللا ئېيتتى.

مۇئەللىم ئانا بىلەن قىسقىلا خوشلاشتى ۋە بالىغا قاراپ:

— يۈرە، مەمەتجان، سىنى سىنىپقا ئەكىرىپ ساۋاقداشلار بىلەن تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى.

بالا مۇئەللىمگە ئەگىشىپ ئۈمىلەپ ماڭدى. مۇئەللىم ئۇ-دۇلدىكى بىر سىنىپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىردى. خۇددى ئۇ-ۋىسى بۇزۇلغان قۇشقاچ بالىسىدەك چۇرقىرىشىپ سىنىپنى بېشىغا كىيىگەن بالىلار مۇئەللىمنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ جىم بولۇشتى. مۇئەللىمنىڭ ئارقىسىدىن سىنىپقا ئۈمىلەپ كىرگەن مەمەت ياسىننى كۆرۈپ ھەيرانلىق بىلەن ئۆزئارا نىمىلەرنىدۇ دەپ پىچىرلىشىشقا باشلىدى. سىنىپ ئىچىنى ئەمدى بايىقىغا قارىغاندا بوش بىر خىل شىۋىرلاش قاپلاپ كەتتى.

— ساۋاقداشلار، دىققەت قىلىڭلار، — مۇئەللىم گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆزىنى باشلىدى، — بۈگۈن مەن سىلەرگە يېڭى بىر ساۋاقداش ئېلىپ كەلدىم، ھەممىڭلار كۆردۈڭلار، بۇ ساۋاق-دىشىڭلارنىڭ ئەھۋالى سەل ئۆزگىچىرەك، كىچىك سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ئىككى پۇتى ئۈچ ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا باسماس بولۇپ قاپتىكەن، لېكىن ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق، سىلەرگە ئوخشاشلا ناھايىتى زېرەك. شۇڭا ساۋاقداشلار بۇ يېڭى ساۋاقدىشىڭلارغا تۇرمۇش ۋە باشقا جەھەتلەردىن كۆپرەك ياردەم قىلىڭلار، ئۇنى ھەرگىز بوزەك قىلىشقا، كەمسىتىشكە بولمايدۇ.

مۇئەللىم سۆزىنى تۈگىتىپ، ئىشىك تۈۋىدە يەرنى تاتىلىغى-نىچە تۇرغان مەمەت ياسىننى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ئوتتۇرىدىكى رەت-

نىڭ باشتىكى ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.
بۇ ئىش بۇنىڭدىن بەش يىل مۇقەددەم سېنتەبىرنىڭ بېشىدا بۇگۇر ناھىيىسىدىكى دادولان يېزىسىنىڭ يىغىمباغ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ قورۇسىدا يۈز بەرگەنىدى.
مانا ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەمەت ياسىنمۇ چوڭلا بالا بولۇپ قالدى. مەريەم ئېزىزنىڭمۇ پېشانىسىدىكى قورۇقلار يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كۆپەيدى.
19 يىللىق ھاياتىنى دەرس مۇنبىرىدە ئۆتكۈزگەن، ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى بولغان مەريەم ئېزىز — مەمەتنى بەش يىل ئوقۇتۇش جەريانىدا ئۇنىڭغا ھەم ئانا، ھەم ئوقۇتقۇچى بولۇپ نۇرغۇن جاپا چەكتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋج ئۇرۇۋاتقىنى قانداقتۇر بىر غايىۋى كۈچ ئەمەس، بەلكى ئاددىي بىر سەھرا ئايالى، مېھنەتكەش خەلق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا بار بولغان ئانىلىق مېھرى، ئوقۇتقۇچىلىق بۇرچ ئىدى. «گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ» دېگەندەك، بۇ بەش يىل جەريانىدا ئۇنىڭغا ئەڭ تەس كەلگىنى مەمەت ياسىننىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىش بولدى. دەرس دېسە ھېچكىمگە سۆز بەرمەيدىغان، ئۆگىنىشتە ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان مەمەت ياسىن تەنەپپۇس ۋە تەنتەربىيە دەرسى ۋاقتىدا بىردىنلا شۈكلەپ قالاتتى. ساۋاقداشلىرى بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ۋە ياكى پۇتبول تېپىشىپ ئويناشقا باشلىغاندا، ئۇ بىر چەتتە مۈكلىنىپ، يەرگە نېمىلەرنىدۇ جىجاپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق جىممىدە ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بەزى كەپسىز باللار ئەتەي ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ «كېلە، مەمەت! پۇتبول تېپىمىز!» دېسە، ئۇ دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۆمىلىگىنىچە سىنىپقا كىرىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا مەريەم مۇئەللىم بىر تەرەپتىن باشقا ئوقۇغۇچىلارغا مەمەتنى ھاقارەت قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەمەتنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى.

مەمەت ياسىن ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان يىلى كۈز مەزگىلى ئىدى. دەرس ئارىلىقىدىكى گىمناستىكا ۋاقتىدا ئۇ مەكتەپ مەيدانىنىڭ بىر چېتىدە ساۋاقداشلىرىنىڭ گىمناستىكا ئوينىغىنىغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ پات ـ پات تېخى بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى شەرەپ بىلەن بويىنىغا ئاسقان قىپقىزىل گالستۇكىنى سىلاپ قوياتتى.

— مەمەت، گالستۇك ساڭا بەك يارىشىپتۇ جۇمۇ، — مەريەم مۇئەللىم ئاستا ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

ئۇ مۇئەللىمگە قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرىدى.

— تۇنۇگۈنكى تاپشۇرغان شېئىرنى يادلاپ كەلدىڭمۇ؟ — مۇئەللىم سورىدى.

— ھەئە، ھەممىنى يادلاپ كەلدىم.

— ناھايىتى ياخشى، — مۇئەللىم ئاستا ئولتۇرۇپ مەمەتنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى.

قوڭغۇراق ئاۋازى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى بۇزدى. مۇئەللىم دەرسكە كىرىش ئۈچۈن ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى. مەمەت بولسا مەيداننىڭ بىر چېتىگە سېلىنغان ھاجەتخانا تەرەپكە قاراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆز ھاجىتىدىن چىققىنىمۇ خېلىلا تەسكە توختىغاچقا، باشقا باللاردىن خىجىل بولۇپ دائىم دېگۈدەك باللار دەرسكە كىرىپ كەتكەندە ھاجەتخانىغا باراتتى.

مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ مەمەتنىڭ ئورنىنىڭ بوش تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بىرنېمە دېيىشكە تەمشەلدىيۇ، لېكىن مەمەتنىڭ ئەھۋالىنى ئېسىگە ئېلىپ دېمەكچى بولغان سۆزىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى ۋە دەرس ئۆتۈشنى باشلىدى. ئالاھازەل 20 مىنۇت ئۆتكەن بولسىمۇ، مەمەت يەنىلا كىرمىدى. مۇئەللىم سەل خاتىرجەمسىزلىنىپ جۇمەخۇن بىلەن مەمەت ئەھەد دېگەن ئىككى ئوقۇغۇچىنى چىقىپ بېقىشقا بۇيرۇدى. ھايال ئۆتمەيلا جۇمەخۇن قايتىپ كىرىپ مۇئەللىمگە:

— مەمەت ياسىن ھاجەتخانىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، — دېدى.

مۇئەللىم دەرھال بىرنەچچە ئوغۇل ئوقۇغۇچىنى باشلاپ ھاجەتخانا قېشىغا باردى ۋە بالىلارغا مەمەتنى تارتىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار كىيىملىرىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرى بۇلغانغان مەمەتنى ھاجەتخانىدىن ئېلىپ چىقتى. مەمەت مىشىلدىداپ يىغلاۋاتاتتى. مەريەم ئېزىزنىڭ ئۇنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ مەمەتكە تەسەللى بەردى.

— بولدى قىل، يىغلىما، ئوغۇل بالا دېگەن بۇنچىلىك كىچىك ئىشلارغا يىغلىمايدىغان.

ئۇ بالىلارغا سۇ ئەكەلدۈرۈپ مەمەتنىڭ كىيىملىرىنىڭ پاسكىنا بولۇپ كەتكەن جايلىرىنى تازىلىدى، ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن سىنىپقا كىرىپ ئوقۇغۇچىلارنى مۇزاكىرە قىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى مەمەتنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنى ھاپاش قىلىپ كۆتۈرۈپ، ئېتىز ئارىلاپ شەرق تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى ...

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەمەت پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىشكە بېرىلىپ، ھەر مەۋسۈمدە دېگۈدەك تەقدىرنامە ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن دەپتەر، قەلەمـىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، بىچارە ئاتا ـ ئانىسىنى بەكلا خۇش قىلىۋەتتى. ئۇلار ھەر قېتىم بالىسىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويغاندا، مەريەم مۇئەللىم ۋە بالىسىغا غەمخورلۇق قىلىۋاتقان يىغىمباغ باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچىلارغا رەھمەت ئېيتىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتى. بالىمۇ مەريەم مۇئەللىمنى خۇددى ئۆز ئانىسىدەك ھېس قىلىدىغان، كۆڭلىدە نېمە گەپ ـ سۆز بولسا، مەريەم مۇئەللىمگە دەيدىغان بولدى. 1990 ـ يىل 4 ـ ئايدا مەريەم مۇئەللىم ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قېلىۋېدى، مەمەت ئانىسى بىلەن بىرنەچچە قېتىم مۇئەللىمنى يوقلاپ كەلدى. مەمەت كاردۋاتنىڭ قېشىغا ئۆمىلەپ كېلىپ، مۇئەللىمـگە بىر تۇخۇمنى

سۇنۇۋېدى، مۇئەللىمنىڭ كۆزىگە «لىققىدە» ياش كەلدى...

بۇلتۇر روزا ھېيتقا بىرنەچچە كۈن قالغان كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئەتىگەندىن بېرى شارقىراپ ياغقان يامغۇر پۈتۈن يېزىنى پاتقاققا مىلىنۋەتكەنىدى، چۈشتە ئىشتىن يېنىپ بالىلارغا تاماق بېرىۋەتكەن مەريەم مۇئەللىم ئوخشىغان لەڭمەندىن بىر قاچىنى ئېلىپ ئۈستىگە تەخسىنى يېپىپ سومكىسىغا ئاۋايلاپ سېلىپ، پاتقاق يولدا ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ تەستە مەكتەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ مەكتەپكە كېلىپ ۋېلىسىپىتنى توختىتىپ قويۇپ تاماقنى ئېلىپ سىنىپقا كىردى، لېكىن سىنىپتا مەمەت كۆرۈنمەيتتى، تالاغا چىقىپ مەكتەپ قورۇسىدا ئىزدىدى ۋە مەمەتنىڭ ئىسمىنى چاقىردى، لېكىن مەمەت ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئالدىراپ ۋېلىسىپىتنى ئېلىپ مەمەتنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. يامغۇردىن كېيىنكى ساپ ھەم سوغۇق ھاۋا ئۇنىڭ يۈز - كۆزىگە ئۇرۇلۇشقا باشلىدى، ئەتراپتىن نەم تۇپراقنىڭ پۇرىقى كېلەتتى، ئېتىزلاردا ئەمدىلا بىخ سۈرۈپ بىر - بىرى بىلەن بوي تالىشىپ ئۆسۈشكە باشلىغان بۇغداي مايسىلىرى ئىللىق شامالدا تەكشى يەلپۈنەتتى. ئۇ 200 مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن مەمەتنى ئۇچراتتى، ئۇ مەكتەپ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى، مەريەم مۇئەللىم ئىتتىك بېرىپ مەمەتنى يۆلىدى، پاتقاق يولدا ئۆمىلەپ ماڭغاچقا، بالىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى پاتقاققا مىلىنىپ، بەدىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشقانىدى، لايغا مىلەنگەن ئىككى قولى سوغۇقتا بىلەنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى.

— چۈشتە ئۆيگە قايتماي سىنىپتا ئولتۇرۇپ تۇر، مەن تاماق ئەكېلىپ بېرىمەن دېسەم يەنە نېمىشقا ئۆيگە كەتتىڭ؟ — مۇئەللىم كايىغاندەك سورىدى.

— ھېساب تاپشۇرۇق دەپتىرىمنى ئۇنتۇپ قاپتىكەنمەن، شۇنى ئالغىلى بارغانىدىم، بولمىسا، بالىلار: «ئۆزى ئۆگىنىش ھەيئىتى تۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلىمەپتۇ» دەيدىكەن، — بالا ئەيىب-

كار كىشىدەك يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي جاۋاب بەردى.

— ئۆيدە ئاپاڭ بارمىكەن؟

— ھېچكىم يوق ئىكەن، ھەممىسى ئېتىزغا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟

بالا ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ يەرگە قارىۋالدى.

مۇئەللىم ۋېلىسىپىتىنى توختىتىپ قويۇپ، بالىنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ مەكتەپكە ئېلىپ كەتتى.

مەمەتنىڭ بويى خېلىلا يوغىناپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەريەم مۇئەللىم ئۆزىمۇ كېسەلچان بولۇپ قالغاچقا، ئۇ ھازىر مەمەتنى كۆتۈرەلمەيتتى.

چۈشتىن كېيىن دەرس تۈگىگەندە ئۇ يەنە بالىنى ۋېلىسىپىتكە ئولتۇرغۇزۇپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى ۋە سومكىسىدىن ئاق داكىغا ئورالغان بىر بولاقنى ئېلىپ بالىنىڭ ئانىسى ئالدىغا قويۇپ:

— تۇراخان ئاچا، مەمەتجانغا ھېيتلىق ئازراق كىيىم - كېچەك ئالغاچ كەلگەنىدىم، ھېيتتا كىيگۈزۈپ قويارسىز، — دېدى.

— ۋاي، مۇئەللىم، نېمىشقا بۇنچىلا ئاۋارە بولىلا، ئۇنىڭسىزمۇ بىزنىڭ بالىنى دەپ سىلىنىڭ تارتىۋاتقان جاپالىرىمۇ ئازمۇ؟ بالىنى مەكتەپكە كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ، كۆتۈرۈپ ئەكېلىپ نەچچە يىل ئوقۇتتىلا، بەش يىلدىن بېرى ھەر ھېيت، ئايەم بولسا كىيىم - كېچەك، ياغ - گۈرۈچ ئەكېلىپ بېرىۋاتىدىلا، بالىغا دەپتەر، قەلەم ئېلىپ بېرىۋاتىدىلا، سىلىگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتساق بولار، خۇدايىم ئەزىز تەنلىرىنى سالامەت قىلغاي.

بالىنىڭ ئانىسى تۇراخــان بىلەن دادىــسى يــاسىــن تــۇردى بىر - بىرىگە سۆز بەرمەي مۇئەللىمگە رەھمەت ئېيتقىنىچە ئۇنى

تاشيولغىچە ئۆزىتىپ چىقتى.

*

— ئاشۇ كېلىنۋاتقان بالا مەمەت ياسىن بولىدۇ، — دەپ ئالدى تەرەپنى كۆرسەتتى دادولان يېزىسىنىڭ مائارىپقا مەسئۇل خادىمى ماڭا.

مەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم. ئون مېتىرچە يىراقتا بالا ئۆمىلىگىنىچە بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى، بوغداي ئۆڭلۈك، سوزۇنچاق يۈزلۈك بۇ بالا بىر قاراشتا خۇددى چوڭ ئادەمدەك كۆرۈنەتتى، ئارقىسىدا سۆرىلىپ كېلىۋاتقان ئىنچىكە، جانسىز ئىككى پۇتى توپىلىق يەردە ئەگرى - بوگرى ئىككى سىزىق قالدۇرۇپ ماڭاتتى، ئۇ بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ قورۇ-نۇپقىنا توختىدى. مەن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدىم. ئۇزۇن مەز-گىل يەرنى تاتىلاپ ئۆمىلەپ ماڭغاچقىمۇ ئەمدىلا 14 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ بالىنىڭ بىلىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپى ئالاھىدە تەرەققىي قىلىپ كەتكەنىدى، بەلىنىڭ تۆۋىنى بولسا ئۇنىڭغا ماس بولمىغان ھالدا ئىنچىكە ھەم نازۇك ئىدى، ئۇنىڭ ئالغا سىلجى-شىدا ئاساسىي رول ئوينايدىغان ئىككى قولىنىڭ ئالىقىنى تارشى-دەك قاتقان بولۇپ، قارىماققا گويا 20 ـ 30 ياشلارغا كىرگەن چوڭ ئادەملەرنىڭكىدەك يوغان ھەم كۈچتۈڭگۈر كۆرۈنەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، بالىنىڭ ئانىسى بىلەن دادىسى بىر ئېشەك-نى يېتىلەپ قايتىپ كەلدى. مېنىڭ مۇخبىر ئىكەنلىكىمنى بىل-گەندىن كېيىن، ئالدىراپ ئۆيگە باشلىدى. ئۆينىڭ تورۇسلىرى ئىس دەستىدىن قاپقارا رەڭگە كىرىپ كەتكەن بولۇپ، زەي، قاراڭغۇ ئىككى ئېغىز ئۆيدە يوتقان - كۆرپىنى يىغىپ قويغان كونا ساندۇقتىن باشقا كۆزگە چېلىقىدەك بىسات كۆرۈنمەيتتى. تامغا مەمەتكە بېرىلگەن بەش ـ ئالتە تەقدىرنامە چاپلانغانىدى.

ئاتا بىلەن ئانا مەريەم مۇئەللىمنىڭ بالىسىنى ئوقۇتۇش جەريانىدا سىڭدۈرگەن ئەجرى توغرىسىدا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىشتى. ئۇلار سۆھبەت ئارىلىقىدا ھېلىدىن - ھېلىغا كۆزلىرىگە ياش ئېلىشىپ مەريەم مۇئەللىمگە ئۇستىلەپ - ئۇستىلەپ رەھمەت ئېيتاتتى. بىرەر سائەت سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن خوشلاشتۇق.

بىز چۈشكەن جىپ يېزا مەركىزىگە كېلىپ يول بويىدىكى پېشايۋانلىق بىر ئۆينىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. مەريەم مۇئەللىم بىزنى پېشايۋاندا تۇرۇپ ئىللىق چىراي قارشى ئالدى. 36 - 37 ياشلار چامىسىدىكى ئاقپىشماق، ئورۇقىنە كەلگەن بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ باشقا سەھرا ئاياللىرىدىن پەرقلەنگۈدەك ھېچقانداق ئالاھىدە يېرى يوق ئىدى. ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆيدە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقىنىمىزدا، ئۇنىڭ يولدىشى، دادولان يېزىسىنىڭ باشلىقى ئابلا مامۇت ئاكا كىرىپ، مەن بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە تالاغا چىقىپ كېتىپ ھايال بولمايلا مەي باغلاپ پىشقان بىر لىگەن ئۆرۈكنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— بۇگۇرنىڭ ئۆرۈكى داڭلىق، تېتىپ بېقىڭ، — دېدى ئۇ ماڭا. مەن ئۆرۈككە ئېغىز تەگكەچ ئۇلار بىلەن خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتىم.

سۆھبىتىمىز ئاياغلىشىپ خوشلىشىش ئالدىدا مەن ئۇلارغا ئويلىغىنىمنى ئېيتتىم:

— مەمەت كېلەر يىلى ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىدىكەن، كەنتتە ئوتتۇرا مەكتەپ يوقكەن، يېزىغا كېلىپ ئوقۇسا قىيىنىلىپ قالارمۇ قانداق؟

مېنىڭ سوئالىمنى ئاڭلاپ مەريەم مۇئەللىم يولدىشى ئابلا مامۇتقا تىكىلدى.

— بۇ مەسىلىنى مەريەم ماڭا ئېيتقان. بىز ئىككىمىز مەسە-

لىھەتلىشىپ مەمەتكە قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ھارۋىدىن بىرنى ئېلىپ بېرەيلى دېيىشىۋاتىمىز. بۇ ئويىمىزنى ناھىيىلىك مېيىپلار بىرلەشمىسىگە دېسەك، ئۇلارمۇ قىزغىن قوللىدى. ھەر 800 يۈەننى بىزگە تاپشۇرساڭلار، بىز ئۆزىمىز ئەكەلدۈرۈپ بېرەيلى دېيىشتى، — دېدى ئابلا ماموت.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتىم ھەم ئىچىمدە بۇ بىر جۈپ كۆيۈمچان ئەر - خوتۇنغا چىن قەلبىمدىن بەخت تىلىدىم.

1992 - يىل سېنتەبىر، بۈگۈر

# ئاۋات رەستىدىكى «ئالدىراش» لار پونكىتى

## غەلىتە تەلەپ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى يېزىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇش خېتىنى ئېلىپ «قىزىل بايراق» يولى سودا بازىرى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنىغا كېلىۋېدىم، بۇ ئورۇننىڭ سىياسىي يېتەكچىسى جۇ پېڭ بىلەن مۇئاۋىن باشلىقى مىركامىل مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇلار ماڭا ئومۇمىي ئەھۋالنى بىرەر قۇر تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا جۇ پېڭ:

— باشقا تەلىپىڭىز بولسىمۇ ئېيتىۋېرىڭ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىمىز، — دېدى.

— باشقا تەلىپىممۇ يوق، ئەگەر مۇمكىن بولسا باشقا يولداشلارغا مېنى «پراكتىكانت» دەپ تونۇشتۇرۇپ قويساڭلار، ئۇلار بىلەن بىرنەچچە كۈن بىللە ئىشلەپ باقسام، راستىنى ئېيتسام بۇ كەسىپ مەن ئۈچۈن ناتونۇش، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

ئۇلار مېنىڭ بۇ «غەلىتە تەلەپ» ىمگە ھەيران بولدى بولغاي، بىر - بىرىگە قارىشىپ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن باش لىڭشىتىپ ماقۇل بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ يەردە پراكتىكانت سۈپىتىدە ئىشقا چۈشتۈم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاددىي فورمۇلا

بۇ دەل ئايلىق بازار باشقۇرۇش ھەققىنى يىغىدىغان مەزگىل بولغاچقىمۇ «ئىشخانام» غە كىرىپ - چىقىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى مېنى ھەيران قالدۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشقۇرۇش ھەققىنى تۆلەش ئۈچۈن كىرگەنلەرمۇ، ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرمۇ ۋە باشقا ئىشلار بىلەن كىرگەنلەرمۇ بار ئىدى. مەن بۇنداق ئىشخانىدا بىرەر ئايلا ئولتۇرۇپ قالسام نېرۋا ئاجىزلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدىغاندەك قىلاتتىم. ئەمما، بۇ يەردىكى خىزمەتچى خادىملار بولسا ناھايىتى خۇشخۇي، تەمكىن ھالدا «مېھمان» كۈتەتتى، تېخى ئارىلاپ ئۇلار بىلەن چاقچاقلىشىپمۇ قوياتتى...

بىر چەتتىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تامدىكى ئورۇمچى شەھىرى، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت تەرىپىدىن بېرىلگەن لەۋھە، تەقدىرنامىلەرنى كۆرگەچ، خىيالىمدىن «بۇلارنىڭ ھەممىسى ياش بولغىنى بىلەن خىزمەتنى خېلى ئەستايىدىل ئىشلەيدۇ نېمە؟!» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزدۈم.

شۇ ئەسنادا 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى گۆش سېلىنغان سۇلياۋ خالتىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— سىلەرنىڭ رەھبىرىڭلارنى ئىزدەيتتىم، — دېدى ئۇ جۇ پېڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — سورىدى جۇ پېڭ.

— مەن سىرتتىن كەلگەن، «چۈنشىن» مېھمانخانىسىدا تۇرۇۋاتىمەن، ئىسمىم شۇ جىن. بايا بازارغا كېلىپ ئىككى كىلوگرام لوق قوي گۆشى ئالغانىدىم، قاسساپ ماڭا بىر مۇنچە ئۇستىخاننى قوشۇپ بېرىۋەتتى، ماۋۇ ياققا ئۆتۈپ جىڭلىتىپ باقسام لوق گۆش ئاران بىر كىلوگرام 300 گرام چىقتى، — دېدى ئۇ ئەھۋال چۈشەندۇرۇپ.

جۇ پىڭنىڭ چىرايى جىددىي تۇس ئالدى. ئۇ خېرىدارنىڭ قولىدىكى گۆشنى ئېلىپ ئۆلچەملىك تارازىغا سېلىۋېدى، گۆش دېگەندەك بىر كىلوگرام 300 گرام چىقتى. ئۇ خېرىدارنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئون مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ بىر تىجارەت كىنىشكىسىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كىردى.

— قارىمامسىز، ماۋۇ قاملاشمىغان ئىشنى، كىچىككىنە گۆشنى دەپ ئۆزىنىڭمۇ، بازارنىڭمۇ ئىناۋىتىنى تۆكۈشىدۇ، — ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا قايناپ كەتتى.

مەن ئارتۇقچە گەپ قىلماي «جىممىدە» ئولتۇردۇم. ئەتىسى ئەتىگەندە «ئىشقا» كېلىپلا ئۇلارنىڭ ھېلىقى قاسساپقا ئىقتىساەىي جەھەتتىن جەرىمانە قويغانلىقىدىن ۋە تەكشۈرۈش يازدۇرغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم.

ئىلاۋە: بازار — كىچىك دۇنيا، ئۇنىڭغا ھەر خىل، ھەر ياڭزا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كىرىپ چىقىدۇ. ھەر خىل خاراكتېردىكى كىشىلەر سودا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەيلى يەككە تىجارەتچىلەر بىلەن يەككە تىجارەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا بولسۇن ياكى يەككە تىجارەتچىلەر بىلەن خېرىدارلار ئوتتۇرىسىدا بولسۇن، يۇقىرىقىدەك «سۈركىلىش» لەر دائىم دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، لېكىن بۇ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنىدىكىلەرنىڭ شۇنداق ئىشلار تۇيەيلىدىن يەككە تىجارەتچىلەرگە ياكى خېرىدارلارغا ۋارقىراپ - جارقىرىغىنىنى ئاساسەن ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن. ھەرقانداق ئىشنى سەۋرچانلىق بىلەن بېجىرىش ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەقەللىي مىزانى ئىكەن. بىزدە «سەۋر قاچىسى توشمايدىغان كىشى يوق» دەيدىغان گەپ بار، لېكىن «قىزىل بايراق» سودا بازىرىدىكى يەككە تىجارەتچىلەر بۇ سودا سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنىدىكى خادىملارنىڭ سەۋر قاچىسىنىڭ توشقانلىقىنى كۆرمىدۇق دېيىشىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنىدىكى خادىملارنىڭ «سەۋرىنىڭ تې-

www.uyghurkitap.com

گى ئالتۇن» دېگەن ھېكمەتتـىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بارمۇ قان-
داق؟! ئۇلارنىڭ قارىشىچە، يالغۇز باشقۇرۇشنى بىلىپ، خېرى-
دارلار بىلەن كارى بولماسلىق ئانچە ئاقىلانىلىك ئەمەسمۇ، بۇ
جەھەتتە ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس شەكىللەندۇرگەن ئاددىي فورمۇ-
لىسى بار ئىكەن. ئۇ بولسىمۇ: خېرىدار + تىجارەتچى = بازار

## خۇش پۇراق گۇللەر

3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، سائەت تۆت يېرىمدىن ئاشقان
مەزگىللەر ئىدى. ئىشخانىدا ئولتۇراتتۇق، «قىزىل بايراق»
سودا بازارلىق يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى كېرىم
ئاكا ئالدىراشلىق بىلەن كىرىپ كەلدى ـ دە، مىركامىلغا:
— تۇنىساخان ھازىر دوختۇرخانىدا تۇگەپ قاپتۇ، — دېدى.
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىشخانىدىكىلەرنىڭ چىرايلىرى غەمكىن
تۇس ئالدى.
— نېمە ئىش بولدى؟ ئولتۇرۇپ ئالدىرىماي سۆزلەڭ، —
دېدى مىركامىل.
— بۈگۈن ئەتىگەن بازاردىكى كۆكتاتچىلار گۇرۇپپىسىنىڭ
باشلىقى جېڭ رۇيپېڭ تۇنىساخانىنىڭ ئۆيىگە ئۇنى يوقلاپ بېرىپ-
تىكەن، قارىسا، تۇنىساخانىنىڭ ئەھۋالى بەكلا ناچارلاپ كېتىپتۇ،
شۇڭا ماڭا خەۋەر قىلغان ئىكەن، ئىككىمىز بىر كىچىك ماشىنى-
نى كىرا قىلىپ ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپاردۇق. مەن جېڭ رۇي-
پېڭنى تۇنىساخانىنىڭ قېشىدا قالدۇرۇپ، داۋالاش ھەققى ئۈچۈن
يەككە تىجارەتچىلەردىن ئازراق ئىئانە توپلاپ كېلەي دەپ قايتىپ
كەلگەنىدىم. باياتىن جېڭ رۇيپېڭدىن تېلېفون كەپتۇ، تۇنىساخان
دوختۇرخانىدا ... — كېرىم ئاكا سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.
— تۇنىساخان ئاچام بىزنىڭ بازىرىمىزدىكى يەككە تىجارەت-
چىلەرنىڭ ئۈلگىسى ئىدى، ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشىنى ياخشى

ئورۇنلاشتۇرايلى، — دېدى مىر كامىل.

— توغرا ئېيتتىڭ، ئۇكام، — دېدى كېرىم ئاكا، — دېمىسىمۇ، رەھمەتلىكنىڭ بۇ دۇنيادا بىزدىن باشقا نېمىسى بار؟!

سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنى ۋە يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىدىكى يولداشلارنىڭ باشلامچى بولۇشى بىلەن بىر كۈن ئىچىدىلا 700 يۈەندىن ئارتۇق پۇل يىغىلىپ، تۇنىساخان ئاچىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەرەپ قىلىندى.

ئىلاۋە: بۇ يەردە مەيلى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش كادىرلىرى ئارىسىدا بولسۇن ياكى يەككە ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا بولسۇن، بۇنداق «خۇش پۇراقلىق گۈللەر» نى دائىم دېگۈدەك ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. بۇ يىل 1 - ئايدا يەككە تىجارەتچى ۋاڭ يۈيىي كېسەل بولۇپ قىلىپ تىجارەت قىلالماي قىيىنچىلىق تارتىپ قالغاندا، يەككە تىجارەتچىلەر سەپەرۋەرلىككە كېلىپ 1370 يۈەن، تۇنىساخان ئاچا ئىلگىرى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا 500 يۈەن پۇل ئىئانە قىلغانىكەن. ئىشقىلىپ، بىر-بىرىگە قىيىنچىلىقتا ئۇچرىسا تەرەپ - تەرەپتىن ياردەم قولىنى سۇنىدىغان ئەھۋاللار بۇ يەردە خېلى كۆپ ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى «ئىتتىپاقلىق — كۈچ، ئىتتىپاقلىق — غەلىبە» دېگەن سۆزنى مۇقەددەس بىلىدىكەن.

## «ئىلىك - بېقىك» ئارىسىدا

بۇ يەردە سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنىدىكى خىزمەتچى خادىملار بىلەن بازار ئارىلىسا «ۋاي، پالانى! تاماق يەپ كېتىڭ!» ، «پوكۇنى، كاۋاپ يەپ كېتىڭ!» دېگەندەك «تەكەللۇپ» سۆزلىرى تۈت ئەتراپتىن دائىم دېگۈدەك ئاڭلىنىپ

تۆرىدىكەن. خىزمەتچى خادىملار بولسا ئۇلارغا ئىللىق كۈلۈمسى-
رەپ، بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ رەھمىتىنى بىلدۈرىدىكەن.

بايان (1): 1991 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى. بۇ سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنىنىڭ باشلىقى لى جياڭلۇڭ ئۆيىدە گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى، ئىشىك چېكى-لىپ قالدى، ئۇ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋېدى، «قىزىل بايراق» سودا بازىرىدا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تىجارەتچى ئىكەن. ئۇ مېھماننى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. مېھمان ئالدى دەرد-جىلىك ھاراق ـ تاماكىلار قاچىلانغان يوغان بىر سومكىنى كۆتۈ-رۈپ كىرىپ كەلدى. لى جياڭلۇڭ مېھماننىڭ بۇ ئىشىدىن نارازى بولۇپ ئۇنىڭغا بۇنداق قىلسا بولمايدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا چۈ-شەندۈرگەن بولسىمۇ، مېھمان ئۇنىماي سومكىنى قويۇپ چىقىپ كەتتى. مېھمان كەتكەندىن كېيىن، ئۇ سومكىغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ پىسەنتسىزلىك بىلەن بىرنېمە دەپ قويدى، ئاندىن جايىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ گېزىت كۆرۈشكە باشلىدى.

— ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ ئاخشامقى مېھماننىڭ «كۆڭلى» نى ئېلىپ ئىدارىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

بايان (2): 1990 ـ يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنىدىن خىزمەت ئالمى-شىپ كەتمەكچى بولغان جاڭ جيەنجۈن ئىشخانىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى، دەل شۇ چاغدا يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ۋەكىل-لىرىدىن بەش ـ ئالتە كىشى كىرىپ ئۇنىڭغا بىر بولاقنى تۇتقۇ-زۇپ قويدى. ئۇ دەرھال بولاقنى ئېچىۋېدى، ئىچىدىن بىر لەۋھە چىقتى. لەۋھەگە «پاك ـ دىيانەتلىك بولۇپ قىزغىن مۇلازىمەت قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن تەقدىم» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. ئۇ تەسىرلەنگەنلىكىدىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. ۋەكىللەر ئىچىدىن بىرسى ئۇنىڭغا:

— سىز بىزگە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردىڭىز،

يۈتكىلىش ئالدىدا باشقىچە بىر نەرسە سوۋغا قىلساق ئالمايسىز، شۇڭا خاتىرە ئۈچۈن بۇنى تەقدىم قىلدۇق، تىجارەتچىلەرنىڭ كۆڭلى، قوبۇل قىلىڭ، — دېدى.

## رەستىدىكى «بۇلاق»

مىركامىل بىلەن بازارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بەزى تىجارەتچىلەرنىڭ قولى ئازراق ئىشتىن بوشاپ قالسىلا پوكەي ئىچىدە ئولتۇرۇپ كىتاب - ژۇرنال كۆرۈۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ قالدىم. بۇ ئىش مېنى قىزىقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ «كوچىلاشتۇردۇم».

بايان: 1990 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى كېرىم ئاكا سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنىغا كىرىپ ئىلگىرىكى باشلىق ۋاڭ شۈيچېڭغا:

— بازاردا بىر كۇتۇپخانا قۇرساق دەپ ئويلاۋاتىمەن، — دېدى.

— بۇ بولىدىغان گەپ-كەن، مەن قوللاپ - قۇۋۋەتلەيمەن، — دېدى ۋاڭ شۈيچېڭ.

كۇتۇپخانا قۇرۇش خىزمىتىگە تېزلا تۇتۇش قىلىندى. سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى 900 يۈەن پۇل بەردى. ھەش - پەش دېگۈچە تەرەپتىن 2000 يۈەن پۇل يىغىلدى، 1500 خىلدىن ئارتۇق كىتاب ۋە گېزىت - ژۇرنال يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئىشخانىسىغا ئەكېلىندى. شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭدىكى سودا بازارلىرى ئىچىدىكى تۇنجى كۇتۇپخانا مۇشۇ يەردە دۇنياغا كەلدى. ئىلگىرى ئىشى بولمىسا بۇ يەرگە ئانچە كىرمەيدىغان تىجارەتچىلەر ئەمدى بۇ يەرنى پات - پاتلا «يوقلايدىغان» بولۇشتى.

www.uyghurkitap.com

ئىلاۋە: ئەگەر ئۇلار پۇل يوق، ئورۇن يوق دەپ بۇ ئىشنى قىلمىغان بولسا، بۇ يەردە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ تىلىنى سۇغۇرىدىغان مۇنداق بىر «بۇلاق» نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى سۆز ئېچىش تەس ئىدى. دەرۋەقە، قىيىنچىلىق كۆپ دەپ ۋايساپ يۈرۈش هازىرقى دەۋرىمىزدە ئانچە ئاقىلانىلىك بولمىسا كېرەك. ئاساسىي گەپ يەنىلا دادىللىقتا. ئۇلارنىڭ دادىللىقى تۇرلۇك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى.

سىياسىي يېتەكچى جۇ پېك ماڭا مۇنداق دېدى:

— بازار باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ قىيىنلىقى ئۇنىڭ ئىدىيەۋى سىياسىي - خىزمەتنى ئاساس قىلغانلىقىدا. قانداق قىلغاندا تۇرلۇك سىياسەت ۋە باج، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇشقا ئائىت قانۇن - مىزانلارنى ھەر خىل مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكى تىجارەتچىلەرگە چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قانۇن - تۈزۈم كۆزقارىشىنى تىكلىگىلى بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا بىز بىرىنچى قەدەمنى خېلى ياخشى باستۇق، دېيەلەيمىز. بىزنىڭ ئۇدا ئىككى نۆۋەت مەملىكەت بويىچە «مەدەنىيەتلىك سودا بازىرى» دېگەن شەرەپلىك نامنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز ھەقىقەتەن ئانچە ئاسانغا چۈشمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بازارنىڭ ئۇسكۇنىلىرى قالاق، ھەممىلا ئىش كۈچەپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتتىن ئىبارەت بۇ نازۇك «ئوپېراتسىيە» نى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بىز دادىل قەدەم تاشلاپ، پايدىلىق ئامىللارنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلاندۇق. يەككە تىجارەتچىلەرنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش جەھەتتە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ چوڭ - چوڭ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردۇق. يەككە تىجارەتچىلەر ئارىسىدا يەنە تەنتەربىيە مۇسابىقىسى، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، دالا سەيلىسى، تاغقا چىقىش قاتارلىق پائالىيەتلەر-

نى ئېلىپ باردۇق.

## خىزمەتمۇ بىر خۇشاللىق

سائەت ئىسترېلكىسى 12 نى كۆرسەتتى. مەن قايتىشقا تەمشەلدىم. لېكىن «خىزمەتداشلىرىم» ئورنىدىن ھېچ قوزغىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— سىلەر قايتامسىلەر؟ — مەن سەل ھەيران بولۇپ جۇ پېڭدىن سورىدىم.

— بىز چۈشتە ئۆيگە قايتمايمىز.

— نېمىشقا؟!

— بەزىلەرنىڭ ئۆيلىرى يىراق، ئۆيگە بېرىش ئۈچۈن نەچچە ئاپتوبۇس ئالمىشىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر يېرىم سائەت ئىچىدە ئۆيگە بېرىپ ۋاقتىدا كېلەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. شۇڭا، كۆپىنچە مۇشۇ يەردىلا ئانچە - مۇنچە غىزالىنىپ دەم ئالىمىز.

— ئۇنداقتا بۇ ئاياللارچۇ؟

— ئۇلارمۇ ئوخشاش، چۈشتە بېرىپ تاماق ئېتىپ يېيىشكە ئۈلگۈرەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ يولدىشى ۋە بالىلىرى چۈشتە سىرتتىن تاماق يەيدۇ.

— چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەر بولسا قوبۇل قىلامسىلەر؟

— ھەئە، بىزنىڭ خىزمىتىمىز بازار باشقۇرۇش بولغانلىقتىن، قاچانلا بولسا خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمىز. پونكىتىمىزنىڭ بازار باشقۇرۇش ھەققىنى يىغقۇچىسى فېڭ لىپىڭ چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىمۇ باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇرۇشقا كەلگۈچىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ.

بۇ چاغدا مېنىڭ خىيالىمغا بىردىنلا بۇلارنىڭ 1991 - يىللىق خىزمەت خۇلاسىسىدىكى «تولۇق بولمىغان مەلۇماتلارغا

www.uyghurkitap.com

ئاساسلانغاندا، پۈتۈن پونكىتتىكى خادىملار 8640 سائەتنىڭ ئار-تۇق قوشۇمچە ئىشلىگەن» دېگەن سۆزلەر كەلدى.

ئىلاۋە: بازار — مەيلى يەكشەنبە كۈنلىرى بولسۇن ياكى ھېيت - بايرام كۈنلىرى بولسۇن، زادىلا تاقالمايدۇ. ئەكسىچە، بۇنداق كۈنلەردە باشقا كۈنلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ. بازار باشقۇرۇش خادىملىرى خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاسا-سەن بۇنداق كۈنلەردە قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار، بولۇپمۇ كۈندىلىك كېلىپ كېتىدىغان ئادەم سانى 40 مىڭدىن ئاشىدىغان، شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان، ئۇسكۈنىلىرى قالاق، شۇنداقلا باشقۇرۇش قىيىن بولغان بۇ بازاردىكى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرى تېخىمۇ شۇنداق، بۇ پونكىتتىكى خادىملار-غا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھېيت - بايرام كۈنلىرى دەم ئالماي ئىشلەش ھېچقانچە ئىش ئەمەس. ئۇلارنىڭ قارىشىچە «خىزمەتمۇ بىر خۇشاللىق».

## خاتىمە

بىزدە كونىلاردىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «باجگىرنى چىش-لىگەن ئىت جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن گەپ بار. مۇشۇ سۆزنىڭ تەسىرىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، قاسقان شەپكە كىيىپ تالون كۆتۈرۈپ بازارلاردا يۈرگەن كىشىلەرنى ياقتۇرمايدىغان ۋە ئۇلارغا ئۆچمەن-لىك بىلەن قارايدىغان ئەھۋال خېلىلا ئېغىر. دۆلەتنىڭ بىر خىزمەتچى خادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن باج ۋە سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان ئۆزگە تۆشلۈك تۆھپىسى بار. ئۇلار ھەرگىزمۇ يىغقان پۇللارنى ئۆزىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغىنى يوق، ئەكسىچە، بۇ پۇللار دۆلەت مالىيە-سىگە تاپشۇرۇلىدۇ، بۇ پۇللار يەنە بىرىپ سوتسىيالىستىك قۇ-رۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەيلى ئۇستى قۇرۇلما

ساھەسى ياكى باشقا ساھەلەردىكى تۈرلۈك چوڭ ـ چوڭ ئىشلار بولسۇن، ھەممىسى كىشلەر ياقتۇرمايدىغان ئاشۇ كىشلەرنىڭ كۆن بويى جاپالىق ئىشلەپ يىغقان پۇللىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئارىمىزدا ئاشۇ پۇلنى ماڭا ئىشلەتكىنى يوق، دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقالايدىغانلاردىن نەچچىسى باردۇ؟!

ئاشۇ ئاددىي خىزمەت ئورنىدىكى ئانچە «ئالقىشقا ئېرىشمەيدىغان» كىشىلەرنىڭ يۈرەك سۆزىنىمۇ ئاڭلاپ قويايلى، ئۇلار سىزدىن ۋە بىزدىن ئۆزلىرىنى چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

1992 ـ يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# «ئابدۇغوپۇر ھەقىقەتەن ئەزىمەت ئىكەن»

«جۇڭگو ساقچىلىرىنىڭ جاسارىتىگە بارىكاللا!» بۇ بىزدە خېلىلا ئومۇملىشىپ قالغان سۆز. بۇ سۆزنى ياكى بۇنىڭغا مەنىداش سۆزلەرنى بىرەر ئاخبارات ئەسىرىگە ماۋزۇ قىلىپ قويۇش تامامەن مۇمكىن. بىزنىڭ مۇشتەرىلىرىمىزمۇ بۇنداق ماۋزۇلارغا «كۆنۈك». بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۇرۇمچى شەھىرى «چاڭجياڭ» يولى ساقچىخانىسىدا ئوغرىلانغان چامادىنىنى تېپىپ بەرگەن ساقچىلارغا مىننەتدارلىق بىلدۇرۇش ئۈچۈن لەۋھە تەقدىم قىلغىلى كەلگەن بىر چەت ئەللىكنىڭ ئاغزىدىن بۇ سۆزنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىغىنىمدا، ئۇنى ئىلگىرىكىدەك ئادەتتىكى ئىش دەپ قارىماستىن، بەلكى پەخىرلىنىش ھېس قىلدىم. «ئابدۇغوپۇر ھەقىقەتەن ئەزىمەت ئىكەن!» ئۇنىڭ ئىككىنچى ئېغىز سۆزىنى ئاڭلاپ سەل ئويلىنىپ قالدىم. بىزدە ئەزىمەت دېگەن خېلى نۇرغۇن، مەيلى قايسى ساھەدە بولسۇن، ئەزىمەتلەردىن بىرمۇنچىنى ساناپ بەرگىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەزىمەتلىكى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. ئۇنداقتا، ئابدۇغوپۇرنىڭ ئەزىمەتلىكى نېمە بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ؟

* *

كوچا چىراغلىرى شەھەر كوچىلىرىنى سۇس سېرىق رەڭدە بېزىگەنىدى، يوغان ـ يوغان چۇشۇۋاتقان قار چىراغ ئەتراپىنى

ئېرىنچەكلىك بىلەن ئەگىپ، نۇردىن ھاسىل بولغان دائىرە ئە-
چىگە قوناتتى. بۇ مەنزىرە ھەر 100 مېتىر ئارىلىقتا بىر تەكرار-
لىناتتى. ئەتراپ جىمجىت، پۈتۈن شەھەر ئۇيقۇدا، پەقەت موت-
سىكلىت موتورىدىن بىر خىل رىتىمدا گۈرۈلدىگەن ئاۋازلا جىم-
جىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

— بۇگۈن كېچە ئۇيقۇ يەنە ھارام بولىدى - دە،
غوپۇركا، — دېدى ئۈچ چاقلىق موتسىكلىتنىڭ يېنىدىكى ئورۇندا
ئولتۇرغان 20 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى يىگىت ئالىم.

— بىزنىڭ بۇ يەردە بۇنداق ئىشلار كۆپ، سەنمۇ ئاستا -
ئاستا كۆنۈپ قالىسەن. كېيىنچە، ھەپتىدە بىر - ئىككى كۈن
مۇشۇنداق ئىشلىمىسەڭ ئۇيقۇڭ كەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، تې-
خى، — ئابدۇغوپۇر ئالىمغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. كوچا چىرى-
غىنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ چىرايى ئېنىق كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئوتتۇز-
نىڭ قارىسىنى ئالغان يىگىت ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋېلىش
ئانچە تەس ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئاپئاق يۈزى سوغۇقتا قىزارغاند-
دى. موتسىكلىت چوڭ يولدىن قايرىلىپ، شىنجاڭ ترانسپورت
2 - شىركىتىنىڭ ئارقىسىدىكى ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان رايونغا
بارىدىغان تار كوچىغا كىردى. موتسىكلىت چىرىغىنىڭ كۈچلۈك
نۇرى قاراڭغۇلۇقنى خۇددى پىچاق بىسىدەك كېسىپ ئۆتەتتى.
ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، ئۇلار بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ
توختىدى. ئۆي قاراڭغۇ بولۇپ، ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى.
ئۇلار موتسىكلىتتىن چۈشۈپ، ئاۋايلاپ كېلىپ ئىشىكنى چەك-
تى.

— كىم؟ — ئىچكىرىدىن قىز بالىنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلان-
دى.

— بىز، ساقچىخانىدىن كەلگەن.

— يېرىم كېچىدە نېمە ئىشىڭلار بار؟ ئىشىڭلار بولسا كۈن-
دۈزى كەلسەڭلار بولمامدۇ؟ — زىل ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى.

— ئىشىكنى ئېچىڭ، نوپۇس تەكشۈرىمىز.

بىر ئازدىن كېيىن چىراغ يورۇپ، ئىشىك ئېچىلدى. تاشقى-رىقى ئۆيدە بىرى 14 ـ 15 ياش، يەنە بىرى 17 ـ 18 ياش-چامىسىدىكى ئىككى قىز بار ئىدى، ئىچكەركى ئۆي قاراڭغۇ ئىدى. ئابدۇغوپۇرنىڭ كۆزى ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۈس-تەلنىڭ بۇرجىكىدە تۇرغان بىر قاپ تاماكىغا چۈشۈپ قالدى. تاماكىنىڭ پېچىتى بۇزۇلغان بولۇپ، بىرنەچچە تال چېكىلگەن-دى. بۇ ئىش ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ گۇمان بىلەن ئىچكەر ئۆيگە مېڭىۋىدى، قىزلاردىن بىرى ئۇنى توستى:

— ئۇ ئۆيدە ھېچكىم ياتمايدۇ، چىراغمۇ يوق.

قىزلارنىڭ ئالاقزادە بولۇپ كېتىشى ئۇنىڭ گۇمانىنى كۈ-چەيتتى. ئۇ ئىچكەر ئۆيگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا سەپسالدى. تاش-قىرىقى ئۆيدىكى چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۇ ئۆيمۇ غۇۋا يورۇپ تۇرات-تى. ئۆيگە بىر كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، ئۈستىدە يوتقان ـ كۆرپە يىغىقلىق تۇراتتى. بۇ نەرسىلەر كىمنىڭكىدۇ؟ ئاڭغىچە قىزلار ئۇلارنى چىقىپ كېتىشكە ئالدىراتقىلى تۇردى. ئىككى ساقچى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن بولۇپ مېڭىپ، يەنە پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ قايتىپ كېلىپ، ئۆي ئىچىدىكى تىڭشىغا قۇلاق سالدى. ئۆيدىن ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. قىزلار مۇشۇ بىر مىنۇتقىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇخلاپ قالغانمىدۇ؟ ئۇلار نېمىشقا غودۇرۇشۇپ ساقچىلارنىڭ «يولسىزلىقى» ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشمايدۇ؟! بۇلارنى ئويلاپ، ئابدۇغوپۇر ئىزدىگەن ئادەمنىڭ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى ـ دە، ئى-شىكنى قايتا چەكتى. ئىشىكنىڭ چېكىلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، باياتىن بىرى قاتتىقراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماي جىممىدە تۇرغان ئالىم چۆچۈگەندەك بولۇپ باشلىقىغا قارىدى، لېكىن بۇ چاغدا ئابدۇغوپۇرنىڭ ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشكە چولىسى تەگ-مەيتتى.

— كىم؟ — يەنە شۇ بايىقى زىل ئاۋاز ئاڭلاندى، بۇ قېتىم بۇ ئاۋازغا بىر ئاز زەردە ئارىلاشقاندەك قىلاتتى.

— بىز، ئىشىكنى ئېچىڭ، سورايدىغان بىر ئىش قاپتۇ، — بۇ ئاۋازمۇ خېلى جاراڭلىق ھەم قەتئىي ئىدى.

ئىشىك ئېچىلدى. ئابدۇغوپۇر ئۇدۇللا ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ، كارىۋات ئاستىغا قولچىراغنى ياقتى. كارىۋات ئاستى قۇرۇق تۇراتتى. ئۇ ئېڭىشىپ تۇرۇپ، ياغاچ سۇپىنىڭ ئاستىغا قولچىراغ ياقتى، چىراغ نۇرى بىر جۈپ پۇتقا چۈشتى.

— ي × ×، چىق بۇياققا! — دەپ ۋارقىرىدى ئابدۇغوپۇر.

ئارقىدىن كىرگەن ئالىممۇ ئالدىراپ بېرىپ چىراغنىڭ يېپىنى تارتتى، كۈن نۇرلۇق لامپا بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كۆزىنى بىر - ئىككى قىستىدە لاپپىدە يورۇدى، ئىشىنىڭ ئەپلەشمىگىنىنى كۆرگەن ئىككى قىزنىڭ بايىقى بويۇن تولغاشلىرى تۈگەپ، بىچارىلىك بىلەن ساقچىلارنىڭ قولىغا ئېسىلىۋېلىپ، «ئاكامنى ئەكەتمەڭلار!» دەپ يالۋۇرغىلى تۇرۇشتى. ئىككى ساقچى ي × × نى تارتىپ چىقاردى. كويزىنىڭ «شالاق» قىلغان ئاۋازى بىلەن تەڭ، ئىككى قىز خۇددى يىغلاشقا سىگنال بېرىلگەندەك ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ يىغىسىنى باشلىۋەتتى، ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ بولغۇچە موتسىكلىت ئوت ئېلىپ بولغانىدى ...

جىنايەتچىنى ساقچىخانىغا ئېلىپ كەلگەندە ۋاقىت ئەتىگەن سائەت تۆتتىن ئاشقانىدى، سائەتنىڭ چىسلاسىمۇ 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دېگەن رەقەملەرنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. سوراق ئاخىرلاشقاندا ئەتىگەنلىك ئىشقا چىقىشقا ئاران بىر سائەت قالغانىدى. ئالىم ئازراق ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن دىجورنى بۆلۈمىگە چىقىپ كەتتى. ئابدۇغوپۇر ئېغىرلاشقان بەدىنىنى ئىشخانىنىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان كارىۋاتقا تاشلاپ، ئازراق كۆز يۇمۇۋالماقچى

بولدى، لېكىن ئۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ ئاللىقاچان قاچقانىدى، ئۇ تورۇسقا تىكىلگىنىچە خىيالغا كەتتى...

1992 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى (دۈشەنبە كۈنى)، ئۇ ئەتىگەندە ئەمدى ئىشقا كېلىۋېدى، تۇرغۇن ھاجى ئىسىملىك بىر چەت ئەللىك كىشى كىرىپ، تۈنۈگۈن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ بىناسى ئىچىدە بىر مەخپىي نومۇرلۇق چامادانىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغانلىقىنى، چامادان ئىچىدە پاسپورت ۋە ئالتۇن سائەت قاتارلىق 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قىممەتتىكى نەرسە بارلىقىنى مەلۇم قىلدى. مانا، «ئەتىگەندە نېمە يېسەڭ كەچكىچە شۇ» دېگەندەك، ئەتىگەندىلا ئۇنىڭ ئالدىغا قىيىن سوئالدىن بىرى قويۇلدى. دېلو مەلۇم قىلىش ماتېرىيالىدا كىچىككىنە يىپ ئۇچىمۇ يوق ئىدى. جىنايەتچىلەرنىڭ سانى، جىنسى، مىللىتى، چىراي شەكلى، ياش قۇرامى ئېنىق بولمىسا، 1 مىليون 300 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىسى بار بۇ شەھەردە ئۇلارنى نەدىن تېپىش كېرەك؟ بۇ دېگىزدىن يىڭنە ئىزدىگەنلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ساقچىخانىغا كۈنىگە نۇرغۇن دېلو كېلىپ تۇرىدۇ. مۇشۇ بىر دېلونى دەپ ئىشخانىنى تاقاپ قويۇپ، خادىملارنىڭ ھەممىسىنى كوچىغا چىقىپ، چامادان ئوغرىلىغان جىنايەتچىلەرنى ئىزدەڭلار دېسە قاملاشمايدۇ ـ دە! 13 يىللىق ھاياتىنى ئۆزى سۆيىدىغان مۇشۇ كەسىپ بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكۈزگەن، ھازىر ئۈرۈمچى شەھىرى «چاڭجياڭ» يولى ساقچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئابدۇغوپۇر سىراجىدىننىڭ ئالدىغا ئەمدىلىكتە خېلى سالمىقى بار سوئالدىن بىرسى قويۇلۇپ، خۇددى پاكار باراڭدا ساڭگىلاپ تۇرغان قاپاقتەك دەممۇدەم پېشانىسىگە ئۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمەيۋاتاتتى...

دېلو مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ساقچىخانىدىكى باشقا خادىملارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن، دېلو يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا



www.uyghurkitap.com

بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى
خادىملار ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ئاشپەز، يايمىچىلاردىن سۈرۈشتە
قىلدى، لېكىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. چامادانىنىڭ ئىگىسى
بىلەن بولغان كېيىنكى بىر قېتىملىق سۆھبەتتە، شۇ كۈنى ئۇ
ئۈستۈنكى قەۋەتكە تېلېفون ئۇرغىلى چىقىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ
نەرسە ـ كېرەكلىرىگە قاراپ تۇرغان مەمەت ئىسىملىك كىشىدىن
25 ـ 26 ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز كەلگەن بىر ئۇيغۇر يىگىت-
نىڭ گەپ سورىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ يىپ ئۇچىغا ئاسا-
سەن، ئۇ نەق مەيدانغا قايتا بېرىپ تەكشۈردى ھەم شۇ كۈنى چوڭ
ئىشىكتىن كىرگەنلا يەردە ئىشىكباقارنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدى.
ئىشىكباقار قاراپ تۇرغان ئەھۋالدا ئوغرىلارنىڭ سومكىغا يۈرەك-
لىك قول سېلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ھالدا، خۇددى نەرسىلەر-
گە قاراپ تۇرغان كىشىنى گەپكە تۇتۇپ تۇرغاندەك، ئىشىكباقار-
نىمۇ بىرەرسى گەپكە تۇتۇپ تۇرغانمىدۇ؟ ئۇ ئىشىكباقاردىن سو-
رىۋېدى، ئۇ ئەسلىيەلمىدى. لېكىن، ئابدۇغوپۇر شۇنداق بىر
ئادەم بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلدى ھەم قايتا ـ قايتا
ئويلىنىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ئاز دېگەندە ئۈچ كىشى بولۇشى
ئېھتىمالغا يېقىن ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى.

يىپ ئۇچى بار بىلەن يوقنىڭ ئوتتۇرىسىدا غىل ـ پال
كۆرۈنگەندەك قىلىپ يەنە غايىب بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇغو-
پۇر ئۆزى ئىلگىرى بىر تەرەپ قىلغان، لېكىن ئۆزگىرىش ئىپا-
دىسى ياخشى بولمىغان، مۇشۇ دېلودا ئاز ـ تولا گۇمانلىق دەپ
قارىغانلارنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى ئېنىقلاشقا كىرىشتى. ھەر كۈ-
نى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپلىرىغا بېرىپ،
«تىزىملىك» كە چۈشۈرگەنلەرنى ئۇچرىتىپ قالارمەنمىكىن، دەپ
ئايلىنىپ يۈردى ھەم ئۇچرىغانلاردىن گەپ ئەگىتىپ ئەھۋال ئۇ-
قۇپ باقتى.

11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتە ئۇ تاماق يېيىش ئۈچۈن

ئاشخانىغا كىرىپ، ئىلگىرى ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن تۈرمىگە كىرىپ چىققان س ×× نى ئۇچرىتىپ قالدى. تاماق يېگەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ س ×× كە مۇنداق دېدى:

— 10 ـ ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىدا بىر مەخپىي نومۇرلۇق چامادان ئوغرىلاندى. چامادانىدىكى نەرسىلەرنىڭ قىممىتىغۇ تايىنلىق ئىكەن، بىراق چامادانىدا نۇرغۇن رەسمىيەتلەر بار ئىكەن. ئۇ نەرسىلەر ئوغرىغا كېرەكسىز، لېكىن ئىگىسىگە بەك مۇھىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە چامادانىنىڭ ئىگىسى چەت ئەللىك ئىكەن. بۇ دېلونى پاش قىلمىساق زادى بولمايدۇ، — ئۇ ئۇستىلىق بىلەن گەپ ئويناتقاچ س ×× نىڭ چىراي ئىپادىسىگە سەپسالدى. س ×× دەسلەپ ئەندىككەندەك بولدىيۇ، لېكىن تېزلىكتە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، تاماق يېگەن قىياپەتتە ئولتۇرۇۋالدى.

— سېنىڭچە، ئوغرىلار كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ھۆججەت ـ رەسمىيەتلەرنى يوشۇرۇپ قويارمۇ ياكى تاشلىۋېتەرمۇ؟ — ئۇ س ×× كە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

— ئوغرىلارنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك بولىدۇ، ئۇ نەرسىلەرنى چوقۇم تاشلىۋېتىدۇ.

س ×× نىڭ جاۋابى ئابدۇغوپۇرنى گۇمانغا سېلىپ قويدى. تاماق يەپ بولۇپ ئاشخانىدىن چىقىدىغان چاغدا، ئۇ س ×× كە مۇنداق دېدى:

— ئۇكام، رەسمىيەت بېجىرىشنىڭ تەسلىكىنى سەنمۇ بىلىسەن، بىزگە باشقا نەرسە كېرەك ئەمەس، رەسمىيەتلەرنى تاپساقلا بولاتتى. سەن ھازىر ئۆزگىرىپ توغرا يولدا مېڭىۋاتىسەن. مۇشۇ ئىش توغرىسىدا بىرەر گەپ ـ سۆز ئاڭلىساڭ، ماڭا خەۋەر قىلىپ قويغىن.

س ×× ماقۇل بولۇپ ئالدىراپ كېتىپ قالدى. ئۈچ كۈن

ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئابدۇغوپۇرغا تېلېفون بېرىپ، ئوغرىلارنىڭ رەسمىيەتلەرنى ئاق سۇلياۋ خالتىغا سېلىپ، 2 - يول ئاپتوبۇسىنىڭ توڭلىتىش ئىسكىلاتى بېكىتىنىڭ يېنىدىكى ئەخلەت ساندۇقىنىڭ تۈۋىگە تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى ھەم ئۆزىنىڭ تېلېفوننى نەدىن بېرىۋاتقانلىقىنىمۇ ئېيتىپ بەرمەي، ئالدىراپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

ئابدۇغوپۇر تېلېفوننى قويدى - دە، كارىدورغا چىقىپ توۋلىدى:

— مىجىت، ئالىم، بۇ ياققا كېلىڭلار!

ئۇلار ئىشخانىغا كىرە - كىرمەيلا، ئۇ:

— ھېلىقى چامادانني ئوغرىلىغان جىنايەتچىلەرنىڭ بىرى پاش بولدى، دەرھال س ×× نى تېپىڭلار، — دېدى.

باشلىقنىڭ مىجەزىنى خېلى ئوبدان چۈشىنىدىغان مىجىت بىلەن ئالىم بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

س ×× نى تېپىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، ئۇ سوراقتا ئازراق «دەسمايە» تاپماقچى بولۇپ سىرتقا چىقتى ۋە سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق س ×× نىڭ بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ي ×× بىلەن بىللە يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. س ×× بىلەن ي ×× نىڭ بۇ دېلونى بىللە سادىر قىلىش ئېھتىمالى بارمىدۇ؟ سوراق جەريانىدا ي ×× نى پاش قىلىش ئارقىلىق س ×× نى پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ، ھەممە ئەھۋالنى دېگۈزگىلى بولارمۇ؟ ... ئۇ كۆپ ئويلىنىپ، زۆرۈر تېپىلسا، ئەھۋالغا قاراپ بۇ ئۇسۇلنىمۇ سىناپ بېقىش قارارىغا كەلدى.

س ×× نى تېپىش خېلى تەسكە چۈشتى، ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ساقچىخانىغا ئېلىپ كېلىندى. ئابدۇغوپۇرنىڭ كۆزى ھەدىگەندىلا ئۇنىڭ قولىدىكى سائەتكە چۈشتى:

— پاھ! سائىتىڭ قالتىسقۇ، ئەكىلە، كۆرۈپ باقاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

س ×× سائەتنى بىلىكىدىن چىقىرىپ ئابدۇغوپۇرغا ئۇزاتـ
تى.

— نەچچە پۇلغا ئالدىڭ؟

— 200 كويغا.

— مۇنداق دېگىن، 1750 دوللارلىق سائەتنى 200 كويغا ئالغان بولساڭ، سودىگەرچىلىكتە قالتىس پىشىپسەن جۇمۇ؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇنىڭ ئالتۇن سائەت ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئوخشىمامسەن؟ بۇ دەل ھېلىقى ئوغرىلانغان چامادانىدىكى ئالتۇن سائەت. مېنىڭ دېگىنىمدىن كۆرە، ئۆزۈڭنىڭ ياۋاشلىق بىلەن دېگىنىڭ ياخشى، كىملەر بىلەن بىللە ئالغىنىڭنىمۇ ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ي ×× بىلەن بىللە ئالدىڭ، شۇنداقمۇ؟

س ×× نىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى. ئۇ ئابدۇغوپۇرنىڭ سۆزلىرىدىن ھەممە ئىش پاش بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئەھۋالنى ئېنىق تاپشۇردى.

ئىش ئابدۇغوپۇرنىڭ قىياس قىلغىنىدەك چىقتى. 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئېلىپ بېرىلىدىغان «چاقماقتەك ھەرىكەت» تە س ×× ئىشكىباقارنى گەپكە تۇتۇپ تۇرغان. ي ×× سومكىغا قاراۋاتقان مەمەتنى گەپكە تۇتۇپ تۇرغان، يەنە بىر جىنايەتچى ئا ×× سومكىنى ئېلىپ يان ئىشىكتىن چىقىپ، كىرا ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ قېچىپ كەتكەن. ئۇلار «ئولجا» نى بورتالا ئوبلاستىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى بىناسىنىڭ 409 ـ نومۇرلۇق ئۆيىدىكى «ئۇۋىسى» دا بۆلۈشۈپ، قالغان نەرسىلەرنى ئاپتوبۇس بېكىتىگە تاشلىۋەتكەن. سوراق نەتىجىسىدىن مەلۇم بولدىكى، بۇ ئۈچەيلەن پادا باققاندا دوست بولۇپ، ياتاق چاققاندا ئايرىلىدىغانلاردىن بولغاچقا، س ×× قالغان ئىككىسىنىڭ ئېنىق ئادرېسىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى، پەقەت ئا ×× نىڭ ئۆيىنىڭ يامالىق تېغى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى، ي ×× نىڭ «بېيجىڭ» يولى تەرەپكە كېتىدىغانلىقىنى

ۋە ئۇنىڭ 1992 - يىلى ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنىلا دەپ بېرەلىدى.

ئابدۇغوپۇر س ×× تەمىنلىگەن يېرىم - يارتا يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، بىر تەرەپتىن، ئالىم، مەمتىمىن، مىجىت قاتارلىقلار بىلەن يامالىق تېغىغا بېرىپ، ئاھالە كومىتېتىدىن ئا×× نىڭ دېرىكىنى ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سايباغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ، 1992 - يىلى نىكاھدىن ئاجراشقانلارنىڭ ئارخىپىدىن ي×× نى ئىزدىدى ھەم شۇ بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن دەپ قارىغان ئالتە - يەتتە ئادەمنىڭ رەسىمىنى ئېلىپ كېلىپ س×× كە كۆرسەتتى. س×× بولسا ي×× نىڭ رەسىمىنى تونۇپ بەردى. لېكىن ي×× ئارخىپتىكى ئادرېستىن كۆچۈپ كەتكەنىدى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن ئىككى جىنايەتچىنىڭ دېرىكى يوق ئىدى.

كىشىلەرنىڭ بىرەر نەرسىسى ئوغرىلانسا، ئاۋۋال ئاتا - ئانىسىنى ئەمەس، بەلكى ساقچىنى ئىزدىشى تەبىئىي ئەھۋال. ئۇ ئىشخانىدا تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ، «بۈگۈن ئەتىگەن 400 يۈەن پۇلۇمنى كوچا ئاپتوبۇسىدا ئوغرى ئېلىپ كەتتى» دەپ ئەھۋال مەلۇم قىلىپ كەلگەن قىرىق ياش ئەتراپىدىكى دېھقاننى ئەسلىدى. يۇز - كۆزىنى ساقال باسقان، كۈچتۈڭگۈر، شۇ بەستى بىلەن بىرەر ئۆكۈزنى كۆتۈرۈۋېتەلەيدىغاندەك كۆرۈنىدىغان ئۇ كىشىنىڭ ئۇمچىيىپ تۇرۇپ ئەھۋال ئېيتىپ، كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان سېيماسى كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا، ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق تاتىلىغاندەك ئېچىشتى. نەچچە بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالغان كىشىنىڭ كۆز يېشى قىلىشى ئاسان ئىش دەمسىز؟ لېكىن يوقسۇللۇق ئادەمنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ؟ ساقچى ئۇچۇن ئۇلارنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئۈمىدلىك كۆزلىرىگە قاراشتىنمۇ ئارتۇق ئازابلىق ئىش بولارمىدۇ؟ توغرا، 400 يۈەن تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كىشىلەر ئۇچۇن ھېچقانچە پۇل ئەمەس، لې-

كىن بۇ پۇل ئالتە ئاي يازدا ئېتىزدا دۇم يېتىپ، دۇم قۇيۇپ، توپىغا مىلىنىپ ئىشلەپ، قولى ئەمدىلا پۇل كۆرگەن دېھقان ئۇچۇن چوڭ گەپ. تاپقان ـ تەرگىنىنى يىغىشتۇرۇپ، خۇددى ھەجگە بارىدىغاندەك تەييارلىق بىلەن بۇ شەھەرگە تۇنجى قېتىم كەلگەن دېھقاننىڭ پۇلىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويۇشى ئۇنىڭ ئۇچۇن بىر چوڭ يوقىتىش. «ئوغرىدا ئىنساپ يوق» دېگەن ماقال بىكار ئېيتىلمىغان، ئوغرىلار تاللاپ تۇرۇپ مۇشۇنداق كىشىلەرنى قومۇرىدۇ... ئىشىكنىڭ چېكىلگەن ئاۋازى ئۇنى خىيالدىن ئويغاتتى، ئىشخانىغا «چاقىرمىغان مېھمان» دىن بىرى كىرىپ كەلدى.

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سورىدى ئابدۇغوپۇر ئۇنىڭدىن.

— مەن س × × نىڭ تۇغقىنى بولىمەن، ئاڭلىسام، ئۇنى تۇتۇۋاپسىلەر، ئۇنىڭ نېمە ئىش بىلەن بۇ يەرگە كىرىپ قالغانلىقىنى بىلىپ باقاي دەپ كەلگەنىدىم، — ئۇ قورۇنۇپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، — ئۇنى خروئىن سېتىپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ دەيدۇ، راستمۇ؟

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— خەقلەر، — «چاقىرمىغان مېھمان» بارغانسېرى ھودۇقتى، ئابدۇغوپۇرنىڭ كۆزى بىردىنلا ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان ي × × نىڭ رەسىمىگە چۈشتى. «چاقىرمىغان مېھمان» نىڭ چىراي بىلەن رەسىمدىكى چىرايىنىڭ ناھايىتى ئوخشىشىدىغانلىقىنى كۆرۈپ «غايىبتىن كەلگەن ئامەت» تىن يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئابدۇغوپۇر «چاقىرمىغان مېھمان» نىڭ ئەھۋالىنى تىڭ تىڭلاپ بېقىش ئۈچۈن ي × × تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى بىلدى ۋە ئۇنىڭغا ھېچقانچە چوڭ ئىش يوقلۇقىنى ئېيتىپ، چاندۇرماي يولغا سېلىۋەتتى ھەمدە ئۇ «باشلاپ» بارغان ئادرېس ئارقىلىق ي × × نىڭ ئۆيىنى تېزلا تاپتى. ئۇلار ئەتىسى كېچىدە ي ×

× نىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنى تاپالماي قايتىپ كەلدى.
12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كېچىدە ئابدۇغوپۇر بىلەن ئالىم يامالىق تېغى رايونىدىكى ئاھالە كومىتېتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئا ×× نى قولغا ئېلىپ سوراق قىلدى. ئا ×× سوراقتا ي ×× نىڭ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە بىر ياققا كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئىقرار قىلدى. دېمەك، ۋاقىتنى سوزۇشقا بولمايتتى. ئۇلار سوراقنى كېچە سائەت ئىككى يېرىمدا تۈگىتىپ، قاتتىق يېغىۋاتقان قارغا قارىماي ي ×× نىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتى...

* *

مەن ئابدۇغوپۇرنى ئاخىرقى قېتىم ئىزدەپ بارغىنىمدا، ئۇ ئىشخانىسىدا تاماكا چېكىپ، ئېغىر خىيالغا چۆمگەن ھالدا ئولتۇراتتى. ئۇ ئىككى ئاي جاپالىق ئىشلەپ، جىنايەتچىلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، ماددىي بۇيۇملارنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ خەلق ساقچىسىغا خاس بۇرچىنى ئادا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چىرايىدىن ناتونۇش بىر كىشى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن ئاشۇ ئاق خالتىنىڭ تېپىلمىغانلىقىغا بولغان ئۆكۈنۈش چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتىنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم غەش بولدى. ئىچىمدە «ئۇ نەرسىلەرمۇ تېپىلغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!» دەپ ئويلىدىم.
ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ قايتقاندىمۇ يول بويى ئېغىر خىياللاردىن قۇتۇلالمىدىم. باش ـ ئايىغى يوق خىياللار مېڭەمنى خۇددى ئۆمۈچۈك توردەك چىرمىۋالغانىدى. توغرا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دولقۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ھۆكۈمەت سىياسەتنى تېخىمۇ كەڭ قويۇۋېتىپ، خەلقنى ھالال ئەمگەك، قانۇنلۇق تىجارەت بىلەن بېيىشقا ئىلھاملاندۇردى. لې-

كىن، ئاز ساندىكى كىشىلەر بېيىشنىڭ توغرا يولىدا ماڭماي، «مەنزىل» گە تېزرەك يېتىپ بېرىش ئۈچۈن «دەرگۈزى» يولدا ماڭماقتا. ئۇلار ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆدۈل كەلگەن كىشىلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلماقتا. بىزدە «ئۆردەك گۆشى يېمەكچى بولساڭ، غازنىڭ پېيىدە بول» دېگەن سۆز بار. خەلق ساقچىلىرىمىزنىڭ كېچە ـ كۈندۈز جاپالىق ئىشلەپ، ئوغرىلىق جىنايى ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشى جەمئىيەتنىڭ تىنچ، مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئابدۇغوپۇرغا ئوخشاش خەلق ساقچىلىرىنىڭ مۇشۇ يولدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ئاپىرىن ئوقۇشقا، مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە.

1993 ـ يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئاقىۋول بولسۇن، ئابلىزكا

تېلېفوننىڭ قاتتىق جىرىڭلىشى ئۇنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. ئۇ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى.

— ۋەي، ئابلىز جىڭلىما؟

قارشى تەرەپتىن مۇلازىم قىزنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مەن باش مۇلازىمەت ئورنى، ئىككى چەت ئەللىك مېھمان كەپتۇ، ياتاق يوق دېسەم، رەھبىرىڭلار بىلەن كۆرۈشمەن دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ.

— ماقۇل، مەن ھازىرلا بارىمەن.

ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇپ، ئالدىراپ كىيىنىشكە باشلىدى. ئاڭغىچە ئايالى خورشىدەمۇ كۆزىنى ئېچىپ يولدىشىغا قارىدى:

— سائەت بىر يېرىم بوپتۇ، مۇشۇ كېچىدە يەنە مېھمانخانىغا بارامسىز؟ مېھمانخانىدىن قايتىپ كەلگىنىڭىزگە تېخى ئىككى سائەتمۇ بولمىدىغۇ؟

— ئازراق ئىش چىقىپ قاپتۇ. ھەل قىلىۋېتىپلا قايتىپ كېلىمەن، — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئايالىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، ئىشىكنى ئاستا يېپىپ چىقىپ كەتتى.

شىنجاڭ مۇھاجىرلار مېھمانخانىسىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى باش مۇلازىمەت ئورنىدا ئۇنى قوڭۇر چاچلىق، كۆك كۆزلۈك بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ كېلىشى بىلەنلا مۇلازىم ئۇنىڭغا:

— بۇ ئىككىيلەن ئامېرىكىلىق ساياھەتچىلەر ئىكەن، قەشقەردىن كېلىشى ئىكەن، — دېدى ۋە ئارقىدىنلا راۋان ئىنگلىز تىلىدا مېھمانلارغا تونۇشتۇردى:

— بۇ كىشى مېھمانخانىمىزنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ئابلىز ئابباس بولىدۇ.

ئابلىز ئابباس مېھمانلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— بىز قەشقەردىن يولغا چىقىش ئالدىدا قەشقەر مېھمانخانىسىدىكى خىزمەتچى خادىملارغا مېھمانخانىڭلارغا ياتاق زاكاز قىلىپ قويۇشنى ھاۋالە قىلغانىدۇق، لېكىن بۇ يەردىكى خادىملارنىڭ ئېيتىشىچە، سىلەرنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭلار يوقكەن. ئامال قىلىپ بىرەر ياتاق ئاجرىتىپ بەرگەن بولساڭلار ياخشى بولاتتى. بولمىسا، بۇ كېچىدە نەدە تەمتىرەپ يۈرىمىز.

ئابلىز ئابباس مۇلازىم قىزچاقتىن سورىدى:

— بۇ ئىشتىن سىلەرنىڭ راستىنىلا خەۋىرىڭلار يوقمۇ؟

— شۇنداق.

— ياتاقلارنىڭ ھەممىسى توشۇپ كەتتىمۇ؟

— ھەئە.

— باشقا ھېچقانداق ئىمكانىيەت يوقمۇ؟

— يەتتىنچى قەۋەتتىكى بىر ئۆيدە يېتىۋاتقان مېھمان غۇلجىغا كەتكەنىدى، بىر ھەپتىدەك بولدى، بۇ ئۆي بىكار تۇرۇۋاتىدۇ. ئۆيدە مېھماننىڭ نەرسە — كېرەكلىرى بولغاچقا، ئۇنى باشقىلارغا ئېچىپ بېرەلمىدۇق.

ئابلىز ئابباس ئويلىنىپ قالدى. قاراپ تۇرۇپ كەلگەن مېھماننى ياتاق يوق، دەپ يېنىم كېچىدە كەتكۈزۈۋەتسە ئانچە قاملاشمايتتى. ھېلىقى ياتاقتا ھازىر ئادەم بولمىغاندىن كېيىن، بۇ ئەر — خوتۇن ئىككىيلەننى شۇنىڭغا بىر كېچە ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرۇپ، ئەتە باشقا ياتاق بەرسە بولمامدۇ؟ ئۇ دەرھال ئالدىدىكى تېلېفونغا قول ئۇزاتتى — دە، مېھمانخانا قوغداش بۆلۈمىدىن ئادەم چاقىرتتى. ھايال ئۆتمەي ئىككى قوغداش خادىمى كەلدى. ئۇ قوغداش خادىملىرى بىلەن بىر مۇلازىمنى باشلاپ

يەتتىنچى قەۋەتتىكى ياتاققا چىقىپ، مېھماننىڭ نەرسە - كېرەك-لىرىنى تەپسىلىي تىزىملىدى ۋە مۇلازىمغا يېڭى مېھمانلارنى مۇ-شۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرۇدى. ئىككى ئامېرىكىلىق ئاب-لىز ئاbباسقا قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتتى، ئابلىز ئاbباس ئۇلارغا خەيرلىك كېچە تىلەپ، ئۇلار بىلەن خوشلاشتى.

ئۇ مېھمانخانىدىن چىققاندا سائەت ئىستىرېلكىسى ئىككى يې-رىمنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. سېنتەبىرنىڭ ئىزغىرىن شامىلى ئۇنىڭ يۈز - كۆزى ۋە ئاق ئارىلاشقا باشلىغان چاچلىرىنى سىيپاپ ئۆتتى، ھاۋا ناھايىتى ساپ، ئەتراپ جىمجىت، ئاسماندا ئالىقاندەك چىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. كۆكتىكى يۇلتۇزلار بۇ گۈزەل شەھەرنىڭ كوچا چىراغلىرى بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك چاقناپ تۇراتتى.

ئۇ ئازادە شەھەر كوچىسىدا يالغۇز كېتىۋېتىپ خىيالغا چۆم-دى ...

بۇ يىل (يەنى 1991 - يىلى) ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئۆچىسىدىكى جۇڭخۇياۋلىق ھەربىي فورمىسىنى سېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار مېھمانخانىسىغا خىزمەتكە چۈشكىنىگە توپتوغرا ئىك-كى يىل بوپتۇ. ئۇ 13 ياش ۋاقتىدا دولان دىيارىدىن ئۈرۈمچىگە كېيىپ كەلگەن ھەربىي فورمىنى توپتوغرا 30 يىل كىيدى. بۇ جەرياندا ئۇ تەرجىمانلىق قىلدى، مەمۇرىي خىزمەت ئىشلىدى، نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولدى. يېڭى خىز-مەت ئورنىغا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، ئۇ ئۆزىنى راستتىنلا باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلغانىدى. ئىلگىرىكى سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمى ئۆزىراپ مانا ئەمدى ئون نەچچە سائەتكە يەتتى. يەكشەنبە، ھېيت - بايراملاردىمۇ ئىشخانا، رېس-توران، مېھمانخانىلار بىناسى ئەتراپىدا ئۇ ئىش، بۇ ئىش بىلەن ئالدىراش ئۆتىدىغان بولدى. قايسى تارماقتا مەسىلە كۆرۈلسە، شۇ يەردە پەيدا بولۇپ مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلدى.

ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن دائىم بىللە بولۇپ، ناھايىتى تېزلا ئۇلارنىڭ سىرداش دوستىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ 30 يىللىق ھاياتى ھەربىي سەپتە ئۆتكەچكە، كەسىپ ئالمىشىپ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇ ئاشۇ چاغدا يېتىلدۈرگەن تەلەپچان، ئىنتىزامچان، مەسئۇلىيەتچان بولۇشتەك خاراكتېرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاۋۋال ئۆزىگە، ئاندىن قول ئاستىدىكىلەرگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى دەسلەپ بەزى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئانچە ياقمىدى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ بۇ خىل روھىنى ياقتۇرۇپ قېلىشتى. مانا تېخى يېقىندىلا ئۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئىككى خادىمنى خىزمەتتىن توختىتىپ قويۇۋېدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى. چۈنكى، مېھمانخانا ئۇچۇن يۈز ـ ئابرۇي ھەممىدىن مۇھىم ـ دە! ...

ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە سائەت ئۇچتىن ئاشقانىدى.

مەن بۇ مېھمانخانىنىڭ باش دىرېكتورى سۇڭ چىپىي بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئۇ ماڭا قىزغىنلىق بىلەن ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى.

— ئابلىز ئابباس ھەربىي سەپتىن خىزمەت ئالمىشىپ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ناھايىتى ياخشى ئىشلىدى. بولۇپمۇ، ئۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ يۇقىرى تەشكىللەش ئىقتىدارى، قاتتىق ئىنتىزامچانلىقى بىلەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ئۇ كېلىشكىلا بىز ئۇنىڭغا مېھمانخانىنىڭ قوغداش، ئاشخانا باشقۇرۇش، قورۇلۇش ـ ئېنېرگىيە، تەمىنات قاتارلىق ساھەلىرىنى تەقسىم قىلىپ بەرگەنىدۇق. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ساھەلەر ئەينى ۋاقىتتا خېلىلا قالايمىقان بولۇپ، كۆپ كۈچ چىقىرىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئابلىز بۇ خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولغاندىن كېيىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا مېھمانخانىنىڭ

قىياپىتىدە تۇپتىن ئۆزگىرىش بولدى. ئىلگىرى دائىم دېگۈدەك جېدەل ـ ماجىرا چىقىپ، ۋەقە سادىر بولۇپ تۇرىدىغان بۇ مېھمانخانا ھازىر ئوڭشىلىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئارامگاھىغا ئايلاندى. مېنىڭچە، ئۇنىڭ خىزمەتتىكى نەتىجىسىنى ئاۋۋال ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشىنىڭ نەتىجىسى دېسەك مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەسلىدە مېھمانخانىمىزنىڭ قائىدىسى بويىچە قايسى دىرېكتورنىڭ خىزمەت دائىرىسىدىكى ئىش بولسا، شۇ دىرېكتور ئۆزى بىۋاستە قول سېلىپ بېجىرىشى لازىم ئىدى. لېكىن، ئابلىز بۇ قائىدىنى بۇزۇپ تاشلاپ، مەسىلە كۆرۈلگەن ھامان سېنىڭ ـ مېنىڭ دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەل قىلدى. مېھمانخانىمىز قارمىقىدا بىرنەچچە تانسىخانا، قەھۋەخانىلار بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە 24 سائەت مېھمان قوبۇل قىلىدىغان بولغاچقا، كېچىلىرىمۇ بەزى مۇھىم ئىشلارنى كۆپىنچە دىرېكتورلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئابلىزنىڭ ئۆيى مېھمانخانىغا يېقىن بولغاچقا، كېچىدە قانداق ئىش چىقسا، باشقا دىرېكتورلارغا ئىتتىرىپ قويماي ئۆزى كېلىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. مەن سىزگە يەنە مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي: بۇلتۇر 1 ـ ئاينىڭ تازا قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مېھمانخانىمىزنىڭ پار قازىنى بۇزۇلۇپ قېلىپ، پار ۋە مۇنچىدىكى سۇ توختاپ قالدى. ئۇ ئەتىگەندە ئىشقا كېلىپ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال پار قازىنى ئۆيىگە كىرىپ، ئىشچىلار بىلەن بىللە تاكى كېچە سائەت 11 گىچە ئىشلەپ كاشىلا ئوڭشالغاندىن كېيىنلا ئۆيىگە قايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلىرىنى سۆزلەپ كەلسەك ناھايىتى نۇرغۇن.

مېھمانخانىنىڭ چىرايلىق بېزەلگەن مىللىيچە تائاملار رېستورانىدا مەن رېستوراننىڭ دىرېكتورى ئابلىكىم ئابدۇرېھىم بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالدىم ھەمدە گەپ ئارىسىدا ئۇنىڭدىن

تۆۋەندىكىلەرنى سورىدىم:

— سىز ئابلىز ئابباس بۇ يەرگە كەلگەندىن تارتىپ ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەۋېتىپسىز، سىزچە ئۇنى گېزىتتە تونۇشتۇرساق بولارمۇ؟

— نېمىشقا بولمايدىكەن، ئەلۋەتتە بولىدۇ.

— ئۇنداقتا ئۇنى قايسى جەھەتتىن تەرىپلىسەك بولار؟

— ئۇنىڭ تەرىپلىسە بولىدىغان تەرەپلىرى نۇرغۇن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىگەن ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر. ئۇ ھەرقانداق ئىشتا ئاۋۋال ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. بەزىدە ئالدىراش بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ شەخسىي مېھمانلىرىنى مېھمانخانىلاردا كۈتۈشكە توغرا كەلسە، قائىدە بويىچە پۇل تاپشۇرىدۇ. ئۇ كەلگەندىن كېيىن ئاشخانىمىزنىڭ قىياپىتىدىمۇ خېلى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئىلگىرىكى تاماقنىڭ سۈپىتى ناچار بولۇش، ئاشخانىغا كىرگەن - چىققان نەرسىلەرنىڭ ھېساباتى ئېنىق بولماسلىق، مۇلازىمەتچى خادىملارنىڭ پوزىتسىيىسى ياخشى بولماسلىقتەك ئەھۋاللار ھازىر تۈگىتىلدى. بۇ ئىشلاردا ئۇ ئۆزى قول سېلىپ بىر يۈرۈش قائىدە - تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىپ ئەمەلىيلەشتۈردى. ھازىر بۇ ئاشخانىمىزدا ھەر كۈنى ئاخشىمى شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى قاتارلىق ئورۇنلاردىن ئاتاقلىق ناخشىچى، مۇزىكانت ۋە ئۇسسۇلچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى كۆرسىتىمىز. بۇنداق قىلساق، مېھمانخانىمىزغا كېلىدىغان چەت ئەللىكلەردىن پايدىلىنىپ، مىللىتىمىزنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنىمۇ خەلقئاراغا كۆپلەپ تونۇشتۇرالايدىكەنمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي يولداشلارنىمۇ كۆپلەپ جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى ناخشا - مۇزىكىدىن ھوزۇرلىنىپ، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىكەنمىز. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئۆزى پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇ سۆز-

لەۋېتىپ ماڭا يېڭىدىن بىزلىقۇاتقان ئۆيىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەنە ئاشۇ زىياپەت زالىمىزنى بىزەشكە پۇل يېتىشمەي قېلىۋىدى، ئۇ ئۆز يېنىدىن 5000 يۈەن قەرز بېرىپ تۇردى.

ئابلىكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مەن ئابلىز ئابباسقا قايىل بولدۇم. دېمىسىمۇ، ھەربىي فورمىنى سېلىپ دىرېكتورلۇق ئورۇندۇقىغا ئولتۇرۇش ئېيتماققا ناھايىتى ئاسان ئىشتەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئالاھىدە چېنىققان «ئىنتىزامچان كاللىنى» بازارغا يۈزلەنگەن «پائالىيەتچان كاللا» غا ئۆزگەرتىش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

تېلېفوننىڭ ئارقا - ئارقىدىن جىرىڭلىشى ۋە ئىشىكنىڭ بىرنەچچە قېتىم چېكىلىشى ئابلىز ئاكا بىلەن بولغان سۆھبىتىمىزنى بىرنەچچە قېتىم ئۈزۈپ قويدى. زىيارىتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئۇنى يەنە بىرەيلەن ئىزدەپ كەلدى. ئىشىك ئالدىغا چىققاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا دېدىم:

— ئىشلىرىڭىز بەك ئالدىراشكەن، ئابلىزكا.

— ھەئە، يېقىندا تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەركىبىدە سىنگاپور، تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىقماقچى ئىدىم، شۇڭا مېڭىشنىڭ ئالدىدا بىر ئاز ئالدىراش بولۇپ قالدىم.

— ھە، مۇنداق دەڭ، كاللىنى يەنىمۇ يېڭىلاپ كېلەيلى دەپسىلەردە، ئۇنداقتا مەن سىزگە ئامانلىق تىلىسەم بولغۇدەك.

ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

مەن ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىگە، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساھ، ئۇنىڭ كەلگۈسى خىزمەتلىرىگە چىن كۆڭلۈمدىن ئۇتۇق تىلىدىم.

«ئاقىۋل بولسۇن، ئابلىزكا!»

1993 - يىل ماي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# كىلەچەككە تۇتاشقان رىشتە

## داڭلىق رەسسام غازى ئەمەت توغرىسىدا

ئىشىكتىن كىرىپلا ئەڭ ئاۋۋال كۆزۈم چۈشكىنى ئۇدۇلدىكى تامغا ئېسىلغان «مۇقام» دېگەن رەسىم بولدى. ئۆي ئىچى ھەقىقەتەن بىر سەنئەتكارنىڭ ئۆيىگە خاس بېزەلگەن بولۇپ، تامغا «ناخشا ــ ئۇسسۇل ماكانى»، «ئامانىسساخان»، «غېرىب ــ سەنەم» قاتارلىق بىرنەچچە پارچە رەسىم ۋە ھۆسنخەتلەر ئېسىلغانىدى. مەن تونۇشۇش، سۆھبەتلىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ ھايات كەچۈرمىشى، سەنئەت قارىشى، ئىزدىنىشى توغرىسىدا خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم.

غازى ئەمەتنىڭ ماي بوياق رەسىم ئىجادىيىتى 1960 ـ يىلى سىزغان «خاماندا» بىلەن باشلانغانىدى. 1964 ـ يىلى سىزغان «جىنايى ھۆكۈم» دېگەن رەسىمى ئۇنى بىراقلا پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇتتى. بۇ رەسىم دەسلەپ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرگەزمىگە، كېيىن غەربىي شىمال بويىچە شىئەندە ئۆتكۈزۈلگەن گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىگە، ئاخىرىدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسى ۋە 1982 ـ يىلى پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن «باھار سالونى» گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى ھەم جۇڭگو گۈزەل سەنئەت مۇزېيى تەرىپىدىن ساقلاشقا ئېلىپ قېلىندى. بۇ رەسىم «گۈزەل سەنئەت» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) دا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئەربابلار ئارقا ــ ئارقىدىن ئوبزور ئېلان قىلىپ، بۇ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىـ

يىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بىر مۇخبىر بېيجىڭ گۈزەل سەنئەت سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن كۆرگەزمە ئەھۋالى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئۇيغۇر رەسسام غازى ئەمەت سىزغان ‹جىنايى ھۆكۈم› دېگەن ماي بوياق رەسىم ئالدىغا كەلگەندە نەچچە يۈز تاماشىبىن توپلىشىۋېلىپ، يولنى توسۇپ قويۇشتى. گۈزەل سەنئەت ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئەربابلارمۇ بۇ ياش ئۇيغۇر رەسسامنىڭ خاراكتېر يارىتىش، تۇرمۇشنى تىپىكلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈش ماھارىتىنى ئېغىز - ئېغىزغا تەگمەي ماختاشتى ...»

ئېلىمىزنىڭ داڭلىق گۈزەل سەنئەت ئوبزورچىسى ھەم گۈزەل سەنئەت تارىخچىسى شۈي تيەنمىن «ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى 30 يىللىق ماي بوياق رەسىم ئىجادىيىتىگە بىر نەزەر» دېگەن ماقالىسىدە «جىنايى ھۆكۈم» گە مۇنداق باھا بەرگەنىدى: «بۇ رەسىم ‹مەدەنىيەت ئىنقىلابى› باشلىنىشتىن ئىلگىرى، يەنى ماي بوياق رەسىم ئىجادىيىتى نابۇت قىلىۋېتىلىشتىن ئىلگىرىكى بىر قېتىملىق چاقنىغان نۇر». «جىنايى ھۆكۈم» دە تەسۋىرلەنگىنى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئىش بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر دېھقان قىزنىڭ شەرئەتنىڭ ناھەق ھۆكۈمى بىلەن بايغا بۇيرۇپ بېرىلگەنلىكىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك بايان قىلىنغان بولۇپ، رەسىمدە دەل قىزنى ھۆكۈم مەيدانىدىن ئېلىپ چىقىۋاتقان چاغدىكى كۆرۈنۈش ۋە ئەتراپتىكى ئوخشاشمىغان تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتى ئۇلارنىڭ چىراي ئىپادىسى ئارقىلىق ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى. بۇ رەسىمنى كۆرگەن كىشى ئۆزىنى خۇددى ئاشۇ مەيداندا باردەك ھېس قىلاتتى.»

غازى ئەمەت رەسىمنىڭ قېرىنداش بىلەن سىزىلغان دەسلەپكى نۇسخىسىنى 1963 - يىلى پۈتتۈرۈپ باشقىلارغا كۆرسىتىپمۇ باققانىدى. لېكىن «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ غۇلغۇلىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى:

— رەسىمنى ياخشى سىزىپسىز، بىراق مەزمۇنى ھازىرقى دەۋرىمىزگە تازا ماسلاشمامدۇ قانداق؟

— بۇ رەسىمدە بايلارنىڭ غەلىبىسىگە مەدھىيە ئوقۇلغانىدەك قىلامدۇ نېمە؟

— بۇ قىزنى بايلار سۆرەپ ئاچىقىپ كېتىۋاتسا، شۇنچە كۆپ كەمبەغەل دېھقان چەتتە قول قوشتۇرۇپ تۇرغىنى نېمىسى؟

— راست، ئەلۋەتتە پومېشچىكلارنىڭ مەغلۇبىيىتى، كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ غەلىبىسى ئەكس ئەتتۈرۈلىشى كېرەك - دە!

— بۇ رەسىمنى ماي بوياقتا سىزىمەن دېگىنىڭىزدىن كۆرە، ئاستا تاشلاپ قويغىنىڭىز ياخشىراقمىكىن، «ئېشكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ» دەپتىكەن، بىكار ئەتە - ئۆگۈن ئۆزىڭىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالماڭ يەنە.

— ياق، بۇ رەسىم تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق چىقىپتۇ، ماي بوياقتا سىزىپ بىرەر ژۇرنالغا سۇنۇپ باقسىڭىز بولىدىكەن...

خىلمۇخىل كۆزقاراشلار ئۇنى خىيالچان قىلىپ قويدى، ئۇ سەنئەت، تۇرمۇش، دەۋر توغرىسىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدى. «مېنىڭ ئەكس ئەتتۈرگىنىم ئۆتمۈشتىكى چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە فېئوداللىق قالاق ئۆرپ - ئادەتنىڭ ۋاقىتسىز قۇربىنى بولۇپ كەتكەن سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشى تۇرسا، ئۇنى ئەينەن ئىپادىلەشتىن قورقساق ياكى ئۇنىڭدىكى تۇرمۇشنى بۇرمىلانغان دېسەك، قانداق قىلىپ دەۋر چىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ؟» دەپ ئۆز - ئۆزىگە قايتا - قايتا سوئال قويدى. مۇستەھكەم ئىرادە ئۇنى قولىغا قەلەم ئېلىشقا ئۈندىدى. يىللار ئۇنىڭ ئەسىرىگە ناھايىتى توغرا باھا بەردى.

غازى ئەمەت كەسپىي رەسسام ئەمەس، بەلكى سەنئەت مائارىپچىسى، ئەمما ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەسساملىق سەنئىتى

ئىشلىرىنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىلىرىدىن بىرى. ئۇ شىنجاڭنىڭ رەسساملىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە هازىرقى نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. مەيلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ياكى ئىچكى ئۆلكىلەردە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ رەسساملىرىنىڭ رەسىم كۆرگەزمىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا بولسۇن، ئۇنىڭ تۆھپىسى ناھايىتى زور. سەنئەت مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان 35 يىلدىن بۇيان ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى ۋە زېھنىي قۇۋۋىتىنى يېڭى بىر ئەۋلاد سەنئەتكارلارنى تەربىيىلەشكە سەرپ قىلدى. ئۇ تەربىيىلىگەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، ئۆزبېك، قازاق ... ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى هازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن رەسساملاردىن بولۇپ قالدى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ يۈكىمۇ ئېغىرلىشىپ باردى. ئاپتونوم رايونلۇق رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. ئۇ يەنە جۇڭگو گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولدى. ئەزەلدىن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، ۋاقىتنى جېنىدىن ئارتۇق قەدىرلەيدىغان، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشنى ئادەت قىلغان غازى ئەمەت پارتىيە ۋە خەلق ئۆزىگە ئىشىنىپ تاپشۇرغان بۇ ۋەزىپىلەرنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىدى.

«مۇقام» نىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۇنىڭ نامىنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا يەنە بىر قېتىم تونۇتتى. 1984 - يىلى سىزىلغان بۇ ماي بوياق رەسىم شۇ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى ھەم موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو هازىرقى زامان ماي بوياق رەسىملەر كۆرگەزمىسىگە قويۇلدى، بۇ رەسىم ئاۋۋال

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرپىدىن، كېيىن يەنە شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت نەشرىياتى تەرپىدىن نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىلدى. جەمئىيەتتە يەنە غۇلغۇلا باشلاندى:

— ئۇيغۇرنىڭ ئوبرازى دەپ ساپلا مەيدىسى ئوچۇق، ئەسكى چاپان كىيگەنلەرنى سىزىپ قويسا قاملاشمايدۇ ـ دە، باشقىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، دېمەمدۇ؟

— باشقىسىنىغۇ مەيلى دەيلى، بۇ رەسىمدىكى سازەندىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتى نېمانداق چۈشكۈن، ساپلا كۆزىنى يۇمۇپ، قاپىقىنى تۈرۈۋالغان، ئەڭ بولمىدى دېگەندىمۇ ئۇلارنى كۆتۈرەڭگۈ، كۈلۈپ تۇرغان قىياپەتتە قىلىپ سىزسا بولمامدۇ؟

غازى ئەمەت بۇ رەسىم توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «مۇقام خەلققە مەنسۇپ، ئۇنى خەلقىمىز ئۆزى ئىجاد قىلغان، ھەرگىزمۇ قايسىبىر مۇنتىزىم سەنئەت ئۆمىكى ئىجاد قىلغان ئەمەس، ئۇنى يەنە شۇ خەلق ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە ئېيتىپ ساقلاپ قالغان. ھەقىقىي تۆھپە خەلققە مەنسۇپ، شۇڭا مەن كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، گالىستۇك تاقاپ يۈرىدىغان كىشىلەرنى ئەمەس، بەلكى ئەسكى چاپان كىيىدىغان، مەيدىسى ئوچۇق، توپىغا مىلىنىپ يۈرىدىغان ئاشۇ كىشىلەرنى سىزدىم، رەسىمدىكى كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىگە كەلسەك، مەن ھېچقاچان كۆزلىرىنى ئويناتىپ، ھىجىيىپ ياكى قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇزىكا چالىدىغان سازەندىلەرنى كۆرۈپ باقمىدىم. بۇ جەھەتتە مەن تۇرمۇش چىنلىقىغا ھۆرمەت قىلدىم. ئۇلارنىڭ قىياپىتى ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتتىكى روھىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. بەلكى خەلق مۇقامچىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇزىكا چالغان ۋاقتىدىكى خاس ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.»

ئۇ سىزغان «مەھمۇد قەشقىرى» ناملىق ماي بوياق رەسىم 1981 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر

گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ سۈرەت ھازىر بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ يەنە «مۇزىكا مەستانىلىرى» ناملىق ماي بوياق رەسىمى مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ماي بوياق رەسىم جەۋھەرلىرى مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى. بۇ رەسىم ياپونىيىدىكى چيەن دەيتيەن كۈلۈبىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. «گىلەم، ئۇيغۇرلار» دېگەن ماي بوياق رەسىمى مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق ماي بوياق رەسىم كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، جۇڭگو ھازىرقى زامان ماي بوياق ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى تەركىبىدە ياپونىيىدە كۆرگەزمە قىلىنغاندى. ھازىر ياپونىيىدە ھازىرقى زامان يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن ساقلىنىۋاتىدۇ. 1987 ـ يىلى ئۇنىڭ 40 پارچىغا يېقىن ماي بوياق رەسىمىدىن تەركىب تاپقان توپلىمى نەشر قىلىندى. شۇ يىلى ئۇ يەنە شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى بىناسىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىلىكىگە تەكلىپ قىلىندى. ئۇ 1986 ـ يىلى پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 1988 ـ يىلى دۆلەت دەرىجىلىك ئالاھىدە تۆھپىسى بار مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالاندى. 1990 ـ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولدى.

غازى ئەمەتنىڭ نامى جۇڭگوغىلا ئەمەس، دۇنياغىمۇ تارقالدى. ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «سەنئەت» ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئۇنىڭ «يۈسۈپ خاس ھاجىپ»، «مەھمۇد قەشقىرى»، «مەلىكە ئامانىساخان»، «غېرىب ـ سەنەم»، «جىنايى ھۆكۈم»، «ئوغلاق تارتىشىش»، «كوزىچى»، «مۇقام»، «گىلەم بازىرى» دىن ئىبارەت توققۇز پارچە رەسىمنى ھەم ئۇنىڭ سۈرىتىنى باستى، ئۇنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ، ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. مەن ئۇنىڭ ھازىرغىچە ماي بوياق رەسىم ۋە باشقا رەسىملەر

بولۇپ زادى قانچىلىك رەسىم سىزغانلىقىنى سورىغىنىمىزدا، ئۇ ئېنىق بىر نەرسە دەپ بېرەلمىدى، پەقەت ئۆزىنىڭ مايبوياق رەسىمدىن سىرت يەنە «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»، «سۇتۇق بۇغراخان»، «ئىزدىنىش»، «ئاۋرال شامالىرى»، «كۆرەشچان يىللار»، «ماناس داستانى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما رەسىملىرىنى سىزىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن چاتما رەسىم ۋە قىستۇرما رەسىملەرنى سىزغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

غازى ئەمەت يالغۇز ماي بوياق رەسىمدىلا ئەمەس، يەنە جۇڭگوچە رەسىم، ھۆسنخەت، ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق قاتارلىق كەسىپلەرگىمۇ ناھايىتى پىشقان. ئۇنىڭ بۇ جەھەتلەردىكى تۆھپىسىمۇ ناھايىتى زور.

غازى ئەمەتنىڭ رەسىملىرىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئۇسلۇبىنى تەسۋىرلەنگەن رەسىملىرىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى بۇ رەسىملەردىكى پېرسوناژلارنىڭ نەپىس ۋە خىلمۇخىل ئۇسسۇل ھەركەتلىرىنىڭ تۇرمۇش چىنلىقىغا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا بىر ـ بىرىگە پەقەت ئوخشىمايدىغان قىلىپ سىزىلغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. مانا بۇ نۇقتىمۇ ئۇنىڭ رەسساملىق سەنئىتىدىن باشقا سەنئەتلەردىمۇ، بولۇپمۇ ئۇسسۇل سەنئىتى جەھەتتە تەتقىقات خاراكتېرلىق ئىزدىنىشلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

1991 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا بېيجىڭ «خەلق» سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىنى بېزەش خىزمىتىنىڭ گۈزەل سەنئەت باش لايىھىلىگۈچىلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. ئۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۆز ۋە ئۆتمەي بويىنغا فوتوئاپپارات ۋە سىنئالغۇ ئاپپاراتىنى ئېسىپ، ئانا يۇرتى قەشقەر كوچىلىرىدا پەيدا بولدى. قەشقەردىكى مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان ئۆي، مەسچىت ۋە بىنالارنى ئارىلاپ، ئۇلاردىن ئۇيغۇر

ئەنئەنىۋى بىناكارلىق جەۋھەرلىرىگە ياتىدىغانلىرىنىڭ سۈرەتلى-
رىنى تارتىپ توپلىدى ھەم شاگىرتى تۇرسۇن غازى بىلەن بىر-
لىكتە شىنجاڭ زالىنىڭ تام ـ تورۇس، ئىشىك، دېرىزە، دەر-
پەردە، كرىسلو قاتارلىقلارنى قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىل-
لىي تۈسكە ئىگە قىلىپ لايىھىلەپ چىقتى. دەرپەردىنىڭ ئالدى
تەرىپىگە قاشتېشىدىن ئويۇلغان «داپ ئۇسسۇلى» نى ئۆزى سى-
زىپ، ئۇنى قاشتېشىدا لايىھىلەشكە يېتەكچىلىك قىلدى. دەرپەر-
دىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان «بوغدا كۆلى» ناملىق
رەسىمنىمۇ ئۆزى سىزدى. تامدىكى ئويۇقچا قويۇلغان ئىككى دانە
مىس قاپارتما ھەيكەلنىمۇ ئۆزى سىزىپ لايىھىلەپ چىقتى. سارايى-
نىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا ئېسىلىدىغان «تەڭرىتاغ كۈيى» ناملىق
چوڭ تىپتىكى رەسىمنى سىزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى
گىلەم قىلىپ توقۇتۇش ئۈچۈن بىر ئوغلى بىلەن بىر قىزىنى
ئېلىپ خوتەنگە باردى ۋە خوتەن يىپەكچىلىك كارخانىسى، گىلەم
كارخانىسى ۋە قاشتېشى زاۋۇتى ئوتتۇرىسىدا تۆت ئايدەك قاتراپ
يۈرۈپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك 14 ـ 15 سائەتلەپ ئىشلىدى. بۇ
جەرياندا ئۇ يەنە خوتەن شەھىرىنىڭ مەركىزىگە بىر دېھقان ھەيكى-
لى ياساپ بەردى. سارايدىكى ئويۇقچا قويۇلىدىغان ئاق قاشتېشى-
دىن ئىشلىنىدىغان قاپارتما ھەيكەل ئەۋرىشكىسىنى ئويۇپ بېرىش
ئۈچۈن، ئۇ تار ھەم زەي يەر ئاستى ئۆيدە بىر ئايدىن ئارتۇق
ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. بەللىرى تېلىپ، بويۇنلىرى ئاغرىپ، پۇشتى-
گەردان تۇتقان قوللىرى كۆيۈشۈپ كەتسىمۇ، داۋاملىق ئىشلەۋەر-
دى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا ناچار سالامەتلىكى تېخىمۇ
ناچارلىشىپ، زەي دەستىدىن پۇتلىرى ئىششىپ كەتتى. شۇنداق
بولۇشىغا قارىماي، ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ناھايى-
تى سۈپەتلىك تاماملىدى. ئۇنىڭ ئەجرى بىلەن «خەلق» سارىيى-
نىڭ شىنجاڭ زالىغا يېڭى تۈس كىردى. سەيپىدىن ئەزىزى، ۋاڭ
ئېنماۋ، ئىسمائىل ئەھمەد، سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت،

جانابىل، ھامىدىن نىياز، جاك فوسىن، قىيۇم باھاۋۇدۇن قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە 14 ـ قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بارغان شىنجاڭ ۋەكىللىرى بۇ زالنىڭ يېڭى قىياپىتىنى كۆرۈپ، ھەيران قېلىشتى ھەمدە غازى ئەمەتنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تالانتىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى. بىر يېرىم يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت جاپالىق ئىشلەش بەدىلىگە كەلگەن تەشەككۇر سۆزلىرىنى ئاڭلىغان غازى ئەمەت ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. بۇ كۈلكە ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چىققان كۈلكە ئىدى.

مەن زىيارىتىمنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن گۈزەل سەنئەت تۇغۇرىسىدىكى كۆزقاراشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈۋىدىم، ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

— تۇرمۇش سەنئەتكارنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس بۇلىقى. تۇرمۇش ئۆگىنىشتە خەلق ئاممىسىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاش كېرەك. خەلق تۇرمۇشى ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈش بىلەن ئىجادىي تەپەككۇر بىرلەشتۈرۈلسە، نادىر ئەسەر ياراتقىلى بولىدۇ. بىر سەنئەتكار چوقۇم ئۆز ـ ئۆزىنى تەكرارلىماسلىقى كېرەك. ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلىرىمۇ ھەرگىز تەكرارلانماسلىقى كېرەك. باشقىلارنى تەكرارلاشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بىر سەنئەتكار ئۈچۈن تۇرمۇشنى بىلمەسلىك تولىمۇ بىچارىلىك، باشقىلارنى تەكرارلاش نومۇس.

شۇنداق، بىر سەنئەتكار ئۈچۈن تۇرمۇشنى ۋە خەلقنى سۆيمەسلىك ئېغىر گۇناھ!

1993 ـ يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى

# «هارۋىكەش» ھەققىدە ھېكايە

## «هارۋىكەش» نىڭ كارامىتى

— «شەرىپىدىننى مەركەزدىن مۇكاپاتلاپتۇ» دېيىشىدىغۇ، بۇ گەپنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟
— قايسى شەرىپىدىننى دەيلا؟
— گىرە زاۋۇتى قۇرغان ھېلىقى شەرىپىدىن شوپۇرچۇ؟
— ئۇنى نېمىدەپ مۇكاپاتلىغۇدەك؟
— «ماشىنا - تراكتورنىڭ بىرنەرسىسىنى ياساپتۇ» دېيىشىدىغۇ.
— تازا ئامىتى كەپتۇ - دە، ئەمدى بىراقلا بېيىپ كېتىدىكەن دېسىنا!

بۇ يىل مارت ئېيى كىرىشى بىلەن چىققان قاتتىق بوران دەستىدىن ئۆيلىرىگە سولىنىپ قالغان يىلانلىقلار بۇ يېرىم - يارتا خەۋەرنى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈرۈشۈپ، پۈتۈن توقسۇن ناھىيىسىگە تارقىتىۋەتتى.

مەھەللە، كوچا - كويلاردا بۇ خەۋەر تارقىلىپ يۈرگەن چاغدا، ئۆزى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان ئاپتوموبىل ماتورىنىڭ شاتۇن بولتىسىنى چېتىش قولۇپى (تۆۋەندە قىسقارتىپ قولۇپ دەپ ئاتايمىز) نىڭ دۆلەت پاتېنت ئىدارىسى تەرىپىدىن پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلىكى ھەمدە بۇ تۈرنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى

تاپشۇرۇۋالغان شەرىپىدىن ئېزىز كېيىنكى قەدەمدە قانداق قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتاتتى.

ئەلۋەتتە، زاۋۇت قۇرۇش، بۇ يېڭى مەھسۇلاتنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سېلىش كېرەك ـ دە! زاۋۇت قۇرۇش ئۈچۈن مەبلەغ كېرەك، ئەمما ھازىر ئۇنىڭ يانچۇقىدا ھېچقانچە دەسمايە يوق، زاۋۇتنى قانداق قۇرىدۇ؟! ھەي! مەبلەغ، مەبلەغ...

شەرىپىدىن ئېزىز ئەسلىي شوپۇر ئىدى. قارا تىلىمىز بىلەن ئېيتساق، ئۇ بىر ئاددىي «ھارۋىكەش». 1988 ـ يىلى ئۇ خىزمىتىدىن ئۈچ يىللىق مۇددەت بىلەن توختاپ، 16 يىل تۇتقان رول بىلەن خوشلىشىپ، يۇرتى يىلانلىق يېزىسىغا قايتىپ كېلىپ خۇسۇسىي زاۋۇت قۇرماقچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ قارارى ئائىلىسىدىكىلەر ۋە تونۇش ـ بىلىشلىرىگە سەل غەلىتە بىلىندى بولغاي، غۇدۇراش ۋە نەسىھەتلەر ئۇنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى يېيىشكە باشلىدى:

— خەق خىزمەت تاپالماي يۈرسە، بىر ئوبدان خىزمەتنى تاشلاپ سەھراغا كېلىۋېلىپ نېمە قىلاتتىلا؟

— «زاۋۇت قۇرىمەن» دەپ ئۆزۈڭگە بىكار باش ئاغرىقى تېپىۋالغۇچە ئاستا سىڭگەن نېنىڭنى يەپ، «ھارۋىكەش» لىكىڭنى قىلساڭ بولماسمىدى.

— كونا كېسەللىرى يەنە قوزغالدىمۇ نېمە؟

ئاشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بۇنداق سۆزلەرگە قۇلاق سالغۇدەك ۋاقتى يوق ئىدى. ئەكسىچە، بازارنى تىڭ تىڭلاپ، «قايسى مەھسۇلاتنىڭ بازىرى ئىتتىك، قانداق قىلغاندا ئازراق مەبلەغ سېلىپ ئۈنۈمى ياخشى زاۋۇت قۇرغىلى بولىدۇ» دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ يۈرەتتى. ئاردىن ئۆزۈن ئۆتمەي، ئۇ قولىدا بار ئازراق دەسمايىسىنى قوينىغا سېلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە قاراپ يول ئالدى. بۇ جەرياندا ئۇ بېيجىڭ، تيەنجىن

قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، بىر تەرەپتىن بازار ئەھۋالىنى كۆزەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئانچە ـ مۇنچە ھۈنەرمۇ «ئوغرىلىدى» . قايتىپ كېلىپلا بانكىدىن قەرز ئېلىش قاتارلىق يوللار بىلەن 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ گىرە زاۋۇتى قۇردى. ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرلىرىنى ئاستا ـ ئاستا كۆپەيتىپ، نال، گەرنىز، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقاردى. لېكىن، ھەدېگەندە ئۇنىڭ ئوقىتى تازا ئېقىپ كەتمىدى، مەھسۇلاتلىرى پارچە سېتىلىش بىلەنلا چەكلەندى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۇنى ـ بۇنى سىناق قىلىپ ياساپ، يېڭىچىرەك بىرەر نەرسە ئىشلەپچىقىرىش كويىدا يۈردى.

ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇ ئۈچ يىل تەتقىق قىلىپ ياسىغان قۇلۇپ ناھىيىدىن ۋىلايەتكە، ۋىلايەتتىن ئاپتونوم رايونغا، ئاپتونوم رايوندىن دۆلەت پاتېنت ئىدارىسىگە يوللىنىپ، «ئويلىمىغان يەردىن» پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىپ قالدى…

بازار ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ يېڭى مەھسۇلاتنىڭ ئىستىقبالى خېلىلا زور ئىدى، ئەگەر 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرغاندا بۇ قۇلۇپتىن يىلىغا تەخمىنەن 3 مىليون دانە ئەتراپىدا ئىشلەپچىقارغىلى بولاتتى.

ناھىيە، يېزا رەھبەرلىرى بۇ ئىشقا ئېتىبار بىلەن قارىدى. شەرىپىدىن ئېزىزنىڭ ئىسمى ناھىيە بويىچە گەۋدىلىك تۆھپە ياراتقان پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تىزىملىكىگە پۈتۈلدى، ئۇنۋانى ئىنژېنېرلىققا كۆتۈرۈلدى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى 1000 يۈەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى. يىلانلىق يېزىسىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن كېپىل بولۇشى، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن 400 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماس ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا سۇنۇلدى. ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئىلتىماسنى يۇقىرىغا يوللىغان بولسىمۇ، بەش ـ ئالتە ئايغىچە ئۇنىڭدىن ھېچبىر سادا كەلمىدى. شۇ

كۆنلەردە شەرىپىدىن ئېزىز ناھايىتى تىت - تىت بولدى. «پا-
تېنت قانۇنى» غا ئاساسلانغاندا، پاتېنت ھوقۇقى بېرىلىپ ئىككى
يىلغىچە يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلمىسا، دۆلەت پاتېنت ئىش-
دارىسىنىڭ بۇ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى باشقا ئورۇنلارغا
سېتىپ بېرىشنى قىستاش ھوقۇقى بولىدىكەن. يۇقىرى - تۆۋەن
قاتراش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن كېپىل بولىدىغان ئورۇن تې-
پىش، مۇمكىنچىلىك دوكلاتى تەييارلاش، بانكىنىڭ ئىلتىپاتىنى
كۈتۈش بىلەن يەتتە - سەككىز ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. مەبلەغ
ھەل بولغاندىن كېيىنمۇ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئۈسكۈنە سې-
تىۋېلىش، ئۇنى يۆتكەپ ئەكېلىش، قۇراشتۇرۇش، زاۋۇت بىنا-
سى سېلىش، ئىشچى قوبۇل قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە
ۋاقىت كېتەتتى. ناھىيىمۇ قوللىدى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن كې-
پىل بولىدىغان ئورۇنمۇ چىقتى، لېكىن مەبلەغ تېخىچە ئەمەلىي-
لەشمەيۋاتاتتى ... نېمىلا دېگەنبىلەن قوللاش بىلەن ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈش ئىككىسى ئىككى گەپكەن. زادى بۇ يېڭى تۈرنى ئىككى يىل
ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرگىلى بولارمۇ؟! بۇنىڭغا ھا-
زىرچە بىرنەرسە دېيىش قىيىن.

## «ھارۋىكەش» نىڭ چۈشى

سۆھبىتىمىز تازا قىزىغان چاغدا مەن شەرىپىدىن ئاكىدىن:
— ئاڭلىسام، پاتېنت ھوقۇقىڭىزنى ئىچكى ئۆلكىدىكى بىر
پەن - تەتقىقات ئورنى 1 مىليون يۈەنگە سېتىپ بېرىشنى تەلەپ
قىلىپتۇ. بۇ ئاز پۇل ئەمەس، سىلەرنىڭ بىر ئائىلىدىكى سەككىز
ئادەم بىر ئۆمۈر خەجلىسىمۇ يەتكۈدەك، شۇنداق تۇرۇقلۇق نې-
مىشقا سېتىۋەتمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم.
بۇ سۆز بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ چىرايى بىردىن ئۆزگەردى.
قارامتۇل يۈزى سەل تاتىرىپ، قاشلىرى يىمىرىلدى، بىر جۈپ

قوي كۆزىدىن قانداقتۇر بىر ئۇچقۇن «يالت» قىلىپ چاقنىغان-دەك بولدى. ئۇ قولىدىكى موخوركىنى كەينى ـ كەينىدىن قاتتىق شوراپ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۇ خىلىغىچە زۇۋان سۈرمىدى.

— ياكى باشقىچە پىلانىڭىز بارمۇ؟ ئۇنى ئاڭلاپ باقسام بولارمۇ؟

ئۇ خىيالدىن توختاپ نەزىرىنى ماڭا ئاغدۇردى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن بىرنېمىنى بىلگىلى بولمايتتى، ئۇ ئاخىر ئېغىز ئاچتى، ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك ناھايىتى ئاستا چىقاتتى...

1983 ـ يىل ئەتىياز مەزگىلى ئىدى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەجلىسخانىسىغا ناھىيە، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن 20 نەچچە مۇتەخەسسىس يىغىلغانىدى. بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ 33 ـ 34 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۇچىسىغا خادانى ئىشتان، چاپان، بېشىغا ماش رەڭ شەپكە كىيگەن بولۇپ، كىيىمىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىگە يۇققان ماي داغلىرى «مانا مەن» دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆسۈپ كەتكەن ساقال ـ بۇرۇتى چىرايىنى تېخىمۇ قارا كۆرسىتىپ قويغانىدى. بۇ شەرىپىدىن ئېزىز ئىدى. يىغىن رىياسەتچىسى ئۇنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى. شۇ ھامان زال ئىچىدە غۇدۇرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. چۈنكى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئالدىدا دېھقان سۈپەت بىر «تومپاي» تۇراتتى. ئۇ ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ تاماكا يۆگەپ تۇتاشتۇردى.

— يولدا ماشىنا بۇزۇلۇپ، كېچىكىپ قالدىم، كەچۈرگەيسىزلەر، — ئۇ سۆزلىگەچ چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن بىر بولاق قەغەزنى چىقىرىپ ئالدىغا قويدى. ئۇ گېلىنى قىرىپ قويۇپ

www.uyghurkitap.com

ماقالىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

بۇ سورۇن شەرىپىدىن ئىزىز ناھىيە رەھبەرلىكىگە سۇنغان «توقسۇن ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتىنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە تەكلىپ» دېگەن ماقالىنىڭ ئىلمىيلىك دەرىجىسىنى بېكىتىش مەقسىتىدە ھازىرلانغانىدى. قارىماققا، بۇ سورۇن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى دىسسېرتاتسىيە ياقلاش سورۇنىغا ئوخشىشىپ كېتەتتى. «تەكلىپ» تە بوران ۋە يۇقىرى تېمپېراتۇرىنىڭ توقسۇن ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى، بولۇپمۇ بوران ئاپىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى، بوران ۋە ئىسسىقنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ئىلمىي ھەم ئەتراپلىق شەرھلەپ بېرىلگەن ھەمدە بۇنداق تەبىئىي شارائىتنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا يېڭى كۆزقاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەگەر غولبويى يېزىسىنىڭ شىمالى، يىلانلىق يېزىسىنىڭ غەربىدىكى 640 مىڭ مو قاقاسلىق سايغا «قىزىلتاغ» سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى باشلىنىپ كۆكەرتىلسە، بەرپا قىلىنغان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ناھىيىنىڭ يازدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى، شامال كۈچى ۋە ھۆل ـ يېغىن مىقدارىدا ئۆزگىرىش بولىدىكەن، بۇغدايىنىڭ بىرلىك ھوسۇلىنى 600 كىلوگرامغا يەتكۈزگىلى بولىدىكەن.

40 بەتلىك ماقالە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇتەخەسسىسلەر تۈشمۇتۈشتىن سوئال سوراشقا باشلىدى:

— سىزچە، قانچىلىك ۋاقىتتا ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولار؟

— ئۈنۈمىنى شۇ يىلىلا كۆرگىلى بولىدۇ.

— قانچىلىك مەبلەغ كېتىدۇ؟

— 5 مىليون يۈەن ئەتراپىدا مەبلەغ كېتىشى مۇمكىن.

— سۇ باشلاش قىيىنغا چۈشمەسمۇ؟

— بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىش ھاجەتسىز. مەن نۇرغۇن قې-

تىم تەكشۈرگەن. سۇ ئامبىرىنىڭ ئورنى بىز كۆكەرتمەكچى بولغان سايلىقتىن 90 مېتىر ئېگىز، ئەگەر ئۆستەڭ چېپىپ سۇنى باشلىساق، سۇ كەلكۈندەك ئېتىلىپ چۈشىدۇ.

— سىز قايسى مەكتەپتە ئوقۇغان؟

— مەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن.

ئاران باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان بىر «تومپاي» نىڭ يۇقىرى سەۋىيە ۋە نۇرغۇن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشلارنى تەلەپ قىلىدىغان بۇنداق تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويالىشى مۇتەخەسسىسلەرنى هاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. ئۇلار بەس ـ بەستە پىكىر بايان قىلىپ قايىللىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئەپسۇسكى، ئۇ سەككىز يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان بۇ «تەكلىپ» يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خۇددى سۇغا چۈشكەن تاشتەك ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولدى. ئۇنىڭ ئېرىشكىنى «مەبلەغ يوق، كېيىنچە بىر گەپ بولار» دېگەن جاۋاب بولدى. دەرۋەقە ئۇ چاغلاردا ناهىيىنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقىمۇ ناهايىتى ئېغىر ئىدى. بۇ ماقالىنى يېزىش ئۈچۈن ئۇ قانچىلىك بەدەل تۆلىمىدى دەيسىز؟ بۇ جەرياندا ئۇ خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە بارغان ۋاقىتلىرىدا بىرئاز بوش ۋاقىت چىقىسىلا، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، سۇ ئىشلىرى نازارىتى، ئورمانچىلىق نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا قاتراپ يۈرۈپ ماتېرىيال توپلىدى، پېشقەدەم يولداشلاردىن تەلىم ئالدى. دائىم دېگۈدەك ئېتىزلىقلارغا بېرىپ ئۆسۈملۈك ۋە سايلىقتىكى تاشلارنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى توپلىدى. بوران زەربىسىدىن دېهقانلارنىڭ زىرائەتلەرنى بىر يىلدا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تېرىغانلىقىنى، پىژغىرىم ئىسسىقتا قارا تەرگە چۆمۈلۈپ ئىشلەۋاتقانلارنى، سۇنىڭ قىسلىقىدىن چاك ـ چاك يېرىلغان مۇنبەت تۇپراقلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇڭا ئۇ ئۆز خەلقى، ئۆز يۇرتى ئۈچۈن

كىچىككىنە بولسىمۇ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈك-كەنىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتتى. ئۇنىڭ كۈنلىرى يەنىلا ئىلگىرىكىدەك بىر خىل رىتىمدا ئۆتۈشكە باشلىدى، ئۇ بارغانسېرى خىيالچان ھەم جىمىغۇر بولۇپ كەتتى. قولى رولىدا، كۆزى يولدا بولغىنى بىلەن خىيالى يەنىلا شۇ ئىشلاردا ئىدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە پىكاپ ھەيدەپ، كېچىسى يەنە چىراغ تۈۋىدە دۈم يېتىۋېلىپ ئەتراپىغا ھەر خىل كىتابلارنى دۆۋىلەپ قويۇپ، يېرىم كېچىلەرگىچە كۆرەتتى، خاتىرە يازاتتى...

بىر مەزگىل ئائىلىلەردە، كوچا - كويلاردا كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىنىڭ «قىزىق نۇقتا» سىغا ئايلانغان «ھارۋىكەش چۈشى» توغرىسىدىكى پاراڭلارمۇ جىمىقىپ، كىشىلەر بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تۇتاشقان ئوت ئۆلگىيىپ، ئىچىنى بارغانچە قاتتىق تاتىلاشقا باشلىدى...

ئۇنىڭ ھېكايىسى تۈگىگەندىن كېيىن ئارىمىزنى خېلى ئۇزۇن جىمجىتلىق قاپلىدى. مەنمۇ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. خېلىدىن كېيىن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ سۆز قىلدىم:

— دېمەك، بۇ يېڭى مەھسۇلاتنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىپ سېتىش ئارقىلىق، يوقىرىقى پىلانىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى ئىكەنسىز - دە؟

ئۇ گېپىمنى تەستىقلىغاندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

— سىزچە، قانچىلىك ۋاقىتتا يېتەرلىك مەبلەغ توپلىغىلى بولىدۇ؟

— ئەگەر مەبلەغ ئەمەلىيلىشىپ، تېزدىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرسەك ئىككى - ئۈچ يىلدا يېتەرلىك مەبلەغ توپلىغىلى بولىدۇ. چۈنكى، بۇ يېڭى مەھسۇلاتنىڭ ئىستىقبالى بار، ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياج كۈچلۈك.

— ئەگەر مەبلەغ ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشمەي قالسىچۇ؟



www.uyghurkitap.com

— مەن مەبلەغنىڭ چوقۇم ئەمەلىيلىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، مەن يېقىندا ئاپتوموبىل ماتورىنىڭ ماي تېجەش ئەسۋابىدىن بىرنى ياساپ، دۆلەت پاتېنت ئىدارىسىگە ئەۋەتتىم، ئەگەر تەلىپىم ئوڭدىن كېلىپ، بۇ تۈرمۇ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىپ قالسا، ئىككىسىدىن بىرىنى سېتىپ يەنە بىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئويلاۋاتىمەن.

— ئۇ قانداق ئەسۋاب؟ — مەن ھەيرانلىقىمنى يوشۇرۇپ قالالمىدىم.

— ھازىرچە مەخپىي.

مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم:

— سىزگە ئامەت تىلەيمەن.

## ئەپسۇسلۇق ئىچىدىكى خىياللار

شەرىپىدىن ئېزىز كەشىپ قىلغان قۇلۇپ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىپ بىر ھەپتە ئۆتە - ئۆتمەيلا ئۇنىڭغا بۇ يېڭى تېخنىكىنى سېتىپ بېرىش، تېخنىكا جەھەتتىن ھەمكارلىشىش، شېرىكلىشىپ كارخانا قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپلەر تەرەپ - تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە جۇڭگو خەلقئارالىق كومپاس شىركىتى قاتارلىق داڭدار يەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە كارخانىلاردىن 103 پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. بۇ تەكلىپلەردە ئۇنىڭغا يۇقىرى ئىمتىياز بېرىلىدىغانلىقى ئېيتىلغانىدى. بۇ تېخنىكىغا قويۇلغان باھامۇ بارغانسېرى ئۆرلەپ 1 مىليون يۈەنگە چىقتى. لېكىن ئۇ ھېچقايسىسىغا جاۋاب بەرمىدى. ئالاھىدە كېڭىشىش ئۇچۇن كەلگەنلەرنىمۇ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن يولغا سالدى. ئۇ يەنە بۇ يىل 10 - ئايدا سىنگاپوردا ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارالىق يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىش توغرىسىدىكى باغاقچىنىمۇ

تاپشۇرۇۋالدى.

كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغىنى شۇكى، بۇ يېڭى تېخنىكىغا قىزىقىپ قالغان 103 ئورۇن ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە كارخانىلاردىن بىرمۇ يوق ئىدى. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ شىنجاڭلىقلارغا يېڭى پەن - تېخنىكىنىڭ لازىمى يوقمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇنداقمۇ ئەمەس. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى دېڭىز بويلىرىدىكى ئىقتىسادىي تېز يۈكسەلگەن رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا پەرق ناھايىتى زور. بۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللار بولسىمۇ، ئاساسلىق مەسىلە يەنىلا كىشىلىرىمىزنىڭ ئىدىيىۋى قارىشىدا. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىر بىزدە «كاللىنى يېڭىلاش، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش» توغرىسىدا داۋراڭ كۆپ، ئەمەلىي ئىش ئاز بولۇۋاتىدۇ.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنىڭ يەنىمۇ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇن جايلار بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ، مەبلەغ ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈستىدە ئىزدەندى ۋە بۇ خىزمەتلەردە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنداقتا، ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە يېڭى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى بايقاش ۋە ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردىچۇ؟ بۇنىڭدا قانچىلىك خىزمەتلەر ئىشلەندى؟ ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر بارمۇ يوق؟ بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىز تەرەپلىرىمىزنى تولۇقلاپ كەتسەك، ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولاتتى؟

## ئاخىرقى سۆز

مېنىڭ شەرىپىدىن ئېزىز توغرىسىدا يازماقچى بولغانلىرىم تۈگەپ قالغاندەكمۇ قىلاتتى. لېكىن، بىر خىل مۇرەككەپ ھېسسىيات مېنى زادىلا ئارامىمغا قويمىدى. ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ئاخىر ئوقۇرمەنلەرگە ئىككى كەلىمە سۆز قىلىش بىلەن ماقالەمنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى لايىق تاپتىم. بۇ سۆزلىرىمنى قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىق يەنىلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىختىيارلىدىكى ئىش. سۆيۈملۈك ئوقۇرمەنلەر، سىلەر ئۆزۈڭلارغا تولىمۇ كېرەكلىك بىرەر نەرسىنى تاپماقچى بولغىنىڭلاردا دائىم يىراقتىلا قارىۋالماي ئەتراپىڭلارغىمۇ نەزەر سېلىپ قويۇڭلار! بەزىدە سىلەر ئىزدىگەن «گۆھەر» ئۆز يېنىڭلاردىن تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن. ھەرگىز «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» بولۇپ قالمىسۇن.

1993 - يىل دېكابىر، توقسۇن، تۇرپان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# مەنزىل يىراقتا

تونۇش - بىلىشلەردىن سورىۋالغان ئادرېس بويىچە ئۇنىڭ ئاشخانىسىنى تاپتىم. ئاشخانىنىڭ تېمىغا يۆلەپ سىلىنغان تونۇر بېشىدا بىرەيلەن سامسا يېقىۋاتقانىكەن.

— ئايال خوجايىن بارمىدۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇ كىشىدىن.

ئۇ تونۇردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى.

— ئايشەم ئاچامنى دەمسىلا، ئۇ بار.

مىلەگزىنى قايرىپ، ئاشخانىغا كىردىم. ئاشخانا ئىچىدە تۆت كىشى تاماق يەپ ئولتۇراتتى. ياندىكى تاختىۋېشىدا بىر قىز مانتا تۈگۈۋاتاتتى. ئۇ كىرگىنىمنى كۆرۈپ قولىدىكى ئىشىنى قويۇپ، ئىللىق چىراي بىلەن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بۇلۇڭدىكى بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئۇ مېنى خېرىدار دەپ ئويلاپ قالغان چېغى، ماڭا سوئال نەزىرىدە تىكىلدى.

— ئايشەم ئادىلنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم.

ئۇ ئىچكەرىكى ئۆيگە قاراپ:

— ئايشەم ئاچا، بىرەيلەن ئۆزلەرنى ئىزدەپ كەپتۇ، — دەپ ۋارقىرىدى. ئىچكىرىدىن 32 - 33 ياشلاردىكى ئورۇق، ئېگىز، كەڭ ماڭلاي بىر ئايال چىقىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدىم. بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا قۇمۇل شەھىرىگە قاراشلىق شەھەر ئەتراپى يېزىسى ئاچقان ئىلغار يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باھالاش - تەقدىرلەش يىغىنىدا ئۇنىڭ ئىلغار كارخانىچىلار قاتارىدا مۇكاپاتلانغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. يىغىن ئاخىرلاشقاندا، ئۇ ئالدىمدىن موتسىكلىتىنى غارقىرىتىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

ئېھتىمال، مۇخبىر ئۇچۇن ئەڭ قىيىن ئىش كەم سۆز

ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىش بولسا كېرەك. سۆھبىتىمىز خې-
لى ئۇزۇن داۋاملاشتى، ئەمما زادىلا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى.
ئۇ سورىغان سوئاللىرىمغا «ھەئە»، «ياق» دەپ قىسقىلا جاۋاب
بېرەتتى. سۆھبىتىمىز بارغانچە قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن «تىڭ تىڭلاپ»
بېقىش ئۈچۈن سۆھبەتنى ۋاقتىنچە توختاتتىم... كېيىن ئۇنىڭ
قولۇم ـ قوشنىلىرى، ئاشخانىدا ئىشلەۋاتقان خىزمەتچىلەر، ئاي-
شەمنىڭ يولدىشى ئابلىز ئوسمان قاتارلىق كىشىلەر بىلەن پاراڭ-
لاشتىم. ئۇلار ماڭا ئايشەم ئادىل توغرىسىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى
سۆزلەپ بەردى.

ئازراق «دەسمايە» توپلىۋالغاندىن كېيىن، مەن ئايشەم ئا-
دىلنى قايتا زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئېغىزىدىنمۇ خېلى ياخشى
ھېكايىلەرنى ئاڭلىدىم...

* *

كەنت ئاشخانىسىدا ئېچىلغان يىغىن ئالاھازەل نامازدىگەر
ۋاقتى بىلەن تۈگىدى. بالىسىنىڭ يىغلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ
ئالدىراپ ئۆيىگە كېتىۋاتقان ئايشەم ئادىلنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بايا
كەنت باشلىقى قىلغان سۆزلەر جاراڭلايتتى:

— يەرلەرنى شەخسلەرگە كۆتۈرە بېرىۋەتتۇق، ئەمدى سىيا-
سەتنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز. دېھقانلار-
نىڭ ئىدىيىسىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى خاتىرجەم تېرىقچىلىق
قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش لازىم. يەنە بىر گەپ، دېھقانلىرىمىز
بوش ۋاقىتلىرىنى دوقمۇشلارغا يىغىلىۋېلىش بىلەن قۇرۇق گەپ
سېتىپ ئۆتكۈزمەي، شارائىتى يار بېرىدىغانلىرى سودا ـ سېتىققا
ئوخشاش ئىشلار بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ. ئىلگىرىكىدەك بۇن-
داق ئىشلارنى توسۇيدىغان ئەھۋاللار بۇنىڭدىن كېيىن بولمايدۇ،

كەنت كادىرلىرى سىياسەتنى دېھقانلارغا ئوبدان چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك، ياخشىسى، ئۆزىمىز باشلامچى بولايلى...

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ سۆھبىتى كەچلىك تاماقتىن كېيىن باشلاندى.

— قاراڭ، ئابلىز، ئەمدى بىزمۇ ئاشۇ تۆت مو يەرنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرۇۋەرمەي، ئانچە ـ مۇنچە مىدىرلاپ باقساق- مىكىن دەيمەن، — دېدى ئايشەم بۆشۈكنى تەۋرەتكەچ يولدىشىغا.

— نېمە ئىش قىلايلى دەيسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئابلىز.

— شەرقىي ئۆستەڭ ئاھالىلەر ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئاشخانىسى تاقىلىپ قالغىلى خېلى بولدى. شۇنى ماڭغۇزۇپ باقساقمىكىن دەيمىنا.

— ئاشخانا ئېچىش ئۈچۈن پۇل بولمىسا بولمايدۇ، پۇلنى نەدىن تاپىمىز؟

— ئېغىلدىكى موزاينى ساتساق، كەملىگەن يېرىگە قەرز ئېلىپ تۇرمايمىزمۇ؟

— باشقىلار زىيان تارتىپ تاقىۋەتكەن ئاشخانىدىن بىز پايدا ئالالايمىزمۇ؟ ئەتە ـ ئۆگۈن دەسمايىدىن ئايرىلىپ، بانكىغا قەرز بولۇپ قالىدىغان ئىش بولامدۇ تېخى، ياخشىسى بەرگەنگە شۈكرى قىلىپ يەرگە ئىشلىگىنىمىز تۈزۈكمىكىن، چوڭلار ئاڭلىسىمۇ خاپا بولىدۇ.

دەسلەپكى سۆھبەت مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلا ئاياغلاشتى. ئاب- لىز ئوسمانىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئويلايدىغىنى بار ئىدى. قاراپ ئولتۇرۇپ، ئايالىنى ئاشخانا ئاچسۇن دەپ كوچىغا چىقىرىپ قويـ- سا، خەق نېمە دەيدۇ؟ ھەر ھالدا ئەتراپقا قاراپ ئېقىپ ئىش كۆرگەن تۈزۈك. بىزنىڭ باشقىلارغا باشلامچى بولۇپ بېرىش مەسئۇلىيىتىمىز بولمىسا ـ يا!

لېكىن، ئايشەمنىڭ بۇ نىيىتىدىن يېنىش خىيالى يوق ئىـ- دى. ئاشۇ بىر پارچە يەرگە تايىنىپ، ھەرقانچە كۈچىگەن بىلەن

ئۇلارنىڭ چاپىنىنىڭ تىزىدىن ئېشىشى تەس گەپ ئىدى. بۇنى ئايشەم ئوبدان ئويلاپ كۆرگەنىدى.

ئايشەمنىڭ قېيناتا، قېينانىسىمۇ بۇ ئىشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتتى. ئۇنىڭ قېينانىسىغا كېلىنىنىڭ بۇ قارارى شى پەقەتلا ياقمىدى. ئايشەم شۇنىڭدىمۇ يەنىلا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇلارنى ئاستا - ئاستا قايىل قىلدى. ئابلىز ئوسمان ئاخىرى ئۆزلىرىگە تېگىشلىك تۆت مو يەرنى ئاتا - ئانىسىنىڭ تېرىشىغا بېرىپ، ئايالى بىلەن ئاشخانا ئېچىشقا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئىشقا جىددىي تۇتۇش قىلدى. ئايشەم شەرقىي ئۆستەڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا بىرنەچچە قېتىم قاتراپ، ئاشخانىنىڭ ئايلىق ئىجارە ھەققىگە 70 يۇەن تۆلەشكە پۈتۈشتى. ئېغىلدىكى مۇزايىنى 300 يۇەنگە ساتتى. كەملىگەن يېرىگە يېزىلىق ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىدىن 200 يۇەن قەرز ئالدى.

بىر ئايدىن كېيىن ئۇلار ئائىلىسىدىكى ئۇستەل - ئورۇندۇق، قازان - قومۇچ ۋە چىنە - قاچىلىرىنى ئېشەك ھارۋىسىغا بېسىپ ئاشخانىغا ئاپاردى...

باغلاردىكى ئالما، ئۆرۈكلەر ئون بىر قېتىم چېچەكلەپ مېۋە بەردى. ئۇلارنىڭ ئاشخانىسىمۇ يىلدىن - يىلغا ئاۋاتلاشتى. ئەلۋەتتە، بۇنى ئۇلارنىڭ خېرىدارلارغا بولغان قىزغىن مۇئامىلىسى، ھەر كۈنى باش توخۇ چىللاش بىلەن تەڭ ئوچاققا ئوت يېقىپ، يېرىم كېچىلەردە چىراغ ئۆچۈرۈپ، تىنىم تاپماي ئىشلىگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

1988 - يىلى ماي ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. چۈشتىكى چاپ - چاپ بازاردىن كېيىن، ئايشەم كىچىك ئوغلى ئەكبەرجاننى قۇچىقىغا ئېلىپ، تاماق يەۋاتقان ئابلىز ئوسماننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— «بالىلار بايرىمى» كېلەي دەپ قاپتۇ، ئازراق بىر نەرسە ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى يوقلاپ كەلسەك قانداق دەيلا؟

ئابلىز ئوسمان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايالىغا تىكىلدى. ئايشەم يەنە:

— قولىمىزدا ئانچە - مۇنچە بىر نەرسىمۇ بولۇپ قالدى. ئەمدى قىيامەتنىڭ مۇشۇكىدەك كۆزىمىزنى يۇمۇۋالساق بولماس، مائارىپقا ئازراق بىر نەرسە بېرىپ قويساق ياخشى بولارمىكىن دەيمەن.

— بۇ ئويۇڭمۇ بولغۇدەك، شۇنداق قىلساقمۇ قىلايلى.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن بالىنى ئاشخانىنىڭ خىزمەتچىسى سائادەتگۈلگە تاپشۇرۇپ قويۇپ، موتسىكلىتقا مىنگىشىپ بازار تەرەپكە يول ئالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار ئوقۇغۇچىلارغا لازىملىق دەپتەر، قەلەم، خاتىرە قاتارلىقلارنى ئېلىپ، قۇمۇل شەھىرىگە قاراشلىق شەھەر ئەتراپى يېزىسى يۇقىرى ئاقيەر باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ھويلىسىدا پەيدا بولدى. ئۇلارنى مەكتەپ مۇدىرى ئۆمەر ئاكا كۈتۈۋالدى.

— «بالىلار بايرىمى» مۇ كېلىپ قاپتۇ، شۇڭا ئۇلارنى يوقلاپ كېلىشىمىز ئىدى، — دېدى ئايشەم.

ئۆمەر ئاكا دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان بىرەر شەخسنىڭ ياردەم قولىنى سۇنغانلىقىنى كۆرمىگەچكە، بۇ ئىش ئۇنى خېلىلا ھاياجانلاندۇرغانىدى.

— ئاز بولسىمۇ كۆڭلىمىز، بالىلارغا تارقىتىپ بېرەرسىلەر، — ئابلىز سۆزلەۋېتىپ قولىدىكى سومكىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ، دەپتەر - قەلەملەرنى چىقارماقچى بولدى.

— رەھمەت، رەھمەت، ياخشىسى بۇ نەرسىلەرنى ئۆز قولۇڭلار بىلەن تارقىتىپ بەرگەن بولساڭلار ...

بۇ، ئايشەمنىڭ بۇ مەكتەپكە قىلغان ياردىمىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. شۇنىڭدىن بۇيان، ئۇنىڭ ئىلتىپاتى زادىلا توختاپ

قالمىدى. «1 ـ ئىيۇن» باللار بايرىمى، ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى قاتارلىق خاتىرە كۈنلىرىدە ئۇ يۇقىرى ئاقيەر باشلانغۇچ مەكتىپىدىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. مۇشۇ بەش يىل جەريانىدا ئۇنىڭ بۇ مەكتەپكە قىلغان ياردىمى 3000 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

بۇلتۇر نويابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ئايشەم يۇقىرى ئاقيەر باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ مەبلەغ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن يېرىم يولدا توختاپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاكىسى كېرەم ئادىل بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بۇ مەكتەپكە 5000 يۈەن ياردەم قىلدى. بۇ ئىش شۇ چاغدا يېزا ۋە شەھەردە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

ئون نەچچە يىل مابەينىدە ئايشەم كەنت، يېزا، شەھەر، ۋىلايەت تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى»، «ئىلغار يەككە تىجارەتچى»، «ئىلغار يېزا ـ بازار كارخانىچىسى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق يەككە ئەمگەكچىلەر قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ سايلاندى.

* * *

ئۇيغۇر ئاياللىرىدا بازار ئېڭى، رىقابەت ئېڭىنىڭ بىر قەدەر تۆۋەنلىكىگە كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چۈمبىلىنى ئېلىۋەتكىنىگە خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، ئۇلار تېخى كونا ئىدىيىنىڭ ئاسارىتىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ كەتمىدى. قۇمۇلنى مىسالغا ئالساق، بۇ شەھەرنىڭ سودا بازارلىرى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازارلىرىدا ئۇيغۇر ئاياللار تولىمۇ ئاز ئۇچرايدىكەن، يېزا ئاياللىرى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان كۆكتاتلارنى بازاردا پارچە سېتىشتىن خىجىل بولۇپ، ئەتىگەندىلا ئېلىپ چىقىپ توپ سېتىۋېتىپ،

يانچۇقتا كىرگىنىگە شۈكرى ـ قانائەت قىلىپ قايتىپ كېلىشىدى-كەن. ئۇلار بۇ كۆكتاتلارنى پارچە ساتسا، كۆپ پۇل تاپالايدىغان-لىقىنى بىلىسمۇ، تونۇش ـ بىلىشلىرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن خىجىل بولۇپ، قاراپ تۇرۇپ بىرمۇنچە پايدىنى باشقىلارغا بېرىۋېتىدىكەن.

ئايشەم ئادىل قۇمۇل شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئاشخانا ئېچىپ، كىشىلەرنىڭ غۇلغۇلىسىغا سەۋەب-چى بولغانىدى. كېيىن ئۇ يەنە تۇنجى بولۇپ موتسىكلىت مىنىپ كوچىغا چىقىپ ھەممە كىشىنى ھەيران قالدۇردى. دېمىسىمۇ، قۇمۇل شەھىرىدە ئۇنىڭدەك موتسىكلىت مىنىپ كوچىدا چېپىپ يۈرگەن يەنە بىر ئۇيغۇر ئايالنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى.

ئۇنىڭ مائارىپنى قوللاش جەھەتتىكى ئىش ئىزلىرىنى خو-تەندىكى نەچچە ئون مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ مەكتەپ سالدۇرغان كېرەم ئىمىن، قاسىم ئىمىنلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ مائارىپقا ئىزچىل تۈردە ياردەم قولىنى سۇنۇشىدەك ئالىي-جاناب روھىنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ...

ئايشەم ئادىل ئون نەچچە يىللىق ئىگىلىك تىكلەش مۇساپى-سىدە ياخشىراق ئوقۇيالمىغانلىقىدىن يەتكۈچە ئۆكۈندى. شۇڭا ئۇ كېيىنكىلەرنىڭ ئوقۇشسىز قېلىپ يارامسىز كىشى بولۇپ قېلى-شىنى خالىمايتتى. بۇ ئىستەك ئۇنى مائارىپقا ھەر ۋاقىت ياردەم قولىنى سۇنۇشقا ئۈندەيدۇ. ھازىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا دەل ياشلىق شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان چاغ. ئۇ ئىگىلىك تىكلەش سىمفونى-يىسىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئەمدىلا باشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنە نۇرغۇن گۈزەل ئارمانلار بىخ سۈرمەكتە.

1994 ـ يىل يانۋار، قۇمۇل

# داپ ئىشقى

پويىز تۈن قوينىدا قوش ئارغامچىدەك سۇنايلىنىپ ياتقان رېلىسنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن كىرىۋاتقان باھار شامىلى سەپەر ھاردۇقى يېتىپ ئۇيقۇغا كەتكەن يولۇچىلارنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى مەيىن سىلايتتى.

پەرغۇزات ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ئىككى قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ، پويىز چاقىنىڭ رىتىملىق تاراقلىغان ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ ياتتى. پاراۋوزنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ «ھۇ» تارتىپ، گۇدۇك بېرىشلىرى ئۇنىڭغا گويا قۇمۇل مەشرەپلىرىدىكى مۇزىكىغا مەست بولغان مەشرەپ ئەھلىنىڭ سۇرەن سېلىپ، دوست تارتىشلىرىغا ئوخشاش ئاڭلىنىپ كەتتى. پەرغۇزات بۇ ئاۋازنى داپنىڭ ساداسىغا ئوخشاتتى. داپنى قولىنىڭ بېغىشى بىلەن كۈچلۈك ئۇرۇپ، سەل تۆۋەنگە سىيرىغاندا دەل مۇشۇنداق ئاۋاز چىقاتتى. بۇ ئۇسۇلنى ئۇنىڭغا دادىسى ئۆگىتىپ قويغانىدى ... ئۇنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە، پويىز قايسىدۇر بىر بېكەتكە كىرىپ، قارشى تەرەپتىن كېلىپ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان بىر پويىزنى يانداپ ئۆتتى. دېرىزىدىن شامالغا قوشۇلۇپ «شار - شۇر» ئاۋازلار كەلدى. ئۇ بۇ ئاۋازنى زالدا كۆتۈرۈلگەن گۇلدۇراس ئالقىش ساداسىغا ئوخشاتتى. بۇلتۇر قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە ئۇ «مول ھوسۇل شادلىقى» نى ئورۇنداپ، مۇشۇنداق ئالقىش ساداسى ئىچىدە بەختكە چۆمۈلگەنىدى. شۇ كۈنى ئۇ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى گۇۋاھنامىنى ئېلىپ ئۆيىگە كەلگەندە ئاپىسى ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈپ كەتكەنىدى.

www.uyghurkitap.com

ئاتا ـ ئانىسى ئېسىگە كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرلەنىپ، بۇرنى ئېچىشقاندەك بولدى. تېخى بايا قۇمۇل پويىز ئىستانسىسىدا ئاپىسى ئايشەمگۈل ئايرىلىشقا قىيالماي ئۇنى كېپىنەك بوزلىغاندەك ھۆركىرەپ يىغلىۋەتكەنىدى. دادىسى زاكىر بولسا دەردىنى تاماكىدىن چىقارماقچى بولغاندەك، ئەتەي باشقا تەرەپلەرگە قارىۋېلىپ تاماكىنى قاتتىق ـ قاتتىق شوراپ تۇراتتى. پويىز قوزغالغاندا ئاپىسى پويىزنىڭ كەينىدىن خېلى يەرگىچە يۈگۈرۈپ كەلدى. بۇلارنى ئويلاپ ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىختىيارسىز ياش ئەگىدى. پويىز چاقلىرى بىر خىل رىتىمدا تاراقلايتتى. پەرغۇزات كۆز يېشىدا نەملەنگەن ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى مىدىرلىتىپ، كۆزىنى تورۇستىكى چىراغقا تىككىنىچە ياتاتتى. ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن كىرىۋاتقان شامال ئاستا ـ ئاستا كۈچىيىپ، ئۇنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ قولىنى كۆكرىكىدىن چۈشۈرۈپ يوتقاننى سەل ئۈستىگىرەك تارتىپ قويدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ جەينىكى يېنىغا قويۇپ قويغان كىچىك سومكىسىغا تېگىپ كەتتى. سومكىدا ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان يوللۇقى بار ئىدى. تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۇنى ئۇزاتقان چاغدا ۋالىي ئايۇپ قۇربان ئاكا ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «بالام پەرغۇزات، سىزنىڭ بۇ قېتىم 1993 ـ يىللىق (1 ـ ئىيۇن) باللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۆسمۈرلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتىدە ماھارەت كۆرسىتىدىغان ماھىرلار قاتارىغا كىرگەنلىكىڭىز ۋىلايىتىمىز ئۈچۈن شەرەپ، مەن سىزنىڭ ئۆز ماھارىتىڭىزنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز، مىللىتىمىز، شۇنداقلا ۋىلايىتىمىز ئۈچۈن شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەنىدى.

گەرچە پەرغۇزات ئاپتونوم رايونىمىز، مىللىتىمىز، ۋىلايىتىمىز ئۈچۈن دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئېنىق چۈشىنىپ

كەتمىسىمۇ، لېكىن ۋالىيىنىڭ شۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان چاغدا، ئۇنىڭ قەلبى ھاياجانلانغاندەك، ۋۇجۇدى تىترەۋاتقاندەك بولغاندى ...

پويىز داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. پەرغۇزات يىغا ۋە ئۇيقۇسىزلىق دەستىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى دېرىزىدىن سىرتقا تىكتى. زېمىن بىر كېچىلىك ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، قاراڭغۇلۇق بىلەن سۈكۈت ئىچىدە خوشلاشماقتا ئىدى. يەر يۈزىنىڭ يىراقتىكى بىر - بىرىگە مىنگەشكەن چوققىلار ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تاڭنىڭ سۇزۇلۇشىگە ئەگىشىپ، قارىيىپ كۆرۈنگەن چوققىلار قىزىرىشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا قان رەڭگىدىكى چوك بىر چەمبىرەك — قىزىل قۇياش تاغ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلدى. ياق، ئۇ قۇياش ئەمەس، پەرغۇزاتنىڭ دېپى. بىر چاغلاردا ئۇنىڭ دېپىمۇ مۇشۇنداق قىزىل قان بىلەن بويالغان ئەمەسمىدى! توغرا، ئۇ قۇياش ئەمەس داپ، ئۇنىڭدىكى قىزىل رەڭ پەرغۇزاتنىڭ تىلىم - تىلىم يېرىلغان بارماقلىرىدىن جىرتىلداپ چىققان ئىسسىق قېنى ... ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى يەنە پەرۋاز قىلىپ كۆككە كۆتۈرۈلدى. ئۇ بىر خىل مەستخۇشلۇق ئىچىدە باللىق چاغلىرىنى، ئاتا - ئانىسىنى، سۆيۈملۈك دېپىنى ئەسلىدى.

ئاشۇ كۈنى دادىسى ئۇنىڭغا ئاتاپ ياساتقان كىچىك، ئەپچىل-گىنە داپنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرگەن چاغدا ئۇ داپنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن يۈگۈرگىنىچە بېرىپ دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتقانىدى.

— باللىرىمىز تېخى كىچىك، داپ بىلەن تولا ھەپىلەشسە سالا-مەتلىكىگە زىيانلىق دەپ تۇرسام، گېپىمنى ئىلىك ئېلىپمۇ قويماي، يەنە تېخى داپ ياساتقىنىڭىز نېمىسى؟! — دەپ دادىسىغا ئاچچىقلانغانىدى ئاپىسى.

— بالىنىڭ قىزغىنلىقى شۇنچە يۇقىرى تۇرسا ئۇنىڭغا سوغۇق سۇ سېپىپ نېمە قىلاتتۇق، مەنمۇ داپچى بولغاندىكىن ئۇنى

تەربىيىلەپ قويسام، مېنىڭ ئىزىمنى بېسىپ چىقسا باخشى ئە-
مەسمۇ؟ — دېگەنىدى دادىسى.

— بىزنىڭ بالىمىز داپچى بولمىسا قۇمۇلدا داپچى تۈگەپ
كەتكۈدەكمۇ؟ بالا تېخى ئالتە ياشقىمۇ توشمىدى، داپ دېگەن
ئېغىر ساز، دىققەت قىلمىسا بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە
تەسىر يېتىدۇ.

— دىققەت قىلساقلا بولىدىكەنغۇ شۇ، سالامەتلىكىگە تەسىر
يەتسە ئۆزۈم ئىگە.

دادىسى پەرغۇزاتقا قاراپ ھەييارلىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ
قويدى، كېيىن ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ مەيدانغا مەشىق قىلدۇرغىلى
ئېلىپ چىقىپ كەتتى. پەرغۇزات داپقا زادى قاچانلاردىن تارتىپ
ئىشتىياق باغلاپ قالغانلىقىنى تازا ئېنىق بىلمەيتتى. پەقەت ئې-
سىنى بىلگۈدەك بولغان چاغلاردىن باشلاپلا ئۆيىنىڭ تېمىدا بىر
داپنىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى بىلەتتى. دادىسىنىڭ داپنى قولى-
غا ئېلىپ داراڭلىتىپ قانداقتۇر بىر پەدىلەرگە سائەت ـ سائەتلەپ
چېلىپ كېتىشى ئۇنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. ئەمما، بۇنداق
يېقىملىق ئاۋازنى قانداق قىلسا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىغا ئۇنىڭ
زادىلا ئەقلى يەتمەيتتى. ھەر قېتىم دادىسى داپنى قولىغا ئېلىشى
بىلەن تەڭ، ئۇمۇ دادىسىنىڭ قېشىدا پەيدا بولۇپ، ئىككى قولى
بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ دادىسىنىڭ داپ چالغىنىغا قاراپ مىدىر
قىلماي ئولتۇرۇپ كېتەتتى. داپ ئىشقى ئۇنى دادىسىنىڭ كەيند-
دىن سەنئەت ئۆمەكىنىڭ رېپېتىتسىيە زالىغا ۋە كىچىكچە داۋاملى-
شىدىغان قۇمۇل خەلق مەشرەپلىرىگە سۆرەپ كىردى. مەشرەپكە
قاتنىشىش ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ خۇشاللىق ئىش ئىدى. مەش-
رەپلەردە ئۇ دادىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، كۆزلىرىنى
چىمچىقلاتقىنىچە غىجەك، دۇتار، تەمبۇر چېلىۋاتقان سازەندىلەر-
نىڭ قوللىرىغا تويماي قارايتتى. تامنى بويلاپ قاتار ئۆرە تۇرۇۋې-
لىپ، داپ چېلىۋاتقان ھاپىزلار ئۇنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەك

تارتاتتى. ئۇ شۇنداق تىكىلىپ ئولتۇرۇپ قاچانلاردا ئۇيقۇغا كەت-كەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالاتتى. پەقەت ئەتىسى ئويغىنىپ، ئۆزىنى ئۆيدە كۆرگەندىلا «نېمىشقىمۇ بالدۇر ئۇخلاپ قالغاندىمەن» دەپ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى.

1989 - يىلى ئاپرېل 1 - يىلى ئاپرېل پەرغۇزاتنى قۇمۇل شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ دادىسى ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر سائەت، كەچلىكى بىر سائەت داپ چېلىشنى مەشىق قىلدۇردى. تارغىنە ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە مەشىق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، ئۇلار ئىلاجسىز سىرتتا مەشىق قىلاتتى. ياز كۈنلىرىغۇ ياخشى، ئەمما قەھرىتان قىش كۈنلىرى سىرتتا مەشىق قىلىش قىيىنغا چۈشەتتى. سوغۇقتا داپنىڭ يۈزى تارىشىدەك قېتىپ كېتەتتى، بارماقلار ھەر قېتىم داپنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغاندا چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىشىپ ئاغرىيتتى، ئاغرىق ئازابىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلاتتى. مەشىق ۋاقتى ئۇزارغانسېرى بارماقلار يېرىلىپ جىرتىلداپ ئېتىلىپ چىققان ئىسسىق قان داپ يۈزىنى قىزىل رەڭگە بوياتتى، ئاشۇ ئىسسىق قانلار بەدىلىگە ئۇ داپنىڭ چېكىت-مە، سېرىلمە، سەنەم پەدىسى، مەرغۇل پەدىسى، چوڭ ئۇرۇش، كىچىك ئۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللىرىنى پىششىق ئىگىلىۋالغانىدى...

قۇياش نەيزە بويى ئۆرلەپ زېمىننى قىزىتىشقا باشلىغاندا پەرغۇزات ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى...

تۆت كىچە - كۈندۈزلۈك سەپەرنى تاماملىغان پەرغۇزات بىلەن ئۇنىڭ ئۇرۇمچىلىك ھەمراھى خانقىز ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ كادىرى ئارزۇگۈلنىڭ يېتەكچىلىكىدە بېيجىڭغا يېتىپ كېلىپ ياتاقلارغا ئورۇنلىشىپلا مەركىزىي تېلې-ۋىزىيە ئىستانسىسىغا باردى.

ئۇلار بۇ قېتىم بېيجىڭغا گوۋۇيۈەن ئاياللار ۋە بالىلار خىز-

مىتىنى ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئالتە ئورۇن بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەتلىك ئۈسمۈر ماھىرلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كېلىگەنىدى. ئالدىن تاللاش ئاخىرلىشىپ، ئۇلار ئەمدىلا قايتىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا فىلىم رېژىسسورى تۇيۇقسىز ئۇلارنى چاقىرىپ قالدى.

— ھەر ئىككىڭلارنىڭ نومۇرى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، بىراق پائالىيىتىمىزنىڭ ۋاقتى قىسقا، قاتنىشىدىغان ماھىرلار كۆپ، شۇڭا سىلەر ئۆزۈڭلار ئورۇندىغان يالغۇز كىشىلىك داپ مۇزىكىسى بىلەن يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلنى بىرلەشتۈرۈپ، تۆت مىنۇتلۇق بىرلا نومۇر قىلىپ تەييارلاپ كەلسەڭلار. رەسمىي كۆرەكتە شۇ نومۇرنى كۆرسىتىسىلەر.

ئۇلار خۇددى بىرى بېشىغا سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتى. ئەمدىلا 11 ياشقا كىرگەن، نوتا ۋە ئۇسسۇل نەزەرىيىسىدىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىككى گۆدەك بالىغا ئىككى كۈن ئىچىدە تۆت مىنۇتلۇق داپ ئۇسسۇلى تەييارلاش تەلىپىنى قويۇش قارىغۇنى يار لېۋىگە قىستىغاندەك بىر ئىش ئىدى. لېكىن، بۇ تەلەپنى ئورۇندىماي بولمايتتى. ئۇلار باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە زالدىن چىقىشتى. ئارزۇگۈل مۇئەللىممۇ ئۇسسۇل ئىشلەشنى بىلمىسە ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئىشنى مۇشۇ يەردە بولدى قىلىپ، مۇسابىقىگە قاتناشمايلا ئاستا كەينى توغرىلاش كېرەكمۇ ياكى بىرەر ئامال تېپىش كېرەكمۇ؟ ئۇچەيلەننىڭ بىرەر سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلغان سۆھبىتىنىڭ خۇلاسىسى ئارزۇگۈل مۇئەللىمنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدىن ئىبارەت بولدى.

— مۇسابىقىگە قاتناشماي قايتىپ كېتىشكە بولمايدۇ، ھەر ئىككىڭلارنىڭ سەنئەت جەھەتتە خېلىلا تالانتىڭلار بار. شۇڭا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، بىرىڭلار مۇزىكا، بىرىڭلار ئۇسسۇل ئىش-

لەڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن.

ئۇلار چۈشكەن ياتاقنىڭ چىرىغى ئىككى كېچە ئۆچمىدى. پەرغۇزات داپنى قولىغا ئېلىۋېلىپ ئۆزى قايسىدۇر بىر مەشرەپلەردە ئاڭلىۋالغان مۇزىكىلاردىكى داپ تاكتلىرىنى قايتا مەشىق قىلىپ چېلىپ، ئۇلارنى ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكى، رىتىمدارلىقى قاتارلىقلارغا ئاساسەن ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى بىر مۇزىكا «ئىجاد» قىلىشقا كىرىشتى. مۇزىكىنىڭ ئاساسىي پەددىسىنى بېكىتىۋالغاندىن كېيىن خانقىزمۇ شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى تېپىشقا كىرىشتى. ئىككى كېچە ـ كۈندۈز «ئېلىشىش» تىن كېيىن «سەھنىدىكى غۇنچىلار» دېگەن چىرايلىق ئىسىم قويۇلغان بىر داپ ئۇسسۇلى سەھنىگە ئېلىپ چىقىشقا تەييارلاندى.

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سۈرەتكە ئېلىش زالى ئالاھىدە زىننەتلەنگەنىدى. تورۇستىكى رەڭگارەڭ چىراغلار يۇلتۇزدەك جىمىرلىشاتتى. تۆۋەندىكى نەچچە يۈزلىگەن جۈپ كۆزلەر سەھنىگە تىكىلگەنىدى. نومۇر كۆرسىتىش داۋاملاشماقتا، ئالقىشلار ياڭرىماقتا، سەھنە ئارقىسىدا ئولتۇرغان پەرغۇزاتنىڭ سەھنىگە چىقىش ۋاقتىمۇ مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ يېقىنلاشماقتا ئىدى. ھەر قېتىم بىر نومۇر ئاخىرلىشىپ زالدا ئالقىش كۆتۈرۈلگەندە، پەرغۇزاتنىڭ يۈرىكىمۇ دولقۇننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان قېيىقتەك ئېغىپ كېتەتتى. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن يۈز نەچچە ماھىرنىڭ ماھارىتى بىر ـ بىرىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە يۇقىرى بولۇپ، بۇ «رەقىب» لەرنى بوش چاغلىغىلى بولمايتتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى سەھنە ھاياتىنى تۆت ـ بەش ياش ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا باشلىغان، كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى، كىنو قاتارلىقلاردا كۆپ قېتىم رول ئالغانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ سەھنىدىكى تەمكىن ۋە جەزبىدار ھەرىكەتلىرى كىشىنى تاڭ قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە نەپىس ۋە تەبىئىي

ئىدى. كىچىكىدىن سەھرادا ئەركىن ئويناپ چوڭ بولغان سەھ-
نىنى تۇزۇكمۇ كۆرۈپ باقمىغان پەرغۇزاتقا نىسبەتەن ئىپتىدا
نەتىجىگە ئېرىشىش ئاسانغا چۈشمەيدىغاندەك قىلاتتى. نۆۋەت
ئۇلارغا كەلدى. رىياسەتچى پەرغۇزات بىلەن خانقىزنىڭ قولىنى
يېتىلەپ سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، تاماشىبىنلارغا تونۇشتۇردى.
پەرغۇزات ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ تاماشىبىنلارغا ئېگى-
لىپ سالام بەردى ھەمدە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قارىدى.
نەچچە يۈزلىگەن كۆز تەئەججۇپ، قىزىقىش بىلەن ئۇنىڭغا تىكىل-
گەنىدى. ئۇ داپ تۇتقان قوللىرىنىڭ ھاياجاندىن سەل - پەل
تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ داپنى كۆتۈرۈپ ئىككى قولى بىلەن
رۇسلاپ تۇتتى. بۇ چاغدا داپ ھالقىسى سىلكىنىشتىن يېقىملىق
شىلدىرلىدى، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ سۆيۈملۈك، تولىمۇ قەدى-
ناس ئاۋاز ئىدى. ئۇ بۇدرۇق بارماقلىرى بىلەن داپنىڭ يۈزىگە
چەكتى، زال ئىچىدە شوخ سەنەم پەدىسى ياڭرىدى. مۇزىكا ئاۋازى
بىلەن تەڭ، خانقىزمۇ تاتلىقىنە ھەرىكەتلىرى بىلەن لەرزان
ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى باشلىۋەتتى. داپ ياڭرىماقتا، لەرزان ئۇس-
سۇل داۋاملاشماقتا، تاماشىبىنلارنىڭ كۆزىدە ئەكس ئەتكەن بايى-
قى تەئەججۇپ ۋە قىزىقىش ئالامەتلىرىنىڭ ئورنىنى ئاستا - ئاستا
قايىللىق ۋە زوقمەنلىك ئالامەتلىرى ئىگىلىمەكتە، مۇشۇ تاپتا
ئۇلار تەڭرىتېغىنىڭ بۇ بىر جۈپ ئوغۇل - قىزىغا ئۇنسىز ئاپى-
رىن ئوقۇۋاتقانىدى...

مۇسابىقە ئاياغلاشقاندا، پەرغۇزات بىلەن خانقىز ئىككىنچى
قېتىم سەھنىگە چىقىپ، بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە باھالاپ چىقىل-
غان ئون ياخشى كىچىك ماھىر قاتارىدا تىزىلىپ، دۆلەت رەھبەر-
لىرىنىڭ قولىدىن مۇكاپات بۇيۇملىرىنى تاپشۇرۇۋالدى. مەم-
لىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش-
لىقى چىن مۇخۋا مۇكاپات بۇيۇملىرىنى بېرىشقا چىمەندوپپا،
ئۈچىسىغا كانۋا كۆڭلەك كىيگەن بۇ ئۇيغۇر بالىغا بەرگەندىن

كېيىن، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:
— سىلەر ھەقىقەتەن شىنجاڭلىقلارغا لايىق ئىش قىلدىڭلار، يەنىمۇ تىرىشىڭلار، كەلگۈسىدە بېيجىڭغا كېلىپ ماھارەت كۆرسىتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن،— دېدى.
پويىز ئېغىر «ئۇھ» تارتىپ بېيجىڭ ۋوگزالىدىن قوزغىلىپ غەربكە قاراپ يول ئالدى. پەرغۇزات بارغانسېرى كەينىدە قېلىۋاتقان شەھەرنىڭ ئېگىز - ئېگىز بىنالىرىغا كۆز تىككىنىچە ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلىدى: «خەيرخوش، بېيجىڭ! مەن چوقۇم يەنە كېلىمەن».

1994 - يىلى مارت، شىئەن، قۇمۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەجىر ئۈنتۈلمايدۇ

سۈتتەك ئايدىڭ كېچە، ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق. يۇلتۇزلار تولىمۇ نۇرلۇق ھەم جەزىبدار. ئاۋغۇست كېچىسىنىڭ كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان غۇر - غۇر شامىلى ئەمگەكتە ئوت ئالغان ھارارەتلىك ۋۇجۇدلار ئۈچۈن تولىمۇ ھۇزۇرلۇق ۋە لەززەتلىك. ۋاقىت ئاللىقاچان يېرىم كېچىدىن ئاشقان بولۇپ، بىر كۈنلۈك ھاياتلىق پائالىيىتىنى تاماملىغان قۇمۇللۇقلار تەڭرىتېغى تەرەپتىن سوقۇۋاتقان غۇر - غۇر شامالنىڭ ئەللەيلىشى بىلەن تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن. پەقەت قۇمۇل پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئۇلاش، چېتىش ئورنىدىكى گاھ يېنىپ، گاھ ئۆچۈپ تۇرغان قىزىل، يېشىل چىراغلارنىڭ ئاستىدا مىدىرلىشىپ يۈرگەن گەۋدىلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

ئەخمەت گالى خىزمەتدىشى ئىسكەندەر بىلەن 13 - رېلىستىدىكى بىر ۋاگوننى تورمۇزلاپ توختاتقاندىن كېيىن، پاراك بىلەن يۇقىرىغا قاراپ ماڭدى. تۇيۇقسىز ئەخمەتنىڭ كۆزى 11 - رېلىستا تۆۋەنگە قاراپ تېز چۈشۈپ كېتىۋاتقان ۋاگونغا چۈشۈپ قالدى، ۋاگوننىڭ سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولۇپ ئۈستىدە ئادەم كۆرۈنمەيتتى، ئۇنىڭ نەزىرى تۆۋەن تەرەپكە ئاغدۇرۇلدى، 150—200 مېتىر نېرىدا يۈك قاچىلانغان ۋاگونلار توختىتىپ قويۇلغان بولۇپ، ئەگەر يۇقىرىدىن كېلىۋاتقان ۋاگون مۇشۇ سۈرئەت بىلەن ئۇنىڭغا ئۇرۇلسا ئىشنىڭ چوڭى چىقاتتى.

— چاتاق چىقتى، ۋاگوننى توختىتىۋالايلى!

ئەخمەت سۆزىنى تۈگىتىپلا تېز كېتىۋاتقان ۋاگونغا قاراپ ئېتىلدى، ئۇنىڭ ئەنسىز تۈۋلىشىدىن چۆچۈپ كەتكەن ئىسكەندەر

نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمايلا ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى، ئەخمەت يۈگۈرگىنىچە بېرىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىۋاتقان ۋاگونغا ياماشتى، لېكىن ۋاگوننىڭ سۈرئىتى بەكلا تېز بولغاچقا، دەسلەپكى بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇنۇش بىكار كەتتى، ئۇ ۋاگوندىكى پەشتاقنىڭ رېشاتكىسىنى تۇتۇۋېلىپ جېنىنىڭ بارىچە كۈچەپ يۈگۈردى ۋە ئاخىرىدا يەنە بىر كۈچەپ يۇلقۇنۇپ ۋاگونغا چىقتى ـ دە، ئېتىلىپ بېرىپ تورمۇزنى تارتتى، ئاڭغىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئىز بېسىپ ۋاگونغا چىققان ئىسكەندەرمۇ يوپۇرۇلۇپ كېلىپ تورمۇزغا ئېسىلدى، ئىككى نەۋقىران يىگىتنىڭ تەڭ كۈچىشى بىلەن ۋاگون چاقلىرى رېلىسقا سۈركىلىپ چىرقىراپ توختىدى. شۇ چاغدىلا ئۇلار كۆكرەكلىرىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى ۋە كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ ئالدى تەرەپكە قارىدى، ئىككى ۋاگوننىڭ ئوتتۇرىسىدا پەقەت ئىككى غۇلاچ كەلگۈدەكلا ئارىلىق قالغانىدى، ئەگەر ئۇلار بىرنەچچە سېكۇنت كېچىككەن بولسا ۋاگونمۇ، ئۆزلىرىمۇ كۆكۇم ـ تالقان بولۇپ كېتەتتى.

— قانداق خۇنپەرنىڭ قىلغان ئىشىدۇ؟ — دېدى ئىسكەندەر ھاسىرىغىنىچە.

— شۇنى دەيمەن، خىزمەتتىمۇ شۇنداق بىخەستەلىك قىلغان بارمۇ؟ — دېدى ئەخمەت.

— ھەممە ئادەم ساڭا ئوخشاش ئەستايىدىل بولغان بولسا، بىزمۇ بۇنداق خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ يۈرمەيتتۇق، — دېدى ئىسكەندەر.

ئەخمەت پېشانىسىدىكى مونچاقتەك تەرلەرنى سۈرتكەچ ئىسكەندەرگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

كېيىن تەشكىل ئۇلارنى بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن ئالاھىدە مۇكاپاتلىدى، بۇ ئەخمەت گالىنىڭ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق مۇكاپاتلىنىشى ئىدى.

1986 ـ يىلى ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن ئەخمەت گالى ئۈچ

يىل كىيگەن قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ فورمىسىنى سې-
لىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىش كىيىمى كىيىپ قۇمۇل پويىز
ئىستانسىسى ترانسپورت سېخىغا ئىشقا چۈشتى. دەسلەپتە ئۇ شا-
گىرت ئىشچى بولدى. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى ئاۋۋال
ئۇستىسىنى، ئاندىن باشقا كەسىپداشلىرىنى قايىل قىلدى. كې-
يىنچە ئۇنىڭ ئەستايىدىللىقتا «داڭقى» چىقىپ كەتتى. سېخ
رەھبەرلىرىمۇ بۇ «بالا ئىشچى» نىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپ روھىنى
دەسلەپ غەيرىي رەسمىي سورۇنلاردا، كېيىنچە بولسا يىغىنلاردا
تىلغا ئېلىپ، باشقا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئۇنىڭدىن ئۆگى-
نىشكە دەۋەت قىلىدىغان بولۇشتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قىسىمدا
تۇرغان چاغدىن تارتىپلا يېتىلدۈرگەن ئاجايىپ «خۇيى» رەھبەر-
لىككە بولەكچىلا ياراپ كەتتى، ئۇ ھەر كۈنى ئىشقا باشقىلاردىن
بالدۇر كېلىپ ئىشخانا ۋە كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيلىرىنى پاكىز
تازىلايتتى، ئاندىن كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىش ئورنىغا چى-
قىپ كېتەتتى.

«ئەتىيازدا نىمە تېرىساڭ، كۈزدە شۇنى ئالىسەن» دېگەن-
دەك، ئەخمەت گالى ئەستايىدىللىقىنىڭ مېۋىسىنى كۆردى. يەنى
باشقىلار ئىككى ـ ئۈچ يىل داۋاملاشتۇرىدىغان «ھۈنەر ئوگرى-
لاش» نى ئۇ بىر يىللا داۋاملاشتۇرۇپ كېيىنكى يىلدىن باشلاپ
ئۆزى مۇستەقىل ھالدا كەسىپنى ئىشلەشكە باشلىدى ھەمدە كۆپ
ئۆتمەي شاگىرت تەربىيىلەشكە كىرىشتى. ترانسپورت سېخىنىڭ
ۋاگونلارنى ئۇلاش، چېتىش خىزمىتى تۆمۈريول سىستېمىسى
بويىچە ئەڭ ئېغىر ھەم تېخنىكىلىقى ناھايىتى يۇقىرى خىزمەت
بولۇپ، سەللا بىخەستەلىك قىلىنسا، تۈرلۈك ھادىسىلەر كېلىپ
چىقاتتى. شۇڭا ئۇ كەسىپىي جەھەتتە ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز چېنىق-
تۇرۇش بىلەن بىللە يەنە شاگىرتىنى ياراملىق تېخنىك خادىم
قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.
1990 ـ يىلى 20 ـ ئاۋغۇست ئەخمەتنىڭ دادىسى گالى

ئاكا بۇ ئالەم بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى، ئۇ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىكتە دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى چىرايلىق ئۇزاتتى. ئۈچىنچى كۈنى ئۇ نەزىرگە كەلگەن خىزمەتداشلىرىدىن بىرىنى چەتكە تارتىپ سورىدى:

— سىختىكى ئىشلار قانداقراق؟

— ئىش كۆپىيىپ كەتتى، ئادەم يېتىشمەيۋاتىدۇ.

بۇ چاغ دەل تۆمۈريول ترانسپورتىنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرى بولغاچقا، ئىشلار ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. لېكىن، دادىسى ئالەمدىن ئۆتكىلى ئەمدىلا ئۈچ كۈن بولسا، بۇنداق چاغدا ئىشقا چىقىمەن دەپ كەتسە ئەل - يۇرت نېمە دەيدۇ؟ ئۇ كۆپ ئويلىنىپ ئاخىر ئىشقا بېرىش قارارىغا كەلدى ھەمدە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى قايىل قىلىپ ئەتىسى ئىشقا چۈشتى.

سېخ مۇدىرى ئۇنىڭ تولا يىغلاپ قىزارغان كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە سورىدى:

— بۈگۈنلا ئىشقا چىقىمەن دەمسەن؟

— ھەئە، سىختا ئادەم يېتىشمەيۋېتىپتۇ.

— ئادەم يېتىشمىسە بىز ئامال قىلىمىز، سەن يەنە بىر ھەپتە ئارام ئېلىپ ئىشقا چۈشكىن.

— ئىش بۇنچە ئالدىراش تۇرسا، يەنىلا ئىشقا چۈشكىنىم تۈزۈك.

— بولمايدۇ، ئۆتكەن يىلى توي قىلغاندىمۇ بەلگىلىمە بويىچە دەم ئالماي بىر ھەپتە بۇرۇن ئىشقا چۈشۈۋالغانىدىڭ، لېكىن بۇ قېتىم مەن قوشۇلالمايمەن.

سېخ مۇدىرىنىڭ تەلەپپۇزى خېلىلا كەسكىن ئىدى. ئەخمەت گەپ - سۆز قىلماي ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن مۇدىر ئەخمەتنىڭ ئىش كىيىمىنى كىيىپ رېلىس تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىنى چەك-

چەيتىپ قاراپ قالدى ...

ئايدىڭ كېچە، ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆمگەن. ئاسماندىكى تو-مۇش تاۋاقتەك پارقىراپ تۇرغان ئاينىڭ نۇرى خانامغا چۈشۈپ تۇرىدۇ، خېلىدىن بېرى يېزىق ئۈستىلى ئالدىدا مۆكچىيىپ ئول-تۇرىمەن، خىياللىرىم خۇددى ئەخمەتنىڭ ئىش ئورنىدا كۆرگەن ھېلىقى رېلىسلاردەك بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن. خاتى-رەمدىكى سېخ، شۆبە ئىدارە ۋە ئىدارە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى مەسئۇل يولداشلارنىڭ ئېغىزىدىن خاتىرىلىنىۋالغان قۇرلارنى ھې-لىدىن - ھېلىغا ئوقۇپ چىقىمەن، قۇلاق تۈۋىمدە، ئىدارە ئىش-چىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قىلغان سۆزلەر جاراڭلىماقتا: «ئەخمەت ياشلىق باھارىنى ئاشۇ جاپالىق ھەم شەرەپلىك ئاددىي خىزمەت ئۈچۈن بېغىشلىدى. ئۇ ياشلىقىدا ئۆزىگە ھەم خەلققە يۈز كېلەلەيدىغان ئىشلارنى قىلدى، سىز ئەخمەت توغرىسىدا ياخشى بىر پارچە ماقالە يېزىڭ، ماقالىڭىز ئارقىلىق دەۋرىمىز ياشلىرىنى، بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سەپىدە ئىش-لەۋاتقان ياشلارنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىڭ، چۈنكى، ئەخ-مەتنىڭ ئىش - ئىزلىرى دەۋرىمىز ياشلىرىنىڭ جەڭگىۋار روھى-نى نامايان قىلدى». رەئىسنىڭ سۆزلەۋاتقان چاغدىكى ھاياجانلىق قىياپىتى كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمىدى. يېزىق ئۈستىلىگە قى-زىل تاشلىق گۇۋاھنامىدىن ئون نەچچىسى دۆۋىلەنگەن، ئۇلارغا «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇ-چى»، «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەندەك سۆزلەر پۈتۈلگەن. قو-لۇمدىكى ئىككى مېدالنىڭ بىرى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرە-پىدىن بېرىلگەن ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى مېدالى، يەنە بىرى، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش شەرەپ مېدالى. ئالتۇن ھەل بېرىلگەن مېداللار ئۈستەل چىرىغىنىڭ نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇرىدۇ ... بىر چاغدا يىراقتىن پويىزنىڭ سوزۇق گۇدۇك ئاۋازى

ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئەخمەتنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى. ئۇنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى خۇددى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان ئوقۇغۇچىدەك قىزىرىپ - تاتىرىپ تۇرغان قىياپىتى خىيالىمدىن كەتمىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزى ھەققىدە سۆزلەشنى ئانچە خالىمىغانىدى. مەن ئىختىيارسىز ئويلىنىپ قالدىم. توۋا، جاھاننىڭ ئىشلىرى نېمە-دېگەن تەتۈر - ھە! تۆھپىسىنىڭ تايىنى يوق، بىكار تەلەپلەر بولسا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ يۈرگەن، ئەخمەتتەك ئۇن - تىنسىز تەر تۆكۈپ شەرەپ قۇچقانلار بولسا كەمتەرلىك قىلىپ، سۆزىنى ئايىغان. «سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق، ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى» دېگەن شۇمىدۇ - يە؟! بوپتۇ، ئۇ سۆزلەشنى خالىمىسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن سۆزلەي: مېھنەت كۆمۈلمەيدۇ، ئەجىر ئۇنتۇلمايدۇ، ئۇ كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

1994 - يىل ئاپرېل، قۇمۇل

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىششىق ئادرېسى

# تۆرۆك كەنتىنىڭ سەركىسى

1983 - يىل، مەھەللىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ئۆستەڭدىكى سۇ شۇرمەل بولۇپ ئېقىۋاتقان چاغ، ئايۇپ بەكرى كىچىك تۆت چاقلىق تراكتورنى چاڭ - توزان توزۇتقىنىچە مەھەللىگە ھەيدەپ كىرىپ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا توختاتقاندا، كەنت ماگىزىنىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ پاراڭ سېلىۋاتقان كىشىلەر خۇددى سەلدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ بۇ «جانىۋار» نى تاماشا قىلىشقا باشلىدى. كۈن بويى قورساقنىڭ غېمىدە يۈرگەن بۇ كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئايۇپ بەكرىنىڭ بۇ «مەخلۇققا مىنىۋېلىشى» تولىمۇ ھەيران قالارلىق بىر ئىش ئىدى.

چىرايىدىن قىزىقىش، ھەيرانلىق، قورقۇمسىراش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان كىشىلەر ئايۇپ بەكرىنى تۇشمۇتۇشتىن گەپكە تۇتۇشقا باشلىدى:

— نەچچە پۇلغا ئالدىڭ؟

— 4000 كويغا.

— پۇلنى نەدىن تاپتىڭ؟

— بانكىدىن قەرز ئالدىم.

— مۇنچە جىق پۇلنى قاچان تۆلەپ بولىسەن؟

— بىر - ئىككى يىلدا تۆلەپ بولغىلى بولار.

— بۇنى نېمىگە ئىشلىتىسەن؟

— ئېرىقچىلىق قىلىمەن، شەھەرگە تاش ئەكىرىپ قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا ئۆتكۈزىمەن. تاشنىڭ بىر توننىسىنى 20 كويدىن ئالىدىكەن، — ئۇ ئۇستىۋېشىدىكى توپا - چاڭلارنى قېقىۋېتىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. تراكتورنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى

سىلاپ كۆرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ بەس ـ مۇنازىرىسى يەنىلا داۋام قىلىۋاتاتتى:

— بۇ نەرسە بىلەنمۇ پۇل تاپقىلى بولامدۇ؟ يەر دېگەننى كالا، ئېشەك بىلەن ھەيدىسىمۇ بولىۋەرمەمدۇ؟

— نېمىشقا پۇل تاپقىلى بولمىغۇدەك، بىر يىلدا 4000 يۈەننى تۆلەپ بولىمەن دەۋاتامدۇ؟

— «چۈجىنى كۈزدە سانا» دەپتىكەن، ۋاقتى كەلگەندە كۆرىمىز، ھازىر بىرنەرسە دېيىش تەس.

تراكتورنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان كىشىلەر بۇ «يېڭىلىق» نى باشقىلارغا دېيىشكە ئالدىراپ، بىرلەپ ـ ئىككىلەپ تارقىلىشتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلارمۇ بىرنەچچە كۈنلۈك پارىڭى ئۈچۈن يېڭى تېما چىققانلىقىغا خۇش ئىدى.

دادىسى بىلەن ئايالىنىڭ چىرايى ئۆڭشۈل ئىدى. ئايۇپ بەكرىنىڭ بوسۇغىدىن ئاتلىغانلىقىنى كۆرگەن دادىسى قاپىقىنى تۈرۈپ تەتۈر قارىۋالدى.

— تراكتورنى ئەكەلدىم، — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ سۆزى جاۋابسىز قالدى. ئۇ ئاستا كېلىپ سۇپىدا ئولتۇردى. ئايالى بىر پىيالە چاينى ئەكېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى، ئۇ يەنە گەپكە تۇتۇندى:

— ئەتە كالا بىلەن ئېشەكنى شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ تراكتورغا كوزۇپ ئالايمىكىن دەۋاتىمەن، تېرىلغۇنىڭ ۋاقتىمۇ يېقىنلاپ قالدى.

— مېنىمۇ شەھەرگە ئاپىرىپ سات! ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغان بالىنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. ئاخىر بانكىغا پاتاڭغىچە قەرزدار بولۇپ، مال ـ بىساتىمىزنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇپ، بىزنى سەرگەردان قىلىۋېتەمسەن تېخى! — دادىسى سۆزىنى تۈگىتىپ ئىشىكنى زەردە بىلەن يېپىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئاستا تاماكا يۆگەپ تۇتاشتۇردى. بۇنى ئىككى ئايدىن بېرى ئايىغى ئۈزۈلمىگەن تاپا ـ تەنە ۋە پەش قېقىنشلارنىڭ ئاۋامى ئىدى. لېكىن، تراكتور ئالىلقاچان ئىشىك ئالدىغا كېلىپ بولدى. ئەمدى دادىسى قانچە چېچاڭشىغان بىلەنمۇ ئورنىغا بىلەلمەيتتى. ئۇزۇن يىل ئىشلىگەن بوغالتىرلىق خىزمىتى ئۇنىڭغا چوتنى پۇختا سوقۇشنى ئۆگەتكەن. ئۇ كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىشنى ئوبدان بىلەتتى...

شۇنىڭدىن باشلاپ تاغ باغرىدا مال بېقىۋاتقان چوپانلار ئۇنىڭ تاش قاچىلانغان تراكتورنى ھەيدەپ قۇمۇل تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى ھەر كۈنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم دېگۈدەك ئۇچرىتىپ قالىدىغان بولۇشتى. ئىككىنچى يىلى مەھەللىنىڭ توپىلىق يوللىرىنى سارغايغان ياپراقلار قاپلىغان چاغدا، «ئايۇپ تراكتورنىڭ پۇلىنى پۇتۇنلەي قايتۇرۇپ بوپتۇ!» دېگەن سۆز ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كىشىلەرنىڭ يەنە بىر يېڭى پاراڭ تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئالتە ئاي ياز بويى چىرايىدىن قار ـ مۇز ياغدۇرۇپ يۈرگەن چالمۇ مۇشۇ كۈنلەردە قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا ئىنىڭشىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

يەنە بىر زېرىكىشلىك قىش ئاخىرلىشىپ، تاغلىقلار ئۈچۈن تولىمۇ سۆيۈملۈك باھار قۇياشى قوراي تاغلىرى ئۈستىدە پارلىدى. كىشىلەر ئۆيلىرىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ قىشچە تولىمۇ ئىنتىزار بولغان ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىغا قاقلانغىنىچە پۇتمەس ـ تۈگىمەس پاراڭلىرىنى باشلىۋەتتى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئايۇپ بەكرىمۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ پاراڭ قىزىغان تامنىڭ تۈۋىگە كەلدى. كىشىلەر بۇ «باي» نىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىككى يېنىغا بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىمىدىنىپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى، ئۇ ئاستا كېلىپ تام تۈۋىگە چۆكتى.

— سېنى قەرز ئالغان پۇلنى تۆلىيەلمەي ئۆي بىساتىدىن ئايرىلىپ تۈگىشىدىغان بولدى، دەپ ئويلىۋېدۇق. ئاخىر چىڭ

چىقتىڭ جۇمۇ؟

— مەنمۇ شۇنى دەيمەن. ھازىر شەخسىنىڭ ئەمەس، كەنتنىڭمۇ 40 يۈەن پۇلى يوق تۇرسا، سىنىڭ شۇنچىلىك جىق پۇلنى تۆلەپ بولۇشىڭغا ھېچقايسىمىز ئىشەنمىگەنتۇق.

— «ھەرىكەتتە بەرىكەت» دەپتىكەن، بىكار ئولتۇرماي تۆت پاي چاقنى چۆرگىلىتىپ تۇرسا پۇل پۇلنى تاپىدۇ ئەمەسمۇ؟ سىلەرمۇ بىرەر كىچىك تراكتور ئېلىپ ماڭغۇزۇپ باقساڭلار قانداق؟ قىش بويى كۈنىمىز پاراڭ سېلىش بىلەن ئۆتىدۇ. تراكتور ئېلىپ قۇمۇلغا تاش توشۇساق، بىر قىشتىلا خېلى پۇللۇق بولۇپ قالىمىز ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئايۇپ بەكرى يۇرتداشلىرىغا.

— بىزنىمۇ قەرز ئال دېمەكچىمۇ؟ سەن دېگەن كەنت باشلىقى، قەرزنى ساڭا بەرگەن بىلەن بىزگە بېرەمدۇ؟ تراكتور بىر بولسىغۇ ئىش چىقىدۇ، كۆپىيىپ كەتسە يەنە ئىش تاپالماي يۇردىغان ئىش چىقىسچۇ؟!

— راست، ئۇقەت ئاقماي قالسا، قەرزنى قانداق قايتۇرىمىز؟ ياخشىسى، يەنىلا يېرىمىزنى تېرىغىنىمىز تۈزۈك.

— سىلەرنىڭ بىلىڭلار چىڭ بولسىلا بانكىدىن قەرز ئېلىپ تراكتور سېتىۋېلىش ۋە ئىش تېپىپ بېرىشكە مەن مەسئۇل. زىيان تارتساڭلار قەرزلەرنى ئۆيۈمنى سېتىپ بولسىمۇ مەن قايتۇرىمەن. تراكتورلا بولسا ئىش بولماي قالمايدۇ. ئەتراپىمىزدىكى تاغلاردىكى تاشنى 40 ــ 50 تراكتور بىلەن نەچچە يۈز يىل توشۇپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. تراكتور قولىمىزدا بولسا ئات ــ كالىنى ئېتىزغا سۆرەپ يۈرمەي دېھقانچىلىقنى تراكتور بىلەن بىردەمدىلا تۈگىتىمىز.

تام تۈۋىدىكى «سۆھبەت» بولۇنۇپ بىرەر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، كۆڭلىدە چوتنى ئوبدان سوقۇپ پىشۇرۇۋالغان ئوغۇل بالىدىن تۆتى يۇقىرىقى شەرتلەر ئاستىدا مەيدىسىگە ئۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئايۇپ بەكرى يېزىلىق ئامانەت ــ قەرز

كوپىراتىپى، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، ماددىي ئەشيالار ئىدارىسىگە قاتراپ يۈرۈپ يېزىلىق ئامانەت-قەرز كوپىراتىپىدىن قەرز ئېلىپ يېرىم پۇلنى نەق تۆلەپ، يېرىم پۇلنى بىر يىلدا تۆلەش شەرتى بىلەن تۆت كىچىك تراكتور ھەل قىلدى. ھەپتە ئۆتمەي يېپيېڭى تۆت تراكتور قاتار تىزىلىپ كەنتكە كىرىپ كەلدى ...

يىللارمۇ خۇددى ئاشۇ تراكتورلاردەك بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى تىزىلىپ مېڭىپ توققۇز يىل ئۆتۈپ كەتتى. تاغ ئارىسىدىكى نامرات كەنت تۆرۈكتە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر يىراق-يېقىندىكى ھەممە كىشىنى قايىل قىلدى. مانا ھازىر تام تۈۋىدە ھېلىقىدەك تۈگمەس پاراڭلارنى ئاڭلاش قىيىنغا چۈشىدىغان بولۇپ قالدى. تاڭ يورۇماستىنلا ئاڭلىنىشقا باشلايدىغان تراكتورلارنىڭ تاتاتلىغان ئاۋازلىرى ئەلمىساقتىن تارتىپ بۇ تىمتاس ماكاندىكى خورازلارنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى «تارتىۋالدى». ئاران 56 ئائىلىسى بار بۇ كەنتتە چوڭ تراكتور 28 گە، كىچىك تراكتور 12 گە، موتسىكلىت يەتتىگە يېتىپ ھەربىر ئائىلىگە بىردىن دېگۈدەك توغرا كەلدى. ئىلگىرى ئات، كالا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ قىشنىڭ يېرىمىغىچە خاماندىن كېتەلمەيدىغان دېھقانلار ئەمدىلىكتە ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قالمايلا تاغارغا قاچىلايدىغانى قاچىلاپ، خامان بىلەن خوشلىشىپ، كان ئېچىپ ۋە تاش توشۇپ يانچۇقىنى تېخىمۇ چىڭداشقا ئالدىرىشىدىغان بولۇشتى. ئەمدى ئۇلار «خامان ئالماق شەھەر ئالماق» دېگەن سۆزلەرگىمۇ ئانچە ئېشىنىپ كەتمەيدىغان بولۇشتى. كەنت بويىچە 459 مو تېرىلغۇ يەرگە تېرىلىدىغان ئاشلىقلارمۇ ئاشۇ «تۆمۈر مەخلۇق»نىڭ كارامىتى بىلەن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا نەچچە ئون مىڭ جىڭلاپ ئېشىپ كەتتى.

«تونۇردا نان بىر قېتىم پىشقۇچە، ناۋاي ئون قېتىم پىشىپ-تۇ» دېگەندەك، بۇ جەرياندا ئايۇپ بەكرى نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى

سەرپ قىلدى. ھۇرۇنلۇق، نامراتلىق دەستىدىن ھالسىرىغان يۇرتداشلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ توپا - چاڭغا مىلىنىپ ئىشلىدى، كەنتتىكى دېھقان، چارۋىچىلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، يازدىكى بوران - چاپقۇن، تومۇز ئىسسىق، قىشتىكى جۇدۇن، قەھرىتان سوغۇقلاردا قاتتىق نانىنى سوغۇق سۇغا چىلاپ يەپ، تاغ باغرىدىكى كانلاردا ئىشلىدى ھەمدە قۇمۇل شەھىرىدىكى زاۋۇت، كانلارغا قاتراپ يۈرۈپ خېرىدار ئۇقۇشتى، لېكىن بۇ ئىشلىرى ئۈچۈن ھېچكىمدىن بىر پۇڭ ھەق تەلەپ قىلمىدى. ئۇ پەقەت يۇرتداشلىرىنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇسىنى ئۆزىنىڭ خۇشلۇقى ۋە قايغۇسى دەپ بىلدى، خالاس.

باھار كېلىشى بىلەن تەڭ، تۇرۇكنىڭ ئۆرۈكلىرى ھۇپپىدە چېچەكلەپ، پۈتۈن كەنتكە يېڭىچە ھۆسن ئېلىپ كېلىدىكەن. تاغ باغرىدا تۇرۇپ تۆۋەندىكى مەھەللىگە قارىغاندا ئۆيلەرنىڭ ئەتراپى ۋە تاغ قاپتاللىرىدا ئېچىلىپ كەتكەن ئاپئاق ئۆرۈك چېچەكلىرى خۇددى يېيىپ قويۇلغان ئاق كەشتىلىك لىباستەك تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن، بۇ چاغدا بۇ يەرگە كېلىپ قالغان كىشى ئۆزىنى خۇددى ئاق رەڭلىك گۈللەرنىلا كۆرگەزمە قىلىدىغان باغچىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىدىكەن.

قۇمۇل شەھىرىگە قاراشلىق تەڭرىتاغ رايونلۇق (بۇ مەمۇرىي رايون قوراي، ئىدىر، تۆمۈرتى ۋە ئاقتاشتىن ئىبارەت تۆت يېزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) پارتكومىنىڭ شۇجىسى ئابدۇرېھىم ئاكىنىڭ سۆزى مېنىڭ خىياللىرىمنى بۆلدى:

— قوراي يېزىسىغا قاراشلىق تۇرۇك كەنتىنىڭ ئۆتكەن يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1200 يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلىدىكى 80 يۈەندىن 13 ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ھازىر كەنت بويىچە ھەممە ئائىلىنىڭ دېگۈدەك بىردىن تاش مەيدانى بار. قىسقىغىنا توققۇز يىل ئىچىدە بۇ كەنت تەڭرىتاغ رايونى بويىچە ئەڭ نامرات كەنتتىن ئەڭ باي كەنتكە ئايلان-

دى. سىز 1200 يۈەننى ئاز كۆرمەڭ، دەرۋەقە بۇ شەھەر ئەتراپىـ
غا جايلاشقان يېزا ـ كەنتلەر ئۈچۈن ھېچقانچە گەپ بولمىسىمۇ،
بىراق مۇشۇنداق چەت، يىراق تاغلىق رايونلار ئۈچۈن ناھايىتى
چوڭ نەتىجە، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز يېرىنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىـ
نى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىـ
نىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، ئىقـ
تىسادىي جەھەتتە تېز كۆتۈرۈلۈشى كىشىنى قايىل قىلىدۇ.
تۆرۈك كەنتىنىڭ بۇ نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرەلىشىدە كەنت
ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان ئايۇپ بەكرىنىڭ تۆھپىـ
سى ناھايىتى زور.

ئايۇپ ئاكا بىلەن بولغان سۆھبىتىم ئۇنىڭ ئاددىي ھەم
رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆيىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئۈستەل
ئۈستىگە قويۇلغان شام نۇرى ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتـ
تى.

— ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ — دەپ
سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— يامان ئەمەس، ئىككى چوڭ تراكتور، بىر زەنجىر تاپان
تراكتور ۋە بىر موتسىكلىتىم بار، ھازىر يەنە قولۇمدا بىر تاش
مەيدانى، بىر ھاك تېشى كېنى ۋە بىر قىزىل توپا كېنى بار،
ئۆتكەن يىلى ئۈچ كاننىڭ ساپ كىرىمى 50 مىڭ كوي بولدى.
بۇ ئائىلىمىزدىكى يەتتە جاننىڭ كىشى بېشىغا 8000 يۈەن ئەتراـ
پىدا توغرا كەپتۇ.

— بۇ يىل نېمە ئىشلارنى قىلاي دەپ ئويلاۋاتىسىز؟

بۇ سوئال بىلەن تەڭ، ئۇ تېخىمۇ جانلانغاندەك بولۇپ ئۈسـ
تەل تۈۋىگە تېخىمۇ يېقىن سۈرۈلۈپ، چوتنى چاك ـ چۇك قىلىپ
سوقۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ يىل پىلانىم خېلى چوڭ، ھاك تاش كېنىنى تېخىمۇ
كېڭەيتىمەن، ھېسابلاپ كۆرسەم، ھاك تاش كېنىدىكى ھەربىر
توننا ھاكنى سېمونت زاۋۇتىغا 34 كويدىن ئۆتكۈزىمىز، بۇنىڭـ

دىن كىراغا 24 كوي، باج، ئادەم كۈچى، پارتلىتىش دورىلىرىغا ئالتە كوي كەتسە، بەش كوي قالدى دېگەن سۆز. يېزىغا ھەربىر تونىنىسى ئۈچۈن بىر يۈەندىن تاپشۇرسام ئۆزۈمگە تونىنىسىدىن تۆت يۈەن قالىدۇ. بۇ يىل ئەڭ ئاز ھېسابلىغاندا 30 مىڭ تونىنا ھاك تاش قازالايمەن، شۇنداق ھېسابلىغاندا، قولۇمغا قالىدىغىنى 120 مىڭ يۈەن. بۇ يىل تراكتور ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن خەجلىگەن 80 مىڭ يۈەن پۇلۇمنى چىقىرىۋەتسەم 40 مىڭ يۈەن قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىزىل توپا كېنىدىن 20 مىڭ يۈەن، تاش مەيدانىدىن 10 مىڭ يۈەن پۇل تاپىمەن دەپ ھېسابلىغاندىمۇ، يىل ئاخىرىدا ماڭا لوق قالىدىغىنى 70 مىڭ يۈەن. بۇ ھەر بىرىمىزگە 10 مىڭ يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز، كەنتتىمىزدە توك يوق، شۇڭا باشقا ئىشلارنى قىلىشقا ئامالسىز قېلىۋاتىمىز. بۇ يىلقى پىلاندا ئۆزۈم بىر گېنېراتور ئېلىپ توك چىقىرىپ رېمونتخانا ئاچايمىكىن دەۋاتىمەن. كەنتتىمىزدە رېمونتخانا بولمىغاچقا يىلىغا 40 ـ 50 مىڭ يۈەن پۇل سىرتقا ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ. يەنە كانلارنىڭ كىرىمىدىن 5000 يۈەن ئاجرىتىپ كەنت فوندى تەسىس قىلىمىز...

ئۇ قەدىناس چوتىنى شاراقلىتىپ توختىماي سۆزلىمەكتە ئىدى. شامنىڭ گىرىمسەن نۇرىدا ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ يۈزىدە ئىپادىلىنىۋاتقان جىددىيلىك، خۇشاللىق، ئۈمىدۋارلىق ئالامەتلىرىنى خېلى ئوبدانلا كۆرگىلى بولاتتى.

شام ئۆيگە يورۇقلۇق ئاتا قىلىپ ئاستا ـ ئاستا ئېرىمەكتە. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئېرىپ تۈگىگەن تالاي شاملار ئەينى يىللاردا قانچىلىغان كېچىلەردە سوقۇلغان چوتلارغا، تۈزۈلگەن ئۇلۇغۋار پىلانلارغا ھەقىقىي شاھىت بولغانلىقىنى بىلىپ يەتمەك قىيىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

1994 ـ يىل ئاپرېل، قۇمۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# تۆت كالىدىن كەلگەن بايلىق

بالايىئاپەتلىك يىللار نۇرھاجىنىڭ قىرانلىق دەۋرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى نابۇت قىلىۋەتتى، باللىرىنى ئوقۇتۇشسىز قالدۇردى. مانا ئەمدى ئىشلار ئۇڭشىلىپ ئۇنىڭغىمۇ «ئۇھ» دەۋېلىشقا پۇرسەت چىقتى. ئۇ يېزىدىكى باش - ئايىغى يوق جاپالىق ئەمگەك، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئېلىپ بېرىلىدىغان تەنقىد - كۆرەشلەر، ھەر قەدەمدە بىر ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئاھانەت - كەمسىتىشلەر بىلەن خوشلىشىپ، قارا نوپۇس بولۇپ قالغان باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ سانجى شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنى — سانجى شەھەرلىك سۈت پاراشوكى زاۋۇتىغا ئىشقا چۈشتى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ بارغانسېرى خىيالچان بولۇپ قالدى. ئايدا ئالىدىغان ئاتمىش يۈەن مائاش بىلەن 11 بالىنى بېقىش كۈندىن - كۈنگە قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. كىچىك باللىرىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن مەكتەپكە كىرىشى ئائىلىنىڭ يۈكىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى، ئوقۇشسىز قىلىپ، كوچىدا بىكار لاغايلاپ يۈرگەن ئالتە بالىسىغا قارىسا ئۇنىڭ ئىچى ئېچىشاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزىنى ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئەيىبكاردەك ھېس قىلىپ قالاتتى. دېمىسىمۇ، ئاتا بولغان ئادەم بالىسىنى تېپىپ قويۇپ، بېقىشنى بىلەلمىسە، پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرمىسا قاملاشامدۇ؟ ئىشلار مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، پانىي ئالەم بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىنمۇ باللىرى ئۇنى تىللىماسمۇ؟ مۇشۇنداق باش - ئاخىرى يوق گادىرماچ خىياللار ئۇنى ئارامىغا قويمايتتى.

ئۇزاق ئويلىنىشتىن كېيىن، ئۇ ئاخىر بىر قارارغا كېلىپ،

ئوغۇللىرى رىشىت، مىجىت ۋە قېيۇملارنى يېنىغا يىغدى.

— باللىرىم، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ، — سىلەر خېلىدىن بېرى بىكار يۈرۈپ كېلىۋاتىسىلەر، شۇڭا ھەممىمىز بىرلىكتە باشقىچىرەك بىرەر ئىش - ئوقەت قىلىپ، يانچۇقىدىكى تومىلىساق-مىكىن دەيمەن.

— نېمە ئىش قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى ئىككىنچى ئوغلى رىشىت دەرھال.

— مەن ئىلگىرى خېلى كۆپ چارۋا مال باققان، چارۋا مالنىڭ زۇۋانىنى ئاز - تولا بىلىمەن، شۇڭا بورداقچىلىق قىلىساقمىكىن دەيمىنا!؟

— سەن خىزمىتىڭنى قانداق قىلىسەن؟

— خىزمەتتىن توختايمىكىن دەۋاتىمەن.

— چارۋا سېتىۋالىدىغان دەسمايىنى نەدىن تاپىمىز؟

— ئۆيدىكى تۆت كالىنى سېتىپ قالغىنىغا ئازراق قەرز ئالساق يېتىدۇ.

— ئىش ئاقماي قالسا ھەممىدىن بىراقلا قۇرۇق قېلىپ ئولتۇرماسمىز؟

— ئەمدى تارتىنشقۇدەك يېرى قالمىدى. يەنە «ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ قاراپ ئولتۇرۇۋەرسەك ھالىمىز تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىدۇ. سالەرنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىشقىمۇ نۇرغۇن پۇل كېتىدۇ. ھازىرقى ھالىم بىلەن ئاتىلىق قەرزىمنىمۇ ئادا قىلالمايدىغاندەك تۇرىمەن.

1982 - يىلى كۈز ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى نۇرھاجىنىڭ ئۆيىدە بولۇپ ئۆتكەن بۇ مەسلىھەت ئەتىسىلا ئەمەلىيلەشتى. ئۇ ئىككى ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ تۆت كالىنى بازارغا ئاچىقىپ 3200 يۈەنگە ساتتى ۋە تونۇش - بىلىشلىرىدىن يەنە ئازراق قەرز ئېلىپ قوي سېتىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇ باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر ھەپتىدىن كۆپرەك تاغمۇ تاغ، بازارمۇ بازار

چىپىپ يۇرۇپ 50 تۇياق قوي سېتىۋېلىپ، قويلارنى قاسساپلار-
دىن ئىجارىگە ئالغان قوتانغا سولىدى.
نۇرھاجىنىڭ بورداقچىلىق ھاياتى ئەنە شۇنداق تولىمۇ ئاد-
دىي، داغدۇغىسىز باشلاندى. 1983 - يىلى ئۇ ئىلگىرىكى يىلى
قىلغان كىرىمىنىڭ ھەممىسىگە 400 تۇياق قوي سېتىۋېلىپ
بوردىدى. بىر يىلدىلا بورداقچىلىقنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغان
ئوغۇللارمۇ دادىسىنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭ سىزغان
سىزىقىدىن چىقماي، ئاغزىدىن چىققان ھەربىر ئېغىز سۆزىنى جان
پىدالىق بىلەن ئورۇندايدىغان بولدى ...
يىللارنىڭ خاسىيىتى ئاجايىپ، ئۇ تەبىئەتتىكى ھەربىر تال
گىياھ، ھەربىر جانىۋاردا ھېچكىمگە بىلىندۇرمەيلا ئالەمشۇمۇل
ئۆزگىرىش ۋە مۆجىزىلەرنى پەيدا قىلىۋېتەلەيدۇ. نۇرھاجىنىڭ
تۆت كالىنى سېتىش بىلەن باشلانغان ئائىلە ئىگىلىكىمۇ بۇنىڭدىن
مۇستەسنا ئەمەس، خاسىيەتلىك يىللار ئۇنى ئەينى چاغدىكى قەرز-
داردىن بۈگۈنكى مىليونېرغا ئايلاندۇردى. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ
بورداقچىلىقنى قاملاشتۇرۇپ كېتىشىدىن بىر پىرسەنتمۇ ئۈمىد
كۈتمىگەن ئەتراپتىكى كىشىلەر مانا ھازىر ئۇنىڭغا قايىل بولۇش-
تى. ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىشتى. بۇنداق
بولۇشقا سەۋەب بولغىنى باشقا نەرسە ئەمەس، دەل نۇرھاجى ۋە
ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ پېشانىسىدىن ئاققان مونچاق - مونچاق تەر.
ئۆزى تۇتقان ئىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش بىلەن كۆلەم-
نى يىلمۇ يىل كېڭەيتىشنى نۇرھاجىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى
دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ 1986 - يىلى 40 مىڭ يۈەنگە «شەرق
شامىلى» ماركىلىق ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ، قوي - كالا سېتىۋ-
ېلىشتا باشقىلارغا يالۋۇرۇشتەك تارىخقا خاتىمە بەرگەن بولسا،
1991 - يىلى 75 مىڭ يۈەنگە 5 مو يەر سېتىۋېلىپ، ئۇ يەرگە
500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 2500 تۇياق قوي، 200 كالا
سىغىدىغان چوڭ تىپتىكى زامانىۋى قوتان سېلىپ، قوتان ئىجار-



www.uyghurkitap.com

گە ئېلىشقىلا يىلىغا نەچچە مىڭ يۈەن خەجلەيدىغان تارىخقا خاتىمە بەردى. باللارنىڭ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنىڭ قاتارغا قوشۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە تەبىئىي ھالدا مال سېتىۋېلىش، سېتىش، بورداش، يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەش ۋە سويۇپ سېتىش بىر گەۋدە قىلىنغان «ئائىلە كارخانىسى» شەكىللىنىپ قالدى. بۇ «ئائىلە كارخانىسى» نىڭ «باش دىرېكتور» ى شەك - شۈبھىسىزكى نۇرھاجى ئىدى.

بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قۇياش بىر كۈنلۈك خەيرلىك سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇپۇققا باش قويۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقاندا، بىز ئولتۇرغان پىكاپ سانجى شەھىرىگە قاراشلىق ليۇگۇڭ يېزىسىنىڭ شەرقىي ۋۇگۇڭ كەنتىگە جايلاشقان، دەرۋازىسىغا «نۇرھاجى بورداقچىلىق مەيدانى» دېگەن چىرايلىق خەتلەر يېزىلغان بىر ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بوسۇغىدىن ئاتلىشىمىزغىلا بىزنى نۇرھاجىنىڭ 3 - ئوغلى مجىت ئالدىمىزغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. سۆھبەت ئارىلىقىدا ئۇ بورداقچىلىقنى باشلىغان تۇنجى يىلى ئۆزىنىڭ بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان يىگىت ئىكەنلىكىنى، ھازىر ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالغانلىقىنى قىستۇرۇپ ئۆتتى.

— ھازىرقى ئەھۋالىڭلار قانداقراق؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— خېلى ئوبدان، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ، — ئۆتكەن يىلى 10 - ئايدىن ھازىرغىچە شەھەرنى 12 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق كالا گۆشى، 200 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق قوي گۆشى بىلەن تەمىنلىدۇق. ھازىر قوتاندا بورداۋاتقان 1000 غا يېقىن قوي، 50 كالا بار. يەم - خەشەك، كىرا ھەققى، بېقىش ھەققىلىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، يىلىغا قولىمىزغا 350 - 400 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ساپ پايدا قالىدۇ. ھازىر يىلدا بىر قېتىم بورداپ قولدىن چىقىرىشنى يىلىغا ئىككى قېتىم بورداپ قولدىن چىقىرىشقا ئۆزگەرتتۇق. بۇنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ئوبدان بولىدىكەن.

— بورداش ئۇسۇلىڭلار قانداق؟

— راست گەپنى قىلسام ھەم تەجرىبىگە، ھەم ئىلمىي ئۇسۇلغا تايىنىمىز، چارۋىلارغا قوتان، ئوت - چۆپ، سامان، چىگىت پوستى ۋە كۆنجۈرىنى نىسبەت بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىمىز. بورداقچىلىقتا، ئەڭ مۇھىمى، يەم - خەشەك مالنىڭ ئالدىدا ئېشىپ تۇرمىسا بولمايدۇ.

قوتانلارنى ئارىلاپ چارۋىلارنى كۆرۈۋاتقىنىمدا لىيۇگۇڭ يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ياڭ دې ماڭا مۇنداق دېدى:

— نۇرھاجىنىڭ قىلىۋاتقان ياخشى ئىشلىرى ئاز ئەمەس. ئۇ سانجى شەھىرىنىڭ ئاۋات رەستىلىرىدىكى ئۈچ ئورۇندا گۆش دۇكىنى ئېچىپ، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئىزچىل تۈردە قوي گۆشىنى 19 يۈەندىن، كالا گۆشىنى 15 يۈەندىن سېتىپ، شەھەرنىڭ گۆش باھاسىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا زور تۆھپە قوشتى، ھەر يىلى نامرات ئائىلىلەرگە 30 - 40 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى پۇل، ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھەر يىلى نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئون نەچچە بالىسىغا مائاش، تاماق بېرىپ بورداقچىلىق مەيدانىدا ئىشلىتىۋاتىدۇ. يېزىمىزدىكى دېھقانلار قوتاندىن قىغ ئالسا پۇل تەلەپ قىلمايدۇ. بۇ يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن شەھىرىمىزدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەنىدە نۇرھاجىنى ئالاھىدە يوقلاپ، ئۇنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەش روھىغا ئاپىرىن ئوقۇدى، بولۇپمۇ ئۇ نۇرھاجىنىڭ ھۆكۈمەتكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، بازاردىكى مال باھاسىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا قوشقان زور تۆھپىسىگە ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەردى، ۋاڭ لېچۈەن 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان چارۋىچىلىق خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەرنى باشلاپ بۇ يەرگە يەنە بىر قېتىم كېلىپ، نۇرھاجىنىڭ بورداقچىلىق جەھەتتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئاپتونوم

رايون بويىچە كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، مەن «ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلالىغان كىشىلەر ھامان خەلققە، يۇرتداشلىرىغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان خاسىيەتلىك ئىشلارنىمۇ قىلىشنى ئۇنتۇمايدىكەن» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

1994 - يىل ئىيۇن، سانجى

ئۇيغۇر كىتاب تورىپكتى
www.uyghurkitap.com

# ھەدىيە

مەن ئىشخانىغا كىرگەندە ھەدىيە دوختۇر ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان كېسەل كىشى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانىكەن. ئۇ ماڭا كۆز ئىشارىتى قىلىپ قويۇپلا كېسەل كىشى بىلەن بولغان سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇردى. مەن چەتتە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سالدىم. 50 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ كىشىنىڭ يۈز - كۆزىنى قويۇق ساقال - بۇرۇت باسقان بولۇپ، چىرايى تولىمۇ سولغۇن كۆرۈنەتتى، پىلدىرلاپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرى كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىيتتى، ئۇنىڭ يېنىدا 40 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئايال تۇراتتى. ھەدىيە دوختۇرنىڭ چىرايىدىن بىر خىل ئىچىنىش، خاتىرجەمسىزلىك ئالامەتلىرى «مانا مەن» دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ قولىدىكى قەلەمنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ كېسەل كىشىدىن سورىدى:

— كۆزىڭىز كۆرمەس بولۇپ قالغىلى قانچە يىل بولدى؟

— ئالتە يىل.

— ئۆيىڭىز قەيەردە؟

— ئۈرۈمچى دادئوپۇدا.

— ئۆيىڭىز تۆت قەدەم يەردە تۇرۇپ، مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغۇچە دوختۇرغا كۆرۈنسىڭىز بولماسمىدى؟ ئۇششاق بالىلىرىم بار دەيسىز، شۇلارنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاپ بولسىمۇ ۋاقتىدا داۋالىنىشىڭىز لازىم ئىدىغۇ؟!

— دوختۇرغا كۆرۈنەي دەپمۇ ئويلىغان، ئۇرۇق - تۇغقانلار كۆز دېگەن نازۇك نەرسە، ئۇنىڭغا تىغ تەگكۈزسە بولمايدۇ، دەپ

تۇرۇۋالغاچقا داۋالانمىغانىدىم.

— مانا ئاخىرى كەپسىزغۇ، بۇرۇنراق كەلگەن بولسىڭىز ئۆزىڭىزگە ياخشى ئەمەسمىدى؟!

— مەھەللىمىزدىكىلەر ئۈرۈمچى «نۇرباغ» نېفىت دوختۇرخانىسىدا كۆزنى ئوقۇپ داۋالايدىغان بىر ئۇستا دوختۇر ئايال باركەن دېگەنتى، شۇڭا سىلىنى ئىزدەپ كېلىشىم.

— نېمە؟! ئوقۇپ داۋالايدىكەن دېدىڭىزما؟ مەن داخان ئەمەس، دوختۇر. سىزنى ساقايتىشنى ساقايتىمەن، بىراق ئوقۇپ ئەمەس، ئوپېراتسىيە قىلىپ ساقايتىمەن.

ھەدىيە دوختۇرنىڭ جۇدۇنى راستتىنلا ئۆرلىگەنىدى، ئۇ قەغەزگە شارتىلدىتىپ نېمىلەرنىدۇ يېزىپ كېسەلگە تەڭلىدى.

— دوختۇر سىڭلىم، مېنىڭ كۆزۈم ئېچىلارمۇ؟

— ئېچىلىدۇ، بۇ قەغەزنى تۇتۇڭ، رەسمىيەت ئۆتەپ كېلىپ بالنىستتا يېتىڭ، ئوپېراتسىيە قىلىمىز.

كېسەل كىشىنى ئايالى يۆلەشتۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. لېكىن، ھەدىيە دوختۇرنىڭ ھاياجىنى تېخى بېسىلمىغانىدى، ئۇ بىزگە قاراپ قايناپ سۆزلەپ كەتتى:

— مانا كۆردىڭىز، مەركىزىي شەھىرىمىز ئۈرۈمچىدە ياشاۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنچىلىك، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چەت، نامرات جايلاردىكى كىشىلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر. ئۇلاردىن ئاغرىنىشنىڭ ئورنى يوق. قاراپ تۇرۇپ، بىرنەچچە يۈز كوي خەجلەپ، داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدىغان كۆزنى ۋاقتىدا داۋالاتماي، يورۇق دۇنيانى مەڭگۈ كۆرەلمەس قىلىپ قويىدۇ. ئىلگىرىكى يىللاردىغۇ دېھقانلىرىمىزنىڭ قولىدا پۇلى يوق، ئىلاجسىزلىقتىن دوختۇرخانىلارنىڭ ئىشىكىنى چىپ-كەلمىگەن، مانا ھازىرچۇ، خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ قولى پۇل كۆردى، لېكىن يەنىلا بايىقىدەك كونىچە قاراشلارغا ئىشىنىپ، دوختۇرلاردىن قېچىپ يۈرۈشىدۇ، بايىقى كىشى يەنە بىرنەچچە

ئايلا كەلمىگەن بولسا، كۆز تومۇرلىرى قورۇپ ئۆمۈرلۈك ئەما بولۇپ قالاتتىكەن. ئەگەر، شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن پۈتمەس ـ تۈگمەس ئازاب ئەمەسمۇ؟!

ئۇ قايناپ سۆزلەپلا كەتكەنلىكىدىن بىرئاز خىجىل بولدىمۇ قانداق، سۆزىنى دەرھال توختىتىپ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

ھەدىيە ھاشىم 1980 ـ يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 3 ـ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۇرۇمچى باش دوختۇرخانىسىنىڭ كۆز كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە خىزمەتكە چۈشكەندىن باشلاپلا ۋاقىتسىز خىرەلەشكەن كۆزلەرگە قايتا يورۇقلۇق ئاتا قىلىش ئۇنىڭ كەسپى بولۇپ قالدى. مانا، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن 15 يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ 15 يىل مابەينىدە ئۇ شاگىرتلىقتىن ئۇستا دوختۇر بولۇپ يېتىشىپ چىقتى، سۈرلۈك ئوپېراتسىيە ئۈيىدىن مەملىكەت دەرىجىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ مۇنبەرلىرىگە چىقتى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى يېزا ـ قىشلاقلاردا زىمىستان سوغۇق، تومۇز ئىسسىققا قارىماي ئۆيمۇئۆي كىرىپ، يەرلىك كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تارقىلىش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈردى، توپلاپ كەلگەن ماتېرىياللارنى كېچە ـ كېچىلەپ رەتلىدى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلغار تېخنىكىلارنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ئۇنى بىمارلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى، كېسەللىك سەۋەبىدىن يورۇق دۇنيانى كۆرۈش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قېلىپ، چەكسىز ئازابقا مۇپتىلا بولغان بىمارلىرىنىڭ چېھرىگە قايتا خۇشاللىق ئاتا قىلىش ئۈچۈن، گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلارغا بىرنەچچە قېتىم بېرىپ بىلىم ئاشۇردى، مۇشۇ جەرياندا ئۇ پەقەت بىرلا مەقسەت، يەنى ئاشۇ «قاپقارا قوي كۆزلەر» نى تېخىمۇ نۇرلۇق، جەزبىدار قىلىش ئۈچۈن تىرىشتى. 1993 ـ يىلى ئۇ ھەربىي رايون باش دوختۇرخانىسىدىن

ئۇرۇمچى «نۇرباغ» نېفىت دوختۇرخانىسىغا ئالمىشىپ، بەش ئەزا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەنە گۇاڭجۇ جۇڭشەن كۆز كېسەللىكلىرى مەركىزىگە بېرىپ، هازىرقى خەلقئارادىكى ئەڭ يېڭى تېخنىكا — كۆز گۆھىرىدىكى ئاقنى ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق سۇيۇقلاندۇرۇپ سۈمۈرۈپ چىقىرىۋېتىش تېخنىكىسىنى ئۆگەندى ھەمدە ئامېرىكىدىن بۇ خىل ئۈسكۈنىنى كىرگۈزۈپ، مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن كېسەل داۋالىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقى تولدۇرۇلدى. «ئەتىيازدا نېمە تېرىساڭ، كۈزدە شۇنى ئالىسەن» دېگەندەك، ئۇ ئۆز ئەقىدىسى، تەرى بەدىلىگە ئەل - يۇرت ئارىسىدا ھۆرمەت تاپتى، «ھەدىيە» دېگەن بۇ تولىمۇ جايىدا قويۇلغان ئىسىم ئاپئاق چاچلىق موماي - بوۋايلارنىڭمۇ، ئەمدىلا مەكتەپ يېشىغا توشقان نارەسىدە باللارنىڭمۇ كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. سان - ساناقسىز كۆزلەردىن تۆكۈلگەن تەشەككۈر ياشلىرى، تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان رەھمەت خەتلىرى ۋە دۇئايى سالاملارغا ئۇ چىھرىدىن ھەر ۋاقىت كەتمەيدىغان يېقىملىق كۈلكىسى بىلەنلا جاۋاب قايتۇردى. ئاشۇ قايتا نۇرلانغان «قاپقارا قوي كۆزلەر» كۈلسە، ئۇنىڭ قەلبىمۇ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز شادلىققا چۆمدى.

بۇ يىل مارت ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، «نۇرباغ» نېفىت دوختۇرخانىسى كېسەللەر ياتاق بىناسىنىڭ 5 - قەۋىتىگە جايلاشقان ئوپېراتسىيە ئۆيى. ۋاقىت ئاللىقاچان سائەت 12 دىن ئاشقاندى. تۇيۇقسىز زالدىكى تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلىدى. سېستىرا تېلېفوننى ئېلىپلا ئىچكىرىگە قاراپ:

— ھەدىيە دوختۇر، سىزگە تېلېفون،— دەپ چاقىردى.

ئوپېراتسىيە قىلماقچى بولغان ئاغرىققا ناركوز ئوكۇلى ئۇرۇشقا تەمشىلىپ تۇرغان ھەدىيە قولىدىكى شپرىسنى قويۇپ زالغا چىقىپ تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى. تۇرۇپكىدىن سېستىرانىڭ:

— ۋەي، ھەدىيە دوختۇرما، قىزىڭىزنىڭ قىزىتمىسى يەنە ئۆرلەپ قاپتۇ، ئاپام كەلمىسە تاماق يېمەيمەن دەپ يىغلاۋاتىدۇ. ئۆزىڭىز بىر چۈشىسىڭىز ياخشى بولاتتى، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاسما ئوكۇلى تۈگىدىمۇ؟ — سورىدى ھەدىيە دوختۇر.

— ھەئە، لېكىن بەك يىغلاپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا ئىشخانىدىكى كارىۋاتتا يېتىپ تۇرسۇن، مەن چۈشەلمەيمەن، ھازىر تۆت ئاغرىقنى ئوپېراتسىيە قىلىپ بولدۇم، يەنە تېخى ئۈچى بار، سىلەر ئامال قىلىپ بەزلەپ قويۇڭلار، — ھەدىيە سۆزىنى تۈگىتىپ تۇرۇپكىنى قويدى ـ دە، ئوپېراتسىيە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدە ياتقان كېسەل كىشى بايىقى گەپلەرنى ئاڭلىغاچقا، ھەدىيە دوختۇرغا:

— سىڭلىم، پەسكە چۈشۈپ قىزىڭىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇپ ئاندىن ئوپېراتسىيە قىلسىڭىزمۇ بوپتىكەن، بىزنى داۋالايمەن دەپ قىزىڭىزنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يېتىپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى.

— ھېچقىسى يوق، ئوكۇل ئۇرۇپ قويدۇق، تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، سىزنىڭ كېسىلىڭىز ئۇنىڭكىدىنمۇ ئېغىر تۇرسا، سىزنى بۇ يەردە ياتقۇزۇپ قويۇپ، قىزىمغا قارىغىلى چۈشۈپ كەتسەم ھەرگىز بولمايدۇ، — ھەدىيە دوختۇر شۇنداق دېدى ـ دە، ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. كېسەل كىشىنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدىن بىر تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى...

مەن ھەدىيە دوختۇرنى يەنە بىر قېتىم ئىزدەپ بارغىنىمدا ئۇ ئىشخانىسىدا قايناق سۇ بىلەن نان يەپ ئولتۇرغانىكەن.

— ھازىر ئوپېراتسىيىدىن چۈشكەنتىم، چۈشتىن كېيىن يەنە ئۈچ كىشىنى ئوپېراتسىيە قىلماقچى ئىدىم. شۇڭا ئۆيگە

قايتماي مۇشۇ يەردىلا ئازراق بىر نەرسە يەۋالاي دەپ ئولتۇ-
راتتىم،— دېدى ئۇ خىجىل بولغاندەك. ئۇنىڭ چىرايىدىن هار-
غىنلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.
— بۇ يەردە ئوپېراتسىيە قىلىدىغان سىزدىن باشقا دوختۇر
يوقمۇ نېمە؟— دەپ سورىدىم مەن.
— هازىرچە شۇنداق، بىرسىنى تەربىيىلەۋاتىمەن، بىر -
ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇمۇ مۇستەقىل ئوپېراتسىيە قىلغۇدەك
بولۇپ قالار، شۇڭا مەن بىرئاز ئالدىراش.
— تەكشۈرۈشتىن تارتىپ ئوپېراتسىيىگىچە هەممە ئىشنى
يالغۇز قىلىدىكەنسىز، سىزنىڭ چىدامىلىقىڭىزغا هەيران قېلىۋا-
تىمەن.
ئۇ كونا ئادىتى بويىچە ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.
— چۈشتىن ئاۋۋالقى ئوپېراتسىيىلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بول-
غاندۇ؟
ئوپېراتسىيە توغرىسىدا گەپ بولۇۋېدى، ئۇ جانلىنىپ سۆز-
لەپ كەتتى:
— هەئە، دەسلەپكى ئۈچى ناهايىتى تېزلا تۈگىدى، كېيىن-
كى بىرسى ئازراق ئاۋارە قىلىپ قويدى. ئۇ قەشقەردىن كەلگەن
ئايال ئىكەن، ئىككىلا كۆزىنىڭ گۆھىرىگە ئاق چۈشۈپ كۆرمەس
بولۇپ قالغىلى يەتتە - سەككىز يىل بولسىمۇ، كارى بولماي
تاملارنى سىلاشتۇرۇپ يول مېڭىپ يۈرۈۋېرىپتىكەن. كۆز گۆھە-
رىدىكى ئاق پىشىپ خۇددى تاسمىدەك قېتىپ كېتىپتۇ. ئۇنى
ئالغۇچە بىرئاز قىينالدۇق. هەي، نېمىسىنى دەيسىز، گەپنى
يىغىپ كەلسەك يەنىلا شۇ بەزى بىمارلىرىمىزنىڭ ئېڭىغا بېرىپ
تاقىلىدۇ. كېسەللىككە سەل قاراش بىزنىڭ ئارىمىزغا خۇددى
لەڭمەن يېيىشكە ئوخشاشلا كەڭ تارقالغان. تەرەپ - تەرەپتىن
كەلگەنلەر ماڭا يىغلاپ - يالۋۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاھ - زارىنى
ئاڭلاپ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، گېلىمدىن بىرنەرسە ئۆتمەي

قالدۇ. بەزىلىرىنى ئىلاجىسىز قايتۇرۇۋېتىمەن. سەۋەبى، كې-
سەلنى ۋاقتىدا كۆرسەتمىگەن، ۋاقىت ئۆزىراپ كۆز تورلىرى
قۇرۇپ كەتكەن ياكى كۆز پەردىسى كاردىن چىققان، يەنە كېسەللىك-
نى ساقايتىشتىن بىر پىرسەنتمۇ ئۈمىد يوقلار. ئەھۋال بۇ دەر-
جىدە ئېغىرلاشقاندىن كېيىن ھەرقانچە يىغلاپ ـ قاخشىغان بىلەن-
مۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ ـ دە!

ھەدىيە دوختۇرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز مىللىتى-
مىزنىڭ كېسەللىككە سەل قاراش خاھىشى توغرىسىدا ئويلىنىپ
قالدىم. توغرا، بىزدە «ئاخىرقى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن»
دەيدىغان سۆز بار. مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن دېھقانلىرىمىز كې-
سەللىككە سەل قاراپ، يامان ئاقىۋەتلەرگە قالسىغۇ ئۇلارنى كە-
چۈرۈۋېتىشكە بولار، ئەمما يېڭى دەۋرىمىزدىكى تەربىيە كۆرگەن
ياشلىرىمىزنى نېمە دېيىش كېرەك؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئاتا ـ
ئانىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا كېسەللىككە سەل قارىماسلىق
ھەققىدە نەسىھەت قىلمايدىغاندۇ؟! چوڭلىرىمىز كېسەل بولۇپ
قالسا، دەسلەپ ئۇنىڭغا سەل قاراپ، ۋاقتىدا دوختۇرغا داۋالات-
ماي، ئۇلار كېسەللىك سەۋەبىدىن دۇنيادىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان-
دىن كېيىن ياقا يىرتىپ، جىنازىغا ئېسىلىپ يىغلىغاننىڭ نېمە
ئەھمىيىتى بولسۇن؟! قارىغاندا، كىشىلىرىمىزنى جىسمانىي جە-
ھەتتىنلا ئەمەس، روھىي جەھەتتىنمۇ «چوڭ ئوپېراتسىيە» قى-
لىشقا توغرا كېلەمدۇ قانداق؟!

ھەدىيە دوختۇرنىڭ ئۈمىدىمۇ كېسەللىكنى ۋاقتىدا داۋالاپ،
ئازابلىق دىللارغا شادلىق، خىرەلەشكەن كۆزلەرگە قايتا يورۇق-
لۇق ئاتا قىلىشقۇ؟!

1995 ـ يىلى ماي، ئۈرۈمچى

# ھالال ئەجىردىن كەلگەن شان - شەرەپ

1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، پايتەخت بېيجىڭدىكى ھەيۋەتلىك «خەلق» سارىيىنىڭ ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدىغان ياسىداق زالى ئۆزگىچە تۈسكە كىرگەن بولۇپ، زال ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ۋە تەقەززالىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى، ھەممەيلەن ئوخشاشلا بىر نۇقتىغا — ئىشىككە تىكىلگەنىدى.

— كەلدى، كەلدى، — كىمدۇر بىرىنىڭ بوشقىنە توۋلىشى بىلەن ھەممەيلەن خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا «گۇرررىدە» ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلدى.

دەل شۇ چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى لى پېڭ ئىشىكتىن كۈلۈمسىرىگىنىچە كىرىپ كەلدى ۋە زالدىكى كىشىلەر بىلەن بىرمۇبىر سەمىمىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

لى پېڭ زۇڭلى قوبۇل قىلغان بۇ كىشىلەر دۆلەت ئەمگەك مىنىستىرلىكى بىلەن كادىرلار مىنىستىرلىكى بىرلىكتە چاقىرغان مەملىكەت بويىچە ئەمگەك سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 33 ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇ قېتىم مۇكاپاتلانغان بىردىنبىر ئۇيغۇر — خوتەن ۋىلايەتلىك ئەمگەك باشقارمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەبەيدۇللا ھاشىممۇ بار ئىدى.

www.uyghurkitap.com

لى پېڭ زۇڭلى بۇلار بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا بۇ 33 ئىلغار خىزمەتچىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئاساسىي قاتلاملاردا جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باها بەردى، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خىزمەت ئورنىدا تىرىشىپ ئىشلەپ، پارتىيە ـ خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىشىنى ئۈمىد قىلدى ھەمدە ئۇلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. قوبۇل قىلىش ئاخىرلاشتى، ئۇلار چۈشكەن مىنىبۇس بېيجىڭنىڭ ئازادە ئاسفالت يولىدا يەڭگىل تەۋرىنىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. ئەبەيدۇللا ھاشىمنىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالغان كۈچلۈك ھاياجان تېخىچە تارقالمىغان بولۇپ، ئۇ مىنىبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەمگەك سىستېمىسىدا خىزمەت قىلىپ، بېسىپ ئۆتكەن 16 يىللىق ئەگرى ـ توقاي ۋە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ھايات مۇساپىسى خىيال ئېكرانىدىن بىرمۇبىر ئۆتۈشكە باشلىدى...

بۇنىڭدىن 16 يىل مۇقەددەم، يەنى 1980 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئەبەيدۇللا ھاشىمنى يېڭى قۇرۇلغان ۋىلايەتلىك ئەمگەك باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى، ئەمگەك سىستېمىسىنىڭ خىزمىتى كەسىپچانلىقى كۈچلۈك، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ خىزمەت بولۇپ، ئۇ بۇ خىزمەتنى ئىشلىگۈچىلەردىن ئەمگەك خىزمىتىگە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارنى پىششىق بىلىشتىن سىرت، يەنە ئىقتىساد ۋە تېخنىكىغا ئائىت بىلىملەرنى ئوبدان ئىگىلەشنى تەلەپ قىلاتتى. ئىلگىرى، ئەمگەك سىستېمىسىنىڭ خىزمىتى بىلەن ياخشى تونۇشلۇقى بولمىغان ئەبەيدۇللا ھاشىم ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ راستىنلا ئېچىلمىغان «بوز يەر» ئىدى. بولۇپمۇ بىرىنچى قول رەھبەر تېخى سەپلەنمىگەن شارائىتتا، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئاجرىتىلغان، ئەمگەك خىزمىتى جەھەتتە ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسى

بولمىغان يولداشلار بىلەن پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئەمگەك خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ياخشى قانات يايدۇرۇش، ئىشنى نەدىن باشلاش، تۈنجى قەدەمنى قانداق بېسىش قاتارلىقلار ئۈنى ھەدېگەندىلا خېلى تەمتىرىتىپ قويدى. لېكىن، تەشكىل ئۈنىڭغا ئىشىنىپ بۇ ئىشنى تاپشۇرغانىكەن، ئىشلىمەي بولمايدۇ. ئىشلىگەندىمۇ تەشكىل ۋە خەلق ئاممىسى رازى بولغۇدەك ياخشى ئىشلەش كېرەك ئىدى.

خېلى ئۇزاق ئويلىنىش ۋە دېلىغۇل بولۇشلاردىن كېيىن ئۇ ئاخىر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، بۇ خىزمەتكە جان - دىلى بىلەن كىرىشىپ كەتتى. تۈنجى قەدەمنى ئاپپاراتلارنى تەرتىپكە سېلىش، تولۇقلاش ۋە خادىملارنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشتىن باشلاپ، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ۋىلايەتتىكى يەتتە ناھىيە، بىر شەھەردە ئەمگەك بۆلۈمى (ھازىرقى ئەمگەك ئىدارىلىرى) نى تەسىس قىلىپ، ئۇلارغا ئىقتىدارلىق خادىملارنى سەپلەشكە ياردەملەشتى. ۋىلايەتنىڭ ئەمگەك سىستېمىسىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قاتتىق ئۆلچەم ۋە يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ئۇلارنى كەسىپ ئۆگىنىشكە ئۈيۈشتۇردى.

كەسپىي خادىملارنى مۇۋاپىق ئىشقا قويۇش، ئۇلارنى توغرا يېتەكلەش، ئۇلارنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىگە توغرا باھا بېرىش ئۈچۈن، رەھبەر بولغان كىشى چوقۇم شۇ كەسىپنىڭ ئەھلى بولۇشى شەرت. مانا مۇشۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشەنگەن ئەبەيدۇللا ھاشىم سەككىز سائەت ئىچىدە باشقارمىنىڭ باش - ئايىغى يوق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئۆتسە، كېچىلىرى ئۆيدە ئۈستەل چىراغىنىڭ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ، ئەمگەك خىزمىتىگە ئائىت قائىدە - نىزاملار، ئىقتىساد، باشقۇرۇشقا ئائىت بىلىملەرنى زور ئىجتىھات بىلەن ئۆگەندى. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئاجىز ھالقىسى بولغان خەنزۇچە ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا كەسپىي ماتېرىياللارنى بىمالال كۆرۈپ پايدىلىنالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى.

1981 ـ يىلى ئەبەيدۇللا ھاشىمنىڭ دىققەت ـ نەزىرى ۋىلايەتلىك شوپۇر تەربىيىلەش سىنىپىغا چۈشتى. ئەيني چاغدا ۋىلايەتتە تەسىس قىلىنغان شوپۇر تەربىيىلەش سىنىپىنىڭ مۇقىم ئورنى يوق بولۇپ، ئۇلار ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر سىنىپ، بىرنەچچە ئېغىز ياتىقىنى ئىجارىگە ئېلىپ «تىرىكچىلىك» قىلىۋاتاتتى، ئوقۇغۇچىسىمۇ 30 غا يەتمەيتتى.

بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىزلا ئەينى چاغدىكى ۋالىي نۇرمۇھەممەت خۇدابەردىنىڭ ئىشخانىسىدا پەيدا بولدى.

— ۋالىي، ۋىلايەتلىك شوپۇر تەربىيىلەش سىنىپىنى باشقارمىمىزغا ئۆتكۈزۈپ بەرسەڭلار، ئۇنى كېڭەيتىپ مۇتىخەسسىس ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپى قىلىپ قۇرۇپ چىقساق ـ مىكىن دەيمەن، — دېدى ئۇ ۋالىيغا.

— شۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋالىي.

— ئەلۋەتتە بار، ۋىلايىتىمىزدە سانائەت كارخانىلىرى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىشچىلار قوشۇنىمۇ زورىيىۋاتىدۇ، ئىشچىلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى زاۋۇت ـ كانلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. شۇڭا بىر مۇتىخەسسىس ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپى قۇرۇپ، تۈرلۈك كەسپلەرنى تەسىس قىلىپ، ئىشچىلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلىسەك بۇنىڭ ئەھمىيىتى تولىمۇ زور بولىدۇ.

— بىراق، ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ، شوپۇر تەربىيىلەش سىنىپىنى سىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بەرسەك قانداق بولىدۇ، يەنىلا ئاپتونوم رايوننىڭ ھۆججەت چۈشۈرگىنى تۈزۈك.

— ئۇنداقتا، ئۆزۈم ئۈرۈمچىگە بېرىپ مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن كۆرۈشۈپ باقسام قانداق؟

— مەيلى، مۇناسىۋەتلىشىپ كۆرسىڭىز بولىدۇ، بىز

سىزنى قوللايمىز.

مۇشۇ سۆھبەت بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ئەبەيدۇللا ھاشىم ئۇرۇمچىدە پەيدا بولدى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك ئىدارىسى (ھازىرقى ئەمگەك نازارىتى)، شتات كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا خوتەننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئۆزىنىڭ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قۇرۇش توغرىسىدا پىلانلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ ۋە شتات كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى بۇ ئىشنى قىزغىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى ۋە دەرھال بۇ ئىككى ئورگاننىڭ نامىدا خوتەن ۋىلايەتلىك شوپۇر تەربىيىلەش سىنىپىنى ۋىلايەتلىك ئەمگەك باشقارمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەمدە ئۇنىڭ نامىنى ۋىلايەتلىك ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپىگە ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ھۆججەت چۈشۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق شتات كومىتېتى بۇ مەكتەپنىڭ شتاتىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بەردى.

شۇنىڭدىن بۇيان، ئەبەيدۇللا ھاشىمنىڭ كۈنلىرى باشقارمىنىڭ كۈندىلىك ئىشى، شۇنداقلا ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپى قۇرۇش ئىشى بىلەن تولىمۇ ئالدىراش ئۆتتى. يۇقىرى - تۆۋەن قاتراش، دوكلات قىلىش، ئىلتىماس سۇنۇشلار ئارقىلىق 1984 - يىلى يازغا كەلگەندە 700 مىڭ يۈەن ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسىدا رەسمىي ئىش باشلاندى. ئاشۇ كۈندىن تارتىپ تاكى 1995 - يىلى كۈزگىچە بولغان 11 يىللىق «مارافونچە» قۇرۇلۇش قىلىش، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاش، يېڭى كەسىپلەرنى تەسىس قىلىش، ئوقۇتقۇچىلارنى سەپلەش، 3 - كەسىپنى جانلاندۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بۇ مەكتەپ 12 خىل كەسىپ بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلالايدىغان، 150 تىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى، 1000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بولغان، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر دۆلەت دەرىجىلىك

تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىگە ئايلاندى. 15 يىل مابەينىدە، بۇ مەكتەپ خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى كان ـ كارخانىلار ئۈچۈن 5200 دىن ئارتۇق كەسپىي تېخنىك ئىشچى تەربىيىلەپ بەردى. مانا بۇ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئەبەيدۇللا ھاشىم نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى، يۇقىرى ـ تۆۋەنگە تالاي قېتىم قاتراپ، ياخشى ـ يامان گەپلەرنى يەتكۈچە ئاڭلىدى. بەزىدە ھەتتا مۇشۇ ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ ئائىلىسىگە، بالا ـ چاقىسىغا قاراشقىمۇ چولىسى تەگمەي قالدى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇنىڭ جاپالىق ئەجرى، ھالال تەرى بىلەن قالدۇرغان ئىزلىرى، تىكلىگەن ئابىدىلىرى مانا ئەمدى يورۇقلاش ۋادىسىنىڭ ھەممىلا جايىدا جىلۋىلىنىشكە، جۇلالىنىشقا باشلىدى.

ئەمگەك باشقارمىسى پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىشچى قوبۇل قىلىش، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش، بىخەتەرلىك قاتارلىق ئىشلارنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق بولغاچقا، بۇ يەرگە، بولۇپمۇ بۇ ئورۇننىڭ رەھبىرى بولغان ئەبەيدۇللا ھاشىمنىڭ ئالدىغا «سالام» غا كېلىدىغانلار بىرقەدەر كۆپ ئىدى. ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئازدۇر ـ كۆپتۇر «كۆڭلى» نى ئالغاچ كېلىپ، ئىشلىرىنى «ئادەمگەرچىلىك» يولى بىلەن ھەل قىلىشنى ئويلايتتى.

1995 ـ يىلى ئۆكتەبىر بايرىمى مەزگىلى. قېيىنچىلىقى بار بىرقانچە كارخانىدىكى ئىشچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ سەھەردىلا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئەبەيدۇللا ھاشىم قاش قارايغاندا ھېرىپ ـ ئېچىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

— بىر خەنزۇ ئايال ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتىكەن، خېلى ئۇزاق ساقلاپ، ھېلىراقتا كېتىپ قالدى، — دېدى ئايالى ئۇنىڭ ئالدىغا پىيالىدە چاي قويۇۋېتىپ.

— نېمە ئىشى بار ئىكەن؟

— ماڭا دېگىلى ئۇنىمىدى، ئۆزى بىلەن كۆرۈشسەم ياخشى



www.uyghurkitap.com

بولاتتى دەيدۇ. يەنە بىر سومكىنى تاشلاپ قويۇپ كەتتى.

— مەن نېمە دېگەن، نېمىشقا باشقىلار ئەكەلگەن نەرسىنى ئالىسىلەر؟!

— ئالغىلى ئۇنىمىسام، تاشلاپ قويۇپلا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ۋارقىرىساممۇ قارىغىلى ئۇنىمىدى، — ئايالى گېپىنى تۈگىتىپ يەرگە قارىدى. ئەبەيدۇللا ھاشىمنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى:

— سومكا قېنى؟

ئايالى ئېغىر بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇ سومكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېدى، ئىچىدىن ئىككى پاچكا «خۇڭتاشەن» ماركىلىق تاماكا، ئىككى بوتۇلكا «ماۋتەي» ھارىقى ۋە يېرىم قوينىڭ گۆشى چىقتى.

— ئەستاغپۇرۇللا! ماۋۇ خەقلەر مېنى نېمە دەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟

مۇشۇ ئىش بىلەن ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈنلۈك بايراملىق دەم ئېلىشىمۇ ھارام بولدى، بۇ نەرسىلەرنى كىمنىڭ ئەكەلگەنلىكىنى بىلەلمەي جىلە بولدى، بىرنەچچەيلەنگە تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپمۇ كۆردى، لېكىن يەنىلا نامەلۇم «ساخاۋەتچى» نى تاپالمىدى.

بايراملىق دەم ئېلىش ئاخىرلىشىپ ئىشقا چۈشكەن تۇنجى كۈنى ئۇ ئىشخانىغا كېلىپ ئەمدىلا ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشىغا ئىشىك يەڭگىلگىنە چېكىلدى.

— كىرىڭ! — دېدى ئۇ ئىشىك تەرەپكە نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ.

— ئەي چۈجاڭ، ياخشىمۇسىز! — 48 ـ 50 ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بويلۇق بىر خەنزۇ ئايال ئىشىكتىن كىرىپلا ئۇنىڭغا خۇددى قەدىناس دوستلاردەك قىزغىن سالام قىلدى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ، نېمە ئىش بار، — دېدى ئەبەيدۇللا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھاشىم بۇ ناتونۇش ئايالنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ.

— مەن ئىچكى ئۆلكىگە خىزمەت ئالماشتۇرۇپ كەتمەكچى ئىدىم، ئۆزۈمنىڭ رەسمىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈپ قالدى. بەلگىلىمە بويىچە بىر پەرزەنتىمنى بىللە ئېلىپ كېتىشىمگە رۇخ-سەت قىلىنىدىكەن، مەن ئېلىپ كەتمەكچى بولغان ئوغلۇم ھازىر بىر كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىدا ئىشلەيتتى، ئەگەر مۇمكىن بولسا ئۇنىڭغا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ كۆر-سەتكۈچىدىن بىرنى ھەل قىلىپ بەرگەن بولسىڭىز. بىز ئىچكى ئۆلكىگە كېتىدىغان بولغاندىن كېيىن سىلەرگىمۇ ئانچە تەسىرى بولمايتتى.

— بەلگىلىمە بويىچە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار-دا ئىشلەيدىغان خادىملارنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەمۇرىي ئو-رۇنلارغا ئالمىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. شۇڭا سىزگە ئۇنداق ساختا كۆرسەتكۈچ چىقىرىپ بېرەلمەيمىز.

— ماڭا بىر ياردەم قىلغان بولسىڭىز سىزدىن بەكلا مىننەت-دار بولاتتىم. بايرامدا ئۆيىڭىزگە ئىزدەپ بارسام يوقكەنسىز، بەلكىم ئايالىڭىزمۇ دېگەندۇ؟

ئەبەيدۇللا ھاشىم دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ-لا قالدى، نەچچە كۈندىن بېرى ھېچ يەردىن ئىز - دېرىكىنى قىلالمىغان ناتونۇش «ساخاۋەتچى» نىڭ كۆز ئالدىدا تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇشى خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى. ئۇ ئاچچىقىدا ئۇنى راسا بىر ئەدەپلەپ قويماقچى بولدىيۇ، لېكىن تاسادىپىي كۆڭلىگە بىر «جىن» كىرىپ، بايىقى نىيىتىدىن ياندى. ئۇ دەرھال تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ:

— ئۆيگە مېنى ئالايىتەن يوقلاپ كەلگەن سىز ئىكەنسىزدە، نېمىشقا بالدۇرراق ئېيتمايسىز، مۇنداق بولسۇن، سىز ئەتە ئەتىد-گەندە كېلىڭ، — دېدى.

ھېلىقى ئايال خۇشاللىقىدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي،

ئارقا - ئارقىدىن سالام قىلغىنىچە كەينىچە مېڭىپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

ئەبەيدۇللا هاشىم ئەتىسى سەھەردە ھېلىقى سومكىنى كۆتۈرۈپ ئىشخانىسىغا كېلىپ «مېھمان» نى ساقلاپ ئولتۇردى. ئالاھازەل 15 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى ئايال ئىشىكنى ئاستا چېكىپ، ئالىي ئېھتىرام بىلەن كىرىپ كەلدى ۋە ئەبەيدۇللا ھاشىمغا ئۈمىد بىلەن تىكىلدى.

— قېنى، ئولتۇرۇڭ، ئىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى پۈتتۈرۈپ قويدۇم، ئېلىپ كەتسىڭىز بولىدۇ،— ئەبەيدۇللا ھاشىم شۇنداق دېدى - دە، يېزىق شىرەسىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغان سومكىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

بۇنداق بولۇشى ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن ئايال داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— مەرھەمەت، ئەمدى قايتسىڭىز بولىدۇ،— دېدى ئەبەيدۇللا ھاشىم ئۇنىڭغا قاراپ سوغۇق كۈلۈمسىرەپ.

بارلىق خام - خىياللىرى سۇغا چىلاشقان ھېلىقى ئايال سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، تەمتىرىگىنىچە ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

بۇنداق ئىشلار ئەبەيدۇللا ھاشىمنىڭ ئالدىدىن تۇنجى قېتىم ئۆتۈشى ئەمەس، ئۇ «ئەمەلدارلىق تاجى» نى كىيگەندىن بۇيان تالاي كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەرخىل «ئېلتىپات» لارنى كۆرسىتىشتى. بۇنداق ئەھۋاللاردا ئۇنىڭ ئىزچىل تۇتقان پوزىتسىيىسى «پرىنسىپ بويىچە ئىش قىلىش، سوۋغات ئەكەلگۈچىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىش» تىن ئىبارەت بولدى.

ئەبەيدۇللا ھاشىم ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق خىزمەت ھاياتىدا پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، ئېسىل خىسلىتىنى ھەر ۋاقىت ساقلاپ كەلدى. بولۇپمۇ ئۇ باشقارمىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى

ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچ چىقاردى، ئۇ ھازىرغىچە باشقا ئىدارىد-
كى خادىملارنى بېيجىڭ، شىئەن، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى
ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا 30 ئادەم (قېتىم) دىن ئارتۇق تەربىيە-
لەشكە ئەۋەتىپ بىر تۈركۈم كەسپكە پۇختا، ئەتراپلىق يېتىلگەن
خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەمگەك باش-
قارمىسىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى ئوڭۇشلۇق قانات يېيىپ، ئاپ-
تونوم رايونىمىزدىكى ئەمگەك سىستېمىسى بويىچە ئالدىنقى قاتار-
غا ئۆتتى. ئەبەيدۇللا ھاشىم كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئۆزى يې-
تىلدۈرگەن ئاساسىي قاتلاملارغا كۆپ بېرىش، ئىشچى-
خىزمەتچىلەرنىڭ ھالىغا يېتىشتىن ئىبارەت خىزمەت ئىستىلىدە
ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلدى. ھەر قېتىم ئاساسىي قاتلاملارغا
بېرىپ خىزمەت تەكشۈرگەندە، بولۇپمۇ قىيىنچىلىقى بار كارخا-
نىلارغا بېرىپ ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئەھۋال ئىگىلى-
گەندە ئۇلارغا بىر ياكى بىر قانچە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى
زادىلا ئۇنتۇمىدى.

نەشكىل ئۇنىڭ خىزمەتتىكى يۇقىرىقىدەك بىر قانچە نەتىجە-
لىرى ۋە دۇرۇس خىزمەت ئىستىلىغا ئىزچىل يۇقىرى باھا
بېرىپ كەلدى، ئۇ كۆپ يىللاردىن بېرى، نۇرغۇن قېتىم ۋىلايەت
تەرىپىدىن ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ۋە
پاك - ديانەتلىك رەھبەر بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

1997 - يىل يانۋار، خوتەن

# دەريا ئىلھامى

ماناس ناھىيە تاشىرقاي دەريا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، سۇ-چىلىق ئالىي ئىنژېنېرى ئىلھام ساۋۇتنى چاچلىرى ئاپئاق ئاقار-غان، كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان زىيالىي سۇپەت كىشى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن تەسەۋۋۇرۇمنىڭ ئەك-سىچە، كۆز ئالدىمدا يۇز ـ كۆزى ئاپتاپتا كۆيگەن، ساقال ـ بۇرۇتى ئۆسكەن 35 ـ 36 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بىلەن بىر سائەتتىن ئارتۇق ھەپىلىشىپمۇ قەغەز يۇزىگە چۇشۇرگۇدەك بىر نەرسىگە ئېرىشەلمىدىم، نەتىجىلىرى ھەققىدە سۆز ئېچىۋېدىم، ئۇ خىزمەت ۋە پەن تەتقىقات نەتىجىلى-رى تونۇشتۇرۇلغان بىر قۇچاق كىتاب ـ ژۇرنالنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، خىزمىتىنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى.

مەن ئىلاجسىز ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ماتېرىياللارنى ۋاراق-لاشقا مەجبۇر بولدۇم. ماتېرىياللار ئىچىدە ئۇنىڭ «شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى»، «قۇرغاق رايونلار جۇغراپىيىسى» قاتارلىق ژۇرنال-لاردا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلىرى، باشقىلار بىلەن بىرلى-شىپ يازغان «شىنجاڭ تاشىرقاي دەريا ۋادىسىدىكى بايلىق مەنبە-لىرىنى قوغداش، ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن داۋاملىق پايدىلىنىش توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ئەسىرى، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى-نىڭ شەرىپىگە سانجى ئوبلاستى، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن بې-رىلگەن گۇۋاھنامىلەر، 1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن «كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشتە-كى ئىلغار شەخس» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسى، ناھىيە ۋە

ئوبلاستتىن بېرىلگەن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەنگە ئوخشاش ئۇنى نەچچە پارچە شەرەپ گۇۋاھنامىسى بار ئىدى. پاكىتلار مېنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتتى، مەن ئىلاجسىز ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. تۆۋەندە ئوقۇرمەنلىرىمگە سۇنماقچى بولغىنىم، تاشىرقاي دەريا باشقارمىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى شيې جىچ-ياڭ بىلەن بۇ باشقارمىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان پېشقەدەم ئىنژېنېر گو جىچىنىڭ سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلىرى.

## ماناسقا كېتىمەن

1984 ـ يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ ئاخىرى، كېچىنىڭ سالقىن شامىلى سابىق شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ قورۇسى ئىچىدىكى گۈل ـ چېچەك ۋە مېۋىلەر-نىڭ خۇشبۇي ھىدىنى دىماغقا ئۇرۇپ تۇراتتى. مەكتەپ كۇلۇبى-نىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئىلھام چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغانىدى. سەل نېرىدىكى چىملىقتا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ شوخ كۈلكە ـ چاقچاقلىرى، ئايرىلىش ئالدىدى-كى گىتارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىلىرى ئۇنىڭ مەيلىنى تارتالمىدى. بىر خىل مۇرەككەپ ئىچكى ھېسسىيات ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ خىيالىنى چىرمىۋالغانىدى.

بۈگۈن تەقسىمات ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ مەكتەپ ئوقۇ-غۇچىلار بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنغانىدى، ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا كەلگەن ئامەتنى تەبرىكلەشتى، لېكىن ئۇ ئانچە خۇشالدەك كۆرۈن-مەيتتى. ئەكسىچە، دىلغۇل بولۇپ قالغانىدى، مەكتەپتە قېلىپ ئاۋات شەھەردە، زىيالىيلار ئارىسىدا تۇرمۇش كەچۈرۈش تولىمۇ راھەت، ئەلۋەتتە. ئۇنداق قىلغاندا تويپا ـ چاڭغا مىلىنىدىغان



www.uyghurkitap.com

ئىشمۇ بولمايدۇ. شىم - كاستۇمنى قاتۇرۇپ كىيىپ، گالىستۇكنىڭ ئېسىلىنى تاقاپ، سەككىز سائەت ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىنى قىلىپ، باشقا ۋاقىتتا دوست - بۇرادەرلەر بىلەن ئويۇن - تاماشا قىلىپ ئۆتىدىغان گەپ. لېكىن، ئىلھامنىڭ ماناسقا بېرىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ، ئۆزىنى بىر سىناپ باققۇسى بار ئىدى. ئۇ ھازىر مۇشۇنداق تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل يول، ئىككى خىل تاللاشنىڭ دوقمۇشىدا تۇراتتى.

ئىككى - ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق دېلىغۇل بولۇش، قايتا - قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق ئۇ ئاخىر ئىككىنچى خىل يولدا مېڭىشنى تاللىۋالدى، ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندىلا فاكۇلتېت مۇدىرى ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

— نېمە؟ ماناسقا كېتىمەن دېدىڭما؟ — دەپ سورىدى مۇدىر ھەيران بولۇپ. چۈنكى، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ ئۆيىگە، ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۈرۈمچىگە تەقسىم قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنىدىغان، يالۋۇرىدىغان ھەتتا يىغلاپ دەرد تۆكىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە باغاقچە ئەۋەتكەن، تېلېفون بەرگەن، مەكتەپ رەھبەرلىرىنى ئارىغا سالغان «مۇناسىۋەتلىك يولداشلار» نۇرغۇن ئىدى. فاكۇلتېت رەھبەرلىرى ئىلھامنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى، ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدا ئىشلىگەن ئەمەلىي خىزمەتلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمىگە تەقسىم قىلغانىدى.

— شۇنداق، يۇرتۇمغا بېرىپ ئىشلەيمىكىن دەيمەن، — دېدى ئىلھام.

— نېمىشقا؟ ئائىلەڭدە قىيىنچىلىق بارمۇ - يا؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ باقايمىكىن، دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم.

— ياخشىسى، ئويدانراق ئويلىنىپ باققىن. مەكتەپتە قېلىپ ئىشلىسەڭ پايدىسى كۆپ.

مۇدىر ئۇنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېتىشىگە ئەمەلىيەتتە قوشۇلمى-دى، سىنىپ مەسئۇلى ۋە ساۋاقداشلىرىمۇ ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەسى-ھەت قىلدى ھەتتا ئۇنىڭغا: «تۆۋەن دېگەننىڭ جاپاسىز ئىشلار ھەرگىز ئويلىغىنىڭدەك بولمايدۇ، ھەرقانداق مەنمەن دې-گەن نوچىنى تۆت كۇندىلا ئۇپرىتىپ كاردىن چىقىرىدۇ. كەلگۈ-سى ئىستىقبالىڭنى ئويلىغاندا مەكتەپتە قالغىنىڭ تۈزۈك» دېگۈ-چىلەرمۇ بولدى.

لېكىن، بۇ قېتىم ئىلھامنى ھېچقانداق كۈچ ۋە ھېچكىممۇ توسۇپ قالالمىدى، ئۇ دېگىنىنى قىلىدىغان تەرسا مىجەزى بويىچە يۈك ـ تاقىنى يىغىشتۇرۇپ، ماناسقا قايتىپ كېلىپ، ئەتىسىلا ئەينى چاغدىكى ماناس ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى مۇھەممەت توختىغا ئەگىشىپ تاغقا چىقىپ كەتتى ۋە شۇ ئىشلىگەنچە تاغمۇتاغ، سايمۇ ساي يۈرۈپ 12 يىلنى ئۆتكۈزدى ...

## رازى بول، ئانا

1988 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چىڭقىچۈش. تاشىر-قاي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدىكى كەڭرى كەتكەن سايلىقتا 400 دىن ئارتۇق كىشى قاتتىق ئىسسىقتا قارىماي جىددىي ئىشلە-ۋاتاتتى. ئالدىنقى يىلى كەلگەن دەھشەتلىك كەلكۈن دەريانىڭ يەتتە ـ سەككىز كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قىرىنى ۋەيران قىلىۋ-ۋەتكەن بولۇپ، تاشىرقاي دەريا باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى-لىقىغا يېڭىلا تەيىنلەنگەن ئىلھام ساۋۇت كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن قىرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ قوماندانلىقىنى ئۈستى-گە ئېلىپ، سايدا ئىشچىلار بىلەن بىللە يېتىپ ـ قوپۇپ ئىشلەۋا-تاتتى. ئىشچىلار كەتمەن ـ گۈرجەكلىرىنى تاشلاپ تاماققا كې-تىشتى، ئىلھام تېخىچىلا ئىرماش ـ چىرماش بەلگە ـ سىزىقلار بىلەن تولغان خەرىتىنى تاشلارنىڭ ئۈستىگە يېيىپ قويۇپ، نېمى-

دۇر بىرنېمىلەرنى سىزىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇستىۋىشىدىن شۇرقىراپ قۇيۇلۇۋاتقان تەر ھەر قېتىم ئېگىشكەندە خەرىتە ئۇستىگە تامچىلاپ چۈشەتتى. دەل شۇ چاغدا باشقارمىدىكى بىرەيلەن ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يۈگۈرگىنىچە يېتىپ كەلدى ۋە:

— چۈجاڭ، سىزگە ناھىيىدىن تېلېفون كەپتۇ، ئاپىڭىز جىددىي كېسەل بىلەن دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ، سىزنى دەرھال كەلسۇن دەيدۇ، — دېدى.

— نېمە كېسەل ئىكەن؟

— مېڭىسىگە قان چۈشكەن ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى ۋە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. قانداق قىلغۇلۇق؟ ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلغان ئانىسى قاتتىق ئاغرىپ كارىۋاتتا ياتسا، پەرزەنت تۇرۇقلۇق، بېرىپ ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزى خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ دەريانى رېمونت قىلىمەن، ئۆستەڭ ياسايمەن، دەپ سايمۇ ساي يۈرۈپ ئانىسىغا قانچىلىك ھىممەت يەتكۈزدى؟ بىچارە ئانا توققۇز بالىنى بېقىپ، ئوقۇتۇپ قاتارغا قاتقۇچە قانچىلىك ئازابلارنى تارتمىدى، ئەمدى ئۇنىڭ بېشى ياستۇققا يەتكەندە بالىلىق بۇرچىنى ئادا قىلالمىسا ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ يۇرتنىڭ يۈزىگە قانداق قارىغىلى بولىدۇ؟ ئۇنداقتا قولىدىكى ئىشنى كىم قىلىدۇ؟ بۇ قۇرۇلۇشنىڭ پىلان ـ لايىھىسىنى ئۇ ئۆزى تۈزگەن، خەرىتىسىنىمۇ ئۆزى سىزغان تۇرسا، بۇنداق يۇقىرى تېخنىكىلىق سەۋىيە تەلەپ قىلىدىغان ئىشنى سۇچىلىقنىڭ نېنىنى يېڭىلا يېيىشنى باشلىغان ئۆگەنگۈچى تېخنىكلارغا تاپشۇرۇپ قويۇپ كەتسە، 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان قۇرۇلۇشتىن مەسىلە كۆرۈلسە كىم جاۋابكار بولىدۇ؟ قۇرۇلۇش 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى تاماملانمىسا، يەنە كەلكۈن كېلىپ، سۇ تېخىمۇ كۆپ قىرغاقنى بۇزۇپ، غىلتاڭ سايلىققا

قاراپ ئاقسا، مۇشۇ دەريا ئارقىلىق سۇغىرىلىدىغان 240 مىڭ مو تېرىلغۇ يەردىكى زىرائەتلەر قۇرۇپ كەتسە، ئاشۇ يەرگە قاراشلىق نەچچە ئون مىڭ دېھقاننىڭ هالى نېمە بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە خەرىتىلەرنى بىر سىگە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈنمۇ ئىشنى توختىتىپ ئىككى - ئۈچ كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاڭغىچە، كۆنلۈك ئىشلەۋاتقان ئىشچىلارنىڭ ئىش هەققى، تامىقى ئۈچۈن كېتىدىغان چىقىمنى نەدىن هەل قىلىش كېرەك؟

ئۇ شۇ تەرىقىدە قانچىلىك تۇرغانلىقىنى، يەنە نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيتتى. ئىشچىلار تاماقتىن كېلىپ، كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى تاراقشىتىپ يەرنى چوقۇشقا باشلىغاندىلا ئېسىنى بىر ئاز يىغىپ، يەنە مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۇ هويلىسىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىرگەندە، هويلا ئىچى ئاق ياغلىق ئارتقان ئاياللار ۋە ئاق باغلىغان ئەرلەر بىلەن لىق تولغانىدى. ئۇ ئۆزىنى ئانىسى ساتادەتخاننىڭ مۇردىسى ئۈستىگە تاشلاپ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى...

7 - ئاي كىرىشى بىلەنلا كەلكۈن يەنە باشلاندى. لېكىن، ئۇ بۇ قېتىم ئۆتكەن يىلدىكىدەك دېھقانلارنى بوزەك قىلالمىدى. ئىلهام دەريا قىرغىقىدا تۇرۇپ، سېمونتلىنىپ پۇختا ياسالغان قىرغاقنى بۇزۇپ چىقىپ كېتىشكە مادارى يەتمەي، ياۋاشلىق بىلەن ئېقىشقا مەجبۇر بولغان شاش ئېقىنغا قاراپ خىيالغا پاتتى، كەلكۈننى كۆرگىلى كەلگەن دېھقان، چارۋىچىلار قىرغاقتا تۇرۇپ چۇقان - سۈرەن سېلىشماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆز چانىقىدىن چىققان ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ سىيرىلىپ چۈشتى. بۇنىڭ خۇشاللىق ياكى هەسرەت يېشى ئىكەنلىكىگە هېچكىممۇ بىرنەرسە دېيەلمەيتتى. ئۇ سۇ يۈزىدە ئانىسىنىڭ سىيماسىنى

كۆرگەندەك بولدى ۋە ئانىسىنىڭ سەكراتتا يېتىپمۇ «ئىلهام، ئىلهام!» دەپ نەچچە رەت چاقىرغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئۆزىگە ئاستا شىۋىرلىدى: «ئانا، ئوغلۇڭدىن رازى بول، مەن سېنىڭمۇ ئىلهامىڭ، شۇنداقلا مۇشۇ قەدىمكى دەريانىڭمۇ ئىلهامى.»

## «راك» نى داۋالاش

ناهىيە رەھبەرلىرىنىڭ باش قوشۇش يىغىنى كەچ سائەت توققۇزدىن ئاشقاندا ئاخىرلاشتى. هاكىمنىڭ ئىشخانىسىدا تاماكىنى كەينى ـ كەينىدىن چېكىپ ئولتۇرغان ئىلهام هاكىمنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇنىڭ كۆزىگە ئۈمىدلىنىپ قارىدى.

— تەكلىپىڭ ماقۇللاندى، ئەتە ئىش باشلىنىشىغا قوشۇلدۇق، — دېدى هاكىم.

— رەھمەت، چوقۇم ۋاقتىدا پۈتتۈرۈشكە تىرىشىمەن.

— لېكىن، بىر شەرت بار، هازىر تىلخەت بېرىسەن، چىققان هەرقانداق مەسىلىگە ئۆزۈڭ جاۋابكار بولىسەن.

— بولىدۇ.

ئۇ هاكىمنىڭ ئۈستىلى ئۈستىدىكى ئىش قەغىزىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا خەنزۇچە مۇنۇلارنى يازدى: «مەنكى، ماناس ناهىيە تاشىرقاي دەريا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئىلهام ساۋۇت تاشىرقاي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى خوڭساۋەن ئېلىش بېشىدا قولۇلىنىمان تۇرۇبا ئارقىلىق قاينام ئېقىنىدا قۇم چۆشۈرۈشتىن ئىبارەت تەتقىقات تېمىسىنى سىناق قىلماقچى. پۈتۈن ئىشنى 10 كۈن ئىچىدە تاماملاپ، دەريادا سۇنىڭ قايتىدىن راۋان ئېقىشىغا كاپالەتلىك قىلىمەن. ئەگەر، سىناقتا مەغلۇپ بولسام ياكى باشقا مەسىلىلەرنى سادىر قىلسام كېلىپ چىققان بارلىق ئىقتىسادىي

www.uyghurkitap.com

زىياننى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن ھەمدە ۋەزىپەمدىن ئىستىپا بېرىمەن.

1990 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.»

ھاكىم قەغەزگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ باش لىڭشىتتى. ئىلھام ئىشخانىدىن خۇشال ھالدا چىقىپ شوپۇرغا:

— تاغقا ھەيدە، — دېدى.

— ئۆيگە كىرمەمسىز؟ — دەپ سورىدى شوپۇر. چۈنكى، ئۇ ئىلھامنىڭ ئايالى پاتمەنىڭ ئىككىنچى بالىسىغا ئېغىرئاياغ ئىكەنلىكىنى، ئاي - كۈنىنىڭمۇ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى، ئىلھامنىڭ خىزمەت بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆيىگە قايتمىغىنىغا خېلى كۈنلەر بولغانلىقىنى بىلەتتى.

— ۋاقىت يوق، — دېدى ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

تاشىرقاي دەرياسى تېپىك جىلغىسىمان دەريا ئىدى. دەريا ئوكلونى تىك، ئېقىنى تېز بولۇپ، دەريادا سۇ كۆپەيگەنسېرى قۇم - لاتقىمۇ كۆپىيىپ كېتەتتى. ھەر يىلى 7 -، 8 - ئايلاردا ئۇلۇغ سۇ ئېقىپ كەلگەن قۇم - لاتقىلار دەرياغا تىنىۋېلىپ، نورمال سۇ باشلاشقا، دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزەتتى. ئۇلار دەريادىكى قۇم - لاتقىلارنى تازىلاش ئۈچۈن ھەر يىلى نۇرغۇن ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ سەرپ قىلاتتى. ھەر يىلى بىر قېتىم داۋاملىشىدىغان باش - ئايىغى يوق بۇ ئىش ئۇلارنى ھالىدىن كەتكۈزگەنىدى. قۇم - لاتقىلارنىڭ دەريا ئېقىنىنى تىندۇرۇۋېتىشىدەك بۇنداق ھادىسە مەملىكەت ئىچىدە ھەتتا خەلقئارادىمۇ ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ سۇچىلىقتا «راك كېسىلى» دەپ ئاتىلاتتى. ئەگەر، بۇ مەسىلە ھەل قىلىنسا، مەملىكەت ئىچىدىكى چوڭ بىر بوشلۇق تولدۇرۇلاتتى.

ئىلھام تاشىرقاي دەريا باشقارمىسىغا كەلگەن كۈندىن باش-

لاپلا ئاشۇ «راك كېسەللىكى» بىلەن بىر ئېلىشىپ بېقىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ مەيلى قەيەرگە بارسۇن، نېمە ئىش قىلسۇن، ئوي - خىيالى يەنىلا ئاشۇ «راك كېسەللىكى» نىڭ كويىدا بولدى. ھەمدە قوم - لاتقىلارنىڭ دەريا ئېقىنىنى تىندۇرۇۋېتىش ھادىسىسىنى تونۇپ يەتتى. گېتىشنىڭ يېڭى، ئۇنۇملۇك يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. شۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرىدە، «شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىكى پروفېسسور جياڭ كەيچۇەن تەجرىبىخانىدا قولۇلىسمان تۇرۇبا ئارقىلىق قايىنام ئېقىنىدا قوم چۆكۈشىنى سىناق قىلىۋېتىپتۇ» دېگەن ئۇچۇر ئىلھام ساۋۇتىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. ئۇ دەرھال پروفېسسور جياڭ كەيچۇەننى ئىزدەپ، ئۇنىڭ بىلەن پىكىرلەشتى. لېكىن، بۇ تەتقىقات تەجرىبىخانىدىلا قىسمەن سىناق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلغان بولۇپ، چوڭ ئېقىنلاردا ئەمەلىيەتتىن ئۆتمىگەن «خام تاماق» ئىدى. ئۇنى ئەمەلىي سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىلمىي دەلىللەپ چىقىشقا يەنە نۇرغۇن جەريان، ئەمگەك كېتەتتى. قولۇلىسمان تۇرۇبا ئارقىلىق قايىنام ئېقىنىدا قوم چۆكۈشنى تېخنىكىسىنىڭ ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇش، قۇرۇلمىسى ئاددىي، مەبلەغ ئاز كېتىش، ئۇنۇمى ناھايىتى ياخشى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى ئىلھامغا يېقىپ قالدى ھەمدە پروفېسسورغا بىرلىكتە بۇ يېڭى تەتقىقات تېمىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش تەلىپىنى ئېيتتى. مەبلەغ، ماددىي كۈچ، ئادەم كۈچى قاتارلىق قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن تەجرىبىخانىدا ئىشلىگەن تەجرىبىسىنى نەگە بېرىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى بىلەلمەي تۇرغان پروفېسسور جياڭ كەيچۇەن ئىلھام ساۋۇتنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپ ھەم خۇشال بولدى، ھەم ھەيران بولدى. چۈنكى، ئۇ مۇشۇ تەتقىقات تېمىسىنى يولۇقلۇققا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن خېلى كۆپ قاتىرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دەريادىكى سۇنى بىر نەچچە كۈن توختىتىپ، خېلى كۆپ ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ سەرپ قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان

بۇنداق چوڭ ئىشقا تەۋەككۇل قىلىشقا پېتىنالمىغانىدى، مانا ھازىر مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئالايىتەن ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەن بۇ ئۇيغۇر يىگىتنىڭ جاسارىتى ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ھۆرمىتى ۋە قايىللىقىنى قوزغىغانىدى. ئۇ يازما ماتېرىياللىرىنى خۇشاللىق بىلەن ئىلھامنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە قالغان بارلىق ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.

ئىلھامنىڭ پروفېسسور جاڭ كەيچۇەننىڭ قېشىدىن قايتقان چاغدىكى خۇشاللىقى ئىككى كۈنگە قالمايلا يوقاپ چىقتى. بۇنىڭغا مۇنداق ئىككى ئىش سەۋەب بولدى: بىرى، ماتېرىيالدىكى قىيا-سەن ھېسابلاپ چىقىلغان سان ـ سىپىرلاردىن ناھايىتى كىچىك دائىرىدە سىناق قىلىش جەريانىدىلا چاتاق چىقتى. ئەمدى پۈتۈن ئىش ھالقىلىرىنى قايتىدىن بىرمۇبىر سىناق قىلىشقا توغرا كەل-دى؛ يەنە بىرى، ئىلھام ساۋۇتنىڭ بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنى غول ئېقىندا سىناق قىلىش تەكلىپى ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ قارشىلى-قىغا ئۇچرىدى. قايتا ـ قايتا يالۋۇرۇپ، چۈشەندۈرۈشلەر كار قىلمىدى، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئېچىلغان ناھىيە رەھبەرلىرى-نىڭ ئۈچ قېتىملىق باش قوشۇش يىغىنى كۆپ قىسىم رەھبەر-لەرنىڭ باش چايقىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئىلھام مەنسىپى ۋە بارلىق مال ـ مۈلكىنى «دو» غا تىكىش بەدىلىگە ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالدى.

بىكار تەلەپ كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، 10 كۈن خېلى ئۇزاق ۋاقىت. بىراق، قۇلۇلىسىمان تۇرۇبا ئارقىلىق قاينام ئېقىندا قۇم چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت يۇقىرى تېخنىكىلىق قۇ-رۇلۇشنى سىناق قىلىۋاتقان ئىلھام ساۋۇت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەربىر مىنۇت ۋاقىت ئاتنىڭ كاللىسىدەك ئالتۇندىن قىممەت. ئۇنىڭ تېخنىكىلىق تەلەپلەر بويىچە تۇرۇبىلارنى 10 كۈن ئىچىدە ئورنىتىپ بولالىشىدا گەپ يوق ئىدى. لېكىن، سېمونتلار ياخشى قۇرۇماستىنلا سۇ باشلىغاندا تۆت كۈنگە قالمايلا تۇرۇبىلارنى

ئېقىتىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر تەرەپتىن، ئىشنى تېزرەك تۈگىتىپ ئوبدان قۇرۇتۇشقا يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتىشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاللادىن يامغۇر - يېشىنسىز ئوچۇق ھاۋا تىلىدى. ھەر كۈنى 18 سائەتتىن ئىشلەش ئىشلەمچىلەرگىمۇ ئېغىر كەلدى. تۆت - بەش كۈندىن كېيىن ئىشچىلار ئوغرىلىقچە تۇرۇبىلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ يېتىۋالىدىغان بولۇشتى. ئىلھام ئۇلارنىڭ بەزىسىگە چىرايلىق گەپ قىلىپ، بەزىسىگە ۋارقىراپ - جارقىراپ، يەنە بەزىسىنى سىلكىشلەپ يۈرۈپ ئالتە يېرىم كۈندە ھەممە ئىشنى تۈگەتتى. ساخاۋەتلىك ئاللا ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئاشۇ كۈنلەردە ھاۋا تولىمۇ ئوچۇق ھەم ئىسسىق بولدى.

1990 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سەھەردە تاشىرقاي دەرياسىنىڭ سۈيى ئېقىنغا قايتا باشلاندى. تۆۋەنگە ئەجدىھادەك ئېتىلغان سۇدىكى قۇم - لاتقىلار قۇلۇلىسىمان تۇرۇبىغا كىرىشى بىلەن ھاسىل بولغان قايىنامدا بىرنەچچە چۆرگىلىگەندىن كېيىن تولىمۇ ياۋاشلىق بىلەن يان تەرەپكە ئېقىپ، تۇرۇبا ئارقىلىق ئېقىندىن چىقىپ كەتتى.

ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە باشقا كىشىلەر بۇ كارامەتنى كۆرۈپ، ئىلھام ساۋۇتقا بولغان قايىللىقىنى باسالماي مەدھىيە سۆزلىرىنى ياغدۇرۇۋەتتى:

— يارايسەن، يىگىت!

— بۇ سۇچىلىقتا بىر مۆجىزە بوپتۇ!

— ئەمدى يىلدا بىر قېتىم دەريانىڭ پوقىنى تازىلايدىغان ئىش يوق بوپتۇ.

— سۇچىلىقتىكى ساقايماس «راك» نى داۋالىغاندىكىن ھەقىقىي ئەزىمەت ئىكەن.

— بۇ نەتىجىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشقا سۇچىلىق تارماقلىرى ئۇقسا، خۇشاللىقىدىن دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتىدىغان

بولدى ـ دە!

— ئاپتونوم رايونىمىز دېگىنىڭ نېمىسى، بۇ مەملىكەت بويىچىمۇ يېڭى ئىش تۇرسا، ئەلۋەتتە كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش قىممىتىگە ئىگە.

ماختاش، كۆككە كۆتۈرۈش، تەشەككۈر سۆزلىرى تازا ئەۋجىگە چىققاندا، ئىلھام ساۋۇت ئاستا توپتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئىشخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. چۈنكى، ئۇ مۇشۇ چاغدىلا 10 كۈندىن بېرى تۇزۇك ئۇخلىمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىق دەستىدىن ئېغىرلاشقان جىسمىنى توپا باسقان كارۋاتقا تاشلاپ ناھايىتى تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى.

1997 ـ يىل ماي، ماناس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# تۆھپىكار ئۇنتۇلماس

كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرلەپ، كۆز چاناقلىرى ئىختىيارسىز ياشقا تولدى. ئۇ خۇددى بۇ ئائىلىنىڭ مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا ئۆزى سەۋەبچى بولغاندەك ئازابلىنىپ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەندى.

— قېنى، ئولتۇرۇڭلار!

بۇ سۆز بىلەن ئۇ ئېغىر خىيالدىن ئويغىنىپ، ئاستا بېرىپ يىرتىلىپ كەتكەن، توپا ئۆرلەپ تۇرغان كىگىز ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى.

— بۇ كىشى، — دەپ سۆز باشلىدى شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك باش شىركىتىگە قاراشلىق 1 - باشقارما (بۇ باشقارمىنىڭ ئورنى قەشقەردە) پارتكومىنىڭ شۇجىسى يۇسۇپجان ھوشۇر ئۆيدىكىلەرگە ئۇنى تونۇشتۇرۇپ، — شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك باش شىركىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى ئابدۇراخمان جاپپار بولىدۇ، بۇ قېتىم ئۇ مەخسۇس دەم ئېلىشقا چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سوراش ئۈچۈن كەلدى.

ئابدۇراخمان شۇجى ئۆي ئىچىگە يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتتى. بۇ پاكار ھەم زەي ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىدىن توپا ئۆرلەپ تۇراتتى. ئۆيدە ئۆي بىساتىنىڭ تايىنى يوق ئىدى. چاچلىرى چۇۋۇلغان، يۈز - كۆزى كىرلەشكەن، ئۈستۈبېشى تولىمۇ ئاۋارە بىر ئايال تاپسىدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇ بىردەم ئۆز - ئۆزىگە نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىسا، بىردەم قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. تۇرۇپلا يەنە كىمدۇر بىرلىرىنى تىللايتتى. ئۇنىڭ يېنىدا چاچلىرى

ئۆسكەن 20 ـ 21 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت خۇددى گۇناھ- كار كىشىدەك يالاڭ ئاياغ پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇراتتى. ئۆيگە مېھمان كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، تۈگۈلۈپ ياتقان يېرىدىن تەستە تۇرۇپ، مېھمانلارغا ئەيمىنىش بىلەن قاراپ تۇرغان 13 ـ 14 ياشلار چامىسىدىكى قىزچاقمۇ كىشىنىڭ ئىچى- نى سىيرىلدۇراتتى.

ئابدۇراخمان جاپپار ئۆزىنى تەستە بېسىۋېلىپ بالىلاردىن سوراشقا باشلىدى:

— مەكتەپتە ئوقۇمسىلەر؟

— ياق.

— نېمىشقا؟!

بالىلار بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ئۆيدە باشقا چوڭلار يوقمۇ؟

— ھامام بار ئىدى، ئۇكامنى ئېلىپ ئېتىزلىققا كەتتى.

— ئاپاڭلارنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىپ باق- تىڭلارمۇ؟

— ...

— بۇ ئائىلىنىڭ ئەھۋالىدىن سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلار بارمۇ؟ — ئابدۇراخمان جاپپار بۇ چاغدا نەزىرىنى بالىلاردىن ئۆزى- نىڭ ئەتراپىدا تۇرغان 1 ـ باشقارما رەھبەرلىرىگە ئاغدۇردى.

— خەۋىرىمىز بار، — دەپ جاۋاب بەردى 1 ـ باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرسۇنجان، — بالىلارنىڭ دادىسى ئۇزاق مۇد- دەت ئېگىزلىكتىكى ھاۋا كەمچىل مۇھىتتا ئىشلىگەنلىكتىن ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ئۆلۈپ كەتتى. بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئاپىسىمۇ نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى، ھەر يىلى ھېيت ـ بايرام مەزگىللىرىدە بۇلارغا قۇتقۇ- زۇش پۇلى، ئۇن ـ ياغ قاتارلىق نەرسىلەرنى بېرىپ تۇرۇۋاتى- مىز، شۇنداقتىمۇ بۇ ئائىلىنىڭ مۇقىم كىرىمى بولمىغاچقا

ھال - كۈنى يىلدىن - يىلغا ناچارلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. — «ساقالدىكى ئاشقا قورساق تويماپتۇ» دەيدىغان گەپ بار. ئاز - تولا قۇتقۇزۇش پۇلى بىلەن بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىغىلى بولمايدۇ، سىلەر قايتىپ بارغاندىن كېيىن، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بۇرۇن شىركىتىمىزدە ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققان، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بىر قەدەر ئېغىر ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرلىرىنى تېپىپ چىقىڭلار.

ئابدۇراخمان جاپپار سۆزلەۋېتىپ، تۇيۇقسىز كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلگەندەك بولدى ۋە ھېلىقى يىگىتكە قارىدى.

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— 20 ياشقا

— ئىسمىڭ نېمە؟

— مەھەممەتتۇرسۇن.

— ھۈنىرىڭ بارمۇ؟

— يېزا بازىرىدىكى ئاشخانىلاردا بىر مەزگىل ئىشلىگەن، ئاشپەزلىكتىن ئازراق خەۋىرىم بار.

ئابدۇراخمان جاپپار باشقارما مەسئۇللىرىغا:

— مەھەممەتتۇرسۇننى باشقارماڭلارنىڭ قەشقەردىكى مېھمانخانىسىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، شۇ يەردە ئىشلەپ ئائىلىسىگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھەمدەمدە بولسۇن، — دېدى كەسكىن تەلەپپۇزدا.

ئاڭغىچە، بالىلارنىڭ ئېتىزلىقتا كەتكەن ھاممىسى بىر ئوغۇل بالىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇ مەھەممەتتۇرسۇننىڭ قەشقەرگە بېرىپ ئىشلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا نېمە قىلاردىنى بىلەلمەي قالدى. ئابدۇراخمان جاپپار قاتارلىق رەھبەرلەرگە رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتتى.

لېكىن، بۇ تاپتا ئابدۇراخمان جاپپارنىڭ ئەس - يادىنى باشقا بىر خىيال ئەسىر قىلىۋالغانىدى. ئۇ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە

خېلى ئۇزاق خىيال سۈرگەندىن كېيىن، توختىماي سۆزلەۋاتقان باللارنىڭ ھامىيسىغا قاراپ:

— ئاچا، ئەگەر قوشۇلسىڭىز، بۇ قىز چاقنى مەن ئېلىپ كېتىپ بالا قىلىۋالاي، ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشاي، قانداق دەيسىز؟ — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ باياتىن بېرى بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان سائادەتگۇلنىڭ چىرايىغا «ۋىللىدە» قىزىللىق يۈگۈردى.

— رەھمەت، ئوغلۇم، رەھمەت سىلىگە، سىلىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا - ئانىلىرىغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت. سىلى بالا قىلىۋالاي دېسىلە، مەن نېمە دەيتتىم. بىچارە باللار دادىسىدىن بىمەھەل ئايرىلىپ جاھاننىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمىدى. بىزدىن ياندىمىسا خۇدايىمدىن يانار، — موماي رازىلىقىنى بەردى.

قايتىش ۋاقتىدا ئابدۇراخمان جاپپار 200 يۈەن پۇل چىقىرىپ باللارنىڭ ھامىيسىغا تۇتقۇزدى ۋە ئۇنىڭغا:

— بۇ ئاز بولسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، قىش كېلىۋاتىدۇ، خىراجەت قىلالا. ئۆزلىرى بىلەن قالغان بۇ بالىنى چوقۇم مەكتەپتە ئوقۇتسىلا، ھەرقانداق قىيىنچىلىق بولسا تەشكىلگە تارتىنماي دېسىلە، پارتىيە، ھۆكۈمەت سىلەرنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ، — دېدى.

— رەھمەت، ئوغلۇم، چوقۇم سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك قىلىمەن، سىلى خاتىرجەم بولسىلا...

موماي ھاياجانلىق كۆز ياشلىرى بىلەن ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئېيتالمىدى. ئۇ خۇددى كىچىك باللاردەك ئېسەدەپ يىغلىغىنىچە ئابدۇراخمان جاپپار قاتارلىقلارنى خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ باردى.

بۇ ئىش 1996 - يىلى 9 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئېلىشقۇ يېزىسىدا يۈز بەرگەنىدى.

ئۇلار ئولتۇرغان كىچىك ماشىنا تۈپتۈز ئاسفالت يولدا يېنىك تەۋرىنىپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى كۆجۈم مەھەللى-

www.uyghurkitap.com

لەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتماقتا ئىدى. ئابدۇراخمان جاپپار يول بويلىرىدىكى چەكسىز كەتكەن كېۋەزلىكلەرگە نەزەر تاشلىغىنىچە چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا چۆمدى…

ئۇ بۇ قېتىم شىركەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ يول - كۆۋرۈك ساھەسىدە ئىشلەيدىغان ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى مەخسۇس تەكشۈرۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەنىدى. نەچچە كۈندىن بېرى، ئۇ نەچچە مىڭ كىلومېتىر يول يۈرۈپ شارائىتى ناچار جايلاردا جاپالىق ئىشلەۋاتقان ئىشچىلاردىن ھال سورىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئىگىلەپ، ئۇنى بىرمۇبىر ھەل قىلدى. بولۇپمۇ ئەينى يىللاردا شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولىنى ياساش قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان، ئۇزاق مەزگىل دېڭىز يۈزىدىن 5000 - 6000 مېتىر ئېگىزلىكتە ئىشلىگەن، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن يېزىلاردا تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان 130 ئائىلىلىك پېشقەدەم ئىشچىنىڭ ئائىلىسىنى ئالاھىدە يوقلاپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، قىيىنچىلىقلىرىنى ئىگىلىدى، پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ تالاي قېتىم كۆز يېشى قىلدى، يېنىدىكى پۇللىرىنى ئۇلارغا بەردى. شىنجاڭنىڭ يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى، ياشلىق باھارىنى، ھەتتا قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان بۇ پېشقەدەم تۆھپىكارلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى كۆرۈپ، باش شىركەت پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغىنى بىلەن بۇلارغا ۋاقتىدا غەمخورلۇق قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلىدى.

«ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى تۇنجى ئەۋلاد تۆھپىكارلار، چۆل - جەزىرىلەردە ئابىدە تىكلىگۈچىلەر، مۆجىزە ياراتقۇچىلار. شۇڭا، ئۇلارنىڭ

تۇرمۇشىغا ئاخىرغىچە كۆڭۈل بۆلمەسلىك كەچۈرگۈسىز گۇناھ. بارلىق ئامالللارنى قوللىنىپ، چوقۇم بۇ پىشقەدەملىرىمىزنى ئاخىرقى ئۆمرىنى خۇشال - خۇرام، خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك» دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى ئابدۇراخمان جاپپار.

ئابدۇراخمان جاپپار ئۈرۈمچىگە كېلىپلا ئۇدۇل شىركەتكە بېرىپ، باش دىرېكتور لو خۇڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى ھەمدە ئۇنىڭغا ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن:

— ئەتە ئەتىگەندە پارتكوم ئەزالىرى يىغىنىنى ئېچىپ، ئاشۇ پىشقەدەم ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلساق، — دەپ تەكلىپ بەردى.

— نېمە؟ ئالدىرىماڭ! بىر - ئىككى كۈن دەم ئېلىڭ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر نېمە دېيىشىسەكمۇ ئۈلگۈرىمىز، — دېدى باش دىرېكتور لو خۇڭ.

— بۇ مەسىلە قاچان ھەل قىلىنسا، مېنىڭ ھاردۇقۇممۇ شۇ چاغدا چىقىدۇ، ياخشىسى، ئەتىلا مۇزاكىرە قىلايلى، — دېدى ئابدۇراخمان ئۆز تەكلىپىدە چىڭ تۇرۇپ.

— بوپتۇ ئەمىسە، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، — دېدى لو خۇڭ.

شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇش باش شىركىتى پارتكومىنىڭ ئەزالىرى يىغىنى ئەتىسى ئەتىگەندە ئېچىلدى.

تۇنجى بولۇپ ئابدۇراخمان جاپپار سۆز ئالدى. ئۇ كۆپچىلىككە 1 - باشقارما (ئەينى چاغلاردا بۇ باشقارما 308 - يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇش ئەترىتى دەپ ئاتىلاتتى) دىكى پىشقەدەم ئىشچىلارنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرىراق قىلىپ مۇنداق دېدى:

— يولداشلار، ئاشۇ پىشقەدەملىرىمىز بولمىغان بولسا،

شىركىتىمىزنىڭ بۈگۈنكىدەك زور نەتىجىلىرىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. ھازىر ئۇلار قىيىنچىلىق تارتىۋېتىپتۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىز قول قوشتۇرۇپ تۇرساق ھەرگىز بولمايدۇ. شۇڭا شىركەتتىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارغا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈشىمىز، ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشىمىز، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

ئابدۇراخمان جاپپارنىڭ سۆزى ھەممەيلەننىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىركەتتىكى 3600 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچى ئارىسىدا تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار بۇ 130 پېشقەدەم ئىشچى ئائىلىسىگە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە توپلاش پائالىيىتى باشلىنىپ كەتتى. ئابدۇراخمان جاپپار ئۆزنجى بولۇپ 200 يۈەن پۇل ۋە نەچچە قۇر يېڭى كىيىم ـ كېچەك ئىئانە قىلدى.

20 كۈنگىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە شىركەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشخانىسىغا 40 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل، 9000 قۇردىن ئارتۇق يېڭى كىيىم ـ كېچەك، 920 جۈپ يېڭى ئاياغ توپلاندى. ئابدۇراخمان جاپپار يەنە مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، يىغىلغان ماددىي بۇيۇملارنى ۋە پۇلنىڭ بىر قىسمىنى پوسكام، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى پېشقەدەم ئىشچىلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى، پۇلنىڭ قالغان قىسمىنى مائارىپ فوندى قىلىپ، ئاشۇ ئىشچىلارنىڭ ئوقۇشسىز قالغان 20 نەچچە پەرزەنتىنى مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىپ ئوقۇتۇشنى بېكىتتى.

1992 ـ يىلى ئابدۇراخمان جاپپار شىنجاڭ يولۇچى توشۇش شىركىتىدىن بۇ شىركەتكە مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ يۆتكىلىپ كەلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرى خىزمەت ئىقتىدارى بىلەن ھەممەيلەننىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، شىر-

www.uyghurkitap.com

كەت پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولدى. بەش يىلدىن بۇيان، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا شىركەتنىڭ ھۆددىگە ئالغان چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئىشچىلارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشتىكى تۇرلۇك قىيىنچىلىقلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى ئۇرغۇتتى. مەيلى تومۇزنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقلىرىدا، مەيلى بوران - چاپقۇنلۇق كۇنلەردە بولسۇن، ھەر ۋاقىت ئىشچىلار بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىغا ئايلاندى. دائىم ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەرقايسى تارماق شىركەتلەرنىڭ تۇرلۇك خىزمەتلىرىگە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى. قوشۇن قۇرۇلۇشى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارغا ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىپ، شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۇنۇمىنىڭ يىلمۇيىل يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۆھپە قوشتى. بۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، 1992 - يىلىدىن باشلاپ بۇ شىركەتنىڭ باج - پايدىسى ۋە مۇقىم مۇلكىنىڭ قىممىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 8% ۋە 14% لىك سەۋىيە بىلەن ئۇدا يۇقىرى ئۆرلىدى. بۇ شىركەت 1994 - يىلى مەملىكەت بويىچە تۆمۈريول، تاشيول يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇش كارخانىلىرى ئىچىدىكى 100 كۇچلۇك كارخانىنىڭ بىرى بولدى. 1995 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ياراتقان باج - پايدىسى ئەڭ كۆپ 10 كۇچلۇك كارخانا قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. 1993 - يىلىدىن بۇيان ئىككى قېتىم مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادىي ئۇنۇمى ئەڭ ياخشى 500 كارخانا قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

بۇ بىر قاتار نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى ئابدۇراخمان جاپپار بۇ شىركەتنىڭ پارتكوم شۇجىسى بولغاندىن كېيىن قولغا كەلگەن. شۇڭا بۇ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇنىڭمۇ بىر كىشىلىك ئەجرى سىڭگەن.

مەن ئابدۇراخمان جاپپارنى ئاخىرقى قېتىم ئىزدەپ بارغى-

نىمدا، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ، بۇ شىركەتتىكى خىزمەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىۋاتقانىكەن. مەن ئۇنىڭغا سەمىمىيلىك بىلەن مۇنداق دېدىم:

— يېڭى خىزمەت ئورنىڭىزدا تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ ئاخىرغىچە ھەر مىللەت قاتناش ئىشچىلىرىنىڭ غەمگۈزارى بولۇشىڭىزغا چىن كۆڭلىمىزدىن تىلەكداشمىز. تۆھپىكارلار ئۇنتۇلماس!

1997 ـ يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چىگرا «مەلىكە» سى

ـ قونجىراپ تاموژنىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەلىكە توغرىسىدا

## 20 ياشلىق «چوك ئاپا»

1984 ـ يىلى ئىيۇن، شائخەي تاموژنا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن مەلىكە ئۆزىنىڭ تاموژنا كەسپىنى پۈتتۈرگەن تۇنجى تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى تۇرۇقلۇق، «ھاياتلىق چەكلەنگەن رايون» دېگەن «چىرايلىق» نامى بار پامىر ئېگىزلىكىدىكى قونجىراپ چېگرا ئېغىزىغا خىزمەتكە تەقسىملىنىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ مۇھىم كارۋان يولى بولغان قونجىراپ داۋىنىغا قەدەم قويغاندا، مەلىكەگە بۇ جاي ناھايىتى يات ۋە سۈرلۈك بىلىندى. ئاق باش چوققىلار، چوڭقۇر جىلغىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان تاشلارنىڭ ئاۋازى، رەھىمسىز ئۇلترا بىنەپشە نۇر ... ھەممە نەرسىدىن مەلىكەنىڭ ۋۇجۇدى جۇغۇلدىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغلار تاموژنىنىڭ تازا قىيىنچىلىق مەزگىللىرى بولغاچقا خادىملارنىڭ كۆكتات ئورنىدا كۆكتات مۇراباسى يېيىشلىرى، مۇزنى ئېرىتىپ ئىچىشلىرى، تاماق ئەتسە پىشمايدىغان، سۇ قايناتسا قاينىمايدىغان شارائىتلىرى، ئېگىزلىكتە ھاۋانىڭ شالاڭلىقى سەۋەبىدىن يۈرەك سېلىش، نەپەس سىقىلىش ۋە باش ئاغرىش بىلەن ئۇيقۇسىزلىق ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلدى. ئۇزۇن يىل بۇ يەردە ئىشلىگەنلەرنىڭ بوغۇم ياللۇغى، يۈرەك تىقىلمىسى، يۈرەك، ئۆپكە چوڭىيىپ كېتىشتەك ئېگىزلىكتە بولىدىغان كېسەللەرگە گىرىپتار بولغانلىقى

ئۇنى ئەنسىزلىككە سالدى. دەرۋەقە، مەلىكە ئەنسىرىگەندەك
ئۇلترا بىنەپشە نۇر ھەدېگەندە ئۇنىڭ يۇمران تېرىسىگە رەھىمسىز
تامغىسىنى باستى. كۈچلۈك ئۇلترا بىنەپشە نۇر سەۋەبىدىن مەلى-
كەنىڭ قات - قات تېرىسى چۈشۈپ قارامتۇل بولۇپ كەتتى.
مەلىكە ھەر قېتىم ئۆيىگە قايتىپ بارغىنىدا ئاپىسىغا ئېسى-
لىپ: «ئاپا، مېنىڭ پەقەت چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئېگىز-
لىكتە ئىشلەشنىڭ تەسلىكىنى بىلسەممۇ، مۇنداق قىيىنلىقنى
ئويلىماپتىكەنمەن» دەپ يىغلاپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا مەلى-
كەنىڭ ئاپىسى سەۋرچانلىق بىلەن: «سىز ھازىر دۆلەتنىڭ كادى-
رى، تەشكىلنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىڭىز كېرەك، بىزدە «جاپا
چەكمەي ھالاۋەت يوق»، دېگەن گەپ بار، بۇنى ئېسىڭىزدە ئوبدان
تۇتۇڭ» دەپ تەسەللى بېرەتتى. ئاپىسىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭغا
ئىلھام بەردى ھەم ئۇنىڭ چىدامنى ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولدى.
ئۇزاق مەزگىللىك ئوزۇقلۇق كەملىك ۋە جىددىي خىزمەت
سەۋەبىدىن مەلىكەنىڭ تىرناقلىرى چۈرۈكلىشىپ، چاچلىرى چۈ-
شۈپ كەتتى. بىر قېتىم ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە قوشنىسىنىڭ
بالىسى ئۇنى تونۇماي «چوڭ ئاپا!» دەپ چاقىردى. بۇ ئەمدىلا
20 ياشتىن ئاشقان، گۈزەللىكنى ئەڭ قوغلىشىدىغان ياشلىق
دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان مەلىكەگە ئىنتايىن ئەلەم قىلدى.
ھۆسن گۈزەللىككە تولىدىغان مەۋسۇملەردە ئۆزىنىڭ
«چوڭ ئاپا» بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلىغىنىدا مەلىكە قونجىراپ
تاموژنىسىدا ئىشلەۋاتقان يېشى بىلەن چىرايى ئەسلا ماس كەلمەي-
دىغان خىزمەتداشلىرىنىڭ ھالىغا يەتتى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا شە-
كىللەنگەن جاپاغا ئالاھىدە چىداملىق، جەڭ قىلىشقا ئالاھىدە
ماھىر، ئالاھىدە سەۋرلىك، ئالاھىدە تۆھپىكار «تۆت ئالاھىدە
روھ» نى چۈشەندى. ئەنە شۇلارغا قاراپ مەلىكەنىڭ تاغلار ئارى-
سىدىكى بۇ كىچىككىنە ماكانغا بولغان قىزغىنلىقى قايتىدىن
ئېشىپ، بۇ يەردە ئىشلەپ قېلىش ئىرادىسىنى يەنىمۇ مۇستەھ-
كەملىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تورتېكى ئادرېسى

## شۇغۇرغانلىق كېچىلەردە ...

قونجىراپ چېگرا ئېغىزىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش دائىرىسى 90 كىلومېتىرغا يېقىن بولۇپ، تەبىئىي شارائىتىنىڭ ئىنتايىن ناچارلىقى تاموژنىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە نۇرغۇن ئويلىمىغان قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرەتتى، قانۇنسىز ئۇنسۇرلار، ئەتكەسچىلەر دائىم مۇشۇ ئارىلىقتىن پايدىلىنىپ، قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باراتتى.

پامىر ئېگىزلىكىدە 6 ـ ئايدىمۇ توت پەسىلنىڭ ئالامەتلىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. 1990 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ھاۋا يەنە بۇزۇلدى. تاموژنا خادىملىرى بىر تۈركۈم قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ ناچار ھاۋا شارائىتىدىن پايدىلىنىپ چەكلەنگەن ئەتكەس ماللارنى ئېلىپ چېگرىدىن كىرىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالدى. مەلىكە بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆرەشكە تەييارلىنىپ، بىرنەچچە خىزمەتدىشى بىلەن يول بويىدا پىستىرما قۇردى.

بىر كېچە كۈتكەندىن كېيىن، مەلىكە ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ئاخىرى ئەتكەسچىلەرنى بىراقلا قولغا چۈشۈردى. لېكىن، توڭلاپ ھەم قاتتىق چارچاپ كەتكەن مەلىكە ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ قىزىپ كەتتى. بۇ ھاياتلىق چەكلەنگەن جايدا ئازراق زۇكامداشمۇ ھاياتقا خەۋپ كەلتۈرەتتى. مەلىكەنىڭ قىزىپ كېتىشى خىزمەتداشلىرىنى ناھايىتى ئەنسىرەتتى. ئۇلار 24 سائەت ئۇنىڭ بېشىدىن كەتمەي كۈتتى. مەلىكەنىڭ قەھرىمانانە روھىغا تەقدىرنىڭ رەھىمى كەلدىمىكىن، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مۆجىزە يۈز بەرگەندەك ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ كۆزىنى ئاچتى ...

1994 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، مەلىكە

چېگرىدىن ئۆتۈۋاتقان ساياھەتچىلەرنى تەكشۈرۈشتە نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. تۇساتتىن بىر چەت ئەللىك ساياھەتچى مەلىكەنىڭ دىققىتىنى تارتتى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ يېنىدىن زور مىقداردىكى ئەتكەس مال چىقتى. ئەينى چاغدا نەق مەيداندا چەت ئەللىك ساياھەتچى بىلەن مەلىكەدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ھېلىقى ساياھەتچى بىر تۇتام دوللارنى كۆرسىتىپ ئۆزىگە كەڭ قوللۇق قىلىشنى ئۆتۈندى. لېكىن، مەلىكە بۇنى قەتئىي رەت قىلدى. مەلىكەنىڭ يۇمشىمىغانلىقىنى كۆرگەن چەت ئەللىك ساياھەتچى تەرىنى تۇرۇپ: «سىلى مۇسۇلمانمۇ، ئەمەسمۇ؟ مۇسۇلمانىڭ مۇسۇلمان بىلەن كارى بولمامدۇ؟» دېدى. غەزەپتىن تىترەپ كەتكەن مەلىكە: «مەن مۇسۇلمان، لېكىن مەن بۇ يەردە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان تاموژنا خادىمى» دېدى ھەمدە ئۇنى قانۇنىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

## 15 يىل

مەلىكە 15 باھار، 15 قىشنى قونجىراپتا ئۆتكۈزدى. ئۇ قونجىراپ ئېغىزىدا ئىشلىگەن ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن ئايال تاموژنا خادىمى، شۇنداقلا بۇ يەردە ئاخىرغىچە ئىشلىگەن بىردىنبىر ئاز سانلىق مىللەت تاموژنا خادىمى بولۇپ قالدى.

1997 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، مەلىكە ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى چېگرىدىن قانۇنسىز كىرگەن 4000 گرام ئەپيۇننى قولغا چۈشۈردى. كېيىن ئۇ تەكشۈرۈش تارماقلىرىغا ھەمكارلىشىپ چېگرىدىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان زەھەر ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىدىنى قولغا چۈشۈردى. دۆلەت زەھەر چەكلەش كومىتېتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھاسىچە، «بۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان زور تۆھپە» ئىكەن. شۇڭا تاموژنا باش ئىدارىسى مەلىكەنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ

تەقدىرلىدى.

15 يىلدا مەلىكە خىزمەتداشلىرى بىلەن مۇزلۇقلاردا دۈم يېتىپ - دۈم قوپۇپ، قار كېچىپ، قىممىتى 10 مىليون يۈەنگە يېتىدىغان 142 قېتىملىق ئەتكەسچىلىك دېلوسىنى پاش قىلدى. 15 يىلدا مەلىكەنىڭ قولىدىن ئۆتكەن نەچچە 10 مىليون يۈەنلىك تاموژنا باج سوممىسىدىن قىلچىمۇ سەۋەنلىك كۆرۈلمىدى. ئۇ باشقۇرغان زور مىقداردىكى ئەتكەس ماللاردا يوقاپ كېتىش ياكى بۇزۇلۇش كۆرۈلمىدى.

15 يىلدا مەلىكە ھەر يىلى 400 سائەتتىن ئارتۇق ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلىدى، لېكىن بۇنىڭغا قىلچىمۇ ھەق تەلەپ قىلمىدى. ئۇ 15 يىلدا 35 قېتىم شەرەپ مۇنبىرىگە چىقتى.

بەزىلەر: «پامىر ئېگىزلىكىدە ئىككى يىل ياشىغان ئادەم بەش يىل بۇرۇن قېرىيدۇ» دېيىشىدىكەن. ئۇنداقتا بەش يىل، ئون يىل، 15 يىل پامىر ئېگىزلىكىدە تۇرغانلارچۇ؟ بۇ ھەقتە مەلىكە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ماڭا ياشلىق يەنە بىر قېتىم نېسىپ بولغان بولسا، مەن يەنە قونجىراپنى تاللىغان بولاتتىم. چۈنكى، مېنىڭ ھاياتىم قونجىراپ بىلەن باغلانغان. مەن بۇنىڭدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن ۋە شەرەپ ھېس قىلىمەن».

«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» مۇخبىرى نىجات ئەخمەت بىلەن بىرلىشىپ يازغان.

2000 - يىل ماي، ئۈرۈمچى

# ئەقىدە

«ئەقىدىسىز كىشى قاناتسىز قۇشتۇر.»

— خەلق تەمسىلى

1997 ـ يىلى 8 ـ ئاي مەزگىلى، «بېيجىڭ ـ 213» تېپلىق پىكاپ تاغ باغرىنى بويلاپ يىلاندەك ئەگرى ـ بۈگرى سوزۇلغان، كەڭلىكى ئاران ئۈچ مېتىرچە كېلىدىغان قەدىمكى تاغ يولىدا تەسلىكتە ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر مۇخبىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ئالىي مۇخبىر غەيرەت ئابدۇللا بۇ قېتىم ئىككى ياش مۇخبىرنى باشلاپ، هازىرغىچە مۇخبىرلارنىڭ قەدىمى يېتىپ باقمىغان تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناهىيىسىدىن يەكەن ناهىيىسىگە بارىدىغان تاغ يولىدىكى بەلدىر، قوغۇشلۇق، تار، داتۇڭ، قوشراپ، كاچۇڭ قاتارلىق پامىر تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان چەت ـ ياقا يېزا، كەنتلەرگە سەپەر قىلغانىدى. بۈگۈن ئۇلار بەلدىر، قوغۇشلۇق، تار قاتارلىق يېزىلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، داتۇڭ يېزىسىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. تاشقورغان ناهىيىسىدىن داتۇڭ يېزىسىغىچە بولغان ئومۇمىي مۇساپە 210 كىلومېتىر ئەتراپىدا ئىدى، لېكىن، بۇ تېخىچە ياسالمىغان تاغ يولى بولغاچقا، داتۇڭغا بېرىشقا ئاز دېگەندىمۇ 18 ـ 20 سائەتچە يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى.

ئاخشام ياغقان يامغۇر تاغ يولىنى بەكلا پاتقاق قىلىۋەتكەچكە، پىكاپ خۇددى مۇز ئۈستىدە كېتىۋاتقان موزايدەك هېلىدىن ـ هېلىغا ئىككى تەرەپكە تېيىلىپ كېتەتتى. ئەگەر، مۇشۇنداق

خەتەرلىك يولدا سەللا بىخەستەلىك قىلىنىدىغان بولسا پىكاپنىڭ نەچچە يۈز مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى هاڭغا (دەرياغا) چۈشۈپ كې-تىشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىش ئىدى. ئۇلار نەچچە كۈندىن بۇيانقى سەپەرلەردە توپا ـ توزان دەستىدىن پىكاپ-نىڭ دېرىزىسىنى ئاچالماي بۇرۇقتۇرما بولغان بولسا، مانا بۈگۈن-رىۋايەتلەردىكى پىلسىرات كۆۋرۈكىنى ئەسلىتىدىغان تار هەم پات-قاق بۇ يولدا «بىر كېلىشمەسلىك چىقىپ قالارمىكىن؟» دېگەن ئەندىشىدە يۈرەكلىرى سۇ ئىدى.

— ئۇكام، داتۇڭغا كەچ قالمايلى، ماشىنىنى تېزرەك هەي-دىگىن، — دەيتتى غەيرەت ئابدۇللا شوپۇرغا قاراپ.

ئالاهازەل بىر سائەتتىن كېيىن پىكاپ قاتمۇقات تاغلارنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا قاراپ ياماشتى، يول ئاۋۋالقىدىن تېخىمۇ تارلاشتى، يامغۇر سۈيى تاغ چوققىسىدىن ئېقىپ چۈشكەن لايلار يول يۈزىدىكى لايغا قوشۇلۇپ، تەخمىنەن 20 ـ 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا «پاتقاق دېڭىزى» هاسىل قىلغانىدى. پىكاپ ئې-گىزلىككە يامىشىپ 200 مېتىرچە ماڭغاندا ماڭماي ـ ماڭمايلا كۆچىيەلمەي پەس تامان ئاستا سىيرىلىشقا باشلىدى. شوپۇر چەبدەسلىك بىلەن قول تورمۇزىنى تارتىپ پىكاپنى توختىتىۋالدى. پىكاپ ئىچىدىكى هەممەيلەن ۋەهىمىگە چۈشتى. غەيرەت ئابدۇللا بىرىنچى بولۇپ پىكاپتىن سەكرەپ چۈشتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئۇنىڭ هەمراه-لىرىمۇ چۈشتى.

پىكاپ يولدا توغرىسىغا توختاپ قالغان ئىدى. «ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟» غەيرەت ئابدۇللا دەرهال موخوركىسىنى يۆگەپ كەينى ـ كەينىدىن قاتتىق بىرنەچچىنى شوراپ، پىكاپقا ۋە ئالدى-دىكى خۇددى ئاخىرى بولۇتلارغا تۇتىشىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان، ئېگىزگە قاراپ سوزۇلغان يولغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

— ئارقىمىزغا ئاستا قايتىۋالمىساق چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى شوپۇر غەيرەت ئابدۇللاغا.

— يولنىڭ ئەھۋالى مۇشۇ بولغاندىكىن، جاھاننىڭ تىنچ ۋاقتىدا كەلگەن يولىمىز بىلەن قايتىۋالايلى، — دېيىشتى باشقىلارمۇ|شوپۇرنىڭ پىكرىنى قوللاپ.
— مېنىڭچە، كەينىمىزگە ئەمەس، ئالدىمىزغا ماڭايلى، — دېدى غەيرەت ئابدۇللا.
— داتۇڭغا بارىدىغان باشقا يول يوق تۇرسا، ئالدىغا قانداق ماڭىمىز؟ — دېدى شوپۇر.
— توغرا، باشقا يول يوق. شۇڭا چوقۇم مۇشۇ يول بىلەن ئالدىمىزغا ماڭىمىز.
— قانداق ماڭىمىز؟
— سەن پىكاپقا چىقىپ رولنى تۇتىسەن، قالغان ئۈچىمىز پىكاپنى ئىتتىرىمىز.
غەيرەت ئابدۇللا شۇنداق دېدى-دە، ئەمدىلا يېرىمى چېكىلگەن موخوركىسىنى يەرگە تاشلاپ، لاي دەستىدىن رەڭگىنى يوقاتقان ئايىغىدا زەردە بىلەن دەسسەپ ئۆچۈرۈپ، پىكاپنى ئىتتىرىشكە تەمشەلدى. ئۇنىڭ بۇنداق «جاھىل» مىجەزىنى بەش قولدەك ئوبدان بىلىدىغان ئىككى ياش مۇخبىرمۇ بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇپ ئۇنىڭغا ھەمكارلاشتى.
ئۇلار پىكاپنىڭ بېشىنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە بۇرىدى. پىكاپ ئېگىزگە تولىمۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن يامپىشىقا باشلىدى. غەيرەت ئابدۇللا باشلىق ئۈچ مۇخبىر ھاسىراپ-ھۆمۈدىگىنىچە پىكاپنى كەينىدىن ئىتتىرمەكتە ئىدى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە گاھ توختاپ، گاھ مېڭىپ، ئىككى سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىتتا بەش كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، تەسلىكتە چوققىغا چىقىۋالدى. ھەددىدىن زىيادە ھارغىنلىق ۋە ئاچلىق ئۇلارنىڭ گەپ قىلغۇدەكمۇ ماجالىنى قويمىغانىدى. مۇشۇ تاپتا كىيىم-كېچەكلەرگە چاپلاشقان پاتقاقلارمۇ ئۇلارغا نەچچە تونىلىق ئېغىر يۈكتەك بىلىنمەكتە ئىدى، ياشلارغۇ مەيلى، بىراق قىرىق ياشتىن

هالقىغان غەيرەت ئابدۇللاغا بوگۇنكى سەپەرنىڭ سالمىقى بۆلەكچە ئېغىر چۈشتى، ئۇنىڭ دېگىز يۈزىدىن 3000 ـ 4000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى شالاڭ ھاۋادا نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىشى، كۆ-لى ئېلىشقاندەك بولۇپ، ئۇزاققىچە قاتتىق چىڭقىلىپ يۆتەلدى، يۆتەلدىن كېيىن ئۇ ئىككى چېكىسىنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقان-لىقىنى سەزدى ۋە قولى بىلەن چېكىسىنى بىر قانچە قېتىم قاتتىق بېسىپ قويدى. باشنىڭ ئاغرىغانلىقى 24 يىللىق جاپالىق مۇخا-بىرلىق خىزمىتى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان «قىممەتلىك سوۋغات» — قان بېسىمى كېسەللىكىنىڭ يەنە باشلانغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى...

شۇ كۈنى ئۇلار ئېغىر ياتقۇ مەزگىلىدە داتۇڭغا يېتىپ كې-لىپ، مۇدۇرۇپ ـ سوقۇلۇپ يۈرۈپ مىڭ بىر تەسلىكتە بىر بوۋاينىڭ دەريا بويىدىكى خىلۋەت كۆلبىسىدە تۈنىدى.

كېچە، ئۆي ئىچى خۇددى قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ، سىرتتا زەرەپشان دەرياسى خۇددى ھازىرلا ئۆيىنمۇ قوشۇپ ئېلىپ كېتىدىغان ئەلپازدا ئەنسىز شاۋقۇن سېلىپ ئاق-ماقتا. ئەتىگەندىن بېرى ئۆمرىدە چەكمىگەن رىيازەتلەرنى يەت-كۈچە چېكىپ، مۇخبىر بولغانغا كانىيىغىچە تويغان ئىككى ياش مۇخبىر مەۋلان سابىت بىلەن ئابدۇشۇكۇر قاۋۇل يەڭگىل پۇشۇل-داپ ئۇخلىماقتا. لېكىن، غەيرەت ئابدۇللا دەريا سۈيىنىڭ ھەي-ۋەتلىك شارقىرىشىغا قۇلاق سالغاچ، ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا ئۆرۈلگىنىچە ئۇيقۇسىز ياتاتتى. باش ـ ئاخىرى يوق چې-كىش خىياللار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغانىدى.

مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيال ئەينىكىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتى ئاقسۇ، مېھرىبان ئاتا ـ ئانىلىرى، ئۆزىنىڭ نەۋقىران ياشلىق چاغلىرى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكەن غەمسىز، غۇبارسىز بەش يىللىق ستودېنتلىق ھاياتى، دىلكەش، ھەمنەپەس ساۋاقداش، دوست ـ بۇرادەرلىرى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ

ئالەمچە ئارزۇ - ئارمانلارنى قەلبىگە پۈكۈپ شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان ئۇنتۇلماس مىنۇتلىرى، تۇنجى قېتىم ئاقسۇغا مۇخبىرلىققا بېرىپ تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەن چاغلىرى، تۇنجى ماقالىسىنى قايتا - قايتا يېزىپ قىينالغان چاغلىرى ... ئۆزى ئۇچراتقان، سۆھبەتلەشكەن، مۇڭداشقان، زىيارەت قىلغان تالاي - تالاي تونۇش چىرايلار كىنولېنتىسىدەك كۆز ئالدىدىن بىرمۇبىر ئۆتمەكتە ئىدى.

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ خىيالىغا داتۇڭ يېزىسىدىكى ئۆزلىرى قونغان ئۆينىڭ ئىگىسى، يىگىرمە نەچچە يىل يېزا باشلىقى بولغان، هازىر يېشى يەتمىشتىن هالقىغان تاجىك بوۋاينىڭ: «سىلەر يېزىمىزغا تۇنجى قېتىم كەلگەن مۇخبىرلار، سىلەرنى كۆرۈپ ئۇزاق يىل دىدارلاشمىغان قېرىنداشلىرىمىزنى كۆرگەندەك خۇشال بولدۇق» دېگەن سۆزى كېلىۋېدى، ئۇنىڭ يۈرىكى يەنە بىر قېتىم ئېچىشقاندەك بولدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە مۇنۇلارنى پىچىرلىدى: «خەلقىنىڭ مۇخبىرى هەر ۋاقىت ئۆز خەلقىنى كۆڭلىگە پۈكمىسە، ئۆز خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىغا قۇلاق سالمىسا، ئاساسىي قاتلامغا بارمىسا قانداق مۇخبىر بولىدۇ؟ شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن ئاساسىي قاتلاملارغا يۈزلەنگەن نۇقتىلىق مۇخبىرلىق پائالىيەتلىرىنى داۋاملىق تەشكىللىسەك بولغۇدەك.»

ئۇ ئەنە شۇنداق ئۇخلىغان بىلەن ئۇخلىمىغانىنىڭ ئارىلىقىدا بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى سەھەر يەنە يېڭى سەپىرىنى باشلىدى.

غەيرەت ئابدۇللاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى هەرگىزمۇ تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس. ئۇ 1994 - يىلى 9 - ئايدا، ئاساسىي قاتلاملاردىكى يېزا، كەنتلەر ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ساداسىنى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش مەقسىتىدە جۈرئەت كامىل بىلەن دولقۇن مۇھەممەتتىن ئىبارەت ئىككى ياش مۇخبىرنى باشلاپ، تۇنجى قېتىم 100 كۈنگە سوزۇل-

غان تەكلىماكاننى بويلاپ مۇخبىرلىق قىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغانىدى. شۇ قېتىمقى مۇخبىرلىق پائالىيىتىدە ئۇ بۇ قولغۇي-پىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ گىرۆزىتكىسى-كى 24 ناھىيە (شەھەر)، 72 يېزا ـ بازارنى ئايلىنىپ، جەمئىي 106 پارچە خەۋەر ـ ماقالە يېزىپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغانىدى. كەسىپداشلار بۇ قېتىمقى مۇخبىرلىق پائالىيىتىنى ئۇيغۇر ئاخباراتچىلىقىدا ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان ئۆزگىچە بىر ئىش بولدى، دەپ تەرىپلەشتى. شۇنىڭدىن بۇيانقى ئالتە يىل مابەينىدە، ئۇ ئاساسىي قاتلامغا، دېھقانلارغا يۈزلەنگەن نۇقتىلىق مۇخبىرلىق پائالىيىتىنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئون قېتىمغا يېقىن تەشكىللەپ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىپ، جەمئىي 40 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى 40 تىن ئارتۇق ناھىيە (شەھەر)، 130 دىن ئارتۇق يېزا ـ بازارغا بېرىپ، 600 پارچىدىن ئارتۇق تۈرلۈك ژانىردىكى خەۋەر ـ ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، خەلق ۋە كەسىپداشلارنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

* *

1997 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، كېچىلىك ئىسمىنىدا ئىشلەۋاتقان غەيرەت ئابدۇللا كەچ سائەت بىردىن ئاشقاندا ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۇخلاش ئۈچۈن ياستۇققا باش قويغان بولسىمۇ، لېكىن قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىپ، تاڭ سۈزۈلگىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ كېچىچە ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئاغرىق ئازابى بىلەن ئېلىشىپ چىققانلىقىنى سېزىپ ياتقان ئايالى مۇنەۋۋەر ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۇنى شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قار-

مىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتكۈزدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن ئايان بولدىكى، ئۇنىڭ قان بېسىمى دورا بىلەن چۈشۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۆرلەپ كەتكەنىدى، دوختۇر دەرھال كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالىنىشقا قەغەز يېزىپ بەردى.

— ھازىرچە دورا يەپ تۇرۇپ، كېسەلخانىدا كېيىنچىرەك ياتايمىكىن دەيمەن. چۈنكى ئىشىم بىرئاز جىددىي ئىدى، — دېدى ئۇ دوختۇرغا.

— ھازىر سىز قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ جىددىي ئىش كېسەللىكىڭىزنى داۋالىتىش، باشقا ئىشلارنى سالامەتلىكىڭىز ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن قىلسىڭىزمۇ ئۈلگۈرىسىز، — دېدى دوختۇر كەسكىنلىك بىلەن.

لېكىن، ئۇنىڭ خىيالى كېچىلىك ئىسمىنىنىڭ ئىشىدا ئىدى.

— باشقا چاغ بولسىغۇ مەيلىتى، ھازىر دەل مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىۋاتقان، كېچىلىك ئىسمىنىنىڭ ئىشى ئادەتتىكىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر چاغ تۇرسا، مۇشۇنداق چاغدا دوختۇرخانىدا يېتىۋالسام، باشقىلار ئىشتىن قېچىپ يېتىۋاپتۇ دېمەمدۇ، شۇڭا كېسەلخانىدا كېيىنرەك ياتاي، ھازىرچە ماڭا ئاسما ئوكۇل يېزىپ بەرسىڭىز، ئىدارىنىڭ دوختۇرخانىسىدا ئۇردۇرۇپ تۇراي، — دېدى ئۇ دوختۇرغا قاراپ.

— مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى بەك چۈشىنىپ كەتمەيمەن، لېكىن ھازىرقى كېسەل ئەھۋالىڭىزنى چۈشىنىمەن، ھازىر قان بېسىمىڭىز قورقۇنچلۇق ھالەتتە ئۆرلەپ كېتىپتۇ. كېسەلخانىدا يېتىپ جىددىي داۋالانمىسىڭىز خەتەرلىك ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا دەرھال دوختۇرخانىدا يېتىڭ!

www.uyghurkitap.com

دوختۇرنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئايالىغا ھەممىدىن بەك ياقتى. ئۇ:

— شۇ ئەمەسمۇ، سىز داۋالىنىڭ، سالامەتلىكىڭىز ياخشى بولمىسا قانداق ئىشلىگىلى بولىدۇ، — دېدى ـ دە، دوختۇر بەرگەن قەغەزلەرنى كۆتۈرۈپ، رەسمىيەت بېجىرگىلى چىقىپ كەتتى.

بىراق، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ شۇ كۈنى كەچ سائەت دەل سەككىزدە يەنە ئىشخانىسىدا پەيدا بولۇپ، كېچىلىك ئىسمىنىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا باشلىدى. باش مۇھەررىرلەر ئۇنىڭ خاتىرجەم داۋالىنىشىنى تەۋسىيە قىلىشېدى، ئۇ پەقەتلا ئۇنىمىدى. ئاخىر ئۇ كۈندۈزى دوختۇرخانىغا بېرىپ، دورا يەپ، ئوكۇل ئۇردۇرۇپ، كېچىسى يەنە داۋاملىق كېچىلىك ئىسمېنىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى...

غەيرەت ئابدۇللانىڭ 24 يىللىق خىزمەت ھاياتىدا بۇنداق ئىشلار بىرلا قېتىم يۈز بەرگىنى يوق. 1998 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يەنە بىر قېتىم دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ بويۇن قىسمىدا ئۆسمە پەيدا بولۇپ، ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋېتىشكە توغرا كەلگەنىدى، بۇ چاغ دەل ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان چاغ بولۇپ، بۇ يەرمەنكىنىڭ مۇخبىرلىقى مۇخبىرلار بۆلۈمىگە نىسبەتەن مۇھىم ۋەزىپە ھېسابلىناتتى. ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنىڭ مۇخبىرلىقىنى ئوبدان تەشكىللەش، مەخسۇس تېمىدا ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش ۋە مۇخبىرلارنىڭ خەۋەر ـ ماقالىسىنى تەھرىرلەپ بېكىتىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ دوختۇرخانىدا تۇرۇپ بىر تەرەپتىن كېسەل داۋالاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆيىدىن كىچىك ئۈرۈندۈق ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنى كېسەل كارىۋىتىنىڭ يېنىغا قويۇپ ئولتۇرۇپ، كارىۋاتنى يېزىق ئۈستىلى ئورنىدا ئىشلىتىپ، سول قولىغا ئاسما ئوكۇل ئۇرۇۋاتقان چاغلاردىمۇ

ئۇڭ قولىدا قەلەم تۇتۇپ، مۇخبىرلار يېزىپ كەلگەن خەۋەر - ماقالىلەرنى تەھرىرلەپ بېكىتىپ، ئىشنى بىر كۈنمۇ ئاقسىتىپ قويمىدى. ئۇنىڭغا مەسئۇل دوختۇر ۋە ياتاقداشلىرى ئۇنى دوختۇرخانىغا يوقلاپ بارغان خىزمەتداشلىرىغا: «بىز خىزمەتنى مۇشۇنداق بېرىلىپ ئىشلەيدىغان ئادەمنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشىمىز» دېيىشتى ...

غەيرەت ئابدۇللا 1987 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر مۇخبىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغانىدىن بۇيان، بولۇپمۇ 1997 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر مۇخبىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى يالغۇز ئۆز ئۈستىگە ئالغاندىن بۇيان، بۆلۈمىنىڭ مەمۇرىي ۋە ئىدىيىۋى — سىياسىي خىزمىتىنى ئىشلەش، مۇخبىرلىق پىلانى تۈزۈش، مۇخبىرلارنىڭ خەۋەر - ماقالىلىرىنى تەھرىرلەش، مۇخبىرلارنى يېتەكلەپ ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشۈپ مۇخبىرلىق قىلىش، ئىختىيارىي مۇخبىرلار خىزمىتىنى ئىشلەش، تەكلىپلىك مۇخبىرلار قوشۇنىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇلارنىڭ خەۋەر - ماقالىلىرىنى كۆرۈپ بەتلەرگە ئايرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشتىن سىرت، ھەر يىلى ئىككى ئاي كېچىسى ئىشلىدى. بۇ جەرياندا ھەر يىلى تەخمىنەن 3 مىليون خەت ئەتراپىدا خەۋەر - ماقالىنى تەھرىرلەپ، كۆرۈپ بېكىتتى. بۇ دۆلەت ئالىي مۇھەررىرلەرگە بەلگىلەپ بەرگەن خىزمەت مىقدارىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. يەنە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، 1994 - يىلىدىن بۇيان ئۇ يازغان خەۋەر - ماقالىلەرنىڭ 16 پارچىسى ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئاخبارات ئەسەرلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ ھازىرغىچە مۇخبىرلىق ئەمەلىيىتى ۋە توپلىغان تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا ئاخباراتچىلىق كەسپى بويىچە 11 پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ ئېلان قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «ئاخباراتنىڭ چىنلىقىنى داۋاملىق

قوغدايلى» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسى 1997 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئاخبارات ئىلمىي ماقالىسى بولۇپ باھالاندى. ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فا-تارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ئاخبارات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئىختىيارىي مۇخبىرلارغا ئاخبارات مۇخبىرلىقى، ئاخبارات يېزىقچىلىقى بويىچە 500 سائەتكە يېقىن دەرس ئۆتتى. ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە كۇرسانتلارنىڭ سانىمۇ 1000 ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ كەتتى.

غەيرەت ئابدۇللا ئىقتىدارلىق مۇخبىر، قابىل يېتەكچى بولۇپلا قالماي، يەنە كۆپكە تونۇلغان يازغۇچى ۋە ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەرجىمان. ئۇنىڭ ھازىرغىچە «تاش ئابىدە»، «ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنلىرى»، «تىيانشان بويلاپ» قاتارلىق رومان، ھېكايە، نەسرلەر توپلىمى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرى بولۇپ سەككىز پارچە كىتابى نەشر قىلىندى، ھەرقايسى نەشرىياتلارنىڭ ھاۋالىسى بويىچە يەتتە كىتابقا مەسئۇل مۇھەررىر بولدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ھالال مېھنەت ـ ئەجرى بىلەن 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «20 مۇنەۋۋەر ئاخبارات خادىمى» نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. بۇ يىل 9 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە ئاخبارات كەسپىدىكى ئەڭ يۇقىرى شان ـ شەرەپ — «فەن چاڭجياڭ ئاخبارات مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

ئەل سۆيۈپ ئوقۇيدىغان نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرى ھامان ئەل ئارىسىدا بولىدۇ. غەيرەت ئابدۇللادىكى ئەقىدە — ئاخبارات مۇخبىرلىقىغا بولغان ئەقىدە، جاپالىق ئىگىلىك تىكلەپ، ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ـ ياخشىلاش يولىدا قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، ئىجادىي مېھنىتى، ئەجىر مېۋىلىرى،



www.uyghurkitap.com

ياراتقان قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن دۇرۇس ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈشكە بولغان ئەقىدە. مۇشۇ ئەقىدە ئۇنى بۈگۈنكىدەك نەتىجە ۋە شان ـ شەرەپكە ئىگە قىلدى. ئىشىنىمىزكى، بۇنداق مۇقەددەس ئەقىدە تېخىمۇ كۆپ شان ۋە قۇت ئاتا قىلغۇسى.

2000 ـ يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرىسى

# يوللار، ئادەملەر، قۇملار

كىشىلەر تەكلىماكان قۇملۇقىنى سىمۋوللۇق قىلىپ «هالا-
كەت دېڭىزى» دەپ ئاتىشىدۇ. ئەگەر، كۆنلەرنىڭ بىرىدە
تەكلىماكان قۇملۇقى راستىنىلا دېڭىزغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭدا نەچچە
ئون مىڭ تونىلىق پاراخوتلار قاتنىسا، ئۇ چاغدا تارىختىن بۇيان
يول ئازابىنى يەتكۈچە تارتىپ، «يول ئازابى — گۆر ئازابى»
دېگەن ھېكمەتنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشەنگەن چاقىلىق
خەلقى بىرىنچى بولۇپ دوپپىسىنى ئاسمانغا ئېتىپ تەنتەنە قىلغان
بولاتتى.

ئىلگىرى يول ئازابى تارتىشتا چاقىلىقلار ئانچە «يالغۇزلۇق»
ھېس قىلمايتتى. چۈنكى، ئۇلاردىنمۇ 370 كىلومېتىر يىراقتىد-
كى چەرچەنلىكلەر بۇ جەھەتتە ئۇلارغا «ياخشى ھەمراھ» ئىدى.
بىراق، 1995 ـ يىلى تارىم نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابى مەبلەغ
سېلىپ ياسىغان، تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆ-
تىدىغان «قۇملۇق تاشيولى» دا قاتناش باشلانغاندىن بۇيان، چەر-
چەنلىكلەر بۇ يول ئازابىنى چاقىلىقلارغا يالغۇز تاشلاپ بېرىپ،
ئۆزلىرى «قۇملۇق تاشيولى» دا غۇرقىراپ چېپىشقا باشلىدى.
گەرچە بۇ يول كورلىدىن چاقىلىق ئارقىلىق چەرچەنگە بارىدىغان
يولدىن 300 كىلومېتىر يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تارتىدى-
غان يول ئازابى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئازايدى. ئۆتكەن
يىلى چەرچەنلىكلەرگە قاتناش جەھەتتە يەنە ئىككى چوڭ ئامەت
كەلدى. بۇنىڭ بىرى، دۆلەت 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان
چەرچەن ئايرودرومىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، 11 ـ ئاي-
نىڭ 12 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئۇچقان «ATR—72» تىپلىق

يولۇچىلار ئايروپىلانى چەرچەن ئايرودرومىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك قوندى؛ يەنە بىرى، 127 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان چەرچەن - ئوتتۇرا تارىم نېفىتلىكى «قۇملۇق تاشيولى» دا 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى رەسمىي ئىش باشلاندى. بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 118.48 كىلومېتىر بولۇپ، 2001 - يىلى 10 - ئايدا پۈتۈپ قاتناش باشلىنىدۇ. بۇ يول پۈتكەندىن كېيىن چەرچەن بىلەن كورلىنىڭ ئومۇمىي قاتناش مۇساپىسى ئەسلىدىكى 1070 كىلومېتىردىن بىراقلا 676 كىلومېتىرغا قىسقىرايدۇ. يول يۈرۈشكە سەرپ قىلىنىدىغان ۋاقىتمۇ ئەسلىدىكىدىن بىر ھەسسە ئازىيىدۇ. دېمەك، قاتناش جەھەتتە چەرچەنلىكلەرنىڭ بېشىغا قونغان بۇ ئىككى «ئامەت» ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرۇۋەتتى.

ئەپسۇسكى، چاقىلىق خەلقى ئۆزلىرىنىڭ قوشنىسى بولغان چەرچەنلىكلەرگە ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقان بۇ ئامەتلەرگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇرۇشقىلا مەجبۇر بولدى. ئۇلارغا تېخىمۇ ئەلەم قىلغىنى، ئىلگىرى چەرچەنگە ماڭغىچە بۇ يەردە قونۇپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ گىرۋىكىدىكى بۇ خىلۋەت ماكاننى ئاۋاتلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئاپتوموبىل ۋە يولۇچىلارنىڭ ئەمدىلىكتە قارىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، كورلا - چاقىلىق يولى (ھازىرقى دۆلەت يولى 218 - لىنىيىسىنىڭ كورلىدىن چاقىلىققىچە بولغان بۆلىكى) مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىرلەردىلا شەكىللىنىپ دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ مۇھىم لىنىيىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. شۇ چاغلاردىكى سودا كارۋانلىرى قەدىمىي كروران شەھىرىنى مەركەز قىلىپ، يىپەك، چاي، قاشتېشى، ئۈنچە - مەرۋايىت قاتارلىقلارنى مۇشۇ يوللار ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا توشۇغان. ئەينى چاغلاردا بۇ يوللاردا ھاياتىي كۈچكە تولغان قاينام - تاشقىنلىق مەنزىرە

مەيدانغا كەلگەن. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ياۋروپالىق دېڭىز ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ يېڭى دېڭىز يوللىرىنى ئارقىلىق [illegible] چىشى سەۋەبىدىن قەدىمىي يىپەك يولىدىكى تۆگە كولدۇرمىلىرىنىڭ ئاۋازى ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈپ، بۇ يوللارنى قۇم بېسىپ چۆلدەرەشكە باشلىغان. مىنگونىڭ 29 ـ يىلى، يەنى 1940 ـ يىلىغا كەلگەندە يەرلىك ھۆكۈمەت قاراشەھەردىن 2000، كورلىدىن 3000، بۈگۈردىن 2000، لوپنۇردىن 1000، چاقىلىقتىن 1000 بولۇپ جەمئىي 9000 ئادەم ئاجرىتىپ، كورلا ـ چاقىلىق تاشيولىنى ياساشقا باشلاپ، ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ 495 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بۇ يولنى پۈتۈنلەي ياساپ پۈتتۈرگەن. پۈتۈن يول لىنىيىسىگە يەنە 32 سۇ سۈڭگۈچى، بىر چوڭ تىپتىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈك ياسىغان. يەرلىك ھۆكۈمەت بۇ يولنى ياساش ئۈچۈن جەمئىي 948 مىڭ 360 كۈمۈش تەڭگە سەرپ قىلغان. 1963 ـ يىلى كورلا ـ چاقىلىق تاشيولى قايتا پىلانلاش ئاساسىدا چوڭ كۆلەمدە ئۆزگەرتىپ ياسىلىپ، يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئەسلىدىكىدىن 20 نەچچە كىلومېتىر قىسقارتىلغان. شۇ قېتىمقى يول ياساش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئىشچىلىرى بىلەن بىر قىسىم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلدۈۋاتقان جىنايەتچىلەر يول بويىغا خۇمدان ياساپ، توغراقنى يېقىلغۇ قىلىپ خىش پىشۇرۇپ، بۇ يولنىڭ قۇم ئاسان بېسىۋالىدىغان 48 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قىسمىنى خىشنى تىكلەپ قويۇش ئۇسۇلى بىلەن قايتا ياساپ چىقىپ، قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ قۇمغا پېتىپ قېلىشىنى خېلى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىگەن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خىشتىن ياسالغان بۇ يولنىڭ 30 كىلومېتىردىن ئارتۇق قىسمى ۋەيران بولۇپ، 10 كىلومېتىر ئەتراپىدىكى خىش يول خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. 1982 ـ يىلىغا كەلگەندە دۆلەت 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ بۇ يولنى يەنە بىر قېتىم

رېمونت قىلىپ، ئوتتۇرا - كىچىك تىپتىكى كۆۋرۈكتىن 18 نى،
سۇڭگۇچتىن 19 نى ياسىغان ھەمدە پۈتۈن يول لىنىيىسىنى
شېغىل قۇرۇلمىلىق يولغا ئۆزگەرتكەن، بۇنىڭ بىلەن كورلىدىن
ئەتىگەندە يولغا چىققان ئاپتوموبىللار كەچتە چاقىلىققا يېتىپ
بارالايدىغان بولغان.
كورلا - چاقىلىق تاشيولىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چوڭ
كۆلەمدە ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىنغىنىغىمۇ ھەش - پەش
دېگۈچە 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. مۇشۇ يىللار
مابەينىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشيول قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا
ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، تالاي شېغىل قۇرۇل-
مىلىق يوللار ئاسفالت يولغا ئۆزگەردى ھەتتا خېلى كۆپ ناھىيى-
لەرنىڭ يېزا - كەنت يوللىرىمۇ ئاسفالتلىنىپ، بۇ يوللاردا
چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىللار موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان
بولدى. شىنجاڭلىقلارنىڭ ئەزەلدىن توپىلىق يولغا كۆنگەن «ھۆ-
رۈن» ئاپتوموبىللىرى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە دۇنيا بانكىسى-
نىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان تۇرپان - ئۈرۈمچى
داخۇاڭشەن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى ۋە ئۈرۈمچى -
كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى قاتارلىقلاردا خۇددى كىرد-
چىدىن ئايرىلغان ئوقتەك ئۇچۇشقا باشلىدى. ئەپسۇسلىنارلىق
يېرى شۇكى، كورلا - چاقىلىق تاشيولىنىڭ شېغىل قىسمى
شېغىل پېتىچە، خىش قىسمى خىش پېتىچە قېلىۋەردى. ئاسفالت
تا بۈگۈنكى كۈنگىچە بۇ يوللارغا يېتىشەلمىدى.
بۈنىڭدىن سەككىز يىل ئىلگىرى بۇ يولدا تۇنجى قېتىم
مېڭىپ چاقىلىق خەلقى دائىم «تېتىپ تۇرىدىغان» يول ئازابىغا
ئورتاقلاشقانىدىم. مانا بۈگۈن بۇ ئازابنى ئىككىنچى قېتىم تېتىۋا-
تىمەن. مەن ئولتۇرغان دالا ئاپتوموبىلى خۇددى مەست ئادەمدەك
ئىككى تەرەپكە توختىماي ئىرغاڭلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۈستۈۋې-
شىمىز توپىغا مىلەنگەن بولۇپ، توپا دەستىدىن كىيىملەرنىڭ

ئەسلىي رەڭگىنىمۇ پەرق ئېتىش قىيىن ئىدى. يول بويىدىكى قاغجىراپ قۇرۇپ شاخلىرى سۇنۇپ تۆكۈلگەن بىچارە تومۇراقلار كىشىگە پۈتمەس ـ تۈگىمەس ھەسرەتكە تولۇپ مۆڭلانغان ئۇنىڭ ھەيكىلىنى ئەسلىتەتتى. مەن ئاشۇ سوغۇق مەنزىرىلەرگە نەزەر سالغاچ، بۇ يول ھەققىدە نۇرغۇن ئىشلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۇم…

قايسىدۇر بىر غەرب پەيلاسوپى «ئادەم ياكى ياخشىلىقتىن، ياكى يامانلىقتىن نام چىقىرىشى كېرەك» دەپتىكەن. كورلا ـ چاقىلىق تاشيولىنىڭ مەيلى ياخشى ياكى يامان تەرەپتىن مەملىكەت ئىچىدە ئۆزىگە تۇشلۇق داڭقى بار. قايسى جەھەتتىن دەمسىز؟ ئالدىرىماڭ، مەن سىزگە بىرمۇبىر ئېيتىپ بېرەي. بىرى، 1963 ـ يىلى ياسالغان 48 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى (گەرچە ھازىر 10 نەچچە كىلومېتىر قىسمىلا مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ) خىش بىلەن ياسالغان بۆلىكى دۇنيا بويىچە بىردىنبىر، شۇنداقلا ئەڭ ئۇزۇن خىش قۇرۇلمىلىق يول بولۇپ، بۇ ئەنگە ئېلىنمىغان دۇنيا جىنىنىس رېكورتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ يەنە بىرى، بۇ يول مەملىكەت بويىچە دۆلەت تاشيوللىرى ئىچىدە يول ئەھۋالى ئەڭ ناچار يول ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر قىزىقارلىق ھېكايىمۇ بار: 1998 ـ يىلى ئېلىمىزدىكى مەلۇم بىر داڭلىق ئاپتوموبىل زاۋۇتى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان يېڭى تىپتىكى ئاپتوموبىللارنىڭ سۈپەتلىك ئىكەنلىكىنى جامائەتچىلىك ئالدىدا ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئاپتوموبىللارنى مەملىكەت بويىچە يول ئەھۋالى ئەڭ ناچار بولغان كورلا ـ چاقىلىق تاشيولىدا سىناشنى قارار قىلغان. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، شوپۇرلار سىنىماقچى بولغان ئاپتوموبىللارنى ھەيدەپ نەچچە ئون كىلومېتىر ماڭە ـ ماڭمايلا يولنىڭ ناچارلىقىغا چىدىيالماي، ئارقىغا بۇرۇلۇپ بەدەر تىكىۋەتكەن. ئەسلىدە ئاپتوموبىللارنىڭ سۈپەتلىك، پۇختا ئىكەنلىكىنى خەلقئالەم ئالدىدا كۆز ـ كۆز قىلىش

www.uyghurkitap.com

مەقسىتىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان، نۇرغۇن مەبلەغ سەرپ قىلىنغان بۇ قېتىمقى داغدۇغىلىق پائالىيەت ئاخىرقى ھېسابتا كىشىلەرنىڭ مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن تاماملانغان.

مەملىكەت بويىچە يول ئەھۋالى ئەڭ ناچار دۆلەت تاشيولى دېگەن «شەرەپ» نى تا ھازىرغىچە ھېچقانداق يەرگە «تارتقۇزۇپ» قويماي «مەھكەم» ساقلاپ كېلىۋاتقان كورلا - چاقىلىق تاشيولىنىڭ چاقىلىق خەلقىگە ئاتا قىلغىنى يالغۇز يول ئازابىنىڭ كىشى چىدىغۇسىز ئاچچىق تەمىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، بۇ يول ئۇلارغا يول ئازابىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئاچچىق بولغان نامراتلىقنىڭ تەمىنى يەتكۈچە تېتىتتى. بولۇپمۇ، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ «دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە» دېگەن قالپاقنى كىيگىنىچە 21 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىشىدا بۇ يولنىڭ قوشقان «تۆھپىسى» نى ھەرگىزمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. قاتناش قۇلايسىزلىقى ۋە چىدىغۇسىز ناچار يول شارائىتى چاقىلىققا بىر كەلگەن ئادەمنى «ۋاي، داد! ئىككىنچى ئاياغ باسمايمەن» دېگۈزۈۋېتەتتى، مەبلەغ سېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تەكشۈرۈشكە كەلگەن كارخانىچى، سودىگەرلەر بۇ يولدا بىر قېتىم مېڭىپلا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ئۈن - تىنسىز غايىب بولاتتى.

بۇ يول تىلغا ئېلىنسا چاقىلىقتىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ۋايساپ كېتىدىكەن. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، يول ئەھۋالى ھەددىدىن زىيادە ناچار بولغاچقا، بۇ ناھىيىدىكى دېھقان - چارۋىچىلار ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى باشقا جايلارغا يۆتكەپ سېتىشتا بەكمۇ قىينىلىدىكەن، ھەرقانداق شوپۇر دېھقانلار بىلەن مال كىرا قىلىش ئۈستىدە سۆزلەشسە، يول مۇساپىسىنى ھېسابلاپ ئايرىم ھەق، يولنىڭ ناچارلىقىنى پەش قىلىپ ئايرىم ھەق تەلەپ قىلىدىكەن. چاقىلىقتىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە قوغۇن يۆتكەپ سېتىۋاتقان پەيزاۋاتلىق بىر سودىگەر

ماڭا 20 كىلوگرام قوغۇن قاچىلانغان بىر ساندۇق قوغۇننى كورلىغا ئاپىرىش ئۈچۈن كىرا ھەققى ئۈچۈنلا بەش يۈەن چىقىم قىلىندىغانلىقىنى، مۇساپىسى ئوخشاش بولغان باشقا جايلاردا بۇنىڭغا ئۈچ يۈەن چىقىم قىلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

چاقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تيەن جۈن ماڭا مۇنداق دېدى: «باشقا جايلاردا ئون يىل ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئاپتوموبىللار ناھىيىمىزدە، يەنى كورلا ـ چاقىلىق يولىدا بەش يىللا قاتنىسا ئەبجىقى چىقىپ كېتىدۇ. بۇ يولنىڭ ناھىيىمىزدىكى ئاپتوموبىللارغا سىلىۋاتقان زىيىنىنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدۇ. ناھىيىمىزدە كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان ھەرقانداق مەھسۇلات مۇشۇ يولنى بېسىپ ئۆتۈپ، كورلا، ئۈرۈمچى بازارلىرىغا كىرگۈچە ئۇنىڭ تەننەرخى باشقا جايلارنىڭ ئوخشاش تۈردىكى مەھسۇلاتىدىن خېلى كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ناھىيىمىزدە سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تولىمۇ قىيىن. مانا ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ناھىيىمىزدە تاشپاختا كېنىمىزدىن باشقا كۆزگە چېلىققۇدەك كارخانىنىڭ تايىنى يوق.»

ناھىيە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىۋاتقان «تاغ ئېغىزى» سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىش مەيدانىدا بۇ قۇرۇلۇشنىڭ بىر قىسىم ئىش بۆلىكىنى ھۆددىگە ئالغان بىڭتۈەن 2 ـ بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ مەسئۇلى ماڭا مۇنداق دېدى: «ناھىيە مەسئۇللىرى ئىش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىقىدىن ئاغرىنىۋاتىدۇ. بىزنىڭمۇ ئىشنى تېزرەك تاماملاش ئويىمىز بار، لېكىن كورلىدىن بىر دانە توپا قېزىش ماشىنىسى ئەكېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل كېتىدۇ، يامان يېرى، يول ناچار بولغاچقا، ھېچكىم ماشىنىسىنى بۇ يەرگە ئەكېلىشكە، ھەرقانچە كۆپ پۇل بېرىمىز، دېسەكمۇ ئۇنىمايدۇ. ئۆزىمىز ئىشلىتىۋاتقان ئۈسكۈنىلەر بۇزۇلۇپ قالسىمۇ، كورلىدىن سايمان ئېلىپ كېلىشكە ئۈچ ـ تۆت

كۆن ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ يول بىزنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش تەننەر-خىمىزنى ئەسلىدىكى پىلانىمىزدىن بىر ھەسسە ئۆرلىتىۋەتتى.»

دەرۋەقە، باشقا جايلار 100 مىڭ يۈەن خەجلەپ پۈتتۈرگىلى بولىدىغان ئوخشاش بىر قۇرۇلۇشنى چاقىلىق ناھىيىسىدە تاماملاش ئۈچۈن 150 مىڭ يۈەن خەجلەشكە توغرا كېلىدىكەن. بۇ باھا پەرقى ئاساسلىقى كورلا قاتارلىق جايلاردىن يۆتكەپ كېلىنىدىغان قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك ماتېرىيال ۋە ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ كىرا ھەققىدە كۆرۈلىدىكەن. قاتناش جەھەتتىكى بۇ خىل قولايسىزلىق چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ۋە ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ئېغىر دەرىجىدە توسالغۇ بولۇپ كەلدى.

ئۇزاق مۇساپە، ھەددىدىن زىيادە ناچار يول شارائىتى چاقىلىقنىڭ سىرتقى جايلار بىلەن بولغان ئىقتىساد، سودا، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئالاقىسىگە تالاي يىللار مابەينىدە ئېنىچىل تۈردە ئېغىر توسالغۇ بولۇپ كەلدى. ئەزەلدىن تارتىپ شۇكۇر - قانائەتكە، جاپا - مۇشەققەتكە ئادەتلىنىپ قالغان چاقىلىق خەلقى بۇ يول ئازابلىرىغا پەقەت سۈكۈت، ئېغىر خورسىنىش ۋە لېۋىنى چىشلەش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ كەلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى بىر ياخشى يولغا تېزرەك ئېرىشىش ئىستىكى يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى. قايسىدۇر بىر پەيلاسوپ «ئادەم ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلسىمۇ، قەلبىدىكى ئۈمىدتىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەنىكەن، چاقىلىق خەلقى ياخشى يولنىڭ ياسىلىشىغا بولغان ئۈمىدىنى بىر مىنۇتمۇ يوقاتماي كەلمەكتە...

ئۇزاق ھەم ناچار يول، قاتناش ۋە ئالاقە جەھەتتىكى قولايسىزلىق تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان چاقىلىق ناھىيىسىنى بىر قارىسا خۇددى بىپايان دېڭىزنىڭ ئوتتۇرى-

سىدىكى تۆت ئەتراپى كۆز يەتكۈسىز سۇلار بىلەن قورشالغان تەنها ئارالغا، يەنە بىر قارىسا خۇددى چەكسىز دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا لەيلەپ يۈرگەن، مەنزىلدىن ئاداشقان تەنها قېيىققا ئوخشىتىپ قويدى. يول جەھەتتىكى بۇ خىل قىيىنچىلىق چاقىلىقنىڭ كۈن-لەرنىڭ بىر كۈنى قۇم ئاستىدا قېلىپ ئىككىنچى كروورانغا ئايلى-نىپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالارمۇ قانداق؟

2000 ـ يىل نويابىر، چاقىلىق، چەرچەن

# بىر خۇشاللىق، بىر ئەپسۇس

– ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدىكى ئۇيغۇر كارخانىچىلارغا نەزەر

## خۇشاللىق: ئۇيغۇر كارخانىچىلارنىڭ سانى كۆپەيدى

بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرىكى تۇنجى نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئاساسىي جەھەتتىن يوق دې-يەرلىك ئىدى. سەممىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلساق، ئۇ چاغلار-دا مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىمىز كونا، ئەنئەـ-نىۋى تىجارەت رامكىسى ئىچىدە سولىنىپ يۈرگەچكە، «يەرمەنكە دېگەن قانداق ئىش؟ ئۇنىڭدا نېمە ئىشلار قىلىنىدۇ؟ يەرمەنكە كارخانىلارغا نېمە نەپ ئېلىپ كېلىدۇ؟» دېگەن مەسىلىلەردىن خەۋەرسىز ئىدى. ھەتتا، قىسمەن كارخانىچىلىرىمىز چەت ئەل ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى پەن – تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي كۈچى زور كارخانىلارنىڭ تاغ – دەريا، دېڭىز – ئوكيانلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، كۆپلەپ مەبلەغ سېلىپ، چېگرا شەھىرىدىكى بۇ يەرمەنـ-كىگە قاتنىشىشىنى بىر خىل ئەخمىقانىلىك ۋە كۈلكىلىك ئىش دەپ قارايتتى. ئون يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر كارخانىچىلىرى يەرمەنكىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە خاسىيىتىنى كېچىـ-كىپ بولسىمۇ تونۇپ يېتىپ، ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى يەرمەنكە زالىغا چىرايلىق تىزىپ، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە يېڭى تۈس كىرگۈزدى. 2000 – يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە ئاپتونوم رايون بويىچە 12 ئۇيغۇر كارخانىچى قاتناشقان بولسا، بۇ يىللىق

ئۇرۇمچى يەرمەنكىسىگە 30 غا يېقىن ئۇيغۇر كارخانىچى قاتنىشىپ، 38 يايما ئورنى سېتىۋالدى، گەرچە بۇ 38 يايما ئورنى ئۇرۇمچى يەرمەنكىسىگە رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتى «شىنجاڭ خەلقئارا» كۆرگەزمە زالىدا تەسىس قىلغان 1400 يايما ئورنى ئىچىدە تولىمۇ ئاز نىسبەتنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يەرمەنكىگە بولغان تونۇشى، قاتنىشىش قىزغىنلىقى ۋە يەرمەنكە ئارقىلىق ئۆزىگە چىقىش يولى ئىزدەش جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرى كىشىنى ھەقىقەتەن خۇشال قىلىدۇ.

ئۇرۇمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشقان ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئىچىدە يەنە يەرمەنكىنىڭ «مېغىزى» نى خېلى ئوبدانلا «چاققان» لارمۇ يوق ئەمەس. شىنجاڭ «ئارمان» كەسپىي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى رادىل ئابلا زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: «2000 ـ يىللىق ئۇرۇمچى يەرمەنكىسى شىركىتىمىزگە ‹ئامەت› ئېلىپ كەلدى، بىز بۇ يەرمەنكىدە ئومۇمىي پۇتۇشۇش سوممىسى 6 مىليون يۈەنگە يېتىدىغان توختام ئىمزالىدۇق، بۇنىڭ ئىچىدە كونەس تاھىيىسىدە 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ سۈت مەھسۇلاتلىرى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇش تۈرىمۇ بار ئىدى، بىر يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ تۈر ئەمەلىيلىشىپ، زاۋۇت رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. بۇنىڭ بىلەن شىركىتىمىزنىڭ ‹ئارمان› ماركىلىق يۇرۇشلۇق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھەسسىلەپ ئېشىپ، مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ بازار ئىگىلەش سالمىقى ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىز يەرمەنكىنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ ئوبدان تونۇپ، يالغۇز ئۇرۇمچى يەرمەنكىسىنىلا ساقلاپ ئولتۇرماي، يەنە گۇاڭجۇ يەرمەنكىسى، بېيجىڭ خەلقئارالىق دوست شەھەرلەر يەرمەنكىسى ۋە جۇڭگو ساغلاملىق يېمەكلىكلىرى يەرمەنكىسى قاتارلىقلارغا قاتناشتۇق، بۇ يىللىق يەرمەنكىگە 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، پۇختا تەييارلىق بىلەن قاتناشتۇق.»

ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشقان ئۇيغۇر كارخانىچىلىرى-نىڭ سانىنىڭ يىلمۇيىل كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ مەھ-سۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستى. «كۆرگەن كۆر-گىنىنى قىلار، كۆرمىگەن نېمىنى قىلار» دېگەندەك، ئۇلار يەر-مەنكىگە قاتنىشىش جەريانىدا باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆ-گىنىپ، ئۇلاردىن ئۆزىگە ياخشى ئۈرنەك، ياخشى ئەندىزە ئالدى، ئۇلارنىڭ يەرمەنكىگە قاتناشتۇرغان مەھسۇلاتلىرىمۇ ئىلگىرىكى ئالما ـ ئۈرۈك، شاپتۇل قېقى، ياڭاق، بادام، قوغۇن ـ تاۋۇز، نان قاتارلىق ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتلاردىن تەرەققىي قىلىپ، شىن-جاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئۆزگىچە مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلىپ، ئىلغار تېخنىكىلار ئارقىلىق پىششىقلانغان قۇۋۋەت يېمەكلىكلىرى، ساغلاملىق يېمەكلىكلىرى، يېشىل يې-مەكلىكلەر، ھەر خىل مېۋە ـ چېۋە شەربەتلىرى، نەپىس ئىشلەن-گەن سانائەت بۇيۇملىرى، كۆن ـ خۇرۇم بۇيۇملىرى قاتارلىقلار-غا تەرەققىي قىلدى، مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرىمۇ كۆپەيدى. ئۇلار بۇ مەھسۇلاتلارنى بېزەش، ئوراش ـ قاچىلاش قاتارلىقلارغا نۇرغۇن مەبلەغ ئاجراتتى، قەشقەر «گۆھەر زېمىن» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى «لوقمان» يېمەك ـ ئىچمەك چەكلىك شىر-كىتى قاتارلىق شىركەتلەر نۇرغۇن مەبلەغ سەرپ قىلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تېخنىكىسى ئىلغار كارخانىلاردىن قۇتا، بوتۇلكا زاكاز قىلىش ۋە ئىلغار ئوراش ـ قاچىلاش ئۈسكۈنىلىرىنى كىر-گۈزۈشكە ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئانار شەربىتى، چىلان شەربىتى، جىگدە سۈيى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئورا-لىش، قاچىلىنىش سەۋىيىسى مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋى-يىگە يەتكۈزۈپ، مەھسۇلاتلارنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى زور دەرى-جىدە ئاشۇردى.

## ئەپسۇس: ئۇيغۇر كارخانىچىلاردا مەبلەغ، تېخنىكا كىرگۈزۈش ۋە بىرلىشىش ئېڭى كەمچىل بولدى

گەرچە ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشقان ئۇيغۇر كارخانىچىلار سان جەھەتتە دەسلەپكى كۆلەم ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ يەرمەنكىگە قاتنىشىش ئېڭى، مۇددىئاسى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قىسىم مەسىلىلەر مەۋجۇت، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كارخانىچىلاردا ئەنئەنىۋى تىجارەت، مال سېتىش ئېڭى ناھايىتى كۈچلۈك، يەرمەنكە ئارقىلىق مەبلەغ، تېخنىكا جەلپ قىلىش، ئىچكى - تاشقى ھەمكارلىق تۈرلىرى ئۈستىدە كېڭىشىش ئېڭى تولىمۇ ئاجىز بولۇۋاتىدۇ.

مەن ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشقان ئون نەچچە ئۇيغۇر كارخانىچىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلاردىن يەرمەنكىگە قاتنىشىشتىكى مۇددىئاسىنى سورىغىنىمدا، كۆپىنچىسى ناھايىتى مۇجمەللا جاۋاب بەردى. قەشقەر «گۆھەر زېمىن» شىركىتى، ئۈرۈمچى «لوقمان» يېمەك - ئىچمەك شىركىتى، ئۈرۈمچى «ئىزچىلار» كەسپىي شىركىتى قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ مەسئۇللىرى ماڭا ئۆزلىرىنىڭ نۆۋەتتە تېخنىكا يېڭىلاش، يەن تەتقىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مەبلەغكە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. قەشقەر «گۆھەر زېمىن» شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى غەيرەت ئابدۇرېشىت مۇنداق دېدى: «شىركىتىمىز نۆۋەتتە تېخنىكا يېڭىلاش ۋە خام ئەشيا بازىسى بەرپا قىلىش قاتارلىقلارغا جىددىي كېرەكلىك بولغان بەش - ئالتە مىليون يۈەن مەبلەغكە ناھايىتى ئېھتىياجلىق بولۇۋاتىدۇ، لېكىن، ھازىر بانكا قەرزىنى قولغا كەلتۈرۈشمۇ ناھايىتى قىيىن بولغاچقا، بىز يۇقىرىقى تۈرلەرنى بالدۇرراق يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ئىچكىلىك بازىرىدىكى كۈن-

دىن ـ كۆنگە كەسكىنلىشىۋاتقان رىقابەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگە-
لەشكە ئامالسىز قېلىۋاتىمىز.»

ئۈرۈمچى «لوقمان» يېمەك ـ ئىچمەك شىركىتىنىڭ باش
دىرېكتورى جۇرئەت ئابدۇللا مۇنداق دېدى: «شىركىتىمىز ئۇزاق
ۋاقىت تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقارغان 100% لىك ساپ ئانار
سۈيى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدىن كەلگەن
مېھمانلارنى بەكلا قىزىقتۇردى. ئۇلار بىز بىلەن مال زاكاز قى-
لىش توختامى ئىمزالاش ئۈيى بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار بىزگە
يىلىغا نەچچە مىڭ توننا مال بىلەن تەمىنلەش تەلىپىنى قويدى.
بىراق، بىزنىڭ ھازىرقى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىمىز
ئۇنىڭغا يەتمىگەچكە، ئىلاجسىز لېۋىمىزنى چىشلەپ قالدۇق.»

دەرۋەقە، غەيرەت ئابدۇرېشىت ۋە جۇرئەت ئابدۇللالار ئوتتۇ-
رىغا قويغان بۇ رېئال مەسىلە نۇرغۇن كارخانىلىرىمىزغا ئورتاق.
مەسىلىنىڭ مۇھىم تەرىپى شۇكى، ئۇلار ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە
ئوخشاش مۇشۇنداق كاتتا ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىق سورۇ-
نىنى خاتا ھالدا مال سودىسى قىلىدىغان بازار دەپ چۈشىنىپ،
ئۆز يايما ئورنىدا ھەدەپ مال سېتىش بىلەن بولۇپ كېتىپ،
كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان ئوبدان پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ
قويدى. ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ،
ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى بولغان مەبلەغ، تېخنىكا
قەھەتچىلىكىنى ياخشى ھەل قىلالمىدى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى
دەسمايە بەكلا ئاز بولغانلىقتىن، كارخانىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەي-
تىشكە ئىلاجسىز قالدى، مۇبادا ئۇلار دەسلەپدىن باشلاپلا مەب-
لەغ، تېخنىكا جەلپ قىلىشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، تەشەببۇس-
كارلىق بىلەن مەبلەغ كىرگۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى
ئاشۇرغان بولسا، زور مىقداردا مال سېتىۋېلىش توختامى تۈزۈش-
كىلى كەلگۈچىلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنداق ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈپ
قالاتتىمۇ؟!

يەنە بىر نۇقتا، ئۇيغۇر كارخانىچىلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ قۇرۇلمىسى تازا مۇۋاپىق بولمايۋاتىدۇ، يەنە ئۇي- غۇر كارخانىچىلىرى ساغلاملىق يېمەكلىكلىرى، مېۋە- چېۋە شەربىتى، كۆن- خۇرۇم بۇيۇملىرى ئىشلەش قاتارلىق ساناقلىق بىرقانچە تۈرگىلا مەركەزلىشىپ قېلىۋاتىدۇ. يەرمەنكىگە قاتناشقان ئۇيغۇر كارخانىلىرى ئىچىدە ئانار شەربىتى قاتارلىق ئىچىم- لىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىدىن بەشى بار بولۇپ، بۇ- لارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى — كۆلىمى كىچىك، مەبلەغ، تېخنىكا كەمچىل، رىقابەت ئىقتىدارى ئاجىز. كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، ئاشۇ ئوخشاش بىر «تار كوچا» غا قىستىلىشىپ كىرىۋالغان ئۇيغۇر كارخانىچىلىرى ئۆزئارا بىر- لىشىپ مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆلەم ۋە سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا بازارغا كىرىش قەدىمىنى تېزلە- تىش مەسىلىسىنى ئويلاشمايۋاتىدۇ.

بازار رىقابىتى تولىمۇ رەھىمسىز، بۇنىڭغا ئەنئەنىۋى، كى- چىك ئىگىلىك بىلەن ھەرگىزمۇ قاتناشقىلى بولمايدۇ. بازار رىقابىتىدە پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىر كارخانىچىدا زامانغا لايىق ئاڭ، تەپەككۇرنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇ- نىڭ ئۈچۈن، كارخانىلىرىمىزدا كۈچلۈك ئىقتىساد ۋە تېخنىكا ئاساسى بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر. كارخانىچىلىرىمىز ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى ئارقىلىق ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىغا مېڭىشتا ئەنئەنىۋى مال سودىسىغا ئەمەس، بەلكى مەبلەغ، تېخنىكا كىر- گۈزۈش ۋە بىرلىشىش يولىغا مېڭىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

2001 - يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

# خەيرلىك سەھەر، شەھەر باشلىقى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

## مۇقەددىمە

«ئابدۇرېھىم ئابلىز، 1958 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قۇمۇل شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، 1976 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سانائەت ـ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى، ۋىلايەتلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەتچى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇۋەققەت شەھەر باشلىقى بولغان. 2000 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ قۇمۇل شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى، تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى قاتارلىق بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغان ياكى بىلىم ئاشۇرغان، 1996 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە ۋىلايەت بويىچە بەش قېتىم ‹مۇنەۋۋەر ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك كادىر› بولۇپ باھالانغان، 1998 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ‹شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە ئولتۇراق ئۆي باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس›، 2001 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە ‹خەلق رازى بولغان دۆلەت مەمۇرى› دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن.»

شەھەر باشلىقى ئابدۇرېھىم ئابلىزنىڭ كاتىپى ماڭا ماتېرى-يال سۈپىتىدە بەرگەن بىر ۋاراق قەغەزگە پۈتۈلگەن بىرلىق مەزمۇنلار مانا مۇشۇنچىلىكلا ئىدى. «مېنى يازماي قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا كۆپرەك بىر نەرسە يې-زىڭ» — بۇ شەھەر باشلىقىنىڭ ماڭا بەرگەن بۇيرۇق ئارىلاش «كۆرسەتمىسى». ئۇ باشتىن - ئاخىر مۇشۇ پىكرىدە «جاھىل-لىق» بىلەن چىڭ تۇردى، ئۇنىڭ ئىغىزىدىن قولغا چىققۇدەك بىرنەرسە ئېلىشقا راستتىنلا كۆزۈم يەتمىدى، شۇڭلاشقا مۇخبىر-لىق جەريانىدا ئىغىز ۋە پۇت - قولۇمنى كۆپرەك ئىشقا سېلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

تۆۋەندە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنماقچى بولغانلىرىم ئابدۇرېھىم ئابلىز ھەققىدىكى ھېكايىلەرنىڭ تولىمۇ ئاز بىر قىس-مى. بۇ ھېكايىلەر مېنىڭ قەلبىمنى لەرزىگە سالغانغا ئوخشاش ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ قەلب تارىنى چېكەلەرمۇ؟ قېنى، ئۇنداقتا نە-زىرىمىزنى تۆۋەندىكى قۇرلارغا ئاغدۇرۇپ باقايلى.

## «ئەۋلادلار بىزگە لەنەت ئوقۇمىسۇن!»

1999 - يىلى ماي ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئۆزىنىڭ تېخى دىگەندەك تاۋلانمىغان، ئەمما جىمىكى جان - جانىۋار، گۈل - گىياھقا چەكسىز ھۇزۇر، پۇتمەس - تۈگىمەس ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكۈچى ئالتۇن نۇرلى-رىنى پۈتكۈل ئالەمگە تولىمۇ ئادىللىق ۋە سېخىيلىق بىلەن چاچ-ماقتا ئىدى. قۇمۇل شەھىرىگە 1997 - يىلى 8 - ئايدا مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولۇپ، شەھەر قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە كونكرېت مەسئۇل بولغان كۈندىن ئېتىبارەن ئۆزىگە «يۇقتۇر ۋۇالغان» ھەر كۈنى سەھەر ۋە كەچتە ۋېلىسىپىتلىك ياكى پىيادە كوچا ئايلى-نىپ، شەھەردىكى ھەربىر تۈپ كۆچەت، ھەربىر ئەخلەت ساندۇ-

قى، ھەربىر كوچا چىرىغىنىغىچە ئالا قويماي كۆزدىن كۆچۈرۈپ، «قۇسۇر ئىزدەش» تەك «كونا كېسىلى» ئابدۇرېھىم ئابلىزنى بۈگۈن تاڭ سەھەردە يەنە يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىشقا ئۈندىدى.

— ئەتىگەندە نەگە؟ ۋاقىت تېخى بالدۇر، ئازراق ئۇخلىۋالسىڭىز بولمامدۇ، ھېلىمۇ كېچىچە تاماكىنى ئۈزۈلدۈرمەي چېكىپ، تورۇسقا قاراپ تاڭ ئاتقۇزدىڭىز، — دېدى ئايالى پاتىگۈل ئەخمەت ئۇنىڭ ئۇيقۇسىزلىق دەستىدىن قىزارغان كۆزلىرى، غورىدەك ئىششىغان قاپاقلىرىغا قاراپ رەنجىگەندەك قىلىپ.

— سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەي، — دېدى ئۇ ئېرەنسىز ھالدا.

— بۈگۈن دەم ئېلىش تۇرسا، ئوبدانراق ئۇخلىۋېلىپ، ناشتا قىلىپ بولۇپ ئاندىن ئايلانسىڭىزمۇ بولىدىغۇ؟!

ئۇ ئايالىغا قاراپ سۇسقىنە كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، ئۇچىسىغا تەنھەرىكەتچىلەر كىيىمى، پۇتىغا قاچانلاردىدۇر بىر چاغدا بىر دېھقان موماي ئالايىتەن تىكىپ سوۋغا قىلغان لاتا خەينى كىيىپ، يۈز - كۆزىنى چالا - بۇلا يۇيۇپ كوچىغا چىقتى.

باھارنىڭ سەلكىن شامىلى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىزلىق دەستىدىن خۇددى تۈگمەن تېشىدەك ئېغىرلاشقان جىسمىغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھۇزۇر بەخش ئەتتى. ئۇ پىيادىلەر يولىنى بويلاپ ئاستا ماڭغاچ «كونا كېسىلى» بويىچە خۇددى دېلو يۈزگەن نەق مەيداندىن يىپ ئۇچى ئىزدەۋاتقان رازۋېدكىچىدەك ئەتراپقا توختىماي كۆز يۈگۈرتتى. كوچا سۈپۈرۈۋاتقان تازىلىق ئىشچىسى ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرۈپ، قىلىۋاتقان ئىشىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ ئۇنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئۇ تازىلىق ئىشچىسىدىن قىسقىلا ئەھۋال سوراپ، ئۆز يولىغا ماڭدى.

ئابدۇرېھىم ئابلىز شۇ ماڭغىنىچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېھمانخانىنىڭ ئالدىدىكى قۇمۇل شەھىرىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدى-

www.uyghurkitap.com

غان شەرقىي ئۆستەڭگە سىلىنغان كۆۋرۈك ئۆستىگە كېلىپ توختىدى ھەمدە ئەتراپتىكى مۇھىتقا تەكشى نەزەر سالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق شۇكى، ئەسىرلەر بويى ئويناقشىپ چىقىپ قۇمۇللۇقلارغا ھاياتلىق، باغۇ بوستانلىق ۋە ئېسىل نازۇنىمەتلەرنى ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئاللىقاچان قۇرۇپ تۈگىگەن، ئۆستەڭ بويىدىكى سان ـ ساناقسىز بۇلاقلارنىڭ كۆزلىرى يەر ئاستى سۈيى تۆۋەنلەپ كېتىش سەۋەبلىك پۈتۈپ كەتكەن، ئۆستەڭنىڭ ئىككى يېقىدىكى دەل ـ دەرەخلەرمۇ بىر لەپ، ئىككىلەپ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ، كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك بىر مەنزىرە ھاسىل قىلغان، ئۆستەڭ ئېقىنى ۋاقىتسىز سارغىيىپ تۆكۈلگەن ياپراقلار ۋە قەيەرلەردىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن ئەخلەت ـ چاۋارلار بىلەن تولۇپ، تولىمۇ ئىستىخىيىلىك ھالدا ئاجايىپ چوڭ ئەخلەت ئازگىلىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇ بۇ مەنزىرىلەرگە قانچە قارىغىنىچە كۆڭلى شۇنچە غەش بولدى، يۈرىكىنى خۇددى بىرى كۆرۈنمەس قولى بىلەن توختاۋسىز تاتىلاۋاتقاندەك ئاچچىق ئېچىشتى. يۈرەك ـ باغرى ئۆرتىنىپ، ئۆزىنى خۇددى ئېغىر گۇناھ سادىر قىلىپ قويغان جىنايەتكاردەك ھېس قىلدى.

دەرۋەقە، ئابدۇرېھىم ئابلىز قۇمۇل شەھىرىگە كېلىپ خىزمەت قىلغاندىن بېرى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇشىدەك بۇ جىددىي ھەل قىلىنمىسا بولمايدىغان زور مەسىلە ئۇنى كۈندە نەچچە قېتىم خۇددى چىۋىن يەۋالغان ئادەمدەك غەمكىن ھەم پەرىشان قىلىپ قويۇۋاتاتتى. كېچىچە ئۇنى توختاۋسىز ئازابلاپ ئايىغى تاڭنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلغىنىمۇ دەل شەھەرلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدا ئۇنىڭغا يوللىغان تەكشۈرۈش دوكلاتىدىكى كىشىنى قورقۇنچقا سالىدىغان سان ـ سىپىرلار ئىدى. دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە،

يېقىنقى بىرقانچە 10 يىل مابەينىدە قۇمۇل شەھىرىنى غەرب ۋە شەرقتىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان ئىككى «قوشماق ئۆستەڭ» — غەربىي ئۆستەڭ بىلەن شەرقىي ئۆستەڭنىڭ سۇيى يۇقىرى ئېقىندىكى بەزى ئورۇنلارنىڭ قانۇنسىز بوز يەر ئېچىشى، پىلانسىز سۇ ئىشلىتىش سەۋەبلىك تەدرىجىي ئازلاپ، ئاخىرى پۈتۈنلەي توختاپ كەتكەن. بولۇپمۇ، راھەتباغ يېزىسىدىكى قاردىتال سۇ ئامبىرىغا قويۇلىدىغان سۇ مەنبەسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قېلىپ، سۇ ئامبىرى قۇرۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان، قۇمۇل شەھەر مەركىزىدىن بوغاز يېزىسىغىچە بولغان 20 نەچچە كىلومېتىر ئارىلىقتا ئىككى ئۆستەڭنى بويلاپ ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان «يېشىل كارىدور» دىكى 60% دىن ئارتۇق ئورمانلىق سۇسىزلىق ۋە قالايمىقان كېسىش، قالايمىقان بوز يەر ئېچىش تۈپەيلىدىن ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ نابۇت بولغان.

مۇبادا بۇ ئەھۋالغا يەنىلا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېرىدىغان بولساق، يەنە نەچچە 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ سۇ يوق دېگەنلىك يېشىللىق، ھاياتلىق يوق دېگەنلىك بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟ ئەلمىساقتىن تارتىپ، «قۇمۇل بوستانلىقى» دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ خاسىيەتلىك ئانا زېمىن بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە، قاقاس چۆللۈككە، راھەتباغ «قاقشال باغ» قا ئايلىنىپ كەتسە، كەلگۈسى ئەۋلادلار بىزگە ئوخشاش رەھبەرلەرنى يارىماس، نانقېپى دەپ تىللاپ، لەنەت ئوقلىرىنى ياغدۇرماسمۇ؟ تارىختا قۇمۇلدا ياشاپ ئۆتكەن ھۆكۈمدارلار چېغىدا ئاۋام خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىپ، قۇمۇلنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش يولىدا نۇرغۇن قان - تەر ئاققۇزغان يەردە، بىز ئەمدىلىكتە ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ بايلىقلارنى ئاسرىماق تۈگۈل، ئۇنىڭ خانىۋەيران بولۇشىغا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرساق بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر گۇناھ بولامدۇ؟! ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزغۇنچى-

لىققا ئۇچرىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىنسانلارنىڭ ياشاش ھو-قۇقىنىڭ دەخلى - تەرۇزگە ئۇچراش مەسىلىسى بالىلارچە تەپەك-كۇر بىلەن «كېيىنچە بىر گەپ بولار» دەپ ئۆتكۈزۈۋەتكىلى بولىدىغان شۇنداق ئەرزىمەس ئاددىي مەسىلىمۇ؟ شۇنىسى ئېنىق-كى، يېقىنقى بىرقانچە يىل مابەينىدە قۇمۇل شەھىرىنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. توپىلىق، تار، قىستاڭ يوللارنىڭ ئورنىنى ئاسفالتلاشقان، ئازادە يوللار ئىگىلىدى، ئېشەك ھارۋىلار ئالىي دەرىجىلىك ئاپتوموبىل-لارغا «يول بوشاتتى»، كونا، ئەبجەق ئۆيلەرنىڭ ئورنىغا ئېگىز، ھەيۋەتلىك بىنالار «ماكانلاشتى»، بىراق كىشىلەرنىڭ مەقسەت-لىك ۋە مەقسەتسىز ھالدا تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپلىق قىلى-شى ۋەجىدىن دەل - دەرەخلەر كېسىلدى، ئېقىنلار، بۇلاقلار قۇرۇپ تۈگىدى، ھۆل - يېغىن زور دەرىجىدە ئازلاپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن قۇمۇللۇقلارنىڭ ياشاش شارائىتى ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە ناچارلاشتى. بۇنىڭدىكى ئەيىب زادى كىمدە؟ بىز قۇمۇل شەھىرىدىكى 390 مىڭ خەلقنىڭ بېشى تۇرۇقلۇق، ئۇلار-نىڭ ئەقەللىي ياشاش شارائىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمىساق، «شەھەر باشلىقى بولدۇم» دەپ پەخىرلىنىپ يۈرگىنىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ بۇنىڭدا پەقەت ئىككىلا يول بار. بىرى، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، بۇزۇلغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يەنە بىرى، بۇ ئىشنى قىلىشقا كۆزىمىز يەتمىسە، ھوقۇقنى قىلالايدىغانلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش...

مانا بۇلار ئابدۇرېھىم ئابلىزنىڭ كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنىغا يۆلەنگىنىچە قىلغان خىياللىرى، شۇنداقلا بۇ ئۇنىڭ كېچىچە قىلغان خىياللىرىنىڭ داۋامى. كېچە ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدىن كۆز يەتكۈسىز قۇم بارخانلىرى، قۇم ئاستىدىكى قەدىمىي شەھەر خارابىسى، سۇسىزلىق دەستىدىن جىسمى «چاك - چاك» يېرىل-غان ئانا يەر، قۇرۇپ قاقشال بولغان توغراقلار خۇددى كىنو

لېنتىسىدەك بىرمۇبىر ئۆتكەنىدى. كېچە ئۇ يەنە لوپنۇر، تېتىما
كۆللىرىنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكى، قەدىمىي كىروران، مىرەن شە-
ھەرلىرىنىڭ قۇم ئاستىدا قالغانلىقى، تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا،
تۆۋەن ئېقىنى رايونىدىكى نەچچە مىڭ چاقىرىملىق تەبىئىي توغ-
راق ئورمانلىرىنىڭ قۇرۇپ ۋەيران بولغانلىقى بۇنداق پاجىئەلىك
ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبنىڭ يەنىلا
ئىنسانلارنىڭ تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا توغراق، يۇل-
غۇن، سۆكسۆك قاتارلىق ئورمان ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى
خالىغانچە خانىۋەيران قىلىپ بوز يەر ئاچقانلىقى، تارىم دەرياسى-
نىڭ سۇيىنى خالىغانچە توسۇپ، قانۇنسىز ئاچقان بوز يەر ۋە
پىلانسىز سۇ ئامبارلىرىغا باشلىۋالغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى ئويلى-
غانىدى. قۇمۇلدىكى ھازىرقى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت جەھەتتى-
كى بۇزۇلۇشنىڭ تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى رايونىدىكى
تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەيرانچىلىق بىلەن تولىمۇ ئوخشى-
شىپ كېتىدىغانلىقىنى خىيال قىلغاندا، ئۇنىڭ تېنى ئىختىيار-
سىز شۈركىنىپ كەتكەنىدى. دېمەك، ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتى
ئەمدى دەرھال جىددىي تەدبىر قوللانمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە
بېرىپ يەتكەنىدى. ئۇ خىيال تۇمانلىرى ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ
چىقىپ قەددىنى رۇسلىدى ـ دە، چەبدەس قەدەم تاشلىغىنىچە
ئۆيىگە يېتىپ كەلدى ھەمدە ئايالى پاتىگۈل تەييارلاپ قويغان
ناشتىلىقىنى ئالدىراپ ـ تېنەپ يەپ، قىزلىرى ئالىيە بىلەن
ئادىلەنىڭ «دەم ئېلىش كۈنىمۇ بىز بىلەن بىللە بولمىدىڭ» دەپ
غۇدۇراشلىرىغا پەرۋا قىلماي، پىكاپىغا ئولتۇرۇپ، ئۇدۇل را-
ھەتباغ يېزىسى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ شۇ كۈندىن
ئېتىبارەن، توپتوغرا بىر ھەپتە ھەر كۈنى سەھەر يولغا چىقىپ
كەچ قايتىپ راھەتباغ، شەھەر ئىچى، شەھەر ئەتراپى، بوغاز
قاتارلىق يېزىلاردا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. بولۇپمۇ راھەتباغ،
بوغاز يېزىلىرىدىكى ھەربىر كەنت، مەھەللىلەرگىچە بېرىپ،

ئىككى ئۆستەڭنىڭ سۈيى توختاپ قېلىش ۋەقالايمىقان بوز يەر ئېچىش سەۋەبىدىن زىيانغا ئۇچرىغان جايلارنى بىرمۇبىر كۆزدىن كەچۈردى. ئورمانچىلىق، سۇچىلىق تارماقلىرى، يېزا ـ كەنت رەھبەرلىرى ۋە دېھقانلار بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشى-لاش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق كېڭەشتى.

قۇمۇل شەھىرىدىكى شەرقىي ئۆستەڭنى ئونمۇڭ سال تۈزەش ۋە ئۆستەڭ بويىدىكى رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاشنىڭ ئومۇمىي لايىھىسى، قۇرۇلۇش كۆلىمى، دائىرىسى ۋە كېتىدىغان مەبلەغ قاتارلىقلار توغرىسىدا ئۆز كاللىسىدا خېلى پىششىق چوت سوقۇۋالغان ئابدۇرېھىم ئابلىز پىلاننى ئاۋۋال شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى مېي داچۈەنگە، ئاندىن ۋىلايەت-لىك پارتكومنىڭ شۇجىسى چيەن جى بىلەن ۋىلايەتنىڭ ۋالىيسى كۇرەش مەخسۇتقا دوكلات قىلدى.

ئۇنىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى كۆزقارىشى، پىلانى رەھبەر-لەرنىڭ قايىللىقى ۋە مايىللىقىنى قوزغىدى.

— پىلانىڭ تولىمۇ پۇختا ھەم ئەتراپلىق بوپتۇ، بۇ بىزمۇ دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان مۇھىم ئىش ئىدى. شۇڭمىسى قۇرۇ-لۇشنىڭ كۆلىمى چوڭ، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، كېتىدىغان مەبلەغ خېلى كۆپ ئىكەن. ۋىلايەت قۇرۇلۇشنى مەبلەغ ۋە سىيا-سەت جەھەتتىن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوللىساق، سىزنىڭ بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشقا كۆزۈڭ يېتەمدۇ؟ — دەپ سورىدى ۋالىي كۇرەش مەخسۇت ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ.

— قىلالايدىغانغا كۆزۈم يېتىپ ئالدىڭىزغا كىردىم، ماڭا پەقەت سىزلەرنىڭ قوللىشىڭىزلار كېرەك. كونكرېت ئىشنى ئۆ-زۈم باش بولۇپ قىلىمەن.

دېمىسىمۇ شۇنداق، ئاساسىي قاتلامدىكى رەھبەرلەرگە نىس-بەتەن ئېيتقاندا، ئۆزلىرى داۋاملىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ

قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىدىغانمۇ ئارتۇق مەدەت، ئىلھام بارمۇ؟ مۇبادا، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر «يامان يولۋاس يولدا يېتىپ، شىرغا يول بەرمەس» دېگەندەك، سىز مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئوتتۇرىغا چىقارغان بىرەر تۈرنى «ياق» دەپلا قېقىۋېتىپ، ئۆزىمۇ قىلماي، سىزگىمۇ قىلغۇزمىسا، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟

شۇنداق بولغاچقىمۇ، ئابدۇرېھىم ئابلىز ھە دېگەندىلا شەھەر، ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزىنى قىزغىن قوللىغانلىقىدىن قەۋەتلا خۇش بولدى، لېكىن كېيىنكى قەدەمدە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىنى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئانچە خۇش قىلمايدىغان ئىشلار ئىدى. پىلان بويىچە ئومۇمىي قۇرۇلۇشقا جەمئىي 70 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ كېتەتتى، قۇرۇلۇش ھەر ئۈچ يىلنى بىر باسقۇچ قىلغان ئاساستا ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلاتتى. قۇمۇلغا ئوخشاش، بايمۇ ئەمەس، نامراتمۇ ئەمەس بىر شەھەر ئۈچۈن بۇ پۇلنى بىر يولىلا غەملەش ئانچە ئاسانغا چۈشمەيتتى. باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ بۇ پۇلنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى بىر يىللىدا شەھەر مالىيىسىدىن چىقىرىشقا توغرا كەلسىمۇ، ئوبدانلا ئىنجىقلاشقا توغرا كېلەتتى. «ۋىلايەتتىن بۇ قۇرۇلۇشنى قوللىدى» دېگەن تەقدىردىمۇ قوللاش سالمىقىنى كۆپرەك سىياسەت جەھەتتىن قوللاشقا قارىتىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاۋام ئالدىدا مەيدىگە ئۇرۇپ چىققان ئوغۇل بالا بولغاندىكىن ئىشنى يەنىلا ئۆزى باش بولۇپ روياپقا چىقىرىشى كېرەك - دە!

شۇنىڭدىن بۇيان، ئابدۇرېھىم ئابلىزنىڭ كۆڭلى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئالدىراش بولۇپ كەتتى. يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ مەبلەغنىڭ پېيىگە چۈشۈش، قۇرۇلۇشنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتىنى تەييارلاش، ئومۇمىي ۋە دائىرىلىك پىلان تۈزۈش، دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلۇش قىلىنىدىغان جايلارنى تاللاپ بېكىتىش قاتارلىق باش - ئايىغى يوق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە

ئۇنىڭ بىرمۇبىر قول تىققىشىغا توغرا كەلدى. ئۆستەڭگە سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىغا شەھەردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىش، يېزىلاردىكى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىغا دېھقانلارنى ئاتلاندۇرۇش، كۈچى بارلارنى كۈچ، پۇلى بارلارنى پۇل چىقىرىشقا ئۈندەش، ئۆستەڭنىڭ باش ئېقىنىدىكى سۇنى توسۇۋالغان ئورۇنلارغا خىزمەت ئىشلەش قاتارلىق ئىشلارنى باش بولۇپ، ئېدىتلىق، پۇختا ئورۇنلاشتۇردى.

پۈتكۈل قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدا ۋىلايەتنىڭ ئىلگىرى ۋە هازىرقى ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن چيەن جى، كۇرەش مەخسۇت، بەي جىجى قاتارلىقلار ئۇنىڭ خىزمىتىنى باشتىن ـ ئاخىر قەتئىي قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى. بۇ ئۇنىڭغا زور مەدەت ۋە ئىلھام بولدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا ئابدۇرېھىم ئابلىز مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىدىن مۇۋەققەت شەھەر باشلىقىغا، شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋە شەھەر باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى، لېكىن بۇ قۇرۇلۇشنى بىر كۈنمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى، شەھەر مالىيىسىدىن 1000 يۈەن ئاجرىتىلسا 1000 يۈەن، 10 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلسا 10 مىڭ يۈەن چىقىرىپ قۇرۇلۇشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتمىدى. 2001 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 40 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شەرقىي ئۆستەڭگە سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ئاخىرى پۈتۈپ، تۇرۇك سۇ ئامبىرىدىن باشلانغان سۇ خۇددى بۆكەندەك شوخ سەكرەپ ئېقىپ، شەھەر ئەتراپى رايونى ۋە راھەتباغ، بوغاز قاتارلىق يېزىلاردا يولغا قويۇلغان ۋەيران بولغان ئورمانلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۆستەڭ بويلىرىنى مەركەز قىلىپ مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىدا دەسلەپكى كۆلەم ۋە ئۈنۈم قولغا كەلدى.

ئۇ كونا ئادىتى بويىچە يەنە بىر قېتىم تاڭ سەھەردە ۋىلايەت-

لىك مېھمانخانا ئالدىدىكى كۆۋرۈك بېشىغا كەلدى. ئۆستەڭ سۈيى سۈنئىي ياسالغان شارقىراتمىدىن ھەيۋەتلىك سادا چىقى-رىپ، پەسكە ئېقىپ چۈشمەكتە، سۈسىزلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان مەجنۇنتاللىنىڭ ئەۋرىشىم شاخلىرى مەيىن شامالدا لەرزان ئېگىلىپ، ئۆزىنىڭ قۇتقۇزغۇچىسىغا ئېھتىرام بىلدۈرمەكتە ئى-دى. ئۇ شارقىراتمىدىن چۈشۈۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سال-دى. مۇشۇ تاپتا بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر-نىڭ ماختاشلىرى، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مەدھىيىلىرى ۋە خەلق-نىڭ ئۇنىڭغا ياغدۇرغان ئالقىش سادالىرىدىنمۇ بەتتەر سۆيۈملۈك ھەم تاتلىق بىلىنمەكتە ئىدى...

## «ئۆلۈكلەرمۇ باغۇ بوستانلىقتا ياتسۇن»

قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىدىكى شەھەر مەركىزىدىن تەخمى-نەن ئىككى ـ ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان ئورۇندا تولىمۇ ئۆزگى-چە بىر يەر بار. ئۇ يەر قانداقتۇر قايناق بازار ۋە ياكى نامى مەشھۇر ساياھەت نۇقتىسى ئەمەس، بەلكى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، باغچىلاشقان زامانىۋى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ تىپىك ئۇيغۇر بىناكارلىقى ئۇسلۇبىدا ياسالغان ھەيۋەتلىك يېشىل گۈمبەزلىك دەرۋازىسى، قەبرىستانلىقنى ئايلاندۇرۇپ ئورنىتىلغان چىرايلىق نەقىشلىك رېشاتكىلىرى بۇ يەرگە قەدەم باسقان ھەرقانداق بىر كىشىگە ئۆزگىچە يېڭىلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلسا، قەبرىستانلىق ئىچىدىكى بىر خىل ئۆلچەمدە قاتۇرۇلغان 4000 دىن ئارتۇق ئاق رەڭلىك قەبرىلەر، رەت ـ رەت قەبرىلەر ئارىلىقىدىكى پىيادىلەر يولىغا ياتقۇزۇلغان يېشىل رەڭلىك ئەلا سۈپەتلىك كاھىش ۋە ئەتراپقا تىكىلگەن ئالما، چىلان، نەشپۈت، ئۆرۈك كۆچەتلىرى پەقەت كىنولاردىلا كۆرگىلى بولىدىغان ياۋروپا ئەللىرىدىكى باغچىلاشقان

قەبرىستانلىقلارنى ئەسلىتىدۇ. مۇبادا دەرۋازا ئالدىدىكى بۇ قەبرىستانلىقنىڭ كەلگۈسى مەنزىرىسى سۈرەتلەنگەن رەڭلىك خەرىتىنى ھەرقانداق كىشى باشقا جايدا كۆرۈپ قالسا، خەرىتىدىكى جاينى قەبرىستانلىق ئەمەس، بەلكى باغۋارانلىق ئىچىگە جايلاشقان زامانىۋى يېڭى مەھەللە بولسا كېرەك، دېگەن ئويغا كەلمەي قالمايدۇ. مانا بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈلگە ھەم تىپ دەپ تەرىپلەشكە ئەرزىيدىغان زامانىۋى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىنىڭ بۈگۈنكىدەك ھالەتكە كېلىش جەريانىدا قۇمۇل شەھىرىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئابلىزنىڭ قانچىلىك قان ـ تەر ئاققۇزغانلىقى ھەمدە قۇرۇلۇش باشلىنىپ ھازىرغىچە بۇ جايغا قانچە ئون قېتىملاپ كەلگەنلىكى، ھەربىر قەبرە، ھەربىر تۈپ دەرەخنى قانچە قېتىملاپ سىلاپ چىققانلىقى قۇمۇللۇقلارغا خۇددى قاچىسىدىكى ئاشتەكلا ئايان.

1999 ـ يىلى يىل ئاخىرى قۇمۇل شەھىرى ئۇزۇنلۇقى 4.1 كىلومېتىر، كەڭلىكى 32 مېتىر كېلىدىغان، 46 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان قۇمۇلدىكى تۇنجى شەھەر ئايلانما يولى قۇرۇلۇشىغا جىددىي تەييارلىق قىلدى. شەھەر باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئابدۇرېھىم ئابلىز ۋىلايەتنىڭ شۇ يىللىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن بىرى بولغان بۇ چوڭ قۇرۇلۇشقا ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار ۋە مۇناسىۋەتلىك يېزا، كەنتلەرنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، بىرنەچچە ھەپتە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. پىلان بويىچە قۇرۇلۇشقا 196 ئائىلىلىكنىڭ 30 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى ئۆيىنى، 118 مو تېرىلغۇ يەرنى ۋە شەھەر ئىچى يېزىسى تەۋەسىدىكى بىرقانچە قەدىمىي قەبرىستانلىقنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلەتتى.

ئىش باشلاشقا ئالاھازەل بىرەر ئايچە قالغان كۈنلەرنىڭ بىرى-

دە، ئابدۇرېھىم ئابلىزنىڭ كاللىسىغا تۇيۇقسىز بىر يېڭى پىكىر كېلىپ قالدى. ئۇ بولسىمۇ، قورۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان قەبرىستانلىقنى كۆچۈرۈش ئىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قۇمۇل شەھىرىدە زامانىۋى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى قۇرۇش ئىدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، ئۇ ھەر قېتىم قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان نەق مەيدانلارنى تەكشۈرۈشكە بارغاندا ۋە خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلارغا بارغاندا، قەبرىستانلىقلارنىمۇ ئىنچىكە كۆزىتىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق شۇ بولدىكى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭ - كىچىك مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى 20 - 30 غا يېتەتتى. بۇ قەبرىستانلىقلار ئاساسلىقى ئۇرۇق - جەمەتلەر، مەھەللىلەرنى ۋە كەنتلەرنى ئاساس قىلىپ بەرپا قىلىنغان بولۇپ، كۆپىنچە قەبرىستانلىقلار مەھەللە ئىچى ۋە يول بويلىرىغا جايلاشقان، باشقۇرۇلۇشى ناچار ئىدى. بەزى قەبرىستانلىقلاردىكى قەبرىلەرنى چاشقان كولاپ يوغان - يوغان تۆشۈكچىلەرنى تېشىۋەتكەن بولسا، يەنە بەزى قەبرىلەرگە سۇ كىرىپ گۆمۈرۈلۈپ كەتكەن ئىدى. بۇلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا پەرىشان بولدى، دەرۋەقە غېرىبلىق باسقان، قاقاسلاشقان بۇ ۋەيرانە قەبرىستانلىقلار يول بويىدىن ئۆتكەن ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ قەلبىگە غەم - قايغۇ ۋە مۇڭ ئۇرۇقلىرىنى چاچماي قويمايتتى، زادى قۇمۇلدا كۆلىمى بىر قەدەر چوڭراق باغچىلاشقان زامانىۋى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى قۇرۇپ، ئۇنى ئوبدان زىيارەتگاھ قىلغىلى بولماسمۇ؟ بۇ كۆكەرتىشكىمۇ، شەھەر قۇرۇلۇشىغىمۇ پايدىلىق ياخشى ئىش، شۇنداقلا ئەل كۆڭلىگە ياقىدىغان ساۋابلىق ئىش ئەمەسمۇ؟

كۆچۈرۈش خىزمىتىگە 10 نەچچە كۈن قالغاندا ئېچىلغان ۋىلايەت ۋە شەھەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى قاتناشقان بىر قېتىملىق يىغىندا، ئۇ ئاخىرى ئۆز تەسەۋۋۇرىنى كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىدى.

— مەن بۇ قېتىمقى يول قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىۋاتقان كونا قەبرىستانلىقنى كۆچۈرۈش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ شەھىرىمىزدە بىر باغچىلاشقان مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى بەرپا قىلىشنى ئويلىشىۋاتىمەن، — دەپ سۆز باشلىدى ئابدۇرېھىم ئابلىز يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ، — مېنىڭ دەسلەپكى پىلانىم مۇنداق: شەھەرنىڭ غەربىدىكى شورتاڭلىقتىن 700 — 800 مو يەر ئاجرىتىپ ئۇ يەردىكى شورنى ئېقىتىپ ئۆزگەرتىپ مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى قىلساق، بۇ قېتىم كۆچۈرۈلىدىغان قەبرىلەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى بىر قىسىم كۆلىمى كىچىك قەبرىستانلىقلارنىمۇ شۇ يەرگە كۆچۈرسەك، قەبرىستانلىق ئىچىگە ھەر خىل مېۋە كۆچەتلىرىنى تىكىپ باغچە تۈسىگە كىرگۈزسەك. بۇنداق قىلغاندا، بىرىنچىدىن، بۇنىڭدىن كېيىن شەھەر قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغاندا يەنە كونا قەبرە كۆچۈرۈش ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلغىلى؛ ئىككىنچىدىن، شەھەرنىڭ غەربىدىكى ئاشۇ شورتاڭلىقتا چوڭ بىر يېشىللىق بەرپا قىلىپ، شەھىرىمىزنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى؛ ئۈچىنچىدىن، شەھىرىمىزدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق قاتارلىق مۇسۇلمانلار ئاممىسى كەم دېگەندىمۇ 500 يىل ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدىن غەم يېمەيدىغان بولىدۇ. مېنىڭچە بۇ قۇرۇلۇشنى ئوبدان قىلالىساق، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان «ئەل رايى قۇرۇلۇشى» دىن بىرنى ئوخشۇشلۇق تاماملىدۇق، دېسەكمۇ بولىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن يىغىن مەيدانىنى بىر مەھەل تىمتاسلىق قاپلىدى. دەرۋەقە، بەزىلەر ئابدۇرېھىمنىڭ تىنىم تاپماس كاللىسىنىڭ يەنە بىر ئوبدان ئەقىل تاپقىنىدىن خۇش بولسا، يەنە بەزىلەرگە بۇ قۇرۇلۇش ئانچە يېقىپ كەتمىگەندى.

— ناھايىتى ئوبدان پىلانكەن، مۇشۇ بويىچە قىلساق، كاتتا ئىش بولغۇدەك.

— شەھەر ئايلانما يولى قۇرۇلۇشىمۇ كىچىك ئىش ئەمەس،

يوق يەردىن ئۆزىمىزگە ئىش تاپماي، كۆچمىزنى مەركەزلەشتۈ-
رۈپ، كۆز ئالدىمىزدىكى مۇھىم ئىشنى قىلغىنىمىز تۈزۈكمى-
كىن.

— قۇرۇلۇش مەبلىغىنى كىم بېرىدۇ؟

— بۇنداق ئىشنى ئاپتونوم رايونىمىزدا ھېچقانداق جاي قى-
لىپ باقمىغان تۇرسا، بىز باشلامچى بولۇپ قىلساق قانداق بولار؟

— ...

يىغىن ئەھلى بىردىن، ئىككىدىن ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرى-
غا قويۇشقا باشلىدى.

ئابدۇرېھىم ئابلىزنىڭ «جاھىللىقى» يەنە تۇتتى:

— بىز ھەممە ئىشتا باشقىلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭى-
شىمىز كېرەكمۇ؟ ئىجادچانلىق، يېڭىلىق يارىتىش روھى سىڭ-
مىگەن ئىشنى قانداقمۇ ئۇتۇقلۇق ئىشلەنگەن ئىش دېگىلى بولى-
دۇ. مېنىڭ پىلانىم يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمدىنمۇ چوڭ، مەن
پىلانىمدا مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى يېنىغا يەنە مەسچىت،
نەزىر - چىراغ زالى، ناماز چۈشۈرۈش سۇپىسى، مېيىتنى يۇ-
يۇش - تاراش ئۆيى، ئىشخانا ۋە ماشىنا توختىتىش مەيدانى
قاتارلىقلارنى ياساتماقچى. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ھازىر قۇمۇل-
دىكى كۆپ قىسىم كادىرلار ۋە ئاممىا بىنالاردا ئولتۇرۇۋاتىدۇ.
بۇ ئۇلارنىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىنى ئۆز ئۆرپ - ئادەتلىرى
بويىچە ئۆتكۈزۈشكە ئاز بولمىغان قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلى-
ۋاتىدۇ. بىز پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلغۇ-
چىلار، ئەجەبا، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستىنى توغرا ھەم ياخ-
شى ئىجرا قىلىپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ دەپنە ئىشلىرىغا
قۇلايلىق يارىتىپ بەرسەك، بۇنىڭ نېمىسى يامانكەن؟! ئۇنىڭ
ئۈستىگە نەزىر - چىراغ زالى قاتارلىقلارنى ئىجارىگە بېرىپ
كىرىم قىلساق، مۇشۇ قەبرىستانلىق ئارقىلىقلا خېلى كۆپ ئادەم-
نى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشسىزلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا
نى بېقىپ كەتكىلى بولىدىغۇ؟ مېنىڭ تېخى قەبرىستانلىقتىكى

www.uyghurkitap.com

ھەربىر قەبرىنى ئارخىپلاشتۇرۇپ، كومپيۇتېر ئارقىلىق ئاشقۇ-رۇشنى يولغا قويۇش ئويۇمۇ بار. مەبلەغ مەسىلىسىگە كەلسەك، «ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئولتۇرساق ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ. ئاۋۋال يانچۇقىمىزدا بار دەسمايە بىلەن ئىش باشلاپ تۇرايلى، قالغىنى كېيىنچە بىر گەپ بولار، زادى ئامال بولمىسا، چاپىدىغان يەرگە ئۆزۈم چاپىمەن.

نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلىپ باققان كىشى-لەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ بىر ئىشنى ئاسان ئېغىزدىن چىقارماي-دىغانلىقىنى، ئېغىزدىن چىقارغان ئىشنى قىلماي قويمايدىغان-لىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا، يىغىن ئەھلى ئۇنىڭ پىكرىنى بىردەك قوللاپ، ئىككى قورۇلۇشتا تەڭلا ئىش باشلاش پىكرىگە كەلدى.

شەھەر ئايلانما يولى بىلەن مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قورۇلۇشتا تەڭلا ئىش باشلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ناھايىتى تېزلا پۈتۈن قۇمۇل شەھىرىگە پۇر كەتتى. شەھەر ئاھالىسى، دېھقانلار، سودىگەرلەر، كادىرلار كوچا ـ كويلاردا، توي ـ تۆكۈنلەردە بۇ ئىش توغرىسىدا قىزغىن بەس ـ مۇنازىرىلەرنى باشلىۋەتتى.

— ئۆيى يولغا توغرا كەلگەنلەرگە ھۆكۈمەت نۇرغۇن پۇل بېرىدۇ، دەپ ئاڭلايمىنا؟

— ۋايىيەي، چاغلىق، دېھقانغا تۆت تەڭگە پۇلنى تۇتقۇزۇپ، ئۆلۈك ـ تىرىكى بىلەن كارى بولماس، ھەقاچان.

— بۇ ئىشقا ئابدۇرېھىم سىجاڭ مەسئۇل بولغۇدەك، ئۇ دېھقانلارنىڭ يىغىسىنى يىغلايدىغان باشلىق جۇمۇ.

— كۆرىمىز تېخى، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى-نىڭ يىغىسىنى يىغلار تايىنلىق.

— قەبرە كۆچۈرىمىز دېگىنى نېمىسى، ئۆلۈكلەرنىمۇ گۆر-دە خاتىرجەم ياتقىلى قويمايدىغان ئوخشىمامدۇ، بۇ خەق.

— باغچىلاشقان كاتتا قەبرىستانلىق قورۇپ بەرگۈدەك.
— ئابدۇرېھىم ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىنى چاقسا، ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قەبرىسىنى يۆتكىسە بىزمۇ يۆتكەيمىز، بولمىسا بىزمۇ نېمە دېسە «خوش، خوش» دەيدىغان ئەخمەق ئەمەس.
— ...
ئابدۇرېھىم ئابلىز كوچا - كويلاردا تارقىلىپ يۈرگەن بۇنداق گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىسىمۇ، ئاڭلىماسلىققا سېلىپ ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. شۇ كۈنلەردە ئۇ بىر تەرەپتىن شەھەرلىك سىياسى كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەخمەت پەيزۇللا، شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەخمۇت ئىسھاق قاتارلىق كىشىلەرنى باشلاپ، قۇمۇل شەھىرىدىكى نوپۇزلۇق دىنىي زات ئابلىز داموللام قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارغا باغچىلاشقان مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى قورۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئايىسى — قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پېشقەدەم رەھبەرلىرىدىن بولغان خەلچىخان ياقۇپ بىلەن تاغىسى — ۋىلايەتلىك سىياسي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قادىر ياقۇپنىڭ ياردىمىدە ئۆيى پىلان دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى باشلامچى بولۇپ، ئۆي كۆچۈش، قەبرە كۆچۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.
ھەقىقەتەن بۇ قېتىم پىلان ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن دائىرە ئىچىدە ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرى خېلىلا جىق ئىدى. ئۇنىڭ بەزى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئابدۇرېھىم ئابلىزنىڭ تۇغقىنى ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ تۆلەم ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىملارنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۆپرەك پۇل ۋە يەرگە ئىگە بولۇۋېلىش مەقسىتىدىمۇ بولدى. ئويلىمىغان يەردىن، ئۇلارنىڭ بۇ «يەر ئاستى» ھەرىكەت-

لىرى ئابدۇرېھىم ئابلىزنىڭ قولىقىغا يېتىپ قالدى. ئۇ دەرھال تۆلەم بېرىش، كۆچۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل خادىملارنى بى-غىپ، يىغىن ئېچىپ، ئۆز مەيدانىنى كەسكىن ئىپادىلىدى.

— ئەگەر كىمكى مېنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ يەر ۋە ئۆيىنى ئارتۇق ھېسابلايدىكەن، مەن ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتـ-ئىينەزەر، خىزمەتتىن بوشىتىۋېتىمەن. مېنىڭ ئۇرۇق - تۇغ-قانلىرىمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئادەتتىكى شەھەر پۇقراسى، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە ھوقۇقى يوق.

2000 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شەھەر ئايلانما يولى قۇرۇلۇشى بىلەن مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. بۇ ئابدۇرېھىم ئابلىزنىڭ ئەڭ ئالدىراش كۈنلىرىنىڭمۇ رەسمىي باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ گاھ يول قۇرۇلۇشى ئىش ئورنىدا پەيدا بولۇپ ئىش ئۈنۈمى، ئىش سۈپىتىنى تەكشۈرسە، گاھ قەبرىستانلىقتا پەيدا بولۇپ ئۇ يەردىكى خادىملارغا قەبرىلەرنى قايسى شەكىلدە قاتۇرۇش، يولنى نەدىن ئېلىش، كۆچەتنى قەيەرگە تىكىش قاتارلىق ئىشلارنى بىر-مۇ بىر تاپىلايتتى. بۇ جەرياندا ئۇ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلالمى-غان ئاساسىي قاتلامدىكى رەھبەرلەر ۋە خىزمەتچى خادىملارغا دەسلەپتە سىلىق چۈشەندۈردى، كېيىنچە جىلە بولۇپ ۋار-قىراپ - جارقىردى، تاپشۇرغان ئىشنى ئوڭشاپ قىلالمىغان بەزىلەرنى ھەتتا قوغلىۋەتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ پەقەت بىر چوڭ، بىر ئۇلگە قۇرۇلۇشنىڭ سۈپەتلىك تاماملىنىشىغا كاپالەت-لىك قىلىش مەقسىتىدىلا شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى. دېمىسىمۇ، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ بارغانسېرى سەپرا، تېرىككەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى، ھەتتا بەزىدە ئىش ئورنىدىكى ئاچچىقىنى چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك، ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە يوقىلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ، ئايالى پاتىگۈل ۋە قىزلىرى ئالىيە، ئادىلەلەرگە ۋارقىراپ كېتەتتى. ئەتىگەندە پاكىز، چىراي-

لىق كېيىنىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتسە، كەچتە خۇددى كۈن بويى
توپىلىق يەردە ئېغىناپ ئوينىغان كەپسىز بالىدەك ئۇستۇبېشى
قارىغۇسىز دەرىجىدە مەينەت پېتى قايتىپ كېلەتتى، مۇشۇنداق
چاغلاردا ئايالى پاتىگۈل ئۇنىڭ ئورۇنسىز ۋارقىراپ - جارقىراش-
لىرىنى ئېغىر ئالماي، قىزلىرىنى دادىسىنىڭ دەم ئېلىشىغا
دەخلى قىلماسلىققا ئۈندەپ، ئېرىگە ئۆيدە بولسىمۇ ئازراق تېنچ
مۇھىت يارىتىپ بېرىشكە تىرىشاتتى. ئېرىنىڭ مەينەت بولۇپ
كەتكەن كىيىم - كېچەكلىرىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا تازىلاپ، ئۇنى
ھەر كۈنى ئەتىگەندە يەنە قايتا شەھەر باشلىقى قىياپىتىگە ئەكى-
لىپ، ئىشقا يولغا سېلىپ قوياتتى. چۈنكى، ئۇ ئېرىنىڭ زادى
كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن بۇنچە جەبىر - جاپا چېكىپ، چېچىلىپ
- قايناپ يۈرىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. مۇشۇ كۈنلەردە
پاتىگۈل شەھەر باشلىقىغا، بولۇپمۇ «خىزمەت تەلۋىسى» دەپ نام
ئالغان «سەپرا شەھەر باشلىقى»غا خانىم بولۇشنىڭ نەقەدەر قى-
يىن ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئېرى ئادەتتى-
كى كادىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىللەردىكى تىنچ، خاتىرجەم،
مۇھەببەتلىك كۈنلىرىنى ئەسلەپ قالاتتى. ئۇ ھازىر ئېرىنىڭ
خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاشنىڭمۇ مەلۇم مەنىدىن
ئېيتقاندا، قۇمۇل خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىكەنلىكىنى
تونۇپ يەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ پەقەت تىنىمسىز ئەمگەكنىڭ كۈن-
لەرنىڭ بىرىدە ئېرىنىڭ سالامەتلىكىنى كاردىن چىقىرىپ قويۇ-
شىدىن ئەنسىرەيتتى.

توپتوغرا بەش ئايغا سوزۇلغان زور كۆلەمدىكى «ئىستراتې-
گىيىلىك جەڭ» ئاخىرى غەلىبە بىلەن ئاخىرلىشىپ، 2000 -
يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شەھەر ئايلانما يولىدا رەسمىي
قاتناش باشلاندى. 1300 دىن ئارتۇق ئىگە - چاقىسىز قەبرىنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان 4000 دىن ئارتۇق قەبرە ئوڭۇشلۇق ھالدا
يېڭى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا كۆچۈرۈلدى، 3 مىليون 600

مىنىڭ يۆەن مەبلەغ سېلىنغان قەبرىستانلىقنىڭ دەرۋازا، ئۈچخانا ۋە رېشاتكا قۇرۇلۇشىمۇ ئۆز قەرەلىدە تاماملاندى. ئاپتونوم رايون- نىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى قۇمۇلدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كە- چۈرگەندە، شەھەر ئايلانما يولى قۇرۇلۇشىغا: «ۋاقىت ۋە سۈپەت جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يول قۇرۇلۇشىدىكى بىر مۆجى- زە بوپتۇ» دەپ، باغچىلاشقان زامانىۋى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلى- قى قۇرۇلۇشىغا: «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ئاممى- سىنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇش جەھەتتە دادىل تاشلانغان قەدەم بوپتۇ، بۇ قۇرۇلۇشنى ھەقىقەتەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئەل رايى قۇرۇلۇشى دېيىشكە بولىدىكەن» دەپ يۇقىرى باھا بەردى.

ئابدۇرېھىم ئابلىز كەڭ، زامانغا لايىق ياسالغان شەھەر ئاي- لانما يولىدا پىكاپلارنىڭ بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋاتقانلىقى- نى، مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا سۈتتەك ئاپئاق ئاقارتىلغان قەبرىلەرنىڭ رەت - رېتى بىلەن تىزىلغانلىقىنى ۋە قەبرە ئەتراپىغا تىكىلگەن مېۋە كۆچەتلىرىنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرىنىڭ مەيىن شامالدا لەرزان يەلپۈنۈشلىرىنى كۆرگەندە، گويا بىر كىچىدىلا ھاردۇقى چىققاندەك ئۆزىنى تولىمۇ يېنىك، جۇشقۇن ھېس قىلدى...

## «مەن دېھقاننىڭ چاكىرى»

2000 - يىلى يانۋارنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئەتىگەن. قۇمۇل شەھىرىگە يېڭىلا شەھەر باشلىقى بولۇپ سايلانغان ئابدۇرېھىم ئابلىز كۈندىلىك ئادىتى بويىچە بۇگۈن يەنە ئىش ۋاقتىدىن 15 مىنۇت ئىلگىرى ئىشقا كەلدى. ئۇ قۇمۇل شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاق رەڭلىك تۆت قەۋەتلىك خىزمەت بىناسى- نىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاي دەپ تۇرۇشىغا كارىدور ئىچىدىن بى-



www.uyghurkitap.com

رەيلەنىڭ ۋارقىراپ سۆزلەۋاتقان ئاۋازى قۇلىقىغا كىرىپ قال-
دى. ئۇ قەدىمىنى توختىتىپ بوسۇغىدىلا تۇرۇپ نېمە ئىش ئى-
كەنلىكىنى ئۇقۇپ باقماقچى بولدى.
— سىزگە شەھەر باشلىقى يوق دېدىمغۇ، بار بولغان تەقدىر-
دىمۇ سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە چولىسى تەگمەيدۇ، سىزگە ئوخ-
شاش يىغلاپ - قاخشاپ كېلىدىغانلار ساماندەك، شەھەر باشلىقى
ھەربىرىڭلار بىلەن ئايرىم - ئايرىم كۆرۈشۈپ ئولتۇرسا، خىز-
مەتنى قايسى چاغدا ئىشلەيدۇ، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى چېچىدىن-
مۇ تولا، كېتىڭ دېدىمغۇ، كېتىڭ!
ئاۋازنىڭ بارچە كۈچىنى سۆزلەۋاتقىنى مۇشۇ بىنانىڭ
دىجورنى خادىمى ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قاراشتا 65 ياشلارغا
كىرىپ قالغانلىقى «مانا مەن» دەپ چىقىپ تۇرغان، ئۇزۇن،
ئۆسكىلەڭ ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان، كىيىم - كېچەكلىرى
جۇل - جۇل ھەم تولىمۇ يېلىڭ بىر دېھقان بوۋاي تۇراتتى. بوۋاي
سوغۇق دەستىدىنمۇ ياكى دىجورنىنىڭ «گولدۇرمامىدەك دەھشەت-
لىك» ئاۋازىنىڭ تەسىرىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، دىرىلداپ تىترەيتتى.
— مەن يىراقتىن كەلدىم، مۇشۇ يەردە شەھەر باشلىقى
كەلگۈچە ساقلاپ تۇرۇپ، دەرد - ھالىمنى ئۇنىڭغا بىر ئېيتىۋا-
لاي، — دېدى بوۋاي يېلىنىش تەلەپپۇزىدا.
— بولمايدۇ! بۇ يەر سىز تۇرىدىغان جاي ئەمەس، بۇ شەھەر
رەھبەرلىرى ئىش بېجىرىدىغان بىنا، دەرھال چىقىپ كېتىڭ.
— ئۇنداق قىلماڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي.
— كېتىڭ دېدىمغۇ، كېتىڭ. نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان
ئادەمسىز.
دىجورنى بوۋاينىڭ چاپىنىنىڭ پېشىدىن تارتىپ، تالاغا چى-
قىرىۋېتىشكە ئۇرۇندى. ئابدۇرېھىم ئابلىزنىڭ ئەمدى تاقەت قىل-
غۇچىلىكى قالمىدى:
— نېمە ئىش؟ — ئابدۇرېھىم ئابلىز بوسۇغىدىن ئاتلاپ

سورىدى.

— بۇ ئادەم شەھەر باشلىقىنى ئىزدەيدىكەن، يوق دېسەم چىقىپ كەتكىلى ئۇنىماي جاھىللىق بىلەن تۇرۇۋېلىپتۇ...

— شەھەر باشلىقىنى ئىزدىسە يامان ئىشمىكەن، ساڭا دەرد ـ ھال ئېيتىپ كەلگەن دېھقانغا ۋارقىراپ، ھېچكىم بىلەن كۆرۈشتۈرمەي، ئىشىك تۈۋىدىلا قوغلايدىغان بۇنداق چوڭ ھوقۇقنى كىم بەردى؟

ئابدۇرېھىم ئابلىزنىڭ ئاۋازى سۆزلىگەنسېرى قاتتىق چىقىشقا باشلىدى. ئاڭغىچە ئەتىگەندە ئىشقا چىققان خىزمەتچىلەر بىردىن، ئىككىدىن پەيدا بولۇپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇشۇپ زالغا توپلاندى.

— مەن رەھبەرلەر ئالدىراش بولسا كىرەك دەپ...

دېجورنى دۇدۇقلاپ دېمەكچى بولغان گېپىنىمۇ تاپالماي قالدى. شۇغىنىسى، ئۇنىڭ ئاۋازى نەچچە مىنۇت ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئاستىلاپ كەتكەن ئىدى.

— بولدى قىل، تولا ئەزۋەيلىمە، — ئەمدى ۋارقىراش نۆۋىتى ئابدۇرېھىم ئابلىزغا كەلگەندەك قىلاتتى، — سەن بۇ بىنانىڭ قانداق يەر ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ بۇ يەر خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى، ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن خەلقنىڭ بۇ يەرگە خالىغان ۋاقىتتا بىمالال كىرىپ ـ چىقىش ھوقۇقى بار، بىزنىڭ دەرۋازىمىز ئۇلار ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئوچۇق. بىلىپ قوي، مەن ئابدۇرېھىم «دېھقانغا پوپوزا قىلىمەن، ۋارقىراپ ـ جارقىرايمەن دەپ ئەمەس، خەلقنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن، دەردىگە يېتىمەن» دەپ شەھەر باشلىقى بولغان. سەن دېھقانغا ۋارقىراشتىن قورقمىغان بىلەن، مەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشتىن قورقىمەن، ھەرقايسىڭ دېھقانلارنىڭ خوجا ئاكىسى بولۇۋېلىشقان بولساڭ، مەن ئۇلارنىڭ چاكىرى.

ھەممەيلەننىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئابدۇرېھىم

ئابلىز گېپىنى تۈگىتىپ، دېھقان بوۋايغا نەزىرىنى ئاغدۇردى. بوۋاي ئەمدى بۇ ئەلپازى يامان «قارىۋاي باشلىق» تىن دەشنەم ئاڭلاش نۆۋىتى ماڭا كەلدى، دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك، قورقۇنچ، ئەندىكىش چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى.

— نەدىن كەلدىڭىز، چوڭ دادا، — دەپ سورىدى ئابدۇرېھىم ئابلىز سىپايىلىك بىلەن. ئۇنىڭ دىجورنىغا سۆزلىگەن تەلەپپۇزى بىلەن ئەمدىكى تەلەپپۇزى ئاسمان - زېمىن پەرقلىنەتتى.

— بوغاز يېزىسىدىن كەلدىم، ئۆزلەگە دەيدىغان گېپىم بار دېگەن، — بوۋاي پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى.

— يۈرسىلە، ئىشخانىغا چىقىپ پاراڭلىشايلى.

ئۇ دېھقان بوۋاينى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، ئىسسىق چاي دەملەپ بەردى. دېھقان بوۋاي تىترىگەن قوللىرى بىلەن چاينى ئېلىپ، ئىچمەك بولۇپ لېۋىگە ئاپاردى، لېكىن ئىچ - ئىچىدىن يوپۇرۇلۇپ چىقىۋاتقان يىغا كانىيىنى بوغۇپ چاي ئە- چىشكە زادىلا ئىمكان بەرمىدى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى نەملەن- دى، بۇرۇن تۆشۈكچىلىرى يوغىنىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ مۇشۇ ھاياتىدا بۇنچىلىك «چوڭ ئەرباب» نىڭ بۇنداق «كاتتا ئىل- تىپاتى» غا تۇنجى قېتىم مۇيەسسەر بولۇۋاتاتتى. شەھەر باشلىقى دېسە سۈرلۈك، قاپىقى يامان ئادەملەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئادەتلەنگەن بۇ ساددا دېھقان شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆزىگە چاي دەملەپ بېرىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشكىمۇ پېتىنالمىغانىدى. دې- مىسىمۇ، ئۇ تۆلەم ئىشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۆت يىلدىن بېرى كەنت، يېزا ۋە شەھەردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى قانچە قېتىملاپ ئىزدىگەن ۋە ئۇلارغا يىغلاپ تۇرۇپ دەرد تۆككەن ئەمەسمىدى؟ ئاشۇ رەھبەرلەرنىڭ قايسىبىرى ئۇ- نىڭغا ئىسسىق بىر پىيالە چاي قۇيۇپ باققان؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدە تېخى دەرد ئېيتىپ كىرسە، گېزىتتىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئادەم- گە نەزەر قىرىنى سېلىپمۇ قويمايدىغانلىرى ئازمىدى؟

— نېمە ئىشتى، قېنى ئېيتسىلا، — ئابدۇرېھىم ئابلىزنىڭ ئاۋازى بوۋاينى خىيالدىن ئويغاتتى.

بوۋاي ئاۋۋال كېكەچلەپ، كېيىنچە ئېسەدەپ تۇرۇپ، تۇلا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئالتە - يەتتە يىل ئىلگىرى، يەنى بىلىكىدە ئاز - تولا كۈچ - ماغدۇر بار چاغلاردا بەش مو بوز يەر ئېچىپ قوغۇن تېرىغانلىقىنى، تۆت يىل ئىلگىرى يېزىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن مەلۇم بىر شىركەتنىڭ «قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىمىز» دەپ مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئاچقان يېرىنى ئېلىۋېلىپ تا ھازىرغىچە تۆلەم پۇلىنى بەرمىگەنلىكىنى، ھازىر ئۆزى ۋە ئايالىنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ داۋالىنىشقىمۇ قۇربى يەتمەيۋاتقانلىقىنى، تۇرمۇشتا قىينىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

بوۋاينىڭ سۆزىنى قانچە ئاڭلىغانسېرى ئابدۇرېھىم ئابلىزنىڭ قوشۇمىسى شۇنچە چىڭ تۈرۈلدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ قاتتىق غەيرەت قىلىپ، ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ، بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ تۈگەتتى.

— سىز خاتىرجەم بولۇپ قايتىپ كېتىڭ، ئىشىڭىزنى بۇ گۈنلا ھەل قىلىمەن، سىز ئۆيىڭىزگە يېتىپ بولغۇچە، ئىشىڭىزمۇ بىر ياقلىق بولۇپ قالىدۇ.

— رەھمەت، رەھمەت، بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار، بالام، — دېھقان بوۋاي قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— توختاپ تۇرسىلا، چوڭ دادا، — ئۇ خۇددى مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بوۋاينى توختاتتى ھەم يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ ئېتىكى تۇنۇگۇنلا ئېلىپ ئايالىغا تاپشۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن مائاشىدىن 300 يۈەن ئېلىپ بوۋاينىڭ قولىغا تۇتقۇزدى:

— ئۆزلەگە ئوبدان قارىيالمىغىنىمىزنى ئاز دەپ كۆڭۈللىرىنى رەنجىتىپ قويۇپتۇق، بۇ ئاز بولسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، بىرەر قۇر كىيىم ۋە ئۆيگە چاي - تۇز ئالالا.

— بۇ، بۇ... — بوۋاينىڭ تىلى گەپكە كەلمەي قالدى.

— مېنى ئۆز ئوغۇللىرى ئورنىدا كۆرۈپ بولسىمۇ، كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلسىلا، كېيىنكى قېتىم سىلەرنىڭ يېزىغا بارغاندا چوقۇم ئۆزلەنى يوقلايمەن.

بوۋاي پۇلنى چىڭ سىقىملاپ، كۆز ياشلىرىنى چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن سۈرتكىنىچە چىقىپ كەتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئابدۇرېھىم ئابلىز شەھەر باشلىقى بولغاندىن ھازىرغىچە نامرات دېھقان، چارۋىچىلار ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن قانچە قېتىملاپ كولاپ، قانچىلىك پۇل بەرگەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيدۇ. ئۇ پەقەت نەچچە يىلدىن بېرى بىرەر قېتىممۇ مائاشىنى تولۇق پېتى ئائىلىسىنىڭ «مالىيە مىنىستىرى» پاتىگۈلگە تاپشۇرۇپ بېرەلمىگەنلىكىنىلا بىلىدۇ.

ئۇ بوۋاينى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرىپلا، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى.

تاشقىرىقى ئىشخانىدا ئولتۇرغان كاتىپ يىگىت ئەركىن باھاۋۇدۇن «سەپرا مىجەز باشلىق»نىڭ تېلېفوندا كىمگىدۇر بىرىگە ئۈستەلنى شاپىلاقلاپ، ۋارقىراپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى خېلى ئۇزۇنغىچە ئاڭلاپ ئولتۇردى...

بۇ ئىش ئۆتۈپ، دەل ئۈچ كۈندىن كېيىن ئابدۇرېھىم ئابلىز ئەتىگەندە ئەمدىلا ئىشقا كېلىپ تۇرۇشىغا، ئىشخانىسىغا تۆت دېھقان كىرىپ كەلدى. ئۇ بۇ دېھقانلارنى بىر قاراپلا تونۇدى. ئۇلار شەھەر ئىچى يېزىسىنىڭ شەھەر ئايلانما يولىغا ئۆيى توغرا كېلىپ كۆچۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان دېھقانلار بولۇپ، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ پاراڭلىشىپ، پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ يۈرۈپ قەدىناسلاردىن بولۇپ قالغانىدى.

— ۋۇي، ياخشىمۇ، ئەتىگەندىلا يوقلاپ كېلىپ مېنى بىر خۇش قىلىۋېتەيلى دەپسىلەردە، — دېدى ئۇ دېھقانلارغا چاقچاق

قىلىپ.

— شۇنداق، گېپىدە تۇرمايدىغان شەھەر باشلىقىنى بولار كەلدۇق، — دېدى ئارىدىن بىرى.

— نېمە ئىش؟ بىرەر چاتاق چىقتىما؟ — سورىدى ئۇ.

دېھقانلارنىڭ گېپىدىن مەلۇم بولدىكى، شەھەر ئايلانما يولى قۇرۇلۇشىغا ئۆيى توغرا كەلگەن 196 ئائىلىلىك دېھقانغا ئۆي ئورنى ئۇچۇن كۆرسىتىپ بېرىلگەن يەر ھەددىدىن زىيادە شورلۇق بولۇپ، ئۇ يەرگە ئۆي سېلىش، كۆچەت تىكىپ باغۇاران بەرپا قىلىشتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. «ئۆي سېلىندى» دېگەندىمۇ، ئىككى ـ ئۈچ يىلغا قالمايلا زەي بېسىپ ئۆرۈلۈپ چۇشۇشى مۇمكىن ئىكەن. شۇڭا دېھقانلار بۇ تۆتەيلەننى شەھەر باشلىقىغا «ئەلچى» لىككە ئەۋەتكەن.

ئۇنىڭ سەپراسى يەنە ئۆرلىدى:

— سىلەر قايتىپ تۇرۇڭلار، مەن بېرىپ تەكشۇرۇپ كۆرەي، ئەھۋال راستتىنلا سىلەر دېگەندەك بولسا، يېڭى يەر ئورنىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى چۈشكىچە سىلەرگە چوقۇم خەۋەر قىلىمىز.

دېھقانلار چىقىپ كەتتى. ئۇ كاتىپى ئەركىن باھاۋۇدۇننى چاقىردى.

— مۇناسىۋەتلىك تارماق، يېزىلارنىڭ رەھبەرلىرىگە خەۋەر قىلىڭ، دېھقانلارغا ئۆي ئورنى ئۇچۇن كۆرسىتىپ بەرگەن جايغا دەرھال يېتىپ بارسۇن، مەن 20 مىنۇتتىن كېيىن شۇ يەرگە بارىمەن.

شەھەر باشلىقىنىڭ دالا ئاپتوموبىلى دەل ۋاقتىدا شەھەرنىڭ غەربىدىكى شورتاڭلىققا يېتىپ كەلدى. ئابدۇرېھىم ئابلىز ماشىنىسىدىن سەكرەپ چۇشۇپ، يول بويىدا ساقلاپ تۇرغان شەھەر ئىچى يېزىسى، يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىگە قاپىقىنى ئېچىپمۇ

قويماي، ئۇدۇل بەلگە قوزنقى قىقىلغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئىشىنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى پەملىگەن يېزا رەھبەرلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. دەرۋەقە 40 ـ 50 مېتىر ماڭە ـ ماڭمايلا ئۇلارنىڭ ئىشتانلىرى تىزىغا كەلگۇچە خۇددى ئاق رەڭلىك سىردا سىرلاندانغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ داۋاملىق مېڭىۋېرىشكە تاقىتى قالمىدى.

— دېھقانلارغا كۆرسىتىپ بەرگەن پىششىق يېرىڭلار مۇشۇمۇ؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مەن نېمە دەپ ۋالاقشىۋاتىمەن، سىلەر تۆۋەندە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ بۇ ئادەم يېتىپ ـ قوپىدىغان ئۆي تۇرماق، توخۇ كاتىكى سېلىشقىمۇ بولمايدىغان يەركەنغۇ. مەن قايتا ـ قايتا جېكىلىگەندىن كېيىن، ئوبدانراق يەرنى ئاجرىتىپ بەرسەڭلار بولمامدۇ؟

— باشقا ئوبدانراق يەر بولمىغاندىن كېيىن، ئامالسىز شۇ...

— ياخشى يەر يوق؟ مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان يەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئاۋۇ ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرچۇ؟

— ئۇ شەھەرلىك ئوتلاق پونكىتى ئاچقان يەر.

— ئوتلاق پونكىتىنىڭ يېرى بولسا نېمە بوپتۇ؟ شۇ يەرنى دېھقانلارغا بېرىڭلار، ئوتلاق پونكىتى يېڭىدىن يەر ئېچىۋالسا بولىدۇ. دېھقاننىڭ مەنپەئەتى ئوتلاق پونكىتىنىڭ مەنپەئەتىدىن مۇھىم. دېھقان دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئۆي ۋە باغۋارانلىرىدىن ۋاز كېچىۋاتسا، بىز قوپۇپ دەسلەپتە ياغلىما گەپ قىلىپ ئۇلارنى ئۆيىدىن كۆچۈرسەك، ئاخىرىدا گىياھ ئۈنمەس قاقاسلىققا قوغلىساق، بۇ دېھقانتى ئادەم قاتارىدا كۆرمىگەنلىك بولمامدۇ؟ دەرھال تۇتۇش قىلىپ، يەرنى ئائىلىلەرگىچە بۆلۈپ، چۈشكىچە تەييار قىلىڭلار، چۈشتىن كېيىن دېھقانلار يەرنى كۆرگىلى كېلىدۇ. ھە، راست، مەن قارارىمنى ئۆزگەرتتىم. ئەسلىدىكى ھەربىر ئائىلىگە بېرىلىدىغان 5 پۇڭ ئۆي

ئورنىنى 7 پۇڭغا كۆپەيتىڭلار. دېھقانلار بىرگە ئولتۇرۇشايدۇ، هويلا - ئارامى كەڭ - كۆشادە بولمىسا ئىچى پۇشىدۇ، مېۋە - چېۋە، مال - ۋاران، توخۇ، ئۆردەكى بولمىسا كۆڭلى يېرىم بولىدۇ.

شەھەر باشلىقىنىڭ ماشىنىسى چاڭ - توزان توزۇتقىنىچە كېتىپ قالدى...

قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاۋات رەستىلىرىدە، يېزا - قىشلاقلىرىدا ئابدۇرېھىم ئابلىز بىلەن شەھەر ئاھالىسى ۋە دېھقان، چارۋىچىلارغا ئائىت ھېكايىلەر پەقەت يۇقىرىقى ئىككىلا ئەمەس. ئۇنىڭ بىكار ۋاقىت تاپسىلا كوچا - رەستىلەرنى ئايلىنىپ، شەھەر خەلقىنىڭ ھال - مۇڭىغا قۇلاق سالىدىغانلىقىنى، يېزىلارغا خىزمەت تەكشۈرگىلى بارسا، ئاۋۋال يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئەمەس، دېھقاننىڭ ئۆيىگە، ئېتىز بېشىغا بارىدىغان «غەلىتە مىجەزى»نىڭ بارلىقىنى، يېزا - كەنت رەھبەرلىرى «كۆڭۈل قويۇپ» تەييارلىغان مول داستىخانلارغا داخىل بولماي، بىر تەخسە لەڭمەن ياكى مىنېرال سۇ بىلەن نان يەيدىغان «ئوسال خۇيى»نى زادىلا ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىگە بەش قولدەك ئايان ئىشلارنىمۇ قىلچە تەپ تارتماستىن، يالغان مەلۇم قىلىدىغان ۋە ئېغىزىدىن ساختا سان - سىپىرلار پىلىموت ئوقىدەك ئېتىلىپ چىقىدىغان رەھبەرلەر بىلەن ياقا سىقىشىپ سوقۇشۇپ كېتىشكە ئاز قالىدىغان «ئۆكتەم» لىكىنى قۇمۇللۇقلار ھەممىلا يەردە ھېكايە قىلىشىپ يۈرىدۇ. بۇنداق ھېكايىلەر ۋە بۇنىڭغا ياندىشقان ھەمدۇسانالار ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرگەندە، ئۇ پەقەت مىيىقىدا، تولىمۇ ئىپادىسىز ھالدا «پىسسىڭگىدە» كۈلۈپ قويۇپ، ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىدۇ، خالاس.

## يەنە بىر ئۇيقۇسىز كېچە

ئابدۇرېھىم ئابلىز چوكىسىنى تەخسىدىكى قورۇمىغا ئەمدىلا تەڭلىۋىدى، يانفونى جىرىڭلاپ كەتتى. ئۇ چوكىنى قويۇپ يانفونـ

نى قولىغا ئالدى.

— ۋەي، شەھەر باشلىقىما؟ كۆشۈتە ئېغىزىدا قېلىن قار يېغىپ، بوران چىقىپ يول ئېتىلىپ قالغاچقا، نۇرغۇن ئاپتومو-بىل ۋە يولۇچىلار داۋاننىڭ ئۈستىدە قاپسىلىپ قاپتۇ، ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەن، قانداق قىلىمىز؟

ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۈسكە كىرىپ، دەماللىققا قانداق قىلىشنىمۇ بىلەلمەي قالدى. شۇ چاغدا ئۇ سىرتتىن كەلگەن مېھمانلار بىلەن كەچلىك تاماقتا بىللە بولۇش ئۈچۈن ئولتۇرغان بولۇپ، مۇشۇ تاپتا ئۇلارنى تاشلاپ كېتىشمۇ تازا ئەپسىز بىر ئىش ئىدى. دېمىسىمۇ، نەچچە كۈندىن بېرى ئۇ خىزمەت ئالدى-راشچىلىقى بىلەن يېزىمۇ يېزا چېپىپ يۈرۈپ، بۇ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا «سالام»غا كېلىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. مانا بۈگۈن پۇرسەت چىقىپ، ئۇلار بىلەن بىر ۋاخ تاماقتا بىللە بولاي دېگەن-دە، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى قارىمامدىغان.

ئۇ قول سائىتىگە قارىدى، سائەت ئىستىرېلكىسى 6 نى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئابدۇرېھىم ئابلىزنىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان جىددىيلىكنى سەزگەن قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى كۇرەش مەخ-سۇت ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

— كۆشۈتە ئېغىزىدا شىۋىرغانلىق بوران چىقىپ، يول ئې-تىلىپ قاپتۇ، — ئۇ ۋالىي كۇرەش مەخسۇتقا ئەھۋالنى تومتاقلا مەلۇم قىلدى.

— ئەھۋال ئېغىرمىكەن؟ — دەپ سورىدى كۇرەش مەخ-سۇت.

— مەنمۇ ئېنىق ئۇقالمىدىم، ياخشىسى، بېرىپ كۆرۈپ كېلەي.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، مېھمانلاردىن قايتا ـ قايتا ئۆزرە سوراپ، ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— يول بەك خەتەرلىك، ئېھتىيات قىلىڭلار، بىرىپلا ئەھ-

ۋالنى ماڭا دوكلات قىلىڭ، — دەپ جېكىلىدى كۆرۈش مەخ-
سۇت.

ئابدۇرېھىم ئابلىز شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى
خىزمەت بىناسى ئالدىغا كەلگەندە، شەھەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك تار-
ماقلىرىدىكى ئۇنغا يېقىن كىشى ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىدى.

— دەرھال ئاتلىنايلى، — دېدى ئۇ ئاپتوموبىلنىڭ دېرىزى-
سىدىن بېشىنى چىقىرىپ.

تۆت دالا ئاپتوموبىلى قاتار تىزىلىپ قۇمۇل شەھىرىدىن
شىمالغا — كۆشۆتە ئېغىزىغا قاراپ كىرىپچىدىن ئايرىلغان يا
ئوقىدەك ئۇچتى، ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئاپتوموبىلدا ئولتۇرغان
ئابدۇرېھىم ئابلىز شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى زەي تۇڭجياڭدىن مۇنۇلارنى ئۇقتى: بۈگۈن
چۈشتىن باشلاپ چىققان قاتتىق بوران ۋە توختىماي ياغقان قار
كۆشۆتە ئېغىزىدىكى ئاراتۇرۇك، باركۆل ناھىيىلىرى ۋە ئاقتاش
يېزىسىغا بارىدىغان يولنى پۈتۈنلەي توسۇۋەتكەن بولۇپ، 50 —
60 ئاپتوموبىل داۋان ئىچىدە قاپسىلىپ قېلىپ، ئالدىغىمۇ،
ئارقىغىمۇ مېڭىشقا ئىلاجسىز قالغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئون
نەچچە يولۇچىلار ئاپتوبۇسى بولۇپ، 150 كە يېقىن يولۇچىنىڭ
ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان، ئەگەر جىددىي تەدبىر قوللىنىپ
قۇتقۇزۇۋېلىنمىسا، ئۆلۈم - يېتىم ئەھۋاللىرىنىڭ كېلىپ چىقى-
شى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىش ئىدى.

ئاپتوموبىللار 30 كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنى ھەش - پەش
دېگۈچە بېسىپ كۆشۆتە ئېغىزىغا يېقىنلاپ كەلدى. بوران ھەيۋە
بىلەن ھۇۋلايتتى. ئېگىزگە ئۆرلىگەنسېرى بوران تېخىمۇ ئەۋجى-
گە چىقتى، يولدىكى قار تېخىمۇ قېلىنلاشتى، لەپىلدەپ چۈشۈ-
ۋاتقان قار، كۈچلۈك بوران ۋە قاراڭغۇلۇق دەستىدىن يولنى پەرق
ئەتكىلى بولمايتتى. ئاپتوموبىللار كۆشۆتە داۋىنىنىڭ چوققىسىغا
چىققاندا، يەنى يولۇچىلار ئاپتوبۇسلىرى قاپسىلىپ قالغان ئورۇن-

غا 200 ـ 330 مېتىرچە قالغاندا ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەي توختاش-
قا مەجبۇر بولدى. قانداق قىلىش كېرەك؟

ئابدۇرېھىم ئابلىز بىرىنچى بولۇپ ئاپتوموبىلدىن سەكرەپ چۈشۈپ، باشقىلارنىمۇ چۈشۈشكە بۇيرىدى. باياتىن بېرى ھاۋا تەڭشىگۈچلۈك ئىسسىق ئاپتوموبىلدا ئولتۇرۇپ سوغۇقنىڭ تەمد-نى تېتىمىغانلار ئەمدىلىكتە سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك قاتتىق سوغۇق-نىڭ قانچىلىك كارامىتى بارلىقىنى ئۆز تېنى ئارقىلىق چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ئىدى.

— ماشىنىلارنى مۇشۇ يەردە قويۇپ، پىيادە بارايلى! — دېدى ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

— يول تېيىلغاق، بوران مۇنداق كۈچلۈك تۇرسا، پىيادە مېڭىش بەكلا خەتەرلىك. ئەگەر، سەللا دىققەت قىلمىساق ياندىكى چوڭقۇر سايغا چۈشۈپ كېتىشىمىز تۇرغانلا گەپ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى كىمدۇر بىرى.

بۇ سۆزمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. گۆردەك قاراڭغۇلۇق، قاتتىق بوران، تىك داۋاندا ئالدىغا ماڭىمىز دېيىش قاراپ تۇرۇپلا ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟ كىممۇ ئۆزىنىڭ ئىسسىق جېنى بىلەن ئوينىششنى خالىسۇن؟!

ئابدۇرېھىم ئابلىز دەماللىققا دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدى ۋە ناھايىتى تېزلا ئەقىل تاپقاندەك بولۇپ، شوپۇرى مۇھەممەتنى ئارغامچا تېپىپ كېلىشكە بۇيرىدى. ئارغامچا تېپىپ كېلىندى. ئۇ ھەر بەش ئادەمنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ، ئادەملەرنى ئارغامچا بىلەن بېلىدىن باغلاپ ئۆزئارا چاتتى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، شامال ئۇچۇرۇپ ۋە ياكى تېيىلىپ يارغا چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى. ئۇ ئۆزى بىر گۇرۇپپا ئادەمنىڭ ئالدىدا ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ يولباشچى بولدى. يولدىكى قارنىڭ قېلىنلىقى ئادەمنىڭ بېلىگە كېلەتتى، كۈچلۈك شىۋىرغان دەس-تىدىن كۆزنى ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىككى گۇرۇپپا

ئادەم قار ئۇستىدە گاھ ئۆمىلەپ، گاھ يېقىلىپ تولىمۇ تەستە ئالغا ئىلگىرىلىدى. مارت ئايلىرىنىڭ ئاخىرى بوشىغاچقا، قۇمۇل-لۇقلار قىشلىق يېپىنچىلىرىنى ئاللىقاچان چۆرۈۋەتكەن بولۇپ، ھەممەيلەننىڭ كىيىمى يېلىك ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە ئاچچىق سوغۇق ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىنى بىلىپ قالغاندەك قىلچە رەھىم - شەپقەت قىلماي، ئۆزىنىڭ نەشتەر تىغىنى ئادەملەرنىڭ يۈز - كۆزى، پۇت - قولى ۋە پۈتۈن بەدىنىگە ھەدەپ سانجىتتى. ئابدۇرېھىم كەينى - كەينىدىن ئىككى قېتىم يەرگە قاتتىق يىقىلـ-دى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ ئاغرىپ، ئورنىدىن تۇرغى-دەكمۇ ماجالى قالمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ چىشىنى چىشلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە ئالغا سىلجىدى. ئۇنىڭ قول ۋە پۇتلىرى سوغۇق دەستىدىن ئۇيۇشۇپ سېزىمىنى يوقاتقانىدى.

— جېنىمىزنى سېلىپ بەرمەي، قايتىپ كېتەيلى.

— مەن زادىلا چىدىمىدىم، ئۆلۈپ قالىدىغان ئوخشايمەن.

ھەمراھلىرىنىڭ ۋايساش ۋە ئېغراشلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىردى.

— نەگە قايتىپ كەتمەكچى؟ — ئۇنىڭ قاتتىق ئاۋازى بوران بىلەن قوشۇلۇپ دەھشەتلىك گۈركىرىدى.

يەنە ئارتۇق گەپ قىلسا، گەپىنىڭ سېسىقىنى ئاڭلايدىغانلىقى-غا كۆزى يېتىشكەن ھەمراھلىرى يىقىلغان يېرىدىن ئۆمىلەپ قوپۇپ ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار مۇشۇ تەرد-قىدە مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ، قار - بوران ۋە تۈن قاراڭغۇلۇقى بىلەن جەڭ قىلىپ، بىر غېرىچ، بىر غېرىچتىن ئالغا ئىلگىرىلى-دى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى يول يۈرۈش ئەمەس، بەلكى پارتىزانچە يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەش دېگەن تۈزۈك ئىدى. مۇشۇ تاپتا ئۇلارنى ئىنسىق پىكاپىغا ئولتۇرۇپ قومۇلغا كېتىشكە ئەمەس، ئالدى تەرەپكە مېڭىشقا مەجبۇر قىلىۋاتقىنى ئاشۇ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان يولۇچىلار ئىدى. يولۇچىلارنىڭ

ھاياتنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشنىڭ قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئابدۇرېھىم ئابلىزغا ھەممىدىنمۇ بەك چۈشىنىشلىك ئىدى.

200 ـ 300 مېتىر غىمۇ يەتمەيدىغان قىسقىغىنە مۇساپىنى بېسىشقا زادى قانچىلىك ۋاقىت كەتكەنلىكىنى ھېچكىممۇ ئېنىق بىلمەيتتى. خۇداغا شۈكرى، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلار ئاخىر كۆزلىگەن مەنزىلىگە يېتىپ كەلدى. شىۋىرغان ئۇچۇرۇپ كەلگەن قارلار ئاپتوموبىللارنى «دەپنە قىلىش» قا باشلىغان بولۇپ، بەزى مىنىبوسلار ئەينەككە كەلگۈچە قارغا كۆمۈلگەن ئىدى. ئۇ تۇنجى بولۇپ بىر ئابتوبوسقا چىقتى، كىچىك بالىلار ۋە ئاياللارنىڭ يىغا ـ زار، ئاللا ـ توۋىسى ئاپتوبوس ئىچىنى خۇددى ئۆلۈم ئۈزىتىۋاتقان ھازىدارنىڭ ئۆيىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى.

— تىنچلىنىڭلار، بىز سىلەرنى ئالغىلى كەلدۇق، دەرھال نەرسە ـ كېرەكلىرىڭلارنى يىغىشتۇرۇپ تەييار بولۇڭلار، بىزنىڭ ماشىنىلار سىلەرنى قۇمۇلغا ئاپىرىپ قويىدۇ، — دېدى ئۇ.

بىراق، قورقۇنچ دەستىدىن يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن يولۇچىلار ئۇنىڭ شۇنچە ئېزىپ ئىچۇرىشى بىلەن كارى بولماي، ئاپتوبوستىن سوغۇق ھەم قار ـ شىۋىرغانلىق يەرگە چۈشۈشكە زادىلا ئۇنىمىدى، ئۇنىڭ سەۋر قاچىسى توشتى.

— نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان خەقسەن، بىز بۇ يەرگە ئۇسسۇل ئوينىغىلى ئەمەس، سىلەرنى قۇتقۇزغىلى چىقتۇق، سىلەرنىڭ ھايات ـ ماماتىڭلارغا مەن مەسئۇل. ھازىرنىڭ ئۆزىدە مېڭىشساڭمۇ ماڭىسەن، مېڭىشمىساڭمۇ مەجبۇرى ماڭىسەن، ئەگەر بوران تاڭ ئاتقۇچە توختىمىسا، ھەر قايسىڭ ئولتۇرغان يېرىڭدىلا چوكامۇزغا ئايلىنىپ قېلىشىسەن.

ئۇ شەھەر باشلىقى بولغاندىن بۇيان، قول ئاستىدىكى خادىملىرىغا نۇرغۇن قېتىملاپ ۋارقىراپ ـ جارقىرىغان بولسىمۇ، لېكىن پۇقراغا ۋارقىراپ باقمىغانىدى. بۇ قېتىم ئۇ ياخشى كۆڭ-

لىنى چۈشەنمىگەن، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالسىمۇ يەنىلا جاھىل-لىق قىلىپ تۇرىۋېلىۋاتقان بۇ ئادەملەرنى گەپكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ئۆز - ئۆزىگە بېكىتىۋالغان «يۇقىرىلارغا ھېچ ۋاقىت قىزغىن، سىلىق مۇئامىلە قىلىش» دېگەن پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ پەقەت ئىلاجسىزلىقتىنلا مۇشۇنداق قىلغانىدى.

— دەرھال ئاپتوبۇستىكى بالىلىق ئاياللار، قېرىلار ۋە تېنى ئاجىزلارنى بىزنىڭ ئاپتوموبىللارغا، ياشلارنى تاشيول ئۇچاستى-كىسىنىڭ ئۆيلىرىگە يۆتكەڭلار، — دېدى ئۇ خادىملارغا. ئۇ گې-پىنى تۈگىتىپلا بىر بوۋاينى قولتۇقىدىن يۆلىگىنىچە ئاپتوبۇس-تىن ئېلىپ چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ ئاپتوموبىلى تەرەپكە قاراپ ماڭ-دى. بۇنىڭ بىلەن تاڭغا ئۇلانغان يولۇچىلارنى قۇتقۇزۇش ھەرى-كىتى باشلىنىپ كەتتى...

تاڭ سەھەر، شەھەر باشلىقىنىڭ دالا ئاپتوموبىلى كۆشۆتە ئېغىزىدىن چىقىپ قۇمۇل شەھىرىگە قاراپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلە-مەكتە ئىدى. ئاپتوموبىلنىڭ ئالدىنقى رەت ئورۇندۇقىدا ئولتۇر-غان ئابدۇرېھىم ئابلىزنىڭ چىرايى ئۇيقۇسىزلىق، ھارغىنلىق دەستىدىن تېخىمۇ قارىداپ ۋە تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، بىر قا-راشتىلا كىشىگە بىر كېچىدىلا ئون نەچچە ياش قېرىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. مۇشۇ تاپتا ئۇنى تېخى 43 ياشقىمۇ كىرمىگەن ئادەم دېسە، ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

— نېمىلا دېگەنبىلەن بىرمۇ يولۇچىنى زىيان - زەخمەتكە ئۇچراتماي خەتەردىن قۇتقۇزۇۋالغىنىمىز كاتتا ئىش بولدى - دە، — دېدى ئۇ شوپۇرى مۇھەممەتكە قاراپ تەستە كۈلۈمسىرەپ.

— ئۆيگە ھەيدەيمەنمۇ؟ — سورىدى مۇھەممەت.

— ياق، ئىشخانىغا، ئاپەت ئەھۋالىنى دەرھال يۇقىرىغا مەلۇم قىلمىساق بولمايدۇ.

ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىپلا، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا

ئالدىدە ئاۋۋال ئۆيگە تېلېفون قىلدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ ئەنسىرەپ تاڭ ئاتقۇچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدۇق، تېلېفون ئۇرۇپمۇ زادىلا ئالاقىلىشالمىدۇق، — دېدى ئايالى پاتىگۈل.

— نېمە ئىش بولاتتى، يەنە شۇ بىر ئۇيقۇسىز كېچە بولمامدۇ، كېچىچە كۆشۈتە داۋىنىدا «ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى»غا قاتناشتىم شۇ.

پاتىگۈل ئېرىنىڭ چاقچاق ئارىلاش گەپ قىلىۋاتقانلىقىدىن ئۇنىڭغا بىر ئىش بولمىغانلىقىنى پەملەپ خاتىرجەم بولدى، لېكىن، ئۇ مۇشۇ تاپتا ئېرىنىڭ بېشىنىڭ ھارغىنلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىق دەستىدىن خۇددى بىرى بولقا بىلەن قاتتىق ئۇرغاندەك چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى...

## خاتىمە

قۇمۇلغا بىرىپ قۇمۇللۇقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ «سەپرا مىدەجەز»، «خىزمەت تەلۋىسى» بولغان شەھەر باشلىقى توغرىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ھېكايە قىلىنىشىپ يۈرگەن تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرىنى ئاڭلىمىغان ھەرقانداق كىشى بۇنداق ھېكايىلەرنىڭ قانچىلىك كۆپ ئىكەنلىكىنى ھەرگىز بىلمەيدۇ. ئۇنى شۇنچە كۆپ ئاۋامنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشى ۋە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ، ماختاپ مەدھىيىلىشىگە مۇيەسسەر قىلغان سېھرىي كۈچ زادى نېمە؟ مەن مۇشۇ سوئالغا جاۋاب تېپىش مەقسىتىدە ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن تارتىپ ئېتىز قىرلىرىدىكى دېھقانغىچە بولغان 50 تىن ئارتۇق ئادەم بىلەن سۆھبەتلەشتىم. مېنى ھەممىدىن بەك تەسىرلەندۈرگىنى شەھەر باشلىقى توغرىسىدا بىر نەرسە يېزىش مەقسىتىدە قۇمۇلغا كەلگەنلىكىمدىن خەۋەر تاپقان 10 نەچچە كىشىنىڭ ئالايىتەن ياتىقىمغا ئىزدەپ

www.uyghurkitap.com

كېلىپ، ماڭا شەھەر باشلىقى توغرىسىدا تۈرلۈك ئاڭلىغان ۋە
كۆرگەن نۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگىلى بول-
دى. بۇ ھېكايىلەر ئىچىدە ئابدۇرېھىم ئابلىزنىڭ 1997 - يىلى
يازدا ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ
ئىشلەۋاتقان مەزگىللەردە، ئىلگىرىكى بىر يىلدىن كۆپ ۋاقىتتا
ئاران 12 كىلومېتىر قىسمى تاماملانغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى
42 كىلومېتىر كېلىدىغان خوتۇنتام سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ قالغان
30 كىلومېتىر بۆلىكىنى ئىش مەيدانىدا خەلق ئىشچىلىرى بىلەن
بىللە يېتىپ - قوپۇپ ئىشلەپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئۈچ ئايدىلا تامام-
لىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلغانلىقى، ئۈچ ئاي جەريانىدا بىر قې-
تىممۇ ئۆيىگە قايتمىغانلىقى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئۇنىڭ يۈزىگە
مەڭگۈلۈك يادنامە سۈپىتىدە قاپقارا ئاپتاپ داغلىرىنى ھەدىيە قىل-
غانلىقىنى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئۇنىڭ بۇ
قۇرۇلۇشقا قوشقان تۆھپىسىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن قۇرۇلۇشقا
لېنتا كېسىش مۇراسىمىدا بەرگەن 10 مىڭ يۈەننى نەق مەيداندىلا
شوپۇر مەكتىپى بىلەن خوتۇنتام مەكتىپىگە ئىئانە قىلىۋېتىپ،
ئىش مەيدانىغا قانداق كەلگەن بولسا، يەنە شۇ پېتىچە قايتىپ
كەتكەنلىكى؛ 1994 - يىلى 4 - ئايدا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ
مۇئاۋىن ھاكىمى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىللەردە سۇ ئاپىتى
تۈپەيلىدىن نوم كۆمۈر كېنىدىكى ئىشچىلارنىڭ سىرت بىلەن
بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ
ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغاندا، ئۆزىنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارى-
ماي، كېچىلەپ يول يۈرۈپ، نەچچە يەردە پاتقاقتا پاتقان ماشىنى-
نى ئىتتىرىپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئىشچىلارغا ئوزۇق - تۈلۈك
يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى؛ 2000 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ
«قارادۆۋە» يېزىسىغا ئون نەچچە قېتىم بېرىپ، ئەلمىساقتىن
بۇيان ئۆيلىرىنى ئاقارتماي ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن «قارادۆۋە»

لىكلەرگە قايتا ـ قايتا خىزمەت ئىشلەپ، شەھەر مالىيىسىدىن 30 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ھاك سېتىۋېلىپ، دېھقانلارغا ھەقسىز تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆيلىرىنى ئاقارتىشقا سەپەرۋەر قىلغانلىقى ھەم دېھقانلارنىڭ ئىلگىرىكى پاكار، كونا قورۇق تاملىرىنى يېقىلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاپئاق ئاقارتىلغان تاملارنى بەرپا قىلىشقا باشلامچىلىق قىلىپ، يېزا قىياپىتىنى تۈپتىن يېڭىلىغانلىقى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىن ياڭاق، بادام، ئانار، نەشپۈت، ئۆرۈك كۆچەتلىرىنى سېتىۋېلىپ، دېھقانلارغا ھەقسىز تارقىتىپ بەرگەنلىكى، دېھقانلارنىڭ ئۇ ئەكېلىپ بەرگەن كۆچەتلەرگە «ئابدۇرېھىم سىجاڭنىڭ ياڭىقى»، «ئابدۇرېھىم سىجاڭنىڭ نەشپۈتى» دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇۋالغانلىقى؛ خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ روناق تېپىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، ئۇلارنىڭ ھەربىر چوڭ قۇرۇلۇشلىرىنى بىۋاستە پىلانلاپ، ئۇلارغا سىياسەت جەھەتتە ئىز چىل «يېشىل چىراغ» يېقىپ بەرگەنلىكى، كۆپ يىللاردىن بېرى يەككە، خۇسۇسىي كارخانىچىلارنىڭ بىر تەخسە لەڭمىنىنىمۇ ئىچمەي تېگىپ باقمىغانلىقى قاتارلىق ناھايىتى تەسىرلىك ھېكايىلەر بار ئىدى.

ئەپسۇسكى، سەھىپە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بۇ ھېكايىلەرنى بىرمۇبىر يېزىشقا ئامالسىز قالدىم. يۈرەك سۆزۈمنى ئېيتسام، مۇخبىرلىقنىڭ نېنىنى يەۋاتقان ئون يىلدىن بۇيان نۇرغۇن ئىلغار شەخسلەر، نەمۇنىچىلارنى زىيارەت قىلىپ، خېلى كۆپ ماقالىلەرنى يېزىپتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دېھقانلار، ئىشچىلار، كەشپىياتچىلار، ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ، مەن بىر نەرسە يېزىش مەقسىتىدە «پىيىگە چۈشكەن» ئەمىلى ئەڭ چوڭ كىشى دەل مۇشۇ ئابدۇرېھىم ئابلىز ئىدى. ئۇنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنىڭ قەلبىمدە بۇنچە چوڭ ھەم ئۆزۈلمەس ھاياجان دولقۇنلىرىنى ھاسىل قىلالىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن. بولۇپمۇ، قۇ-

مۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى كۈرەش مەخسۇتنىڭ «ئابدۇرېھىم ئاب-
لىز ھەر قېتىم ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە ھەمراھ بولۇپ، يېزا -
قىشلاقلارغا بارغاندا، بوۋاي - مومايلار ئۆي - ئۆيلەردىن چىقىپ
ئۇنى ئورىۋېلىپ، ئۇزاققىچە ھال - ئەھۋال سورىشىپ كېتىدۇ.
ئابدۇرېھىم ئابلىزنىڭ ئىزچىل تۈردە خەلقنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ،
سۇيىدە ئېقىپ، جان پىدالىق بىلەن ئىشلەشتەك ئېسىل خىسلىتى
خەلقنىڭ چاكىرى بولغان رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يېڭى دەۋردىكى
نۇرلۇق ئوبرازىنى تىكلەپ بەردى. خەلقىمىز دەل ئۇنىڭغا ئوخ-
شاش رەھبەرلەرگە موھتاج، شۆھلاشقىمۇ قۇمۇللۇقلارنىڭ ئۇ
توغرىسىدا ئېيتقان تەسىرلىك ھېكايىلىرى تولىمۇ تەبىئىي ۋە
تولىمۇ سۆيۈملۈك، خەلق مۇشۇنداق رەھبەرلەرنى مەڭگۈ بېشىدا
ئېلىپ كۆتۈرۈشكە رازى، » دەلۋەتتە.

مەن قۇمۇلدىن قايتىش ئالدىدا خوشلىشىش ئۈچۈن سەھەردە
ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. ئىشخانا بوگۇنمۇ
ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا سودىسى قىزىغان تاللا بازىرىدەك ئاۋاتلى-
شىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتىنى ئىلىشنى لايىق كۆرمى-
دىم، پەقەت قولىنى ئاخىرقى قېتىم چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— خەيرلىك سەھەر، شەھەر باشلىقى، ئىشلىرىڭىز مەڭگۈ
ئۇتۇقلۇق بولسۇن، سىز توغرىسىدىكى ھېكايە، داستانلار قۇمۇل
بوستانلىقىدا تېخىمۇ كۆپلەپ ئوقۇلسۇن، — دەپ خوشلاشتىم.

2001 - يىلى نويابىر، قۇمۇل

# «گۈل» مۈشۈنداق «ئېچىلغان»

تولىمۇ ئاددىي ھەم رەتلىك كىيىنگەن، ئوتتۇرا بوي، ئاق
سېرىق كەلگەن، 22 ـ 23 ياشلاردىكى بىر قىز خوتەن ۋىلايەتلىك
ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ ئىككى قەۋەتلىك ئامبۇلاتورىيە
بىناسى ئالدىغا كېلىپ توختاپ ئەتراپقا تەكشى كۆز يۈگۈرتتى.
دوختۇرخانا قورۇسى ئىچىدىكى يالىڭاچلانغان دەرەخلەر، ئادەم-
نىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانجىلىدىغان سوغۇق شامالدا ئۇچۇپ
يۈرگەن غازاڭ ۋە ئەخلەت ـ چاۋار، توپىلىق يول، توپىلىق سەينا
... مانا بۇ كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە ئۇنىڭ پەرىشان ۋە مىسكىن
كۆڭلىگە تېخىمۇ پەرىشانلىق ۋە يېقىمسىزلىق تۇيغۇسى ئاتا قى-
لىپ، ئۇنى داۋاملىق ئالدىغا قاراپ مېڭىش نىيىتىدىن ۋاقتىنچە
توختاشقا مەجبۇر قىلدى.

بېيجىڭ جۇڭگوچە تېبابەتچىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ دورىگەر-
لىك فاكۇلتېتىنى تۆت يىل ئوقۇپ، ئەمدىلىكتە قىلغىلى ئىش
چىقمىغاندەك كوچىدىكى دورىپۇرۇشلۇق قىلىدىغان «سەكسەنخال-
تا»لارغا ماس كېلىدىغان ئىشنى قىلسام قانداق بولىدۇ؟ بۇلار-
نىڭ ھەممىسى ئاپام بىلەن دادامنىڭ كاساپىتى، بىر ئوبدان
ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭگوچە داۋالاش ئىنستىتۇتىغا ئوقۇتقۇچىلىق-
قا تەقسىم قىلىنغان ئادەمنى «سەن دېگەن قىز بالا، تۇرمۇشتا
قىينىلىپ قالىسەن، قېشىمىزغا قايتىپ كەلمىسەڭ بولمايدۇ»
دەپ تۇرۇۋېلىپ، يەنە تېخى «خوتەندە ئوبدان خىزمەتكە ئورۇن-
لاشتۇرۇپ قويىمىز» دەپ ئالداپ ئەكېلىپ قويغان جايى مۇشۇ
بولدىمۇ؟ ...»

قىز خىيالدىن ئويغانغاندەك بولۇپ قولىدىكى ۋىلايەتلىك

ئەمگەك، كادىرلار باشقارمىسى كېسىپ بەرگەن بىر ۋاراق قەغەز — ئۆزىنى مەلۇم قىلىش ئۇقتۇرۇشىغا مۇشاۋىرلىغاندەك قاراپ قويدى ۋە ئۇزاق مەزگىل كېسەل تارتىپ ماجالسىزلىقنى كەلتۈرگەن ئادەمدەك، قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ بىنا ئىچىگە كىرىپ «دوختۇرخانا باشلىقى» دېگەن خەت يېزىلغان ۋىۋىسكا ئېسىلغان ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى بوشقىنا چەكتى.

دوختۇرخانا باشلىقى باقى ئالىم ئاكىسىنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى قىزچاقنىڭ مۇزلىغان قەلبىنى ئوبدانلا ئىللىتتى.

— ناھايىتى ياخشى كەپسىز، بىز دەسىز دەك كەسىپ ئوقۇغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كەمچىل ئىدى. مۇنداق بولسۇن، دوختۇرخانىمىزنىڭ بىر دورا پىششىقلاپ ئىشلەش ئورنى بار، سىز شۇ يەردە ئىشلەڭ، بۇ يەر ئوقۇغان كەسپىڭىزگە ماس كېلىدۇ. بۈگۈنچە قايتىپ، ئەتە ئەتىگەندىن باشلاپ ئىشقا چۈشۈڭ.

قىزچاق دوختۇرخانا باشلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ كەيپىياتى دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشتىن ئاۋۋالقىغا قارىغاندا ئاز - تولا كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك، قەدەملىرىمۇ يېنىكلەپ قالغاندەك قىلاتتى...

بۇ بۈنىڭدىن 21 يىل مۇقەددەم، يەنى 1980 - يىلى يانۋار ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئەتىگەندە بولۇپ ئۆتكەن كىچىككىنە بىر ئىش. ئۇ قىزچاقنىڭ ئىسمى روشەنگۈل سابىر بولۇپ، ئەينى چاغدا ئۇ بۇ ۋەيرانە دوختۇرخانىنىڭ ئۆزىگە نۇرغۇن شان - شەرەپلەرنى ئاتا قىلغان سۆيۈملۈك خىزمەت ئورنىغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ئۇنداقتا، روشەنگۈل سابىرنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىن ئىبارەت بۇ «يوچۇن يىگىت» كە «ئاشىق بولۇش» قا، ئۇنى ئۆز قان - تەرى بەدىلىگە ئاشۇ «يىگىت» نىڭ «قۇچىقى» دا پورەك-

لەپ ئېچىلىشقا مۇيەسسەر قىلغان سېھرىي كۈچ زادى نېمە؟
بۇ سوئالغا جاۋاب تاپماقچى بولساق، «ئىسكىلىت بالا» توغ-
رىسىدىكى ھېكايىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

روشەنگۈل دوختۇرخانا باشلىقى بىلەن كۆرۈشكەن كۈنىنىڭ
ئەتىسى ئىشقا چۈشتى. ئىشقا چۈشكەندىمۇ «چوقۇم ياخشى ئىش-
لەپ باشقىلارنى بېسىپ چۈشىمەن» دېگەن ئىدىيە بىلەن ئەمەس،
بەلكى «چوقۇم بىر ئامال قىلىپ ياخشى بىر ئىدارىگە يۆتكىلىپ
كېتىمەن» دېگەن خىيال بىلەن ئىشقا چۈشتى. شۇنداق بولغاچقى-
مۇ، كۆز ئالدىدىكى ھەربىر نەرسە، دۇچ كەلگەن ھەربىر ئىش
ئۇنىڭدا غەلىتە تەسىر پەيدا قىلىپ، نۇرغۇن ئىشلار ئىدىيىسىدىن
زادىلا ئۆتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىن باش-
لاپلا خەنزۇچە ئوقۇغاچقا، ئۇيغۇرچە بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى
زادىلا چۈشەنمەيتتى، ھەتتا ئۇيغۇر تىلىدا راۋانمۇ سۆزلىيەل-
مەيتتى. بۇ يەردىكى ھەر خىل دورىلارنىڭ نامىلىرى قۇلىقىغا
غەلىتە ئاڭلىناتتى. ئۇ تۇنجى قەدىمىنى مۇشۇنداق چۈشىنىكسىز
تىل مۇھىتى ۋە ناچار خىزمەت شارائىتىدا بېسىشقا مەجبۇر بول-
دى. دورا ياساش ئورنىنىڭ ناچار مۇھىتى، تازىلىقى، دورا
ياساش، قاچىلاش بىلەن ساقلاشتىكى قالاق ئۇسۇللار ۋە مەكتەپتە
ئۆگەنگەن بىلىملەر ۋە پراكتىكا مەزگىلىدە كۆرگەنلىرىدىن ئاس-
مان ـ زېمىن پەرقلەنگەچكىمۇ، بۇ ئىشلارنى ھەر قېتىم كۆرگەن-
دە كۆڭلى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز غەشلىككە تولۇپ، خىزمەتتىن
رايى يېنىپ، قولى ئىشقا بارمايتتى.

مۇشۇنداق پەرىشانلىق، دىلغۇللۇق ۋە باشقا ئورۇنغا يۆتكى-
لىشنىڭ كويىدا يۈرۈش بىلەن ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ
كەتتى. 1983 ـ يىلى يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق بىر كۈنى،
چۈشتە ئىشتىن چۈشۈپ دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتى-
ۋاتقان روشەنگۈلنىڭ كۆزى ئاتا ـ ئانىسى ئېشەك ھارۋىسىدا
ئېلىپ كەلگەن 13 ـ 14 ياشلاردىكى بىر كېسەل بالىغا چۈشۈپ

قالدى. بالىنىڭ ئەھۋالى خېلىلا ئېغىر بولۇپ، كېسەللىك دەس-تىدىن سارغايغان چىرايى، گەز باغلىغان لەۋلىرى ۋە ئەستە ئىنجىقلاشلىرىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلماي قالمايتتى. بولۇپمۇ، بالىنىڭ كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدى-غان ئەتىسىز پاچاق ۋە بىلەكلىرى ئۇنى بىر قاراشتىلا «ئىسكىلىت بالا» تۇسىگە كىرگۈزۈپ قويغان بولۇپ، كىشىنى «بۇ بالىنىڭ ياخشى بولۇپ كېتەلىشىدىن ئۈمىد يوقمۇ، قانداق؟» دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قوياتتى.

— بالىلىرى نېمە كېسەل بولۇپ قالدى؟ — دەپ سورىدى روشەنگۈل.

— بىزمۇ بىلمەيتمىز، تاماق يېگىلى ئۇنىماي مۇشۇنداق بوپقالدىيا، ئاپا، — دېدى بالىنىڭ دادىسى روشەنگۈلگە قاراپ.

— باشقا دوختۇرخانىغا ئاپارمىدىڭلارمۇ؟

— ھەممىنىۋا ئادەم مۇشۇ دوختۇرخانىنى ئوبدان دەپتى، شۇڭا ئەكەلدۇقىيا.

روشەنگۈل كۆڭلىدە مۇشۇنداق ئېغىر كېسەلنى بۇ دوختۇر-خانىغا ئېلىپ كەلگەن «نادان» ئاتا ـ ئانىغا بەكلا ئېچىندى.

چۈشتىن كېيىن، ئۇ «ئىسكىلىت بالا» نىڭ كېسەلخانىغا ئېلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى ھەم «بالىنىڭ ئەھۋالى زادى قانداق بولاركىن؟» دېگەن گۇمان بىلەن ئۇنى يوشۇرۇنچە كۆزەتتى. بىراق، رېئاللىق روشەنگۈلنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئەك-سىچە بولۇپ چىقتى. بالىنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، ئىككى مەڭزىگە قان يۈگۈرۈپ، سۆڭەكلىرىگە ئەت قونۇپ، دوخ-تۇرخانىغا يېڭى ئەكېلىنگەن چاغدىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان شوخ، تېتىك بىر بالىغا ئايلىنىپ قالدى. ئىككى ئايدىن كېيىن «ئىسكىلىت بالا» سەللىمازا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتتى.

بۇ ئىش روشەنگۈلگە كۈچلۈك تەسىر قىلدى، شۇنداقلا ئۇ-

نىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ كارامىتىگە بولغان قايىللىقىنى ئىلگىرىكىدىن بىراقلا نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ، قەلبىدىكى بۇ كەسپكە بولغان بىلىنمەس ئۇچقۇنلارنى گۈلخان كەبى كۈچلۈك يالقۇنغا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، روشەنگۈل ئىش ئورنىدا بۆلەكچىلا بېرىلىپ ئىشلەيدىغان، كېچىلىرى چىراغ يورۇقىدا سائەت - سائەتلەپ ماتېرىيال كۆرۈپ خاتىرىسىگە نېمىلەرنىدۇر خاتىرىلەيدىغان بولۇپ قالدى، دوختۇرخانىدىكى پېشقەدەم تېۋىپلاردىن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە ئائىت كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىپ، بۇ كىتابلاردىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بويىچە كېسەل داۋالاش ۋە دورا تەييارلاشقا ئائىت مەزمۇنلارنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كۆردى. ئۇ بۇ كىتابلارنى كۆرگەنسېرى تولىمۇ ئۆزگىچە رەڭدار ھەم سېھىرلىك بىر دۇنيانىڭ ئۆزىنى بارغانسېرى مەھلىيا قىلىپ، قەلبىدىكى ئۇيغۇر تېبابىتىگە بولغان مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرىنى دەھشەتلىك يانغىنغا ئايلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىشكە باشلىدى. ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ، روشەنگۈل دوختۇرخانا رەھبەرلىرىگە ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنى ياساش ئۇسۇلىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، دورىلارنى قاچىلاش، ساقلاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، بولۇپمۇ مەجۇنات دورىلىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىنمىغان قەغەزلەرگە ئوراپ بېرىش ئۇسۇلىنى قەتئىي ئۆزگەرتىپ، دورىنى دېزىنفېكسىيە قىلىنغان ئەينەك قۇتىلارغا قاچىلاش، ئەينەك قۇتىلارغا قاچىلانغان مەجۇنات دورىلىرىنىڭ ئاسان بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دورىلارغا چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ماددا قوشۇپ، ساقلاش مۇددىتىنى ئۇزارتىش قاتارلىق تەكلىپلەرنى بەردى. دوختۇرخانا رەھبەرلىكىگە ئۇنىڭ تەكلىپلىرى بەكلا ياقتى، ئۇلار شۇ بويىچە ئىش قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى.

بىراق، دوختۇرخانىدىكى بىر قىسىم پېشقەدەم تېۋىپلار دو-

رىلارغا چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ماددا قوشۇشنى دەماللىقتا قوبۇل قىلالمىدى. ئۇلار «دورىلارغا خىمىيىلىك ماددا قوشۇۋې-تىپتۇ» دەپ نارازى بولۇشۇپ، روشەنگۈلنى ئەيىبلەشتى. رو-شەنگۈل ياخشى نىيەت، ياخشى مەقسەتتە قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل ئاغرىقى ئېلىپ كەلگەنلىكىگە بەكمۇ ئازابلاندى.

ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگىنى يەنىلا دوختۇرخانا باشلىقى باقى ئالىم ئاكا بولدى، ئۇ روشەنگۈلنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى ھەم ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ:

— سىڭلىم، مۇشۇ تاپتا مەنمۇ بەكلا تەڭلىكتە قېلىۋاتىمەن. سىزنىڭ قىلىۋاتقانلىرىڭىز ئەھمىيەتلىك ئىشلار، بۇنى قەتئىي قوللايمەن. بىراق، بۇ ئىشقا قارشى چىقىۋاتقانلار بىزنىڭ پېشقە-دەم تېۋىپلىرىمىز، ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ، ئۇ-نىڭ ئۈستىگە ھازىرچە ئۇلارنى داۋلى سۆزلەپ قايىل قىلىشمۇ تەس. شۇڭا ئىككىمىز مۇنداق كېلىشەيلى، سىز تېۋىپلاردىن شەكلەن ئەپۇ سوراپ قويۇڭ، ئەمما دورىلارغا چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ماددىنى يوشۇرۇنچە سېلىۋېرەيلى، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۇلار ھامان قايىل بولىدۇ، — دېدى.

شۇ كۈنى روشەنگۈل ئۆزىنى تولىمۇ خۇشال ھەم بەختلىك ھېس قىلدى...

كۈنلەر، ئايلار، يىللار خۇددى تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ ئاق-قان شوخ تاغ سۈيىدەك بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى، يىللار ئۇنىڭغا نۇرغۇن تەجرىبە - ساۋاق، شان - شەرەپ ۋە ھەتتا مەنسەپمۇ ئاتا قىلدى، مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ ئۆز «ئاشىقى» بولغان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ «ئىشقى ئوتىدا كۆيۈش» نى ئىزچىل داۋام ئېتىپ كەلدى، ئۇ ئۆز تىرىشچانلىقى، ھالال مېھنىتى بەدىلىگە كەسپداشلار ۋە تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىگە ئې-رىشىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دورا زاۋۇتى تېخنىك بۆلۈمى-نىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى، دوختۇرخانا باشلى-

قى قاتارلىق «تاج» لارنى كىيدى، مەيلى قانداقلا «تاج» كىيمى-
سۇن، ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، كۆڭلىگە
پۈككەن ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنى ياساش، قاچىلاش، ساقلاش
ئۇسۇللىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ئىلمىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق
دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت شۇ بىر نىشاننى بويلاپ، تىرى-
شىپ - تىرمىشىپ ئالغا ئىلگىرىدى. بۇ جەرياندا ئوڭۇشسىزلىق،
مەغلۇبىيەت، تاپا - تەنە قاتارلىقلارنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى،
لېكىن ئۇ يەنىلا ھەممىگە چىداپ، ئۆز مەنزىلىنى بويلاپ بىر
قەدەم، بىر قەدەمدىن توختىماي ماڭدى.
«سەۋرىنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەندەك، ئۇنىڭ پېشانىسىدىن
ئاققان ھەربىر تامچە تەر ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ مۇنبەت تۇپرى-
قىدا قۇچاق - قۇچاق گۈللەرنى پورەكلەتتى، ئۇ قول ئاستىدىكى-
لەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، تىرىشىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق
دەسلەپكى قەدەمدە 50% تىن كۆپرەك ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنى
تابلېتكا دورا قىلىپ ئىشلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىلگىرىكى
ئەنئەنىۋى دورا ئىشلەش ئۇسۇلى بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى.
مەبلەغ قىس، شارائىت ناچار ئەھۋالدا قىيىنچىلىق ئىچىدىن يول
تېپىپ مېڭىپ، «851 ئوكۇلى»، «مۇرەككەپ رېتسېپلىق سىيا-
دان ئوكۇلى»، «كاشىن ئوكۇلى»، «ھوماما ئوكۇلى»، «سەن-
دەل ئوكۇلى» قاتارلىق 13 خىل ئوكۇلنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپ-
چىقىرىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئوكۇل بولماسلىقتەك چوڭ
بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۆز تەتقىقاتلىرىنى ئىلمىي يەكۈنلەش
ئاساسىدا «ئاق كېسەلنى ئوكۇل ئارقىلىق داۋالاش توغرىسىدا»
قاتارلىق ئون پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە يازدى. بۇ ماقالى-
لەرنىڭ بەش پارچىسى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆت-
كۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئوقۇلۇپ مۇكاپاتقا ئې-
رىشتى. ئۇنىڭ ئىزچىل تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ئىلگىرى كې-
سەللەرگە «بىر قوشۇقتىن ئىچىڭ، قوناقتەك بىر كۇمىلاچ ياكى

بۇغدايدەك بىر كۆمىلاچ يەڭ» دەپ بېرىلىدىغان ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى مانا ئەمدىلىكتە «مۇنچە تابلېتتىن، مۇنچە كاپسۇلدىن ياكى مۇنچە گرامدىن ئىستېمال قىلىڭ» دەپ بېرىلىدىغان بولدى.

مېنىڭ روشەنگۇل سابىر توغرىسىدا ئوقۇرمەنلەرگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولغانلىرىممۇ تۈگەپمۇ قالدى. تۆۋەندە مەن ئۇنىڭغا ئاتاپ مەخسۇس بىر شان ـ شەرەپ مۇنبىرى تەييارلىدىم. ئەگەر، ئۇنى ئېچىپمۇ تەپسىلىي چۈشىنىشنى خالىسىڭىز تۆۋەندىكى قۇرلارغا نەزەر تاشلاڭ:

خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى روشەنگۇل سابىر 1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «8 ـ مارت قىزىلبايراقدارى»، 1995 ـ يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «8 ـ بەش يىللىق پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئىلغار ئايال خىزمەتچى»، 1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئون مەشھۇر ئايال» نىڭ ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتى ۋە جۇڭگودىكى «100 مەشھۇر جۇڭگوچە تېبابەت دوختۇرى» نىڭ ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتى، 1998 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە «كۆزگە كۆرۈنگەن مۇتەخەسسىس» مۇكاپاتى، شۇ يىلى يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە «پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەشتىكى ئون مەشھۇر ياش» نىڭ بىرى، 1999 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش بويىچە ئۈلگىلىك ئايال، شۇ يىلى مەملىكەت بويىچە «سەھىيە سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى»، 2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس»، 2001 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ مۇكاپاتلىنىپ باھالانغان.

2002 ـ يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

[General Information]
书名=阿不都许库尔·阿不都克里木新闻作品选（上）
英雄之歌　维吾尔文
SS号=40219780